جالالدىن بەھرام



# مېھرگىياھ

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



جالالىدىن بەھرام

# مېھرىگىياھ

(رومان)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

灵芝草：维吾尔文/加拉力丁·巴合拉木著.—乌鲁木齐:新疆人民出版社,1999.2（2007.10 重印）
ISBN 978-7-228-04932-5

Ⅰ.灵… Ⅱ.加… Ⅲ.长篇小说-中国-当代-维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2007)第 155533 号

| | |
|---|---|
| 作　　者 | 加拉力丁·巴合拉木 |
| 责任编辑 | 艾则孜·吐尔迪 |
| 编　　辑 | 苏里坦·阿西木 |
| 责任校对 | 阿依古丽·沙比提 |
| 封面设计 | 艾克拜尔·沙里 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 印　　刷 | 新疆金版印务有限公司 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米　1/32 |
| 印　　张 | 13 |
| 插　　页 | 12 |
| 版　　次 | 1999 年 2 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2007 年 10 月第 2 次印刷 |
| 印　　数 | 5001-8000 册 |
| 定　　价 | 28.00 元 |



**جالالىدىن بەھرام**

(1962ـ يىلى)

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ........................................ 1
بىرىنچى باب تاغ يوللىرى .......................... 11
ئىككىنچى باب جىلغا تۈلكىسى ....................... 40
ئۈچىنچى باب ئەنسىز يىللاردىكى دوستلۇق ............. 54
تۆتىنچى باب تاغ بالىلىرى .......................... 76
بەشىنچى باب ئىككى تاغلىق .......................... 93
ئالتىنچى باب ھەمدۇلنىڭ «دەردى» ................... 118
يەتتىنچى باب گۈلنارنىڭ جىلۋىسى .................... 147
سەككىزىنچى باب ھەمدۇل ھەرىكەتتە .................. 177
توققۇزىنچى باب زۇلمەتلىك يىللار .................... 205
ئونىنچى باب خورلۇق ................................ 254
ئون بىرىنچى باب سىرلىق گاچا ...................... 283
ئون ئىككىنچى باب مۇئەللىم ئۈچۈن .................. 342
ئون ئۈچىنچى باب شادىمان كۈنلەر .................. 378
خاتىمە ........................................... 401

# مۇقەددىمە

— قاراڭغۇ تاغ شۆبە سىنىپىغا ئوقۇتقۇچى بەلگىلىدىڭلارمۇ؟
— بەلگىلىدۇق، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئىككى يىل چىنىققان بىر قىز، بىر ئوغۇل ئوقۇغۇچى كەپتىكەن، بىرىنى ناھىيىلىك نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئېپقېلىپ، بىرىنى قاراڭغۇ تاغ شۆبە سىنىپىغا بەردۇق.
— پرىنسىپ بويىچە ئوتتۇرا سىنىپقا ئىككى يېرىمدىن ئۇچكىچە ئوقۇتقۇچى بەلگىلىنىدۇ. بۇ قانداق بولغىنى؟
— بۇنىڭ يولى قىلىندى. قاراڭغۇ تاغ باشلانغۇچ مەكتەپتىن بىر ئوقۇتقۇچىنى ئۆستۈرۈپ ئىشلىتىدىغان بولدۇق. بۇنداق قىلمىساق ھېچكىم ئۇ يەرگە...
— قاراڭغۇ تاغنىڭ يايلاقلىرى تارقاق، باللار بىر - ئىككى كۈنلۈك يىراق يەرلەردىن كېلىدۇ. جاپاسى تولا. شۇڭا، كەلگەن ئىككىلا ئوقۇغۇچىنى شۇ يەرگە بەرسەڭلار بوپتىكەن.
— كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى ئوتتۇرا مەكتەپ مۇدىرىنىڭ قېينىسىڭلىسى گۈلنار ئىكەن. ئۇ...
ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى جۇيجاڭنىڭ ئاخىرقى دۇدۇقلاشلىرى ئابدۇرېشىت ھاكىمنىڭ سەپرايىنى ئۆرلىتىپ قويدى. ئۇ قولىدىكى ئىستاكاننى ئۈستەلگە «جاققىدە» قويدى - دە:
— مۇدىرنىڭ قېينىسىڭلىسى بولسا نېمە بوپتۇ؟... ئۇنىمۇ ئەۋەتىش كېرەك! ...— دېدى.
ئۆلكە ئازاد بولۇپ خېلى يىللارغىچە قاراڭغۇ تاغدا مەكتەپ يوق ئىدى. كېيىن ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىر سىنىپلىق باشلانغۇچ

مەكتەپ قۇرۇپ بەردى . لېكىن ، ئارىلىق يىراق ، قاتناش قۇلايسىز بولغانلىقتىن ، ئوقۇغۇچىلار باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا ئائىلىسىگە قايتاتتى ، بىرىمۇ ئالىي - ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە كىرەلمەيتتى . شۇڭا ، قاراڭغۇ تاغقا ئۈچ يىل ئىچىدە ئىككى نۆۋەت ئوتتۇرا سىنىپ قۇرغان بولسىمۇ ، بىر يىلغا بارماي تارقىلىپ كەتتى . چۈنكى ، قاراڭغۇ تاغنىڭ ئىسمى چىقىش بىلەنلا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ چىرايى ھېلىلىدەك قورۇلۇپ كېتەتتى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرىگە : «مائاشىڭنى ئۆستۈرۈپ بېرىمىز...» دەپ يالۋۇرۇپ ، ھەتتا ۋاقىتلىق ئىشلەۋاتقان ئوقۇتقۇچىلارنىمۇ «بىرىيىل ئىشلەپ بەرسەڭ شتات بېرىمىز...» دەپ ئەۋەتكەن بولسىمۇ ، ئۇلار ئۇزاق ئۆتمەيلا كۆدە - كۆرپىلىرىنى تاشلاپ قېچىپ كېلىشكەندى .

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان ھاكىم ، — دېدى جۈيجاڭ مەنىلىك كۈلۈپ ، — چۈنكى ئۇلار مۇھەببەتداش ئىكەن . شۇڭا ، باشقا ساۋاقداشلىرى بىرەر يىل چېنىقىش - چېنىقمايلا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلار بىر - بىرىگە تارتىشىپ دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئىككى يىل تۇرۇپ قاپتۇ . قاراڭغۇ تاغ شۆبە مەكتەپتە ئاياللار ياتىقى يوق . ئوقۇتقۇچىلار ياتىقى دەپ پەقەت بىر ئېغىزلا ئۆي سېلىنغان . ئۇ ھەم ياتاق ، ھەم ئىشخانا ، ھەم ئامبار...

ئۆي مەسىلىسىدە ئابدۇرېشىت ھاكىم ئويلىنىپ قالدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە يېڭى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلگەن بىر قىزنى تەرەببال تاغقا ئەۋەتىپ قويۇشمۇ ئانچە كۆڭلىگە سىغمىدى .

— تاغقا بارىدىغان ئوقۇغۇچى ئۆز رازىلىقى بىلەن قوشۇلدىمۇ ؟

— قوشۇلماي ھەددىمۇ ؟

— نېمە ئۈچۈن ؟

— ئۇ بىر ئوكچىنىڭ بالىسىكەن ئەمەسمۇ !

— بۇ گەپچە قالپاقنى قامچا قىلىپ ، ئۇنى تاغقا پالاپسىز - دە ؟

— يا... ياق... بۇ... ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ مۇدىرى

بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قىلغان ئىش . لېكىن ، ئۇنىڭ ئوقۇشى ياخشىكەن ، — دېدى جۇيجاڭ تارتمىدىن دىپلوم ۋە رەسىمىيەتلەرنى ئېلىپ ، — مانا كۆرۈپ بېقىڭ !

ھاكىم دىپلومدىكى ئىلمىي نەتىجىلەرگە بىرقۇر كۆز تاشلىغاندىن كېيىن ، «سەلىمجان قۇربان» دېگەن ئىسىمغا بىرھازا تىكىلىپ قالدى .

— بۇ ئىسىمنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەنغۇ ، — دېدى ھاكىم ئويلىنىپ ، — توغرا ، كىچىك قىزىم بىر ژۇرنالدىن ئوقۇپ بېرىپتۇ .

— سەلىمجان ئوقۇچىنىڭ بالىسى بولغىنى بىلەن خېلى تۈزۈك بالىدەك قىلىدۇ ، — دېدى جۇيجاڭ ھاكىمغا تاماكا سۇنۇپ ، — ئۇ ھازىر كەلمەكچى ، ئۆزىڭىزمۇ بىر پاراڭلىشىپ باقارسىز .

ئىشىك چېكىلدى . ھاكىم سۆزىنى توختىتىپ جۇيجاڭغا قارىدى . جۇيجاڭمۇ : «ئۆزىمۇ كېلىپ قالدى بولغاي» دېدى ـ دە ، ئىشىكنى ئېچىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى...

ئابدۇرېشىت ھاكىم بىلەن جۇيجاڭنىڭ سۆھبىتى باشلىنىشتىن سەل ئىلگىرى خەلق سارىيىنىڭ كىچىك باغچىسىدا گۈلنار تۇمشۇقلىرىنى ئۈچلاپ قەھر ـ غەزىپى بىلەن سەلىمگە چېچىلىۋاتاتتى :

— زادى ئۆزىڭىز ياۋاش . ئىككى ئېغىز گەپنى قاملاشتۇرۇپ قىلالماي ، قىزىرىپ ـ تاتىرىپ ئولتۇرىسىز . سىزدەك ئالىي مەكتەپنى ئەلا پۈتتۈرگەن قىزىل دىپلوملۇق ئوقۇغۇچىغا شەھەردە ئورۇن يوقمىكەن؟ پايتەختنى سۆرەپ يۈرگەن كۆرمىنىڭ ئەپەندىلىرى بار ، شۇلارنىڭ بىرىنى ئەۋەتسە بولمامدىكەن؟ ياكى قاراڭغۇ تاغ سىزنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈشىڭىزنى ساقلاپ تۇرۇپتىكەنمۇ؟

قىپقىزىل ، ساپسېرىق ، قوڭۇر تاۋلانغان ياپراقلار ئارىسىدىكى ئورۇندۇقتا خۇددى يەرگە كىرىپ كېتىدىغاندەك ، جەينەكلىرىنى تىزىغا قويۇپ بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان سەلىم ئالدىدا

خورازدەك ھۆرپىيىپ تۇرغان قىزغا قاراشقىمۇ پېتىنالمىدى .
— گۈلنار ، بۇ تەقسىمات تۇرسا...
— تەقسىمات دېگەن قانۇن ئەمەس ، — دېدى گۈلنار ئالىقانلىرىغا ئۇرۇپ ، — «ئانام قېرى ھەم كېسەل ، بەش ئۇكام ماڭا قاراشلىق» دەپ يالغان ئېيتسىڭىز ، ئاغزىڭىزنىڭ بىر قات تېرىسى ئۇپراپ كېتەمتى ؟ باشقىلار تۆت چامدام ئارىلىقتىكى يېزا مەكتەپلىرىگە بېرىشنى رەت قىلىۋاتسا ، يەنە كېلىپ نەدىكى بىر ياۋايىلار ماكانلاشقان تاغقا...
گۈلنار «سەلىم ئىككىمىز ناھىيىنىڭ شەھەرگە ئورۇنلاشقان نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتىپىگە تەقسىم قىلىندۇق» دەپ تولىمۇ خۇشال بولغانىدى ، لېكىن ئارىدىن بىر كۈنمۇ ئۆتمەي سەلىمنىڭ قاراڭغۇ تاغقا قۇرماقچى بولغان شۆبە سىنىپقا تەيىنلىنىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن كۈتۈلمىگەن زەربە بولدى . ئۇ تۆت يىل ئوقۇش ، ئىككى يىل چېنىقىش جەريانىدا سەلىمدىن پەقەتلا ئايرىلىپ باقمىغان . توغرا ، بىر يازلىق تەتىلدە گۈلنار ئائىلىسىدىن كەلگەن پۇل بىلەن يۇرتىغا قايتتى . سەلىم بولسا ئۆزىگە ئوخشاش ھېچنېمىسى يوق يېتىم ۋە كەمبەغەل بالىلار بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلۇشىدا ئىشلىدى . لېكىن ، گۈلنار يۇرتىغا كېلىپ ئىككى ھەپتە ئۆتمەي ، زېرىكىپ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالمايلا قالدى . ئاخىر ئۇ تەتىل ۋاقتى توشمايلا مەكتىپىگە قايتقانىدى . مانا ئەمدىلىكتە ، باغچە يوللىرىنى بىللە ئايلانغان ، قولۋاقلاردا بىللە ئۈزۈشكەن ، خىلۋەت جايلاردا مۇڭداشقان ، ھەتتا تەنەپپۇس ئارىلىقلىرىدىمۇ سىنىپىدىن چىققانچە پىچىرلىشىۋالىدىغان ئاشۇ مۇلايىم يىگىتنىڭ ئۆزىنى يالغۇز تاشلاپ كېتىپ قېلىشى دەرۋەقە ئۇنىڭ ئۈچۈن دەپ ئېيتقۇسىز ئازاب ـ دەد...
— ئاۋۇ بۇتتەك ئولتۇرامسىز ؟ — دېدى گۈلنار باغچە فونتاننىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھەيكەلنى ئىما قىلىپ ، — يۈرۈڭ ، مائارىپ ئىدارىسىگە بارىمىز...
— توغرا ، جۈيجاڭ تۈنۈگۈن : «ئەتە سائەت ئون بىرلەردە ماڭا

بىر يولۇقۇۋاتقان» دېگەندى . پەقەتلا ئۇنتۇپتىمەن .

سەلىم بىلەن گۈلنار مائارىپ ئىدارىسىنىڭ تال بوستانلىق سالقىن ھويلىسىغا كىرگەندە ، جۇيجاڭ ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئېگىز بويلۇق ، قارىمۇتۇق بىر كىشى ئولتۇراتتى .

— يولداش ، جۇيجاڭ بارمىكىن ؟ — دېدى سەلىم ئەدەپ بىلەن .

— بار ، ھاكىم بىلەن سۆزلىشىۋاتىدۇ ، سىلەرمۇ جۇيجاڭنى ئىزدەپ كەلگەنمۇ ؟

يۆلەنچۈكلۈك ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان بۇ كىشى سەلىم بىلەن گۈلنارغا ئورۇن بوشىتىپ نېرىغا سۈرۈلدى ـ دە ، كىمگىدۇر ئاچچىقلىنىغاندەك «چىرت» قىلىپ ئالدىغا تۈكۈردى .

— سىلەرمۇ خىزمەت يۆتكىلىش توغرۇلۇق كەلگەنمۇ ؟ — دېدى قارىمۇتۇق يىگىت .

— ياق ، بىز ئوقۇش پۈتتۈرۈپ يېڭىدىن كەلگەن . ئۆزىڭىزچە ؟

— ھەي ... — دېدى يىگىت بۇرنىنى ئايىغى ئاستىغا «تىرت» قىلىپ قېقىپ قويۇپ ، — بىر يىلدەك بولدى خىزمەت تاشلاپ ياتقۇق .

— نېمە ئۈچۈن ؟

— ئەسلىدە مەن ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە ياللانما ئوقۇتقۇچى ئىدىم . «شتات بېرىمىز ، مائاشىڭنى ئۆستۈرىمىز» دەپ قاراڭغۇ تاغ دېگەن كۆن چۈشمەس زىندانغا ئەۋەتتى ، تۇمشۇق تىرەپ ئىككى ئاي ئاران چىدىدىم . كېيىن پېشمىنى قېقىپ يېنىپ كەلدىم .

— مائارىپ ئىدارىسىدىن نېمە دېدى ؟ — سورىدى گۈلنار سەلىمگە مەنىلىك قاراپ قويۇپ .

— نېمە دەيتتى ، مۇزاكىرە قىلىمىزۇق ، ئويلىشىپ باقايلى ، ئەتە كەل ، ئۆگۈن كەل بىلەن بۈگۈنگىچە سۆرىدى ، — دېدى ئوقۇتقۇچى قوللىرىنى يېيىپ ، — بولدى ، ماڭا شتاتمۇ بەرمىسۇن ،

مائاشىمنىمۇ ئۆستۈرمىسۇن . شەھەردە بىرەر مەكتەپنىڭ ئىشچىلىقىنى بەرسۇن . تەرەتخانا ئادالىسامۇ مەيلى . لېكىن ، قاراڭغۇ تاغنى خۇدا كۆرسەتمىسۇن . كالا تېزىكى چوغىغا كۆمگەن ئارپا كۆمەچنى يېسەڭ ، قورسىقىڭنى كۆپۈرۈپ ، كىشىلەر ئالدىدا ئىشەنچلىك ئولتۇرالمىساڭ… قوتۇرماق دېگەن بىرنەرسىسى بار ، ئۇنى يېسەڭ پۇتۇن كىرىپ پۇتۇن چىقىدۇ . تېخى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئاجرىتىپ بەرگەن سىنىپى بىر گۇندىخانا ، ئادەملىرىنى دېمەمسىز ، تۇرغان تۇرقى بىر ياۋايىلار… قىسقىسى ، ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى قاتتىق چىشلىگەن ئادەم قاراڭغۇ تاغقا بارىدۇ .

گۇلنار سەلىمگە «ئاڭلىدىڭمۇ ؟» دېگەندەك ، زەردە بىلەن بىر ئالىيىۋالغاندىن كېيىن ، جۇيجاڭ ئىشخانىسىنى ئىشارە قىلىپ ، ئۇنى جەينەكلەپ قويدى .

— ئۇلار سۆھبەتلىشىۋاتقان تۇرسا ، — دېدى سەلىم ئاستا پىچىرلاپ .

— ھېچنېمە بولمايدۇ ، كىرىۋېرىڭ ، ھاكىم بولسا تېخى ياخشى .

— بۇنداق قىلساق… سەت ئەمەسمۇ ؟

— ۋېيەي ، نېمانداق قىلىدىغاندۇ ئادەمنىڭ جېنىنى چىقىرىپ… بېرىڭ !…

نائىلاج ئورنىدىن تۇرغان سەلىم دېرىزە ئالدىغا كەلدى . ئۇ ئىشخانا ئىچىدىن ئۇنلۇك ئاڭلىنىۋاتقان جۇيجاڭ بىلەن ھاكىمنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قالدى ـ دە ، يا ئالدىغا ، يا كەينىگە ماڭالماي تۇرۇپ قالدى . يۈرىكى ئامبۇردا قىسىۋاتقاندەك ئاغرىۋاتقان سەلىم ئۆز جايىدا ئۇن ـ تىنسىز جىم تۇراتتى ، لېكىن گۇلنارنىڭ زەردە بىلەن «سەلىم» دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشىدىن چۆچۈپ قايرىلدى . ئۇ گۇلنارنىڭ تۇرۇلۇپ كەتكەن قاپاقلىرىغا قارىغانچە ئىشىكنى چەكتى .

جۇيجاڭ سەلىمنى قىزغىن قارشى ئالدى . سەلىممۇ ئورنىدىن تۇرغان ھاكىم بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى .

جۇيجاڭ سەلىمنى كرېسلوغا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن، ئىستاكانلارغا چاي قۇيغاچ، تەكەللۇپ بىلەن ھاكىمنى تونۇشتۇردى.

— بۇ كىشى ئابدۇرېشىت ھاكىم بولىدۇ. ناھىيىمىزنىڭ مائارىپ ۋە چارۋىچىلىق ساھەلىرىگە مەسئۇل.

سەلىم مورىسى كرېسلو يۆلەنچۇكى بىلەن تەڭلا تۇرغان ئېگىز بوي، چوققا چاشلىرى چۇشۇپ، چېكىلىرى سوۋارى ئاقىرىپ كەتكەن كىشىنىڭ مۇلايىم تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ تۇرغان يۇزلىرىگە قارىدى.

— خوش، قېنى چاي ئىچىڭ، — دېدى ئابدۇرېشىت ھاكىم كۈلۈمسىرەپ، — ئىسىم - فامىلىڭىز «سەلىمجان قۇربان»غۇ دەيمەن؟

— شۇنداق.

— سىز ئانچە - مۇنچە شېئىر يازامسىز؟

— قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەن سەلىم بېشىنى بىلىنەر - بىلىنمەس لىڭشىتتى.

— پاھ! دۇرۇس، دۇرۇس، فىزىمات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئەدەبىياتتىمۇ كۆزگە كۆرۈنۈشى تېگىل ياخشى ئىشقۇ. ئىككى بىسلىق پىچاق مەن دەڭە؟

— ئانچە - مۇنچە ھەۋەس قىلىپ...

— گۇلنار قىزمۇ سىز بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇغانمۇ؟

— ياق، ئۇ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان...

ئابدۇرېشىت ھاكىم ناھىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى، قاراڭغۇ تاغقا قۇرۇلۇۋاتقان شۆبە سىنىپ، بۇ چاغقىچە ئۇ يەردىكى باللارنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ قارىسىنى كۆرمەي كېلىۋاتقانلىقىنى تەپسىلىي سۆزلىدى، ھەتتا قاراڭغۇ تاغنىڭ تەبىئىي شەرت - شارائىتى، قاتناشنىڭ قولايسىزلىقىدىن گېزىت - ژۇرناللارنىڭمۇ بىرەر ئاي كېچىكىپ بارىدىغانلىقى، ھازىرغىچە سىم تۇۋرۇكلىرى ئورنىتىشقىمۇ مۇمكىن بولماي، سىمسىز تېلېفون بىلەن

ئالاقىلىشىدىغانلىقىغا قەدەر ھەممىنى يوشۇرماي چۈشەندۈردى .
— شۇنداق سەلىم ، — دېدى ھاكىم ئېغىر تىنىپ ، — بىر مىللەتنىڭ راۋاج تېپىشى ياكى خارابلىققا يۈزلىنىشى شۇ مىللەت مائارىپىنىڭ گۈللىنىش ـ گۈللەنمەسلىكىگە چەمبەرچاس باغلانغان . بەلكىم مېنىڭ بۇ تونۇشۇم مۇكەممەل ئەمەستۇ ، لېكىن مەن شۇنداق قارايمەن . خەير ئۆز سۆزۈمگە كېلەي ، قاراشۇ تاغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئەڭ چەت چېگرا رايونى . ئۇ يەردىكى ئۆسمۈرلەر بىلىمگە تاشنا . ۋەتەن تۇپرىقىدا بۇنداق بىر ئاق چېكىتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ھەرقانداق ۋىجدانلىق كىشىنى ئېچىندۇرىدۇ . ئەسلىدە گۈلنارنىمۇ بارسۇن دېگەنىدىم ، لېكىن تۇرمۇش شارائىتى تۇپەيلىدىن جۈيجاڭ قېتىلمىدى .
سەلىم جۈيجاڭ ، ھاكىملار بىلەن خوشلىشىپ چىققاندا ، چۈشلۈك تاماق بولۇپ قالغانىدى . ئۇ گۈلنارنىڭ چىرايىغا تىكىلىپمۇ قارىيالماي ئاسفالتلىق كوچىلاردا بىردەم ئايلاندى ، كېيىن قىزىق دەرۋازىدىكى كىچىك بىر ئاشخانىغا كىرىشتى . يېڭىدىن پەيدا بولغان بۇ كىچىك ئاشخانىلار تولىمۇ ئاۋات ئىدى . بىر — ئىككى ئايالنىڭ تارسىلدىتىپ لەغمەن سېلىشى ، ياش يىگىتنىڭ مانتا سانىشى ، خېرىدارلارنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭلىرىنى ئۇنئالغۇدىن چىقىۋاتقان داڭلىق خەلق سەنئەتچىسى مەڭلىكخاننىڭ جاراڭلىق ناخشىسى بېسىپ چۈشمەكتە ئىدى .

سېرىق سۆگەت سىيرىلدى ،
سىيرىلىشنى كىم بىلگەن ؟
بىز ئىككىمىز ئامراقتۇق ،
ئايرىلىشنى كىم بىلگەن ؟

گۈلنار ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويدى . ئۇ كۆڭلىدىكى گەپ ـ سۆزلىرىنى قانچە ئېيتىپ ئىچۈرسىمۇ سەلىمنى جۈيجاڭ قېشىغا قايتا كىرىشكە كۆندۈرەلمىدى .

— «كەلمىگەن تەلەيدە ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ» دەپ ئەجەبمۇ تەلەيسىز ئىكەنمەن ، — دېدى گۈلنار زەردە بىلەن پىچىرلاپ ، — قوتۇرماچمۇ يەپ باقارسىز ، ئارپا كۆمىچىمۇ— ... گۈلنار پوسۇققىدە كۈلۈۋەتتى ، — ئۇ چاغدا پىداكارلىقىڭىزمۇ توزغاقتەك توزۇپ كەتمىسە...

— بولدى ، — دېدى سەلىم خورسىنىپ ، — ئەمدى جۇيجاڭنىڭ قېشىغا ھەرگىز كىرمەيمەن...

سەلىم گۈلنارنىڭ دوق بىلەن ئېيتقان سۆزلىرىنىمۇ ، مەسخىرىلىك كۈلۈشلىرىنىمۇ ئاڭلىمىدى . ھامان ئۇ جۇيجاڭنىڭ «قوشۇلماي ھەددىمۇ ، سەلىمجان ئوڭچىنىڭ بالىسىكەن» دېگەن سۆزلىرىنى ئىچىدە تەكرارلايتتى . ئۇ بۇ سۆزلەردىن بىر ئۆمۈر پېشانىسىگە پۈتۈلگەن ئېغىر قىسمەتنى ، تەقدىرىگە بېسىلغان قارا تامغىنى كۆرگەندەك بولغانىدى . «قالپاقنى قامچا قىلىپ ئۇنى تاغقا پالاپسىز ـ دە» دېگەن بۇ سۆز ئۇنىڭ مىسكىن قەلبىنى ئاۋۇندۇرغان بولسىمۇ ، يەنىلا ھازىرغىچە تارتىپ كەلگەن دەرد ـ ھەسرىتى ئېسىدىن چىقمىغانىدى .

— ئادەم بىردەملىك يۈزىنى ئايىغان بىلەن ، كېيىنچە ئارپا مونكى گالدىن ئۆتمىكى تەسكە چۈشسە ، پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا تېپىلماس . بولمىسا ئابدۇرېشىت ھاكىمنىڭ ئۆيىگىلا كىرىڭ .

— ھاكىمنىڭ ؟ ئۇ... ئۇ سىزنىمۇ بارسۇن دېگەن ، جۇيجاڭ قوشۇلمىدى .

— مېنى ؟ !

گۈلنارنىڭ چوققىسىدىن كىرگەن تىترەك تاپىنىدىن چىقىپ كەتتى . ئۇ مۇدىر قىيناغىنىغا ، جۇيجاڭغا «شەھەردە تۇرغۇم بار» دەپ ئالدىنئالا ئەسكەرتىپ قويغانلىقىغا ، قىسقىسى ئۆزىنىڭ دانىشمەنلىكىگە ئىچىدە ئاپىرىن ئوقۇدى . لېكىن ئۇ بۇ سوغۇق خەۋەرنىڭ زەربىسىدە ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ ، خۇددى يامغۇردا قالغان چۈجىدەك توگۈلۈپلا قالغانىدى .

— نېمە بولدىڭىز ؟

— ھېچ… ھېچنېمە، قولاق سېلىڭ، — دېدى گۈلنار ئۈنئالغۇنى ئىما قىلىپ، — ئەجەب قىزىق…
مەڭلىككخانىنىڭ ئاجايىپ شوخ ناخشىسى ئاشخانىنى كۆتۈرۈۋەتكەنىدى:

ئىشىك ئالدى جۇسەيلىك،
سەيلىمىسەكمۇ سەيلەكلىك.
سەن قارىمىساڭ يارىم،
يېنىمدا بىرى پەيلەكلىك.



## بىرىنچى باب

# تاغ يوللىرى

ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان ساي... پەقەت گۆڭگا تاغلار تەرەپتىن كېلىۋاتقان سەلكىن شامال يۇمىلىتىپ يۈرگەن قامغاقلارنى بىرەر ھايۋان ياكى جەسەتمىكىن دەپ ئاسماننىڭ قەھرىدە لەيلەپ يۈرگەن بىرنەچچە قارا تازنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ زېرىسكەرلىك سايدا نە بىر تال گىياھ، نە بىر تال تاش كۆرۈنمەيتتى.

قوتاز ئۈستىدە چوقچىيىپ ئولتۇرغان سەلىم كارۋان بېشىنىڭ: «بۇرۇن ئۇلاغ بىلەن ئون بىر كۈنلۈك يول ئىدى. ھازىر

گۇڭشىغا ماشىنا قاتنىيالايدىغان بولغاندىن بىرى ئىككى كۆڭلۈك بولۇپ قالدى» دېگەن سۆزنى ئويلاپ ۋە يول بويىلىرىدىكى ئاقىرىپ كەتكەن ئات ـ ئېشەك سۆڭەكلىرىنى، يېتىمسىراپ چوقچىيىپ تۇرغان مۇساپىر قەبرىلىرىنى كۆرۈپ، ئېغىر خىياللارغا پاتتى. لېكىن، تۆشۈك ۋە تورۇملىرى تەييارلىنىپ چاتسىلا بولىدىغان پارتىلار ئارتىلغان قوتازلار گويا سەلىمگە: «ھەيران بولما، ئاتا ـ بوۋىلىرىڭ بۇ يوللاردىن ئاز ئۆتكەنمۇ؟ قارىغىنا يوللارغا! تېخى قۇرۇمىغان تېزەكلەرمۇ تۇرۇپتىغۇ!» دېگەندەك، كولدۇرمىلىرىنى جاراڭلىتىپ خىيالىي مېڭىشاتتى.

كۈن قايرىلىش بىلەن، كارۋان بىر داۋان ئالدىدا توختىدى.

— ئىنى، — دېدى يۈزىنى خۇددى تارغاقتا تارىغاندەك قورۇق بېسىپ كەتكەن كارۋان بېشى، — پەلەك داۋىنىغا كەلدۇق، قارىسىلا...

سەلىم داۋانغا قارىۋىدى، بېشى ئايلانغاندەك بولدى. چۈنكى، داۋان غوللىرىدا تۇتەكلىشىپ، ئېسىلىپ تۇرغان بۇلۇتلار داۋاننىڭ چوققىسىنى كۆرسەتمەي قويغانىدى...

— نېمىسگە ھاڭۋېقىپ تۇرىدىلا، چۈشۈپ ئۆزلىرىنى تەڭشىۋالسىلا. قاراڭغۇ چۈشكۈچە جىنكۆچتىگە بېرىۋالايلى...

سەلىم قوتازدىن چۈشۈپ ماڭالمايلا قالدى. ئۇنىڭ پۇتلىرى سىرقىراپ ئاغرىپ، بېشىمۇ چىڭقىلىپ كەتكەنىدى.

— ئىنى، — دېدى كارۋان بېشى بىر سىقىم قارىئۆرۈك قىقىنى سەلىمگە بېرىپ، — داۋانغا ياماشقاندىن كېيىن شۇمۇپ ماڭسىلا، بولمىسا ئىسلاپ قالىدىلا.

— ئىسلاپ؟

— ھە ئىسلاپ، ئادەم بوغۇلۇپ، بىر يولىلا ئەرشكە چىقىپ كېتىدىغان ئىش بار.

دەرۋەقە قوتازلار كۆتۈرۈلگەنسېرى سەلىم نەپەس ئالالماي بوغۇلۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ پۇت ـ قوللىرى چېقىپ تاشلىۋەتكەندەك بوشىشىپ، ھالسىزلىنىپ كەتتى. ئۇ يۇمىلاپ

كەتمەسلىك ئۈچۈن قوتازغا چىڭ چاپلىشىۋالدى .
جىنىكۆچىتىدە تۈنەپ قالغان كارۋان ئەتىسى سەھەردە قوزغالدى . سەلىم ئارتىق ئارتىلغان قوتازلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ، پارتىلارنىڭ ساق ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتكەندىن كېيىن ، قوتازغا مىندى .
سەلىم قوتاز ئۈستىدە كېتىۋېتىپ سىرلانغان پارتىلارغا قارىۋىدى ، كىچىك چېغىدىكى بىر ئىش ئېسىگە كەلدى ، گۈلنارنىڭ «تەقسىمات دېگەن قانۇن ئەمەس» دېگەن سۆزى كۆڭلىدىن كەچتى .
ئۇنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغى ئىدى ، سىنىپتىكى يېڭى پارتىلار يېتىشمەي كونا پارتىدىن بىرنى ئەكىرىشتى . لېكىن ، ئوقۇغۇچىلار سىقىلىپ ئولتۇرۇشقا رازى بولىدىكى ، ئۇلارنىڭ بىرىمۇ كونا پارتىغا چىققىلى ئۇنىمىدى . مۇئەللىم ئاخىر نېمىلا دېسە ئۇن ـ تىنسىز ماقۇل دەيدىغان سەلىمگە قاراپ دېدى :
— سەلىم ، سەن چىقامسەن ؟
سەلىم ئۇن چىقارماي پوپكىسىنى كۆتۈرگىنىچە كونا پارتىغا بېرىپ ئولتۇردى .
— مانا ، ياخشى ئوقۇغۇچى دېگەن تەقسىماتقا بويسۇنىدۇ ، — دېدى مۇئەللىم .
شۇنداق ، سەلىم كىچىكىدىن تارتىپ «ياق»نى بىلمەيتتى . بۇ بەلكىم ئەترەتتە يۇرەكئالدى بولۇپ قالغان مومىسىنىڭ ئۇنىڭغا قالدۇرغان مىراسىدۇر . ئۇ ئالىي مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىسى ئابدۇقادىرغىمۇ : «ۋەتەننىڭ ئېھتىياجلىق يېرىگە بارىمەن . پارتىيە ـ خەلق بىلەن سودىلىشىپ ئولتۇرمايمەن» دېگەنىدى .
— ئىنى ، — دېدى كارۋان بېشى ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ، — مىڭكېچىككە كېلىپ قالدۇق . مەزمۇت ئولتۇرسىلا !
«مىڭكېچىك» خۇددى ئوتتۇرىدىن تىلغاندەك كۆرۈنىدىغان تىك ئىككى تاغ ئوتتۇرىسىدىكى جىرا بولۇپ ، ئۇ جىرادا ئادەم بىلىدەك سۇ يىلان ئىزىدەك تولغىنىپ ئاقاتتى ، قوتازلار ئۇزۇلمەي سۇ

كېچىپ ، بىر ئوڭغا ، بىر سولغا ئۆتەتتى .

— تاغا ، بۇ راستتىنلا مىڭكېچىكمۇ ؟

— ئۇنىسى نامەلۇم ، لېكىن ئىنى ، كېچىك دېگەن بۇ يەردە ئىستىنىڭ قۇرۇتىدەك كۆپ . سۇ ھازىر ئاز ، ئەمما ئالتىنچى ، يەتتىنچى ئايلار كېلىپ باقسۇنچۇ ، ئەجدىھادەك سۇرەن سېلىپ كەلگەن كەلكۈن بۇ جىرانى لىقمۇ لىق قاپلايدۇ . ئۇ چاغدا بۇ جىرادىن ئادەم تۇرماق ، ئىنس - جىنمۇ ئۆتەلمەيدۇ .

سەلىم كەڭلىكى بار - يوقى ئىككى غۇلاچلا كېلىدىغان ، لېكىن ئىككى ياندىكى تاغنىڭ چوققىلىرىنى كۆرگىلى بولمايدىغان بۇ سۈرلۈك جىرانىڭ كەلكۈن ۋاقتىدىكى ھۆركىرەشلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈۋىدى ، ۋۇجۇدى سىلكىندى . ئۇ قورقۇنچلۇق مەنزىرىنى كۆز ئالدىدىن ھەيدەش ئۈچۈن ، كېچىكلەرنى ساناشقا باشلىدى :

— بىر… ئىككى … ئۈچ…

ئىككى يۈز يىگىرمە يەتتە دېگەن ساناق ئۇنىڭ ئاغزىدىن بىلىنەر - بىلىنمەس ھالدا چىقتى . چۈنكى ، ئۇ قوتاز ئۈستىدە مۈگدەپ قالغانىدى .

— «خارت ! …» قىلغان قاتتىق ئاۋاز سەلىمنى چۆچۈتۈۋەتتى . ئۇ كۆزىنى ئېچىپ ، ئۆزلىرىنىڭ ئاجايىپ ھەيۋەتلىك قارا تاغ باغرىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ، بېشى ئايلانغاندەك بولدى - دە ، قارا دېۋىدەك ھۆرپىيىپ تۇرغان بۇ تاغلارنىڭ كۆز يەتكۈسىز چوققىلىرىغا قارىدى . ئۇنىڭغا ئاسماننىڭ كۆك روجەكلىرى ئالىقاندەكلا كۆرۈندى . ئالدىدىكى تېگى كۆرۈنمەس ھاڭدىن بولسا بىر ئۆرلەپ ، بىر پەسىيىپ تۇرغان ئاپئاق تۇمانلار ئىچىدە لەپەڭشىپ تۇرغان ئاسما كۆۋرۈك ئايان بولاتتى . «خارت» قىلغان ئاۋاز ئەنە ئاشۇ ھاڭدىن كېلىۋاتاتتى .

— ئىنى ، — دېدى كارۋان بېشى يەرگە چۈشۈپ ، — كۆلا كۆۋرۈككە كەلدۇق . يەرگە چۈشسىلە ، كۆزلىرىنى تېڭىپ ئۆتكۈزىمىز…

— نېمىشقا؟ — سەلىم قورقۇپ كەتتى.
— باشلىرى ئايلىنىپ، ھاڭغا ئۆچۈپ كېتىدىلا!
— ياق!— دېدى سەلىم كەسكىن رەت قىلىپ، — مەن... مەن... ئۆتەلەيمەن!
— ئۇنداق بولسا ئەكەلسىلە قوللىرىنى!
كارۋان بېشى سەلىمنىڭ قولىنى تۇتۇپ يېتىلەپ ماڭدى. ئەينەكتەك سىلىق ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ تېگى كۆرۈنمەس ھاڭدا تاغ ئېقىنى غەزەپ بىلەن گۈلدۈرلەيتتى، ئېقىننى بىر قىزىل تاغ توسۇپ تۇرغاچقا، يول تاپالمىغان سۇ قايپانغا چۈشكەن يىرتقۇچتەك شۇنداق شىددەت بىلەن پىرقىرايتتىكى، ئۆركىشى ھەتتا كۆلا كۆۋرۈكچە كۆتۈرۈلەتتى ۋە «خۇرت... خۇرت... خارت!» قىلغان قورقۇنچلۇق ئاۋاز بىلەن تەڭ قىزىلتاغ ئۆڭكۈرىگە قاپلىشىپ كىرىپ كېتەتتى...
— يۇتمىغا قارىمىسىلا، زېيىنى بار، — دېدى كارۋان بېشى سەلىمنى ئەسكەرتىپ.
كارۋان كۆلا كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ بولۇشى بىلەن سەلىم ھاڭ ئاستىغا ئېگىشىپ قارىدى. ئەمدىلىكتە قورقۇنچلۇق قاينام ھاسىل قىلغان سۇ كۆرۈنمەيتتى. «خارت - خۇرت» ئاۋازلارمۇ ئاڭلانمايتتى. پەقەت كۈمۈش رەڭ تۇمانلار ئارىسىدىن تاغ يۇتمىسى غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەگەر يۇك ئارتىلغان بىرەر ئۇلاغ ياكى ئادەم چۈشۈپ كەتسە قۇتۇلدۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، قايرىلىپ قاراشقىمۇ بولمايدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ يۇتمىنىڭ قانداقتۇر قاراڭغۇ ئۆڭكۈرلىرى ئىچىدە غايىب بولىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن سەلىمنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى.
قۇياش خۇددى ھەرە چىشىدەك قاتمۇ قات تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئارقىسىغا چۆككەندە، كارۋان قاراڭغۇ تاغ ئېتىكىگە يېتىپ كەلدى. قوتازلار قاراڭغۇ تاغ جىلغىلىرىدا پەس يانباغىرنى بويلاپ، خۇددى قازان ئىچىگە چۈشۈپ كېتىۋاتقان چۈمۈلىلەردەك كېتىپ باراتتى.
يول بويلىرىدىكى قىزىل مارجاندەك غۇژمەك - غۇژمەك

ساڭگىلىشىپ تۇرغان ئالقاتلار ، ھەرخىل ئېچىلىپ كەتكەن گۈل ـ گىياھلار سەلىمىنىڭ كۆڭلىنى لاپپىدە يورۇتقاندەك بولدى . ئۇ توپ ـ توپ بولۇپ ئوتلىشىۋاتقان قوتاز ، كالىلارغا ، ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى تىزلىنىپ تۇرۇپ زوق ـ شوق بىلەن ئېمىۋاتقان قوزىلارغا ۋە ئوت بىلەن قاپلانغان يانباغىرلارغا ، قاراڭغۇ قاپتاللارغا تويماي قارايتتى . تاغ شامىلى ئۇنىڭ يۈرەك تارىلىرىنى تىترىتىپ ، قايسىدۇر بىر جىلغىدىن راۋابنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى بىلەن پادىچىنىڭ سوزۇپ ئېيتقان ناخشىسىنى ئۇچۇرۇپ كېلەتتى :

هوي…
يارىم يوقلاپ كەلدىيا ،
پىنھاندا كۆمەچ بەردىيا .
جادۇ كۆزىدە جان ئېلىپ ،
ئوتقا تاشلاپ كەتتىيا…

كۆز باغلىنىش ئالدىدا ئۆلار يۇلغۇن چىۋىقلىرىدا ، توغراق شاخلىرىدا توقۇلغان قاشلار ، پاخال ساتمىلار بىلەن چىتلانغان پاكار ئۆيلەر تارقاق ئورۇنلاشقان مەھەللىگە كىرىپ كېلىشتى .

يول ئاغزىدا تاغلىقلارغا خاس كىيىنگەن ، قارا قوتاز تېرىسىدىن تىكىلگەن چورۇقى ئۇستىدىن تىزلىرىغىچە چىڭ قىلىپ يۆگ جاۋا يۆگىگەن ، جاۋا تۇگىچىدىن ئىككى تال كۆك مارجان ساڭگىلاپ تۇرغان بىر كىشى تۇراتتى . ئۇ پور رەڭ چىبەرقۇت چاپىنى ئۇستىدىن باغلىۋالغان قارا پوتىسىنى تۇتقان ھالدا يوغان گەۋدىسى ، ئېگىز بويى ، قامەتلىك بەستىنى نامايان قىلغاندەك تىك تۇراتتى . بىر قوينىڭ تېرىسىنى پۇتۇنلا ئارتىۋالغاندەك كۆرۈنىدىغان يوغان سالۋا تۇمىقى ئۇنىڭ سېرىق ساقال بېسىپ كەتكەن مىس رەڭ چىرايىنى قوشۇقتەك كۆرسىتىپ تۇراتتى . كارۋان بېشى قوتازنىڭ چۇلۋۇرىنى تاشلىۋېتىپ ، ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردى .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، دادۇيجاڭ …

— ئالـلا ئـانىكىسى ، كىلىش سايما[1] ؟ئىككى كۈن بولدى كۆزۈم يولدا . قانداق مۇئەللىم ، بالا تىنچ ـ ئامانلىقمۇ ؟

دادۇيجاڭ سەلىمنى قولتۇقلاپ قوتازدىن يەرگە چۈشۈردى .

— ھىم ، مۇئەللىم بالا ، ساق كەلدىڭمۇ ؟ — دېدى دادۇيجاڭ سەلىمگە سىنچىلاپ قاراپ ، — ۋۇي سەن تېخى سېرىق تۈكىدىن ئـايـرىـلمىغان باچكا ئىكەنسەنغۇ ؟ ھە ، بوپتۇ كېيىنچە ساقال ـ بـۇرۇتـمـۇ چـىـقـىپ قالار . قېنى ، ھەرىكەتلەن ، سۆڭەكلىرىڭ قاراسلىسۇن ، ئات ـ جۇنۇڭ سەلىمغۇ دەيمەن ، ئابدۇرېشىت ھاكىم ماڭا تېلېفون سوققان .

سەلىم بۇ تاغلىق مەھەللىگە ئاياغ قويار ـ قويمايلا ئۆزىنى سـەنـلـەپ تـۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك گەپ قىلىۋاتقان قوپال دادۇيـجـاڭغا ئاچچىقى كەلدىمۇ ياكى ئۆزىنى گويا قارا كوزىنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ قالغاندەك ھېس قىلدىمۇ ، ئاسمان تىرەپ تۇرغان ھەيۋەتلىك تاغلارغا ، ھېلىلا ئۆرۈلۈپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنىدىغان ، تاشلار بىلەن قىڭغىر ـ قىيسىق قوپۇرۇلغان تاملارغا ، كالا تېزىكى ھـىـدىنى دىماغقا ئۇرۇپ خۇش ياقمىغاندەك چىقىۋاتقان ئىسلارغا قاراپ مۆڭلىنىپ تۇرۇپ قالدى .

— ھـە ، گـەپ قىـلـمـايـسـەنغـۇ ؟ بـۇ يـەرلـەر شەھەرگە ئوخشىمامدىكەن ؟ نېمىگە قورقاتتىڭ ، كېيىنچە كۆنۈپ قالىسەن .

دادۇيجاڭ قولىنى كاناي قىلىپ كىمنىدۇر چاقىردى . ئۇنىڭ دەز كەتكەن تەشتەكتەك جىغىلداپ چىقىدىغان بوم ئاۋازى بۇ تاغ مەھەللىسىنى كېزىپ ئۆتتى .

— ھا… ي چوقال ! ئىدىرىس دەيمەن !

قـايـىـدۇر بىر ئىشىك خۇددى تاختايدىن داتلاشقان مىخنى سـۇغـۇرغـانـدەك «غىچ» قىلىپ ئېچىلىپ ، «ئو !» دېگەن ئاۋاز كـەلدى . ئارقىدىن كۆڭلىكىنىمۇ كىيمىگەن ، ئىشتىنى تارتىپ تاكى تامبال بېغىچە چاڭگا تولۇك بېسىپ كەتكەن ، ئۆزى توپىدەك يۇمىلاق بىر كىشى ھاسىراپ چىقىپ كەلدى . ئۇ يېتىپ كەلگۈچە ،

---

[1] كېلىشىڭ ھازىرمۇ ، كېلىشىڭ ئەمدىمۇ ؟

دادۇيجاڭ «ھەي بۇ كاتىپنى !» دەپ قويدى .
— قارا ئىدىرىس ، — دېدى ئۇ ئېيىقتا ئوخشايدىغان كاتىپقا ، — بۇ بىزگە كەلگەن مۇئەللىم بالا . بۇ لاقا - لۇقىلارنى بىزنىڭ ئۆيگە ئاپىرىشىپ بەر .
— خوش...
— مەكتەپكە بارمايمىزمۇ ؟ — دېدى سەلىم ھەيران بولۇپ .
— بۈگۈنچە بىزنىڭ ئۆيدە تۈنەيمىز . مەكتەپكە خۇدا خالىسا ئەتە بارىمىز . پېقىرنىڭ غەمخانىسىنى كۆرۈۋال . مېنىڭ ئىسمىم داۋۇت ، لەقىمىم گونداز .
داۋۇت گونداز چامادانىنى قۇچاقلىغىنىچە يول باشلاپ ماڭدى . ئۇ ئىشىك ئالدىنى ئايئاق ئازغان گۈللىرى قاپلاپ كەتكەن ھويلا ئالدىدا توختىدى ۋە ئىشىك زەنجىرىنى شاراقلاتقىنىچە ۋارقىرىدى :
— ھاي تۇمەن ! تۇمەن دەيمەن...
ھويلا ئىچىدىن «ئو» دېگەن ئالدىراپ قايتۇرغان جاۋابتىن كېيىن ئون ئۈچ - ئون تۆت ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالا يۈگۈرۈپ چىقتى . ئۇ سەلىمگە چەكچەيگىنىچە قاراپ قالدى .
— نېمە يانچۇقلىرىڭنى دوۋساقتەك كۆپتۈرۈۋالدىڭ ؟ قاچانلا بولسا تاش يىغىسەن ، ھاماقەت . بۇ شەھەردىن كەلگەن مۇئەللىم بولىدۇ .
بالا سەلىمنىڭ قولىدىكى سومكىسىنى تارتىنىپقىنا ئالدى - دە ، ھويلىغا قاراپ يول باشلاپ ماڭدى .

## سىرلىق تۈگۈن

قاراڭغۇ تاغ مەھەللىسى «تىكىلەك مەھەللىسى» دەپمۇ ئاتىلاتتى . بۇ نام بەلكىم قۇم توپىلىق ، ئەگرى - بۈگرى بۇ كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا «تىكىلەك قورام» دەپ ئاتالغان قارا تاشنىڭ چوقچىيىپ تۇرغانلىقىدىن كەلگەن بولسا كېرەك . داۋۇتنىڭ ئازغان گۈللىرى قاپلاپ كەتكەن ھويلىسى كوچىنىڭ ئاياغ ئۇچى بولۇپ ،

بۇ يەردىن مەھەللە باشلىناتتى...

ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن ھويلىدىن چىققان داۋۇت گونداز سەلىمگە ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان دۇنيانى كۆرگەزمە قىلغاندەك، مەھەللىدىكى ھەربىر ئۆي ۋە قورۇنى تونۇشتۇرۇپ ماڭدى.

— مانا بۇ دۇكان، — دېدى داۋۇت ئانچە ئۇزۇن ماڭمايلا قوش قاناتلىق بىر ئىشىكنى كۆرسىتىپ، — نەرسە ـ كېرەك ئالغۇڭ كەلسە، «ئابدۇللا پىرىكازچىك» دېسەك ئىچكەركى قازنىقىدىن يۈگۈرۈپ چىقىدۇ.

— دۇكان سائەت نەچچىلەردە ئېچىلىدۇ؟

— ئۇنىڭ سائەت ـ پائەت بىلەن چاتىقى يوق ... — دېدى داۋۇت ئىشىكلىرىگە كىگىز مىخلىۋېتىلگەن بىر ئىشىك ئالدىدا توختاپ، — بۇ بولسا ئاخشامقى ئىدىرىس چوقالىنىڭ تېلېفونخانىسى ھەم داۋۇي ئىشخانىسى. ئۇنىڭ يېنىدىكى غارال بېكىتىلگەن ئىشىك ئاتخانا. ئۇلاغ لازىم بولسا، ئات باقاردىن سورا!

سەلىم تېلېفونخانىنىڭ ئۆگزىسىدىكى ئاپتاپتا ئاقىرىپ كەتكەن قوپال ياغاچقا ئورنىتىلغان ئىككى ئاچىماق ئانتېنناغا ۋە ئىشىكتىكى ئۆڭۈپ رەڭگىنى يوقاتقان كىگىزلەرگە قاراپ قالدى.

— مانا بۇ دوختۇرخانا، لېكىن ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن مۇشۇنداق قۇلۇپلاقلىق تۇرىدۇ.

— نېمە ئۈچۈن!

چۈنكى، دوختۇرىمىز يايلاقلارنى ئارىلاپ يۈرىدۇ، تاسادىپىي يامغۇر ـ يېشىن، شىۋىرغانلاردا قېلىپ ئۆيىگە كېتەلمەي قالغاندا، بۇ يەردە قونۇپ قالىدۇ.

سەلىم قۇلۇپلانغان ئىشىك ئالدىدىكى قوم توپىغا چۈشكەن قوي ــ كالىلارنىڭ تۇياق ئىزلىرىغا، قۇرت ـ قوڭغۇزلارنىڭ ھەرخىل گۈلدار يوللارنى سىلىقۋەتكەنلىكىگە قاراپ، يازدىن بېرى بۇ ئۆيگە بىرەر ئادەم قەدەم باسمىغانلىقىنى جەزم قىلدى.

داۋۇت تىكىلەك قورامىنىڭ يېنىدا توختاپ، مەھەللىنىڭ ئۇ چېتىدىكى دۆڭلۈكتە چوقچىيىپ تۇرغان ئۆينىڭ مەسچىت

ئىسكەنلىكىنى، ئۇ يەردىن قوتانلىق مەھەللىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە بارغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئوڭغا بۇرۇلۇپ مەھەللە بىلەن تاغ باغرىغا يېڭى سېلىنغان شۆبە سىنىپ ئوتتۇرىسىدىكى پەس تاشلىق سايغا چۈشتى. بىر تەرىپى تاغقا يانداشقان بۇ تاشلىق ساي تاساي جىلغىسىدىن باشلىنىپ تىكىلەك مەھەللىسىدە ئاياغلىشاتتى. داۋۇت بىلەن سەلىم سايدىن ئۆتۈپ زەڭگەر بۇلاققا كەلگەندە، بىردەم ئارام ئالدى.

— مانا بۇ زەڭگەر بۇلاق، — دېدى داۋۇت سۈيى ئاچ ھاۋا رەڭ جۇلالىنىپ تۇرغان بۇلاقنى كۆرسىتىپ، — كونا تاغدىكى قار ـ مۇزلار ئېرىگۈدەك دەرىجىدە قىزىمىغۇچە، بىر مەزگىل سۇ قىس بولىدۇ. ئۇ چاغدا تاغلىقلار كۆمۈۋالغان مۇزلىرىنى ئېرىتىپ ئىچىدۇ. شۇڭا، مەكتەپ سۇدىن قىسىلمىسۇن دەپ بۇ يەرگە سېلىنغان. بۇ زەڭگەر بۇلاق قىشمۇ ياز مۇشۇنداق شىرىلداپ تۇرىدۇ.

داۋۇت گونداز سەلىمنى مەكتەپكە باشلاپ كەلگەندە، ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بارغان بولسىمۇ، كونا تېخى تاغلار ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلمىگەنىدى. مەكتەپ شىخىل توپىلىق تاغ باغرىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ يەردىن پەستىكى مەھەللىنىڭ رەتسىز كوچىلىرى ۋە ھويلىلاردا قەد كېرىپ تۇرغان قورام تاشلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئارقا تەرىپى چېپىپ چۈشۈرۈلۈپ تەبىئىي ھويلا شەكىللەنگەن بىر پارچە يالاڭلىققا سېلىنغان سىنىپ ـ ياتاق، ئاشخانا ۋە ئىشخانىدىن (بۇلار ئىشخانا، ياتاق، ئامبار، تەجرىبىخانا ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆتەيتتى) ئىبارەت بىر يۈرۈش ئاددىي قۇرۇلۇش ئالدىدا ئىككى كىشى پارتىلارنى چېتىۋاتاتتى.

— تونۇشۇۋېلىڭلار، — دېدى داۋۇت سەلىمنىڭ مۈرىسىگە يوغان ۋە كۈچلۈك قولىنى قويۇپ، — يېڭى كەلگەن مۇئەللىم — سەلىم.

ئۇلار سەلىم بىلەن قورۇنۇپقىنا كۆرۈشۈپ قويىدى.

— بۇ كىشى، — دېدى داۋۇت ئورا كۆز، بۇرنى بىلەن

ئىككى بەس تالاشقاندەك ئۇچلۇق ، ئوتتۇرا ياشلىق كىشىنى كۆرسىتىپ ، — شەھەردىن چىققان ياغاچچى ئۇستام سىپىت . ئوقۇش باشلانغاندا ناۋاي ھەم ئاشپەز . قىسقىسى ، ھەممىلا ھۈنەرنى يامىدايدۇ . بۇ كىشى ، — دېدى ئۇ ئېگىز قاسقانلىق كۆرپە تەلپەك ، قارا چىبەرقۇت شىم ـ پاچان كىيگەن ، بۇغداي ئۆڭلۈك يېشى ئوتتۇزلار ئۆپچۆرىسىدىكى كىشىنى تونۇشتۇرۇپ ، — باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئۇستۇرگەن مۇئەللىم — قادىر .

ئۇلار سىنىپنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن ، ياتاققا كىرىشتى . ئەسلىدە بىر ئېغىزلىق سېلىنغان بۇ ياتاق ئوتتۇرىدىن بوغۇپ ئىككى قىلىنغانىدى . كارىۋات ئورنىغا قوپال تىلىنغان تاختايلاردىن سۇپا ئورنىتىلغان بۇ ئوغۇل ـ قىزلار ياتاقلىرىنىڭ قورۇمىغان تام سۇۋاقلىرىدا سېرىق ۋە نىمجان ئارپا مايسىلىرى بىخلىنىپ تۇراتتى .

— ھازىرچە بۇ ئىشخانا سىنىڭ ياتىقىڭ بولىدۇ ، — دېدى داۋۇت ئوقۇغۇچىلار ياتىقىغا يانداش سېلىنغان ئۆيگە كىرىپ ، — قادىرنىڭ بولسا ئۆز ئۆيى بار .

— بالا قوبۇل قىلىشنى تېزرەك باشلىمىساق ، كېچىكىپ قالىمىز ، — دېدى سەلىم ئۆي ئوتتۇرىسىدا تۇرغان ئۇستەلگە يۆلىنىپ .

— ھە توغرا ، باللارنى تىزىملاپ چىقتىڭمۇ ؟ — دېدى داۋۇت قادىرغا قاراپ .

— ئۆزلىرى دېگەندەك ، — دېدى قادىر چەت ـ چۆرىسى تىتىلىپ كەتكەن خاتىرىسىنى داۋۇتقا كۆرسىتىپ ، — ئىككى يىل ئىچىدە ئوقۇش پۈتتۈرۈپ چىقىپ كەتكەن بىرقەدەر ياخشى ئوقۇغۇچىلاردىن قىرىق بەشنى تىزىملاپ چىقتىم .

— قوغاق ، ئومشالاردىن بىرمۇ بالا تىزىملانماپتىغۇ ؟ — دېدى داۋۇت تىزىملىكنى قولىغا ئېلىپ .

— ئىككى ـ ئۈچ كۈنلۈك تاغ ئارىسىدىن كېلىپ بولالماس ؟

— بۇ ياتاقلارنى نېمىگە سالدۇق ئەمىسە ؟ — دېدى داۋۇت

ئۇلارنى باشلاپ ، — بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ بالىلارنى قايتىدىن بىر تاسقاپ كۆرەيلى .

ئۇلار مەھەللىگە كىرىپ كەلگەندە ، ئالدىدىن قارا يوللۇق مەللە تون كىيگەن ، بېشىدىكى سەللىسىنىڭ ئېغىرلىقىدىن بېشى سەل سىڭايان بولۇپ قالغان ، شالاڭ چارساقاللىق بىر كىشى چىقىپ كەلدى . ئۇ داۋۇتقا چوڭقۇر سالام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن ، سالاپەتلىككىنە يۆتىلىپ قويدى .

— ھە ، ھەمدۇل موللا ، نەدىن كېلىشىمىز ؟ — دېدى داۋۇت بۇرۇتىنى سىلاپ قويۇپ .

— ھازىلخان شامال دارىپ ئالىتاغىل سۆزلەپ قاپتىكەن ، ئايەت سۈيى تەييارلاپ ، بىر دانە تۇمارمۇ پۈتۈپ بەردىم ، شۇ يەرگە بارغانىدىم .

— شامال دارىپ قاپتۇ ؟

— بىھەمدۇللا ، بۇ ئاي ـ بۇ كۈنلەردە پىنھان كەتتىمىزگە بىــدىيانەت كىشىلەر كېلىدىغان بولۇپ قالدى . ئادىمى شەيتان يامان . بۇ شامال شۇ ئىنس ـ جىنلاردىندۇر ، — ھەمدۇل سەلىمگە كىچىككىنە چېقىر كۆزلىرىنى ئۆچمەنلىك بىلەن تىكتى . سەلىممۇ ئۇنىڭ خۇددى كونا مەسىنىڭ قونچىدەك قورۇق بېسىپ كەتكەن سوزۇق يۈزىگە ، قۇش تىرنىقىدەك ئىلمەك بۇرنىغا تىكىلىپ قاراپ قالدى .

ئۇلار ئىدىرىس كاتىپنىڭ تېلېفونخانىسى ئالدىغا كەلگەندە ، ئېتىنىڭ ماڭلىيىغا قىزىل كرېست بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن ئاق لاتا ئېسىلغان ، دورا ساندۇقىنى غانجۇغىلىۋالغان يالاڭ ئاياغ دوختۇر ئاتتىن چۈشۈپ داۋۇت بىلەن سالاملاشتى .

— ئۆزۈن بولدى ، سايىمىز كۆرۈنمەيدىيا ؟

— تاغ ئارىسىنى ئايلىنىپ بولغۇچە ، — يىگىت خىجالەت بولۇپ بېشىنى قاشلىدى .

— ھازىلخاننىڭ كېسىلىنى تەكشۈرۈپ ، ياخشى دورىلىرىڭدىن بەر . ھەمدۇل تولكە يەنە قاتراپ قاپتۇ .

سەلىم داۋۇتنىڭ ئۆيىگە كەلگۈچىلىك ئۈنچىقمىدى . چۈنكى ، ئۇنىڭ كۆڭلىگە بىلىنەر ـ بىلىنمەس بىر تۈگۈن چىگىلىپ قالغانىدى . ھەمدۇلنىڭ سىرلىق ۋە نەشتەردەك سۆزلىرى ، داۋۇتنىڭ ئۇنىڭغا خەنجەردەك تىكىلىشى ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ «ھەمدۇل تۈلكە يەنە قاتراپ قاپتۇ» دېگەن سۆزى سەلىمنىڭ كۆڭلىدىكى بۇ تۈگۈنچىنى تېخىمۇ چىگىتىپ قويىدى .

## داۋۇتنىڭ غەزىپى

سەلىم بىلەن داۋۇتنىڭ تاغ ئارىلاپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ يۈرۈۋاتقىنىغا ھەپتە بولۇپ قالدى . ئۇلار بىردە جىلغىنىڭ تار ، قىستاڭ يوللىرىدا ، بىردە كەڭ ئارپا ئېگىزلىقلىرىدا ئاتلىرىنى قاترىتىشىپ ماڭاتتى . داۋۇت سەلىمنىڭ كۆرگەنلىكى نەرسىنى سوراۋېرىشىدىن زېرىكتىمۇ ياكى كۆڭلىدە يېشىلمەي تۇرغان بىر ئىش بارمۇ ھەر ھالدا ئۈنچىقمايتتى . ئۇ ئورۇلماي قالغان ئارپىلارغا ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورغاق سېلىۋاتقان كۆسەيدەك قارا كىشىلەرگە قاراپ قويىاتتى ـ دە ، يەنە جىمىپ كېتەتتى .

دەرۋەقە ، داۋۇت دۈيجاڭنىڭ تاغ ئارىلاپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشى بىرىنچى قېتىم بولۇۋاتقىنى يوق . ئۇنىڭ سەلىم بىلەن تاغ ـ داۋانلارنى ئاتلاپ ، يايلاق كېزىپ يۈرگىنىگە ھەپتە بولغان بولسىمۇ ، تېخىچە ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ كېتەلمىگەنىدى . ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشىدا بۇرۇن بولۇپ ئۆتكەن ساۋاقلار ئۇنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلمىگەن… نامرات چارۋىچىلارنىڭ بەزىلىرىگە باللىرىڭنى يۇقىرى مەكتەپتە ئوقۇتقىن دەپ ، بىر كۈن كاسىلداپمۇ بىرنەرسىنى چۈشەندۈرەلمەيسەن . ئۇلارغا «ئاسماندىكى يۇلتۇزنى قوينۇڭغا سېلىپ بېرىمەن» دېيىشتىن باشقا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ۋەدە قىلىسەن . لېكىن ، ئۇلار : «كىيىم ـ كېچەكى يوقا ، بىر كىگىزدە بىرنەچچىمىز ياتىمىز . مېنىڭ جوۋامنىڭ ئىچىدە بالام ياتىدۇ» دېيىشەتتى ، ھەتتا بەزىدە : «باللىكىمىزنىڭ بويى سوزۇلۇپ

قالدى . قورسقىنى دومبايتىپ كەلسە ، دادىكىسى سىلى بولاملا ؟ » دەپ ۋارقىرىشاتتى . قىسقىسى ، بەزى ئائىلىلەردىن بالا ئېلىش قېدام كەكىگە ساپ تاپماقتىنمۇ تەس ئىدى . لېكىن ، باللارنىڭ سېنىڭ يېگىپ چىقىشىڭنى ۋە ئەكېتىشىڭنى كۈتكەندەك تەلمۈرۈپ قاراشلىرى يۈرىكىڭنى ئېزىۋېتەتتى .

مانا مۇشۇنداق مۇشكۈل ـ قىيامەتتە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ تەشكىللەنگەن ئوتتۇرا سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىرنەچچە ئايغا بارمايلا چۇۋۇلۇپ چاڭگىسىدىن ئايرىلغان قۇش باللىرىدەك بوينىنى قىسىپ قېلىشى كىمنىڭمۇ يۈرىكىنى ئېچىشتۇرمىسۇن ! داۋۇت مەكتىپىدىن مېھرىنى ئۈزەلمەي ، مۇئەللىمىنىڭ ياتىقىنى ، سىنىپىنى ئۇدا نەچچە كۈنلەپ چۆرگىلەپ يۈرگەن باللارنى كۆرگەندە ، ھېلىقى بىر كىچىدىلا تەلپىكىنىڭ ئۇچۇپ كېتىشى ، كەشىنىڭ چۇشۇپ قېلىشىغا باقماي قۇيرۇقىنى خادا قىلىپ تىكىۋەتكەن لەنتىلەرگە غەزەپلىنەتتى .

داۋۇت ئۇ چاغدا بەزىلەرنىڭ «بىز شەھەرلىكلەرگە سېمىز قوي ، قوتاز ، ئىسسىق جۇۋا يەتكۈزۈپ بېرىمىز . ئەمما ، ئۇلارنىڭ بىزنىڭ نېمە بولۇشىمىز بىلەن كارى يوق » دېگەن سۆزلىرىگە تەنبىھ بەرگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۆز كۆڭلىدە : «پۈتىدىكى خورۇم بەتەنكىلەر ، ئۇچىسىدىكى ئېسىل يۇڭ رەختلەرنىڭ نەدىن كېلىدىغانلىقىنى ئويلىمايدۇ ئۇلار !» دەپ خاپا بولاتتى . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ ئوغلى تۇمەننى ئېخچىلا تىزىملىككە كىرگۈزمىدى . تىكىلىك ۋە قوتانلىق مەھەللىسىدىكى باللارنى تىزىملاشقا مەسئۇل بولغان قادىرغا :

— تۇمەننى تىزىملىما ، مەن ئۇنى شەھەردە ئوقۇتىمەن ، — دېدى .

— دادۇيجاڭ ، گۈلسارە ئاچام : «بىر تال جىگىرىم ، مۇشۇ يەردە ئوقۇسۇن » دەپ زار ـ زار يىغلاۋاتسا ، — دېدى قادىر ھەيران بولۇپ .

— قايسى ئانىنىڭ بالىسىدىن ئايرىلغۇسى كېلىدۇ ؟ كىيىنچە ،

«دوستۇمنىڭ كۆڭلىنى دەپ قورسىقىمدا قالدى» بولمىسۇن...
داۋۇت گەرچە شۇنداق دېگەن بولسىمۇ، يەنە نېمە ئۇچۇندۇر كۆڭلى غەش ئىدى. ئۇ ئۆز بالىسىنى بەرمىسە، مۇنۇ ئەتراپىغا تويىماي قاراپ، ئاغزى بېسىقماي سۆزلەپ كېلىۋاتقان يىگىت نېمىدەپ ئويلاپ قالار، باشقىلارچۇ؟
— داۋۇت ئاكا، قارىڭا، بۇ يەرنىڭ ئىسمى نېمە؟ — دېدى سەلىم ئالدىدىكى ئىككى تاغ ئېغىزىنى كۆرسىتىپ.
داۋۇتنىڭ قايىنىمغا چۈشكەن خازاندەك پىرقىراپ يۈرگەن خىياللىرى بىردىن چېچىلىپ كەتتى. ئۇ زورغا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئالدىغا قارىدى.
— قىسىلغا كەلدۇق.
— بۇ يەردە ئىككى بالا بار ئىكەن، — دېدى سەلىم ئات ئۈستىدە خاتىرىسىنى ئېچىپ، — ھۆرلىقا، نودەر...
داۋۇت بىلەن سەلىم ھۆرلىقانىڭ غاراللار بىلەن قورشالغان ھويلىسى ئالدىغا كېلەر - كەلمەيلا، تۇكلىرى ئۆسكىلەڭ ئىككى پاخما ئىت يىراقتىنلا قاۋاپ كەلدى - دە، ئاتلار ئەتراپىدا داپشىنىپ سەكرەشكە باشلىدى.
— ھاي «بودەك»، «مارجان»، ئۆت بۇ ياققا، — دېدى ئۆيدىن چىقىپ كەلگەن بىر قىز. ئۇنىڭ ئۇششاق ئۆرۈۋالغان چېچىغا ۋە بويىنىغا ئېسىۋالغان بىرنەچچە قاتار مارجانلىرى ئاپتاپتا پارقىرايتتى.
— ھە، ھۆرلىقا شەپشەك، ئىتلىرىڭغا تالاتقىنىڭدىن تېخى ھېساب بېرىسەن، — دېدى داۋۇت ئاتتىن چۈشۈۋېتىپ.
— ۋاي ئاللا ئانكام، دادىجاڭغۇ بۇ، ئۆزلىرىنى قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟
— مېنى ئۇچۇرۇپ كەلگەن شامال، سېنىمۇ ئۇچۇرۇپ ئەكېتىدۇ. قانداق ئاتاڭ بارمۇ؟
— ئاتام مال ھەيدەپ چىقىپ كەتتى، ئانام بار.
سەلىم قاراڭغۇ ئۆيگە قاراپ قەدەم ئېلىۋىدى، بۇرنىغا

قانداقتۇر قاڭسىق بىر ھىد گۇپىلا قىلىپ ئۇرۇلدى . كونا تور رومالنى بويۇنلىرىغىچە يۆگىۋالغان ئايال ئۇلارنى تۆرگە تەكلىپ قىلدى ۋە ئالمان ـ تالمان تالىما داستىخاننى سالدى .

سەلىم ئۆيگە كىرىپ ، بىرھازادىن كېيىنلا ئۆيدىكى نەرسىلەرنى پەرق ئېتەلىدى . ئۆي تورۇسغا باغلاپ ئېسىپ قويغان ياغاچقا جۇۋا ، چاپان ـ چاۋىلار ئارتىۋېتىلگەن بولۇپ ، تام ئويۇقىدا كاساڭ ، ئاياغ ، جاملار قالايمىقان يېيىلىپ ياتاتتى . مورا ئالدىدا بولسا ، تۇگۇلۇۋېلىشقان يېرىم يالىڭاچ ئۈچ بالا سەلىمگە يەر ئاستىدىن قاراپ ئولتۇرۇشاتتى .

داۋۇت ئارپا نىننى سىرىق ماي سىلىنغان سۇتلۇك چايغا تۇگۇرۇپ يەپ ئولتۇرۇپ ، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش قاتارلىق ئەھۋاللارنى چۈشەندۈرۈپ بولار ـ بولمايلا ، ئۆي ئىگىسى بېشىنى لىڭشىتقىنىچە : «بىلىمەن ، ئاڭلىغان» دەپ قويدى . سەلىم كۆڭلىدە : «بۇ تاغ رايونىدا خەۋەر ئەجەب تېز تارقايدىكىنا» دەپ ئويلىدى .

— ئاخشام ، — دېدى ئايال بېشىنى كۆتۈرمەي ، — قوشنىمىز نىياز كىرىپتىكەن . ھەمدۇل موللا ئۇنى چۆچۈتۈپ قويغان چېغى ، «ئوغلۇم نودەرنى بەرمەيمىكىن» دەيدۇ . لېكىن ، بىزنىڭ ھۆرلىقانىڭ ئوتتەكلا ئوقۇغۇسى بار .

— ھەمدۇل ؟ — داۋۇت گېلىدىكى ناننى يۇتماي قاشلىرىنى ھىمىردى ، — ئۇ نېمە دەپتۇ ؟

— بىلمەيمەن ، موللامنىڭ قەدىمى يەتمەيدىغان يېرى يوقتۇ . نىياز ئۇنىڭ بىلەن جام ئايمىقىدا ئۇچراشقان چېغى .

سەلىم ھەمدۇلنىڭ ئىسمى چىقىشى بىلەن : «ئۇنىڭ بۇ ئاي ، بۇ كونلەردە پىنھان كەتتىمىزگە بىديانەت كىشىلەرنىڭ قەدىمى يېتىپ قالدى ، ئادىمىي شەيتان يامان… » دېگەن سۆزى ۋە سۇرلۇك ئۇچقۇنلار چاچراپ تۇرغان قىيسىق كۆزلىرىنى ئەسلىدى .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم داۋۇت ، — ئۆيگە ئېگىز بويلۇق ، كەڭ ياپا يۇزلۇك نىياز ئوغلى نودەرنى يېتىلەپ كىرىپ كەلدى .

— كەل نىياز ، يۇقىرى ئۆت ، — دېدى داۋۇت ئۇنىڭغا ئىلتىپات كۆرسىتىپ ، — يايلاقتىن قاچان چۈشتۇڭ ؟ قوتاز بۇقىلىرىنى يەنىلا ئايرىپ بېقىۋاتامسىلەر ؟

— ياق ، هازىر قېتىۋەتتۇق .

— شۇ ، ۋاقتى بولۇپ قالدى . قانداق بۇغاقاچتى يايلىقىدا يەنە جېدەل ئوينىمىغانسىلەر ؟

— مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى جام ئايمىقىدىكىلەرنىڭ پۇچقىقىغا پىت چۈشكەندەكلا ئەدەپلا كەتتى . بىزنىڭ مالچىلارنى بۇغاقاچتىدىن قوغلاپتۇ ، تاس قاپتۇ ئىككى تەرەپ كالتەكلىشىپ كەتكىلى !

داۋۇت بىرهازا جىمىپ كەتكەندىن كېيىن ، بېشىنى لىڭشىتىپ «هىم» دەپ قويدى . ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى سەزدى بولغاي ، نىيازدىن تومتاقلا قىلىپ :

— بالاڭنى مەكتەپكە بېرەمسەن ؟ — دەپ سورىدى .

— بەرسەك بەرگۈلۈك ، بەرمىسەممۇ نودەر قېچىپ كەتكۈدەك ، — دېدى نىياز قىلىن قارا ساقاللىرىنى تاتىلاپ . لېكىن ، داۋۇت ، سەلىملەر ئۇزاپ چىقىپ ئاتلىرىنىڭ ئۇزەڭگىسىگە پۇت قويغاندا ، ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر دۇدۇقلاپ سوراپ قالدى :

— هوي داۋۇت ، بۇ... بۇ يوغان مەكتەپنە ئوقۇغانسېرى باللار ئاتا ـ ئانىسىنى تونۇمايدىغان ، مېھىر ـ شەپقەتسىز ، تاش بېغىر بولۇپقۇ كەتمەس ؟

— يوق گەپنى قوي ، قاپتالدىكى زىخنىڭ مېۋىلىگەنسېرى ئېگىلىپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرمىگەنمىدىڭ ؟

— ئۇغۇ شۇنداق ، لېكىن «ئات ئىزى»① دەمدۇ ، خۇدايىم بار ، بىر ئوقۇش بارمىش . ئۇنى ئوقۇغانسېرى بىدىيانەت ، قارا كۆڭۈل بولۇپ قالارمىش ، دەپ ئاڭلايمەن .

— هەمدۇل شۇنداق دەمدا ؟

داۋۇتنىڭ چاپچىپ تۇرغان ئېتىنىڭ تىزگىنىنى سىيرىپ

---

① «ئات ئىزى» — ئاتېئىزم دېمەكچى .

تۇرۇپ مىخ قاقىقاندەك ئېيتقان بۇ سۆزى نىيازنى بەكمۇ ھەيران قالدۇردى بولغاي، ئۇنىڭ يوغان ئېچىلغان كۆزلىرىنىڭ ئەستەر پاختىسى خۇددى ئازغان گۈلدەك ئاپئاق ئېچىلىپ كەتتى.

— يوقسۇ، يوقسۇ، ئانچىكى دېگەن گەپ - دە....

داۋۇت قورۇدىن چىققاندا، ئۇلارغا دادىي ئۇقتۇرۇش قىلغاندا، باللارنى دەرھال يولغا سېلىۋېتىڭلار، دەپ ئېيتتى. سەلىم داۋۇتقا سوغدىشىپ كېتىپ بېرىپ، ئۇنىڭ مىس رەڭ چىرايىنىڭ قارىداپ، تىكەندەك يىرىك قاشلىرىنىڭ ھۈرپىيىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، جام ئايمىقىدىكى ھارامزادىلەرنىڭ يولسىزلىق قىلىپ يايلاق تالىشىۋاتقانلىقىغا ياكى ھەمدۇل موللىنىڭ ئوت قويۇرۇقلۇق قىلىۋاتقانلىقىغا ئاچچىقى كەلگەنلىكىنى بىلەلمىدى.

كەينىگە يانغان ئاتلار سىلىق يورغىلاپ كېتىشتى. ئۇلار يېشىل مەخمەلدەك قەد كۆتۈرگەن تاغلار بىلەن قورشالغان چاقار جىلغىسىغا قايرىلغاندا، ئۇ قىردىن - بۇ قىرغا قوغلىشىپ ئۇچۇشقان كەكلىكلەرنىڭ چاكىلداپ سايراشلىرىدىن كېلىۋاتقان ئەكس سادا سەلىمنىڭ قۇلاقلىرىنى ۋاڭىلدىتىۋەتتى. تىكچېقىل باغىرلىرىدا تۈيىقى ئارانلا پاتقۇدەك تاشلارنى دەسسەپ تاغ يېرىقلىرىدا ئېسىلىپ تۇرغان تاتلىق ئوت، گۈللەرنى يالماۋاتقان ساقاللىق تېكىلەرگە، گويا نەچچە مىڭ غۇلاچ ئېگىزلىكتىن ھېلىلا ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك ئالىقاندەك چوققىدا ئۇسۇشۇۋاتقان سۇرلۇك قوتازلارغا قاراپ، ئۇنىڭ كۆڭلى ئەيمەندى. لېكىن، تاغ قاپتاللىرىنى جاراڭلىتىپ كېلىۋاتقان شوخ ناخشا ئاۋازى ئۇنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە تارتىۋالدى.

ھوي...
سېكىلەك - سېكىلەك،
تاغقا چىقتىم يېتىلەپ.

ئەمدى ھەرگىز كەتمىگىن ،
مەيلى كۈندۈز ـ كېچىلەپ .

— داۋۇت ئاكا ، — دېدى سەلىم ئېتىنى تېقىمداپ قويۇپ ، — نېمە ئۈچۈن بۇغاقاچتىدا يايلىقىلار بولۇپ قالغان ؟

— بۇنىڭ ئۇلىنى كولىساڭ ، كونا گەپ ، — داۋۇت غەزەپ بىلەن ئېتىغا بىر قامچا ئۇرۇۋەتتى . يات جىلغىغا قەدەم بېسىشى بىلەن يورغىسى ئاستىلاپ قالغان چىلان تورۇق تۇيۇقسىز چۈشكەن قامچىدىن بىرلا چاپچىپ ، تاش ـ شېغىللارنى شاراقلىتىپ ئۈزاپ كەتتى .

ئەسلىدە قاراڭغۇ تاغلىق چارۋىدار زايىت زەڭگى جام ئايمىقىدىكى بىر چارۋىداردىن ئىككى تاغ بىر قاپتالنى ئوراپ تۇرغان يايلاقنى توقسان سەر يامبۇغا سېتىۋالغان بولۇپ ، ئازادلىقتىن كېيىن ئۇ جاينى كوللېكتىپ ئۆتكۈزۈۋالغانىدى . جام ئايمىقىدىكىلەر بۇنىڭدىن تۆت ـ بەش يىل ئىلگىرى بۇ يايلاقنىڭ غەلۋىسىنى قىلغان بولسىمۇ ، داۋۇت زايىت زەڭگىنىڭ ئەينى زاماندىكى پۈتۈشكەن مۆھۈرلۈك خەت ـ چەكلىرىنى ئاپىرىپ ، ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە پۈتۈشۈپ قايتىپ كەلگەنىدى . ئۇلارنىڭ باشقىدىنلا ھۆرپىيىپ بۆرە جۈۋىسىنى كىيىپ قوپۇشىنىڭ تېگىدە سىرلىق بىر شۇملۇقنىڭ شەپىسى بارلىقىنى سەزگەن داۋۇت ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا : «خەپ ھەمدۇل» دەۋەتتى .

— ھەمدۇل ؟ — سەلىم ھەيرانلىقتا داۋۇتقا سوئال نەزىرىنى تىكتى .

— چاقارغا كەلدۇق ، — دېدى داۋۇت ئېتىنى يورغىلىتىپ كېتىۋېتىپ ، — ئاڭلاۋاتامسەن ؟ نېمىدېگەن مىسكىن ـ ھە ؟ ! بۇ بىز قوبۇل قىلماقچى بولغان سەمەننىڭ چالغان نېيى . ئۇ سازغا بەكمۇ ئامراق .

— بۇ بەشتە كاپالەتلىك ئائىلە ئىكەن ، — دېدى سەلىم ئات ئۈستىدە خاتىرىسىنى ۋاراقلاپ ، — مۇشۇ بالا بىلەن بىزنىڭ قوبۇل

قىلىدىغان ئوقۇغۇچىمىز ئايىغىلىشىدىكەن .

— ھازىر بىز مەكتەپتىن قانچىلىك يىراقلاپ كەتكەن بولىمىز ، مۇسەللەپ كۆرگىنە !

— ھەپتىدىن بىرى ئالدى ـ ئارقىمىزغا مېڭىۋېرىپ بېشىم ئايلىنىپلا كەتتى .

— مانا مۇشۇ تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدىلا مەكتەپ بار . پىيادە بىر ئاش پىشىمدا بارغىلى بولىدۇ .

— ئۇنداقتا قايتقاندا شۇنداق كېتىلى .

— ھا ... ھا ... ھا ...— داۋۇت تۇنجى قېتىم قاقاقلاپ كۈلدى ، — بۇ يول يېقىن بولغىنى بىلەن ئەزرائىل يولى . ئات ـ ئۇلاغ ماڭالمايدۇ . ئادەممۇ «چاپلاشماق» ، «ساڭگىلىماق» تىن جېنىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ ئۆتىدۇ .

ئۇلار غارال ئورنىدا يۇلغۇن ، قاقشاللاردا چىتلانغان ئۆي ئالدىغا كېلىپ ، ئاتتىن چۈشتى . داۋۇت ئەگرى مومىغا ئاتلارنى باغلىدى . ئۇلاغ تۇياقلىرى بۇ موما ئەتراپىدىكى يېشىل ئوتلارنى ئۇچۇرۇپ تاقىر قىلىۋەتكەنىدى .

ئۆي ئالدىدا جۇۋا يېپىنچاقلىغان بىر بوۋاي بۇلارنى كۆرمىدىمۇ ياكى كۆرمەسكە سالدىمۇ ، قورۇپ ئۇلگۇرمىگەن شىرشىم تېزەكلەرنى گىرەلەشتۇرۇپ تىزىۋاتاتتى .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم جەپەر تاغا ، قانداق ئەھۋالىڭ ؟ ئۆيۈڭگە مېھمان كەلسە خىرامان تۇرسىنا ؟ !

داۋۇتنىڭ بوم ئاۋازىدىن چۆچۈپ بېلىنى رۇسلىغان بوۋاي قولىنى سايىۋەن قىلىپ گۆنسىز كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ سەپسالغاندىن كېيىن ، ھاسىسىنى داۋۇتنىڭ مەيدىسىگە نوقۇپ كۈلۈپ كەتتى .

— ھوي ، سەن گوندازمۇ ، ھە راست ، گونداز ئىكەنسەنغۇ ؟ يۈر ئۆيگە ، ئۆيگە كىرىلى .

ئۆي ئوتتۇرىسىغا سېلىنغان بىر پارچە كىگىز ئاستىغا قورۇق ئوت سېلىنغاچقا ، يۇمشاق بولۇپ ، دەسسىگەن ھامان پىرىسلايتتى .

مورا ئالدىغا تاشلاپ قويۇلغان كۆل رەڭ بۇغا تېرىسىمۇ بوۋاينىڭ تۈكلىرى سارغىيىپ، توخۇ كۆزى چوڭلۇقىدا كۆيۈك ئىزلىرى بىلەن تولغان جۇۋىسىدەك ئۆتمىتۆشۈك ئىدى. سەلىم تامدىكى يۇلغۇن قوزۇقلارغا ئېسىپ قويغان راۋاب ۋە گەردىشىگە يېڭىلا كەرگەن داپلارنى داۋۇتقا ئىما قىلىپ كۆلۈپ قويدى.

— ھە، باللىرىڭ تىنچ ـ ئامانمۇ، — دېدى بوۋاي ئوچاقتا قورۇق تېزەكنى تاشلاپ، — ئەمەلدار دېگەنغۇ شۇنداق بىرنەرسە، بىزدەكلەرنى ئۇنتۇپلا كېتىشىدۇ.

— ئەترەتنىڭ ئىشى قوتاز تۈكىدىنمۇ تولا. يايلاقلارنى چۆرگىلىمەك، ماللارغا تۇز، يەم ـ خەشەك تەييارلىماق، ياز ۋە قىشنىڭ غېمى. بۇ ئىشلار ساڭا زەڭگەر بولاق سۇيىدەك سۈزۈكقۇ. قېنى ئۆزۈڭ قانداق تۇردۇڭ، ھېلىمىخانچۇ؟

— بىچارە كېلىن بالام، ئۆيگە كىرسە ئايال، سىرتقا چىقسا ئەر، يايلاقتىن كېلەلمەيدۇ. ئوغلۇم كازىم بولغان بولسىمۇ بۇنچە رىيازەت چەكمەس ئىدى. سەمەن بولسا راۋابىنى جاراڭلىتىپ، نېپىسنى چىرقىرىتىپ، سېغىن ئۆچكىنى باقىدۇ.

كازىمنىڭ ئىسمى چىقىشى بىلەن داۋۇت ئېغىر خورسىنىپ قويدى.

بۇنىڭدىن ئوتتۇز ئۈچ يىل ئىلگىرى داۋۇت بىلەن كازىم زايىت زەڭگىنىڭ مېلىنى باقاتتى. بىر كۈنى ئۇلار چېقىل ئۇستىدە چېپىلىشىپ ئوينىدى. ئوتقا تويغان قوتازلار ئۆزلىرىنى چاتقال سايلىرىغا ئالغانىدى. ئىككى دوست چېپىلىشا ـ قوغلىشا چېقىل ئۇستىگە چىقىپ قالدى. ئۇلار قاقاقلىشىپ كۆلۈشۈپ، يومىداقلىشىپ قانداق قىلىپ نەچچە يۈز غۇلاچ ھاڭدىن ئۇچۇپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايلا قالدى. لېكىن، «خۇدا ساقلىغان يەردە بالا يوق» دېگەندەك، ئۇلار تاش ئارىلىقىدىن شاخاراپ ساڭگىلاپ تۇرغان ئەگرى قارىغايغا ئىلىنىپ قالدى. ئاچماق ئارىلىقىغا قىسىلىپ قالغان كازىم داۋۇتنىڭ بىلەكلىرىنى قاماللاپ تۇتۇۋالغانىدى.

داۋۇت شۇ كۈنكى ئەينەك قىيىندىلىرىدەك تاشلارغا

چاپىلىشىپ ، يىلتىزلارغا ئېسىلىپ ، كۆڭلەك ـ ئىشتانلىرىنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ چىقىلدىن چۈشكەنلىكىنى ھېلىھەم ئۇنتۇيالمىغانىدى .

— خوش ، بۇ ياقتا قەدىمىڭ يېتىپ قاپتىغۇ . بۇ غوجام كىم بولىدۇ ؟ — بوۋاينىڭ سوئالىدىن بېشىنى كۆتۈرگەن داۋۇت نەچچە كۈندىن بېرى تولا تەكرارلاپ ياد بولۇپ كەتكەن سۆزىنى ئالدىرىماي ئېيتتى .

— سەمەنغۇ بىزگە يامبۇ چىچىپ بەرمەيدۇ . لېكىن ، بۇ غوجامغۇ ، — دېدى بوۋاي سەلىمگە قاراپ ، — ھاڭگا ئېشەك تەخىيگە ئىگە بولمىغىنىدەك . ئەتە ـ ئۆگۈن پېشىنى قېقىپ كېتىپ قالسا ، بالىلار غېرىبسىنىپ قالارمىكىن . گۆھەر قىزىمىز «مۇئەللىم ـ مۇئەللىم» دەپ ئاخىر نېمە بولدى ؟

داۋۇتنىڭ يۈرىكىنى ئۆرتەۋاتقان بۇ سوئالنىڭ يەنە تەكرارلىنىشى ئۇنىڭ ئېغىزىنى ئاچۇرمىدى . دەرۋەقە شۇ يىلى تۇمانلىق چوققىدىن كۆتۈرۈلگەن شىۋىرغاندا پىتىراپ كەتكەن قويلارنى قۇتقۇزۇش يولىدا توڭلاپ ئۆلگەن كازىمنىڭ يىل نەزىرىسى بېرىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ، گۆھەرنىسانىڭ ھاڭدىن ئۇچۇپ كېتىشى بۇ ئائىلىنى ئېغىر مۇسىبەتكە مۇپتىلا قىلغانىدى .

بوۋاي سىرتتىكى نەي ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەن ئالمان ـ تالمان چاپىنىنىڭ يېڭىدە كۆزىنى سۈرتۈۋەتتى . شۇ ئەسنادا ئۆيگە «ئاق دادا ، ئاق دادا»[1] دەپ ۋارقىراپ سەكرەپ كىرىپ كەلگەن سەمەن داۋۇت بىلەن سەلىمنى كۆرۈپ قىزىرىپ كەتتى . سەلىم ئۇنىڭ چۆرىلىرى تىتىلىپ كەتكەن شاپاق دوپپىسىغا ، سىيادان سىپىلگەن گىردە ناندەك ئۇششاق قارا سەپكۈنلۈك ئاق چىرايىغا ، پوتىسىغا قىستۇرۇۋالغان قومۇش نەيگە زوقلانغىنىچە تىكىلىپ قالدى .

— سەمەن ، — دېدى داۋۇت كۈلۈپ ، — قارا ، بۇ سېنىڭ مۇئەللىمىڭ بولىدۇ . ئىسمىمۇ سېنىڭكىگە ئوخشىشىپراق كېتىدۇ .

— ھارماڭ مۇئەللىم ، — دېدى سەمەن ئېگىلىپ سالام

---

① ئاق دادا — بوۋا .

قىلىپ .

— ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بولدۇق ، بارامسەن ؟

— هازىرلا ماڭامدۇق ؟... — بالىنىڭ كۆزلىرى شادلىقتىن ئوييناپ كەتتى .

— هەي داۋۇت ، تاماقلىنىشىپ ، ماكانلىشىپ ئوقۇسا بۇ... بۇ... — دېدى بوۋاي بىر پارچە كىنگىزگە تىكىلىپ .

— خاتىرجەم بول ، بەشتە كاپالەتلىك ئائىلىلەرنى دۆلەت ئۈستىگە ئالىدۇ . بۇ چاغقىچە شۇنداق بولۇپ كەلمىدىمۇ ! دادۇي تەشكىلىمۇ قاراپ تۇرمايدۇ ـ دە .

# بۇ زادى كىم

داۋۇت بىلەن سەلىم ئاتلىرىنى سالقىن قاترىتىپ گۈگۈم بىلەن تەڭ قاراڭغۇ تاغ مەھەللىسىگە كىرىپ كەلدى . نېمىدىندۇر تۇيۇقسىزلا ئۈركۈپ كەتكەن ئات «خارت» لا قىلىپ قاچماقچى بولدىيۇ ، لېكىن سەلىمنىڭ تىزگىننى قاتتىق سىيرىشىدىن يەتمىش ـ سەكسەن قەدەم ئارىلىقتا ئېغىزدۇرۇقىنى تاراسلىتىپ توختىدى ـ دە ، پەس سايلىقتا سوغىدا سۇ كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان قىزغا كۆزلىرىنى تىكتى .

— سەرۋەر ، — دېدى ئارقىدا قالغان داۋۇت پەسكە قاراپ ، — هازىرلخان خان ئاناڭنىڭ[1] ئەھۋالى قانداق ؟ دوختۇر باردىمۇ ؟

— باردى ، — دېدى قىز سوغىسىنى تاش ئۈستىگە قويۇپ ، — لېكىن دوختۇر بەرگەن دورىلارنى يېمەي ئويۇق بېشىغا دۆيلەپ قويدى .

— نېمىشقا يېمەيدىكەن ؟

— «ئادەم گۆشىدىن ياسالغان ، هارام» دەيدۇ .

— هىم ، — داۋۇتنىڭ ئېگەك گۆشلىرى لىپىلداپ

---

[1] خان ئانا — ئانىسىنىڭ ئاچىسى .

كەتتى ، — بولىدۇ ، مەن كەچتىلا باراي .

— بەگ دادا[1] ، پاتراق كېلىڭ ، مەن سىزدىن بەكمۇ خۇش بولاي .

گۇگۇم پەردىسى قاپلاپ تۇرغان نازۇك بەدەنلىك ، زىلۋا قىز ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن تەلمۈرگىنىچە قاراپ قالدى .

داۋۇت ئىشىك ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشكەنگە قەدەر ئۈنچىقمىدى . لېكىن ، ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ چىققان گۈلسارە ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ۋارقىراپ كەتتى :

— كېلىشلىرى سايما دادىسى ، يائاللا بۇغاقاچتىدىكى مالچىلار بوسۇغىنى تېشىۋەتكۈدەك تولا كېلىپ زېرىكتۈرۈۋەتتى .

— بولدى ، چالۋاقاۋەرمەي ئانىكىسى ، قورساقتا بىر نېمە بەر ، — دېدى داۋۇت زەردىسى بىلەن ۋارقىراپ . ئۇنىڭ بايىقى ئاچچىقى گويا خېمىرتۇرۇچ قوشقاندەك تېخىمۇ ئۆرلەپ كەتكەندى .

سەلىم يۈك ـ تاقلىرىنى بۇ ئۆيدىن تېخىچىلا يۆتكىمىگەچكە ، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ مەكتەپكە كەتمەكچى بولدى . ئەمما ، داۋۇتنىڭ «نېمانچە ئۈندۈرەيسەن ، مەكتەپ قېچىپ كەتمەيدۇ» دېگەن سۆزىدىن كېيىن گەپ قىلالمىدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزى خېلىلا چارچاپ قالغانىدى .

ئۇلار داستىخان ئۇستىدىمۇ سۆزلەشمىدى . لېكىن ، بۇ جىمىلىقنى يۈگۈرۈپ كىرگەن تۇمەن بۇزۇۋەتتى :

— ئاتا ، قادىر مۇئەللىم مېنى تىزىملىغىلى ئۇنىمىدى ، ئۇ : «ئاتاڭدىن سورا» دەيدۇ . مەن مۇشۇ يەردە ئوقۇيتتۇم .

— نېمىشقا تىزىملىمايدىكەن ، — دېدى سەلىم ھەيران بولۇپ .

— بىلمەيمەن ، مەھەللىدىكى سەككىز بالا تىزىملاندى . قادىر مۇئەللىم : «سىلەرگە ئوتتۇرا مەكتەپتە ھارۋا چاقىدەك ئاق نانلارنى يېقىپ بېرىمىز . كېيىم ـ كېچەكلەرنى كىيگۈزىمىز ، مەنمۇ ئوتتۇرا مەكتەپكە مۇئەللىم بولۇپ ئۆستۇم••• » دېدى .

— بولدى ، تولا چاراڭشىماي ئاغزىڭغا ئاش ئىچ ، — دېدى

[1] بەگ دادا — ئانىسىنىڭ ياكى دادىسىنىڭ ئاكىسى . بۇ يەردە ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن قوللانغان .



داۋۇت تۇمەنگە ئالىيپ .

سەلىمنىڭ بۇ كىچە تۈن نىسبىغىچە ئۇيقۇسى كەلمىدى . ئۇ ھەمدۇلنىڭ گىپى چىقىشى بىلەنلا داۋۇتنىڭ چىرايى ھىلىلىدەك قورۇلۇپ ، قاپىقىنىڭ قارا بولۇتتەك تۈتۈلۈپ ، جۇدۇنى ئۆرلەپ كېتىشىنى تۇرلۇكچە تەسەۋۋۇر قىلاتتى . ئۇنىڭ ئوغلىغا ، ئايالىغا قىلغان ئورۇنسىز قوپاللىقى شۇ ھەمدۇل تۈپەيلىدىن بولۇۋاتامدۇيا ؟ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىشەلمەيدىغان قانداق ئاداۋەت باردۇ ؟

سەلىم تۇمەننىڭ يىلىنىپ - يالۋۇرۇشلىرى ، داۋۇتنىڭ زۇۋان سۇرمەي ئولتۇرۇشلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى تۈيۇقسىزلا قاراڭغۇلۇق چىرمىۋالدى .

سەلىم سەھەرلىكى ئۇنىدىن تۇرغاندا ، داۋۇت يوق ئىدى . چۆگۈنىدە ئىلىمان سۇ ، چىلاپچا ، لۆڭگە ئەكىرگەن گۈلسارە ئۇنىڭدىن ئۆزرە سورىدى .

— كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا ، بىزنىڭ ئادەم ئېيىقتەك قوپال بولغىنى بىلەن ، كۆڭلى تاياقتەك تۈز كەتكەن ئادەم . ۋار - ۋۇر چاراڭ سالىدىيۇ ، يەنە بىردەمدىلا ئازغان گۈلدەك ئېچىلىپ قالىدۇ . ھەي— ... دېدى گۈلسارە ئېغىر تىنىپ ، — بۇ ئادەمنىڭمۇ پېشكەللىكلىرى كۆپ .

— داۋۇت ئاكام كۆرۈنمەيدىغۇ ؟

— ئۇ سىلىنى ئۇخلاپ ئارام ئېلىۋالسۇن ، ئويغاتمىغىن ، دەپ قويۇپ ئاي تۇغۇش بىلەنلا بۇغاقاچتىغا يورۇپ كەتتى . ئۇ يەردە جېدەل چىقىپتۇ ئەمەسمۇ .

بۇغاقاچتىغا ؟

— ھەئە ، قىرشقاننىڭ ئانىسىنى ئال دەپ ھەمدۇل بۇنىڭ پېيىدا ، بۇ ئۇنىڭ...

— ئۇلار ئۇرۇشۇپ قالغانمۇ ؟

— ھەي... ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قۇسۇمەت قىيامەتكىچە تۈگىمەيدۇ . ھە راست ، ئۇنتۇپ قالغىلى تاسلا قاپتىمەن ، تۇمەننى سىلىنى تىزىملاپ قويسۇن ، دېۋىدى .

— تۇمەننى؟ — سەلىمنىڭ كۆڭلى ۋىللىدە ئېچىلىپ، ئاخشامقى ئېغىر ئويلىرى قاياققىدۇر ئۇچۇپ كەتكەندەك بولدى.

سەلىم تامىقىنى يەپ بولۇشىغا قادىرمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئانكىتى توشقۇزۇلغان جەدۋەلنى سەلىمگە كۆرسىتىپ كىگىزگە يايدى.

— ئەسلىدىكى تىزىمىڭىزدا توققۇز بالا بار ئىدى. بىرى قېنى؟ يەنە كېلىپ داۋۇت ئاكامنىڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— ئۇ... ئۇ... — قادىر يالت قىلىپ گۇلسارەگە قارىۋالدى. گۇلسارەمۇ كۆزىنى غىل - پال قىلىپ ئويناتقىنىچە ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

— بۇمۇ سىزنىڭ ئورۇندىغان ۋەزىپىڭىزگە كىرسۇن، تۇمەننىڭ ئانكىتىنى توشقۇزۇڭ.

— دادۇيجاڭ ئۇ...

— ئۇ ئۆزى ئېيتتى.

— ھە، ئۆزى ئېيتتىما، مۇنداق دەڭ...

سەلىم بىلەن قادىر تۇمەننىڭ ئانكىتىنى توشقۇزۇپ بولۇپ مەكتەپكە مېڭىشتى. ئۇلار ئىدىرىس كاتىپنىڭ ئىشخانىسىدىن ئۆتۈپ مەھەللە ئوتتۇرىسىدا قارا تۆگىدەك چوقچىيىپ تۇرغان «تىكىلىك»تىن قايرىلغاندا، ھەمدۇل موللىغا دوقۇرۇشۇپ قالدى. قادىر ئۇنىڭغا «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ چوڭقۇر تەزىم قىلدى. ھەمدۇل بىلىنەر - بىلىنمەس كىبىر بىلەن بېشىنى ئەگدى. لېكىن، ئۇ ئۆز خىيالى بىلەن ھېچقانداق تەكەللۇپسىز كېلىۋاتقان سەلىمگە يەر ئاستىدىن غەلىتىلا ھومايدى. سەلىممۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن، لېكىن نېمىگە غەزىپى كېلىۋاتقانلىقىنى بىلمىگەن ھالدا قاپقارا قاشلىرى ئاستىدىكى چوڭ كۆزلىرىنى ھەمدۇلغا مىختەك قادىدى ۋە ئىچىدە قادىرنىڭ ھەمدۇلغا قورققاندەك تەبەسسۇم بىلەن ئېگىلىپ سالام بېرىشىگە غىجىنىپ قويدى.

— بۇ زادى نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەم؟ — دېدى سەلىم

تېتىك دەسسەپ تىكىلەكتىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ كەتكەن ھەمدۇلغا قاراپ .

— مەسچىتنىڭ ئىمامى ، داخانلىق ، پىرخونلۇقمۇ قىلىدۇ .

ئۇلار مەكتەپكە بارغۇچە جىم مېڭىشتى . مەكتەپ مەيدانىدا سېيىت ئۇستام گارنىڭ يۇزلۇك تاختىيىغا رەندە سالغاچ غىڭشىپ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى .

— سېيىت ئاكا ، يالغۇز زېرىكمىدىڭىزمۇ ؟ — دېدى سەلىم ئۇنىڭغا كۇلۇپ قويۇپ .

— زېرىكسەكمۇ ـ تېرىكسەكمۇ ئامال يوق ـ دە ئۇكا ياكى قانىتىمىز يوقكەن كەكلىكتەك پۇررىدە ئۇچۇپ كەتكىلى .

سەلىم بىلەن قادىر زەمبىل بىلەن سىنىپ ، ياتاق ۋە ئاشخانىلاردىكى پارچە كېسەك ، تاش ـ توپىلارنى توشۇشقا باشلىدى . ھاسىراپ ۋە تەرلەپ كەتكەن تۇمەن سەمەننىڭ قولىدىن يېتىلەپ يېتىپ كەلدى . سەلىم نېيىنى چىڭ سىقىمدىۋالغان سەمەنگە زوقلانغىنىچە سورىدى :

— سەن بالدۇرلا كېلىۋاپسەنغۇ ؟

— كېچىدىن زادى ئۇخلىيالمىدىم . مەكتەپنى بىر كۆرەي دەپ «چاپلاشماق» ، «ساڭگىلىماق»تىن ئۆتۈپ كەلدىم .

مەكتەپ تازىلاش ئېخىمۇ قىزىپ كەتتى . ئۇلار ئەخلەت ، تاش ـ توپىلارنى لاي ئەتكەن كارىزلارغا تىقىپ تولدۇردى . دېرىزە ئەينەكلىرىنى يۇيۇپ تازىلىدى .

— مۇئەللىم ، — دېدى تۇمەن كۆزلىرىنى ئوينىتىپ ، — توپ ئوينايدىغان گارمۇ بېكىتىمىز ـ ھە ؟

— شۇنداق ، — دېدى سەلىم تۇنجى قېتىم بالىلار تەرىپىدىن «مۇئەللىم» دەپ ئاتالغانلىقىدىن خۇشاللىنىپ ، — تېخى سەكرەيدىغان ئورەك ھەم تورنىكلارنى بېكىتىمىز .

— تورنىك دېگەن نېمە ئۇ ، ئۇنىمۇ ئوينىغىلى بولامدۇ ؟

— تورنىك دېگەن ئېسىلىپ ، موللاق ئېتىپ ئوينايدىغان تەنتەربىيە تۈرى . تېخى ئەتىياز كېلىشى بىلەن تۆت ئەتراپقا قارىغاي

كۆچەتلىرى سالىمىز...

— ئاتام ئالدىغا تام قوپۇرۇپ ، ئەگۈن① بېكىتىپ بېرىمىز ، دەيدۇ تېخى — دېدى تۇمەن دېرىزە سۇرتۇۋېتىپ .

— سىز راۋابمۇ چالالامسىز ؟ — دېدى سەمەن سەلىمگە .

— ھەي سەمەن ، — دېدى تۇمەن گەپنى تارتىۋېلىپ ، — مۇئەللىمنىڭ چالىدىغان ئاجايىپ بىرنەرسىسى بار ئىكەن . بىزنىڭ ئۆيدە ساندۇقى بىلەن تۇرىدۇ . ئىسمى نېمە ئىدى ، مۇئەللىم ؟

— ئىسكىرىپكا ، — سەلىم كۈلۈۋەتتى .

— سىنىپ ـ ياتاقلار تازىلىنىپ ، ئېگىز ـ پەس يەرلەر تۈزلىنىپ مەكتەپ ھويلىسى لەپپىدە ئېچىلىپ قالدى . سېپىت ئۇستامۇ روھلانغان ھالدا :

— ھىم ، «سەت چوكاننى ئۇز قىلغان ئۇنىڭ پەردىزى» دېگەندەك ، بۇ قارىغۇاش تاغنىڭ باغرىمۇ ئىسكەتكە كىرىپ قالدى ، — دېدى .

قادىر سەلىمنى چۆشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ ماڭدى . تۇمەن بولسا سەمەننى ئۆيىگە باشلاپ كەتتى . قادىر بىلەن سەلىم خۇددى قاقىقان قوزۇقتەك ئۆسۈپ چىققان كۆك رەڭلىك قورام تاشلاردىن ئايلىنىپ زەڭگەر بۇلاققا يېتىپ كەلگەندە ، سەلىم مۇزدەك بۇلاق سۈيىدە يۇزلىرىنى يۇدى . ئۇنىڭ تېخى باللىق يۇمرانلىقى كەتمىگەن مەسۇم چىرايىدىن دانىمۇ دانە يۇمىلاپ چۈشۈۋاتقان سۇ تامچىلىرىنى كۆرگەن قادىر تۇيۇقسىز سوراپ قالدى :

— سەلىم ، نەچچە ياشقا كىردىڭىز ؟

— يىگىرمە ئۈچكە .

— تېخى بالىكەنسىز . مەن بۇيىل ئوتتۇز بىرگە كىردىم .

— ئۇنداقتا سىزنى «قادىر ئاكا» دېسەم بولغۇدەك .

— ئالىي مەلۇماتلىق ، چوڭ شەھەرلەرنى كۆرگەن ئادەم مېنى

① ئەگۈن — ئىشىك ياكى دەرۋازا .

ئاكا دېسە، پاكار بويۇم تاغدەك ئۆسۈپ كېتەر!

ئۇلار كۈلۈشكىنىچە ئەتراپى غاراللار بىلەن ئاھادا قىلىنغان، تاملىرىغا خۇددى تامغا باسقاندەك كالا تېزىكى چاپلىنىۋېتىلگەن ئۆيگە يېتىپ كېلىشتى. قادىرنىڭ كېسەلچان ئانىسى ۋە ئورۇق، ۋىجىككىنە كەلگەن ئېغىر ئاياغ ئايالى سەلىمنى كۈتۈۋالدى. ئۇلار ھويلىغا كىرىشىگە، قەپەستىكى ئالىچىپار، قىزىل تۇمشۇقلۇق كەكلىكمۇ ۋاقىلداپ كەتتى.

داستىخان سېلىنغاندىن كېيىن، قادىر سەلىمنىڭ شورپىسىغا بىر دانە ئارپا كۆمىچىنى تۆت پارە قىلىپ چۆكۈرۈپ قويدى. ئۇلار تاماقتىن كېيىن سەگىدەش ئۈچۈن سىرتقا چىقتى.

— قادىر ئاكا، — دېدى سەلىم تاغ قاپتاللىرىدا كېتىۋېتىپ، — داۋۇت ئاكامنىڭ ھەمدۇل دېگەن موللا بىلەن نېمە ئاداۋىتى بار؟

— ھەي... — دېدى قادىر ئۈزۈنغىچە جىمىپ كېتىپ، — ھەمدۇل قاچان قاراڭغۇ تاغقا ئۈندى، مانا شۇنىڭدىن بېرى بۇلار قوتازدەك ئۈسۈشكىنى ئۈسۈشكەن. ھەمدۇل ئىچى كاۋاك توغراق، جېنى يوق قوتاز، مىڭبىر ھىيلىلىك تاغ تۈلكىسى. داۋۇت بولسا تاشنى يېرىپ چىققان قارىغاي، قوتاز بۇقىسىدەك كۈچلۈك ھەم قارام. لېكىن، ئۇنىڭ قولىدا ھەمدۇلنىڭكىدەك تاغلىقلارنى چوقۇندۇرغۇدەك گۆھىرى يوق... ئۇلار چېقىل ئۈستىدە ئۈسۈشۈۋاتىدۇ. كىمنىڭ ھاڭدىن ئۇچۇپ كېتىشى بىزگە قاراڭغۇ.

## ئىككىنچى باب

# جىلغا تۈلكىسى

ھەمدۇل موللا ئون يىل بۇرۇن بىر توپ چىبەرقۇت ۋە گۈللۈك يىپەك رەخت بىلەن قاراڭغۇ تاغدا پەيدا بولدى. ئۇ ئاللىبۇرۇن ئىككى غۇلاچ يەر تېگىدە توپىغا ئايلىنىپ كەتكەن خوتۇنىنىڭ ئىككى تۇغقان قېرىندىشى ئازنەمنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. ئازنەم بۇ يوچۇن كىشىنى چورتلا تونۇمىدى. لېكىن، ھەمدۇل ئۇنىڭ كىچىك چاغلىرىدىكى خاتىرىلىرىنى ئېسىگە سېلىش بىلەن ئۆزىگە رام قىلىۋالدى. ئازنەمنىڭ ئېرىنىڭ قىش ـ ياز بۇغاقاچتى يايلىقىدا مال باقىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ھەمدۇلنىڭ چىرايى بىردىنلا ئېچىلىپ كۆڭلى تىنغاندەك بولدى.

ھەمدۇل ئەكەلگەن ماللىرىنى سېتىپ يۈك، سېرىق ماي قاتارلىق شەھەردە بازىرى ئىتتىك نەرسىلەرنى ئالماقچىدى، لېكىن ئۇ كېلىپلا سودا ـ سېتىق ئىشىغا قارىغاندا، قاراڭغۇ تاغلىقنىڭ ساددا، ئەمما قوپال ھاياتىغا، بۇ يەرنىڭ ھۆكۈمەت نەزىرىدىن چەت، پىنھان قاراڭغۇلۇقىغا بەكرەك قىزىقتى. شۇڭا، ئۇ كەنتمۇ كەنت قاتراپ ئۆلۈم ـ يىتىم، نەزىر ـ چىراغ ئىشلىرىغا قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ زىل ۋە مۇڭلۇق قىرائىتى بىلەن كىشىلەرنى ئېرىتىۋەتتى، بولۇپمۇ ئۇ ناماز چۈشۈرۈلۈپ بولۇپ، مېيىتنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىش، ئۆزئارا ئالدى ـ بەردىدە ئۆتۈپ كەتكەن ھەقتىن ئۆتۈش قاتارلىقلار توغرىسىدىكى ۋەز ـ نەسىھەتلىرى ئارقىلىق تاغلىقلارنىڭ كۆڭلىدە مۇقەددەس ئەۋلىياغا ئايلىنىپ قالدى.

ھەمدۇل بىر ئاي ئىچىدە پۇلغا ئېلىشقا قارىغاندا، دۇئا ـ تەكبىر بىلەن خېلىلا نەرسە ئۇندۇرۇۋالدى. ئۇ بىر ئېشەك ۋە بىر

قـوتازغا تېره ـ يۇڭ ، قېرىنلاپ سېرىق ماي ئارتىپ ، ئۈچ دانه پاقلاننى ئالدىغا سېلىپ يولغا چىقتـى . ئۇنـى ئۇزىـتىش ئۈچۈن بىر ـ ئىككى كۇنلۇك يىراق كەنتلەردىن كەلگەن تاغلىقلار كۆز يـېـشـى قـىلىشاتتى ، ئۆزىگە دۇئا قىلىپ قويۇشىنى ئۆتۈنەتتى . ھەمدۇل توخۇ پۇتىدەك ئورۇق قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قاتمال يۈزىنى سىيپايتتى . ئۇ تاغلىقلار بىلەن خوشلىشىپ ئەمدىلا يولغا چىقىشى ئالدى تەرەپتىن كەلگەن «توختا» دېگەن بوم ئاۋازدىن يۈرىكى «جىغلا» قىلىپ قالدى . كىشىلەرمۇ چۆچۈپ قاراشتى .

ۋىـلايـەتلىـك پارتىيە مەكتىپىدە قىسقا كۇرسنى تۈگىتىپ كەلگەن داۋۇت چوڭ قەدەملەر بىلەن يېتىپ كەلدى . ئۇ ئېشەك ، قوتازدىكى ئارتىقلارغا ۋە بۇ چاغقىچە كۆرمىگەن يوچۇن موللا سياق ھەمدۇلغا گۇمانسىراپ قارىدى :

— بۇ نەرسىلەرنى نەدىن ئالدىڭ ؟

— بۇ... بۇ... ئەلۋەتتە...

— بۇرادەرلەر ، — دېدى داۋۇت كۆپچىـلىـككە قاراپ ، — تېره ـ يۇڭ زاۋۇتلارغا لازىمەتلىك خام ئەشيا . بىزنىڭ ھۆكۈمەتكە تـاپـشـۇرىـدىـغـان ۋەزىپىمىز ئورۇندالماي تۇرۇپ ، شەخسلەرگە ساتساڭلار قاملىشامدۇ ؟

— سـاتـمـىـدۇق... بـۇ... ئـۆزىـمـىـزنىڭ خـۇدا يولىدىكى نەزىرىمىز...

— شۇنداق ، بالىڭۋاقىمىز ، مال ـ ۋارانلىرىمىز بېشىغا كەلگەن بالا ـ قازا ئۈچۈن بېرىلگەن سەدىقە...

— توپ ئىچىدىن غودۇڭشىشلار چىقىشقا باشلىدى .

— بـەرھـەق ، — دېـدى ھەمدۇل بىردىنلا جانلىنىپ ، — ئاللاتائالانىڭ سېخىي بەندىلىرى خۇدا يولىدا سەدىقە بېرىدۇ . سەدىقە سېخـىـيلارنى جەننەت نېمەتلىرىگە نائىل قىلغۇچىدۇر . شۇڭا ، خۇداۋەندە كېرىم : «سەن بىرنى بەرسەڭ ، مەن ئوننى بېرىمەن» دېگەن .

داۋۇت ھەمدۇلنىڭ قەيەردىن ئىكەنلىكى ، نېمە ئىش بىلەن

كمنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى سوروشتۇرۇشكە باشلىغاندا ، ئالىمان ئارىسىدا نارازىلىق كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى ، ھەتتا بۇ چاغقىچە «داۋۇت دادۇيجاڭ» دېسە ، نە ـ نەلەردىن كېلىپ ھال تۆكىدىغان كىشىلەرمۇ جۇۋىسىنى تەتۈر كىيگەنىدى .

— ئى خۇدانىڭ مۆمىن سىخىي بەندىلىرى ، — دېدى ھەمدۇل ئاۋازىنى تىترىتىپ ، ئۇ چىرايىغا ئېچىنىش ، ھەربىكىتىگە بىچارىلىك تۇسىنى بېرىپ سۆزلىمەكتە ئىدى ، — خۇداگۇيلۇق بىلەن بەرگەن سەدىقە نەزىرىڭلارنى ئېلىنىۋېلىڭلار ، خۇدا سىلەرنى دىنسىزلارنىڭ كاساپىتىدىن ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي…

— بەرگىنىمىز بەرگەن…

— موللام ، كۆڭۈللىرىنى چاچمىسىلا…

داۋۇت نارازىلىق ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇرغان كۆزلەرگە قاراپ ، مەسىلىنىڭ تولىمۇ نازۇك بىر يەرگە تاقىلىپ قالغانلىقىنى بىلدى ـ دە ، ئوشۇق بىرنەرسە دېيەلمىدى . ئۇ كىشىلەرنىڭ : «بىزگە ئىمام بولۇپ بەرسىلە ، ئاللا يولىدا خوپ ساۋاب ئىش قىلغان بولاتتىلە ، سىلى بىزنىڭ ئەزىز مېھمىنىمىز ، كەتمىسىلە» دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ، ئۆزىنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى ھېس قىلدى .

— خۇدادىن ماڭا ئاقىول تىلەڭلار ، مەن خۇدا بۇيرۇسا چوقۇم كېلىمەن ، — دېدى ھەمدۇل داۋۇتقا مەسخىرىلىك كىچىك كۆزلىرىنى تىكىپ .

دەرۋەقە ، ھەمدۇل ئۆز ۋەدىسىدە تۇرىدىغان ئادەم بولۇپ چىقتى ، ئارىدىن يېرىم يىلمۇ ئۆتمەي قاراڭغۇ تاغقا يەنە ئۇندى . بۇ قېتىم ئۇ كەنتكە كىرىپ ، ھېچكىمنىڭ ئۆيىنى پەتىلىمەي تۇرۇپ ، داۋۇتنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم يۇرت بېشى ، پېقىر ئۆزلىرىنى پاناھ تارتىپ بوسۇغىلىرىنى تاۋاپ قىلغىلى كەلدى . ئەلۋەتتە ، بىر چاغدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى يۈزۈمگە سالماسلىقلىرىغا ئىمانىم كامىل .

تېڭىرقاپ قالغان داۋۇت دەماللىققا نېمە دېيىشىنى بىلمەي

تۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ گەجگىسىگە مۇشتلاپ ، بوسۇغىدىن كوچىغا ئىتتىرىۋەتكۈسى كەلدىيۇ ، لېكىن تاغلىقلارنىڭ «مېھماننىڭ ئىتى ئۇلۇغ » دېگەن ھېكمەتلىك سۆزى ئېسىگە كەلدى ـ دە ، پەيلىدىن ياندى .

— قېنى ئۆيگە كىرسىلە !

ھەمدۇل ئۆينىڭ تۆرىگە چىقىپ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن بىر نېمىلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن دۇئا قىلدى ـ دە ، ئورنىدىن تۇرۇپ تىنچلىق ـ ئامانلىق سورىدى .

ھەمدۇل موللا گېلىنى قىرىپ قويۇپ ، سۆزلەشكە باشلىدى . ئۇ شەھەردە ئۆزىگە قاراۋاتقان بىر تال قىزىنىڭ تۇغۇتتا ئۆلۈپ كېتىپ ، ئۆزىنىڭ يەككە ـ يېگانە قېلىپ ، ھېلىم دېۋانىدەك يېتىمسىراپ قالغانلىقى ، يۈرەك دەردلىرىگە مەلھەم تېپىش ئۈچۈن بۇ تاغلىق كەنتتە بىرەر يىلدەك تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى .

— بەھەمدۇللا ، «ئېگىلگەن باشنى قىلىچ كەسمەس» دېگەن گەپ بار . مۇسۇلمانچىلىقتىمۇ ئاداۋەت بىر كۈندىن ئاشسا ياماندۇر . دادۇيجاڭنىڭ غېرىب ـ غۇرۋالارنىڭ بېشىنى سىلىشىغا ئىمانىم كامىل .

ھەمدۇل چىقىپ كېتىدىغان ۋاقتىدا داستىخان ئۈستىگە بىرنەچچە تۈگۈچ نەرسىنى قويۇپ ، خىرقىراپ كۈلگىنىچە قوشۇپ قويدى :

— ئۆزلىرىگە ئاتاپ ماتىدىل ھايات ، خېمىر گازىبان ، ئانار شەربىتىدەك شىپالىق دورىلاردىن ئەكەلدىم . كۆپنىڭ ئورنىدا كۆرەلا .

— موللام ، ھىممەتلىرىگە رەھمەت ، — دېدى داۋۇت دورىلارنى ھەمدۇلنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ ، — مەن تەن دۇرۇس ئادەممەن . ئوتتۇز توققۇز ياشلىق ھاياتىمدا دورا دېگەن نەرسىنى ئاغزىمغا سېلىپ كۆرمىدىم .

— توۋا دېسىلە دادۇيجاڭ ، ھەرمەھەل بىرخىل تۇرمەن دېگىلى بولماس . خۇدا : «جان مېنىڭ ، تەن يەرنىڭ» دېگەن

ئەمەسمۇ؟ ئاۋلەن خۇدا، ئاندىن قالسا بۇ دورىلار تەننىڭ مادارىدۇر. ئالسىلا، بىر كىچىكنىڭ، بىر چوڭنىڭ گېپىنى ئاڭلاش كېرەك. مەن سىلىدىن بىر ياش چوڭكەنمەن.

— رەھمەت موللام، لازىم بولغاندا سىلىنى تاپارمەن…

— ماقۇل، ماقۇل، — دېدى ھەمدۇل داۋۇتنىڭ جىددىيلەشكەن چىرايىدىن شۈركۈنۈپ.

ھەمدۇل قېيىنسىڭلىسىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرغان يېرىم يىل ئىچىدە ئازنەم بىلەن ئېرى سايىم ئوتتۇرىسىدا غىڭ ـ غىڭ تۇگىمىدى، ھەتتا سايىم دۇنىنىڭ ماللىرىنى تاشلاپ قويۇپ يايلاققا چىقماس بولۇۋالدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان داۋۇت سايىم بىلەن ئەھۋاللاشتى. سايىم كۆپ نەرسە دېمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ «ۋۇي موللىلىقى قۇرۇسۇن، ئادەم ئەمەس ئىت، كۇرسۇك ئىت» دېگەن سۆزىدىن داۋۇت ئىشنىڭ تەكتىگە يەتكەندى. مانا شۇنىڭدىن كېيىن ھەمدۇل جامائەتنىڭ ياردىمى بىلەن بىر يېرىم ئېغىز ئۆي سېلىۋالدى، ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي مەسچىتنىڭ ئىمامى بولۇپ قالدى. لېكىن، ئۇ كۈندىن ـ كۈنگە قۇيرۇقىنى راسلاپ تەرەپ ـ تەرەپكە ئۇچۇپ، بۈگۈن چاقار يايلىقىدا بىرەر كېسەلگە سۇپكۇچ قىلسا، ئەتىسى ھاپاندۇكتا ياكى قىسىلدا خەتمىقۇرئاندا بولاتتى، ھەتتا بىرنەچچە كۈنلۈك يولنى ئېغىر كۆرمەي خەتەرلىك جىرا ـ سايلاردىن، تىك چېقىللاردىن ئېشىپ بۇغاقاچتى، قوغاقلاردا ۋەز ـ نەسىھەتلەردە بولاتتى.

ھەمدۇل كېلىپ بىر يىل ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا، ھاپاندۇكتىن ئون توققۇز ياشلىق بىر قىزنى نىكاھىغا ئالدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان داۋۇت ھەمدۇلنىڭ ئىشىكىنى بىرلا تېپىپ جالاقلىتىپ ئېچىۋەتتى ـ دە، ئۆيگە بېسىپ كىردى:

— نىكاھ خېتى ئالماي بىر قىزنى ئۆيگە ئەكىرىۋالساڭ، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىگە توغرا كېلەمدۇ؟ — دېدى داۋۇت قولىنى شىلتىپ.

— ئەلمىساقتىن تارتىپ بىز مۇسۇلمانلار بىر پارچە قەغەز

بىلەن توي قىلغان ئەمەس . پەقەت ئاللانىڭ شەرئى نىكاھ پاتىھەسىدىن كېيىنلا ئۇ خوتۇن ھالال بولغۇسىدۇر . پادىشاھنىڭ پەرمانى قورئان ئەمەس .
— پادىشاھنىڭ قانۇن - نىزاملىرىغا بويسۇنۇشمۇ دىنىمىزدا ئۆتەشكە تېگىشلىك شەرئى ئەمەسمۇ ؟
— پادىشاھنىڭ ئەمرىمەرۇپلىرىغا ئەمەل قىلىش ۋاجىپتۇر . ئۇ ھەرگىز پەرز ئەمەس . ئەلھەمدۇلىللا ، بىز مۇھەممەدمۇستەپا سەللەللاھۇئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇممەتلىرى...
داۋۇت شۇ كۈنى قارا تەرگە چۆمۈپ كەتكەن ئىتىنى قامچىلاپ ھاپاندۇكقا باردى ۋە قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن سۆزلەشتى .
— بۇ ئىشقا ، — دېدى قىزنىڭ ئاتىسى جاھىللىق بىلەن ، — ھېچقانداق كىشى بىھۇدە ئارىلىشالمايدۇ . قىزىم بىر ئۆلىما كىشىنىڭ تەرىتىگە سۇ بېرىپ ، ھاجىتىنى راۋا قىلىپ دۇئاسىنى ئېلىپ ، ئەھلى جەننەتتىي بولىدۇ . بۇ ساۋاب تاڭلا قىيامەت كۈنى بىزگىمۇ سايە بولىدۇ...
داۋۇتنىڭ چالمىسى سۇغا چىلىشىپ يېنىپ كەلدى . لېكىن ، ھەمدۇلنى قايسى تەرەپتىن مات قىلىشنى ، يىقىتىشنى ئويلا - ئويلا ھېچ تېگىگە يېتەلمىدى . ئارىدىن بىر ئايمۇ ئۆتمەي ، ھەمدۇلنىڭ ئەھلى جەننەتتىي بولغۇسى ئايالى بىچارە قىز كۆلا كۆۋرۈكتىن ئۈچ تاغ ئوتتۇرىسىدىكى ئەجدىھا ئېغىزىغا ئۆزىنى تاشلاپ ، ئېقىن يۇتمىسىغا كىرىپ كەتتى . داۋۇت يۇقىرىغا مەلۇمات يېزىشنى ئويلىغان بولسىمۇ ، لېكىن ھەممىلا يەرنى قالايمىقانچىلىق قاپلىغان ، قانۇن ئورۇنلىرى پالەچ ، باشلىقلار ئۆزىنىڭ پوتلىسىنى تارتالماي ، ھەر كۈنى كىيدۇرۇلىدىغان قەغەز كۆلا بىلەن سازايىنىڭ غېمىدە قالغاندا ، يۇقىرىدىكىلەر قاتمۇ قات تاغ - جىلغىلار ، ئېگىز - پەس داۋانلارنى بېسىپ كېلىپ ، بۇ ئىشنى سۈرۈشتە قىلاتتىمۇ ! ئادەمنىڭ قەدرى قالمىغان بۇ زاماندا ئۇنىڭغا ئوخشاش ئۆلۈۋاتقانلار ئازمىدى ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ، قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى : «خۇدانىڭ تەقدىرى ، قىزىمنىڭ ناشۈكۈرلۈكى ، بىز نىكاھلاپ

بەرگەن ، موللام ئىتتىرىۋەتمىدى » دەپ تۇرسا ، بۇ گەپ دەۋا قىلغان ئادەمنى مۇتتەھەم قىلىپ قويامدۇ ؟

داۋۇت ئىككىنچى قېتىم ھەمدۇل بىلەن ئىبلىشقاندا ، ئۇنى يېڭەلمىگەن بولسىمۇ ، ھەرھالدا بىر چۆچۈتتى . بۇ ۋەقە مۇنداق يۈز بەرگەنىدى : بىر يىلى چارۋىلارنى قىشلاققا يۆتكىمىگەن بىر پەيتتە تۇيۇقسىزلا ھاۋا ئاينىپ ، چەت ئەل تاغ چوققىلىرىدىن ھالقىپ ئۆتكەن ئېغىر قارا بۇلۇتلار چىڭگىز ئېغىزىنى سۇۋارى قاپلىدى . ئارقىدىنلا يامغۇر ئارىلاش مۆلدۈر يېغىپ ، كېيىن قارغا ئايلىنىپ كەتتى . ھەپتىگىچە توختىماي لەپىلدەپ چۈشكەن قار پۈتۈن يايلاقلارنى ، قويۇق جاڭگاللارنى ئېغىر سۈكۈناتقا چۆمدۈردى . قارنى ئېچىگە تارتىلغان يايلىلىق ئاچ بۆرىلەر ، بىرى كاڭشىپ قويسا ، كۈرمىسىگى پەيدا بولىدىغان جۇغى كىچىك ، چىشلىرى ئۆتكۈر ، سۆڭگەچلىرى ئۆسۈپ چىققان قاشقىلىق چىلبۆرىلەر ، ئالتۇن رەڭلىك جىلغا تۈلكىلىرىمۇ كەنت ئەتراپىدىن قاتراپ كېتەلمەيدىغان ، ئادەمنى كۆرسىمۇ خىرقىرىشىپ تەپ تارتمايدىغان بولۇپ قېلىشقانىدى . تاتلىق ئوت ، گۈل ـ گىياھلار بىلەن ئوزۇقلىنىدىغان ئىپار كېيىكلىرى ، قارا مۈڭگۈزلۈك ئاق ئارقار ، كۆل رەڭ تاغ تېكىلىرى تىك چوققىلار ۋە قىسىلچاقلاردىن ساڭگىلىشىپ تۇرغان ساپسېرىق ئوتلارغا تەلمۈرۈشەتتى . يايلاقلاردا بولسا ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىرلاشتى . قار چاپچىپ ئوت تېپىپ يېيەلمەيدىغان قوتازلارمۇ كىرپىدەك تۈگۈلۈپ قالدى . چوڭ ـ كىچىك چارۋا قىرىلىشقا باشلىدى . «خۇددى ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە بىر پەنجە» دېگەندەك ، «بۇ دىنىنىڭ سۇسلىشىشى ، نائەھلىلەرنىڭ كاساپىتى ، خۇدانىڭ كۆرسەتكەن كارامىتى ، شۇڭا ئۈچ مېلى بارلار بىرنى ئۆشرە ـ زاكات قىلمىسا ھارام ، مەسچىت سېلىپ ، كۆپلەپ قان قىلىش كېرەك» دېگەن پىتنىلەر تارقىلىشقا باشلىدى . بۇنىڭ بىلەن مال سويۇش دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ ، بىر كۈن ئىچىدىلا تۆت كەنت بويىچە ئىككى يۈزدەك مال سويۇلدى . ئۆيمۇ ئۆي دۇئا ـ تەكبىر قايناپ كەتتى . ھەپتىگىچە ئۈخلىماي كەنت ئارىلاپ

كــۆزلىرى قان قۇيغاندەك قىزىرىپ كەتكەن داۋۇت ھەمدۇلنىڭ ئۆيىگە باردى ، ھەمدۇل يوق ئىدى . ئۇ مەسچىت ئالدىغا كەلدى ، مەسچىت ئىچىدىن ھەمدۇلنىڭ خىرقىراپ قىلىۋاتقان گەپلىرىنى ئاڭلاپ قالدى :

— مۇسۇلمانلار ، مەسچىت خۇدانىڭ ئۆيى ، قاچانغىچە كونا بورا ، يىرتىق پالاسلاردا ناماز بەجا كەلتۈرىمىز ؟ ھەربىر مۇسۇلمان ئاتىغىنىنى بەرسۇن ، خۇدانىڭ قەھرىدىن ھەزەر ئەيلەيلى .

— ھــەمــدۇل ، — دېــدى داۋۇت ئــۇنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كېــلــىــپ ، — ســەن... ســەن... چارۋىغا بۇزغۇنچىلىق سالغان بۇزۇقسەن... مەن... مەن سېنىڭ ئۈستۈڭدىن يۇقىرىغا مەلۇمات يوللايمەن .

— ھى... ھى... ھى... — ھەمدۇل خىرقىراپ كۈلۈۋاتقان بــولسىمۇ كۆزلىرىدىن زەھەر تېمىپ تۇراتتى ، — يالغۇز مېنى ســولــتــىــۋېــتــىپ ئىش تۈگىسە مەيلىدىغۇ ، ئەمما تومۇرلىرىدا مــۇســۇلــمــان قــېــنــى ئــېــقــىپ تۇرغان ھەربىر بەندە ئۆزلىرىنى تۈكۈرۈكلىرى بىلەن كۆمۈۋېتەرمىكىن...

— نېمە ؟ — داۋۇت ئۇنىڭ ياقىسىدىن بوغدى ـ دە ، يەنە قــويــۇۋەتــتى ، — مەن داۋۇت گوندازنى قاراڭغۇ تاغلىق ئوبدان بىلىدۇ . مەن ئۆمرۈمدە ئۇلارغا تۈزكورلۇق قىلغىنىم يوق .

— شۇ كۈنى تۈن نىسپىدە ھەمدۇل تىمىسقىلاپ داۋۇتنىڭ ئــۆيــىــگــە كــەلدى . ئۇ ئۆزىنىڭ پوق يېگەنلىكى ، ئىككىسىنىڭ ئــوتــتــۇرىسىدا كېلىشەلمەيدىغان چوڭ ئىشنىڭ يوق ئىكەنلىكى ، يۇقىرىغا مەلۇمات يازسا قاراڭغۇ تاغدا ئالمادىس قالايمىقانچىلىق تۇغۇلىدىغانلىقى ھەققىدە كۆپ سۆزلىدى . ئۇنىڭ سۆزلىرىدە ھەم يېلىنىش ، ھەم تەھدىت بار ئىدى .

— مــەن پــىــســســۇۋلــلا گەپ قىلسام ، ئۆزلىرىگە يامانلىق تــىــلــىــمــەيمەن ، — دېدى ھەمدۇل سۆزىنىڭ ئاخىرىدا بېشىنى گىلدىڭلىتىپ .

شــۇنــىڭدىن كېيىن ھەمدۇل بىر مەزگىل جىمىپ قالغان

بولسىمۇ ئىچىدە داۋۇتنى تىللايتتى . كۆچى يەتسە ، ئۇنى نەچچە مىڭ غۇلاچ قارا چېقىلدىن تاشلىۋەتكۇسى كېلەتتى .

قىسقىسى ، داۋۇت بىلەن ھەمدۇل ئوتتۇرىسىدىكى ئاشكارا ۋە جىمجىت كۈرەش ئون يىل داۋاملاشتى ، ھەتتا داۋۇتنىڭ سۆزى ئاقماس بولۇپ كەتكەن كۈنلەرمۇ بولدى . ئەلۋەتتە ، ھەمدۇلنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان ، قولدا تۇتقىلى بولمايدىغان قورالى ئۆز كۈچىنى كۆرسەتكەنىدى . ئۇلار چوقۇشقاق تاغ كەكلىكلىرىدەك پات ـ پاتلا ئېلىشىپ تۇراتتى . تېخى بىر ئاي ئىلگىرىلا ئۇلار يەنە تۇتۇشۇپ قالدى .

تاغ شۆبە سىنىپى قۇرۇلۇشىغا بىر كۈن كەچكىچە ياردەملىشىپ ھارغان داۋۇت شېرىن ئۇخلاۋاتاتتى . ئۇ گۈلسارەنىڭ نوقۇپ : «ھوي دادىسى ، قوپۇڭلا دەيمەن . ئىشىكنى بىر كىم قاقىدۇ» دېگەن ئەنسىز ئاۋازىدىن ئويغىنىپ سىرتقا چىقتى . دەرۋازا ئالدىدا تور رومالغا پۈركەنگەن بىر ئايال تۇراتتى .

— كىم سەن ؟

— مەن ، سەرۋەر…

— بۇ ئالا كېچىدە نېمە ئىش قىلىپ يۈرسەن ؟

— داۋۇت بەگ دادا ، خان ئانام مېنى… مېنى ھەمدۇلغا دۇئا قىلدۇرماقچى… ئۆزلىرى… ئۆزلىرى… بىر ئامالىنى قىلسىلا… مەن…

داۋۇت شۇ كېچىسى چاپىنىنى كىيىپ ، پىچىقىنى ئېسىپ ھەمدۇلنىڭ ئۆيىگە باردى . داۋۇتنىڭ پەيلىنىڭ بۇزۇق ، ئەلپازىنىڭ يامان ئىكەنلىكىنى پەملىگەن ھەمدۇل ئارقىسىغا تىرەجەپ باققان بولسىمۇ ، گەجگىسىنى قامالالاپ ئالغان كۈچلۈك قوللار زەربىسىدىن ئۇ سەرۋەر سۇ ئالىدىغان زەڭگەر بۇلاق تۆۋىگىچە باردى .

— ھازىلخانىغا نېمە دېدىڭ ؟ سەرۋەرنىمۇ يۇتمىغا يەم قىلماقچىمۇسەن ؟

— مەن… مەن… بۇ… بۇ… ئۆسەك گەپ ، — ھەمدۇل

قورقىنىدىن غال - غال تىترەشكە باشلىدى. چۈنكى، ئۇ پىچىقىنىڭ دەستىسىنى پات - پات تۇتۇپ قويۇۋاتقان داۋۇتنىڭ يوغان قوللىرىدىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قالغانىدى.

— خۇپسەنلىك قىلما، «سەرۋەرگە دۇئا قىلاي» دەپسەنغۇ؟

— خۇدا ھازىر، لېكىن... لېكىن ھازىلخان ئۇ... ئۆزى...

— مەن ساڭا ئېيتىپ قوياي، ئۆز نەۋرەڭدەك قىزغا ئېيىقتەك چاڭگال سالماقچى بولىدىكەنسەن، مەندىن ھەربالا كېلىدۇ. بوينۇڭدا بىر قىزنىڭ قان قەرزى بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالما!

ھەمدۇل خۇددى يولۋاس پەنجىسىگە چۈشۈپ قالغان قوتۇر تۈلكىگىلا ئوخشاپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزى داۋۇتنىڭ قولىدىكى يوغان ئەگرى پىچاقتا تىكىلگىنىچە قورقىنىدىن توختىماي ھىق تۇتقىلى تۇردى. بۇ يەردە ئۆزىگە مەدەت بولىدىغان سادا، ئەمما جاھىل تاغلىقلار يوق ئىدى. داۋۇتنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى تۈن نىسبىدە پىنھان سايلىققا سۆرەپ ئېلىپ كەلگەنلىكىنىڭ تېگىگە يەتكەن ھەمدۇل خىرقىراپ يىغلىغىنىچە ئۆزىنى گۈپپىدە يەرگە ئاتتى. داۋۇت ئۇنىڭ قۇم توپا، شېغىللارغا يۈزلىرىنى سۈۋاپ يېلىنىپ - يالۋۇرۇشلىرىغا بىردەم قاراپ تۇردى - دە، پىچىقىنى غىلىپىغا سالدى.

داۋۇت ئۆيىگە قايتىپ كېتىۋېتىپ ئىچىدە: «بۇ چاغقىچە بۇ تۈلكىنى كېچىسى يالغۇز ئاچىقىپ ئادەم ئەتسەمچۇ!» دېدى - دە، ئۆزىچىلا كۈلۈۋەتتى... ئەمما ھەمدۇل بۇ ئەنسىز كېچە ئۈچۈن قىساس ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى.

بۇغاقاچتىدىكىلەرنىڭ يايلاق دەۋاسىنى قايتا پەش قىلىپ، مالچىلارنى يايلاقتىن ئۇرۇپ قوغلىغانلىقى — بۇ ھېلىقى ئەنسىز كېچە ئۈچۈن ئېلىنىدىغان قىساسنىڭ تۇنجى قەدىمى ئىدى.

...

سەلىم بىلەن قادىر تاغ ئارىلاپ تاماشا قىلىپ كەچ كىرىپ كەتكىنىنى سەزمەيلا قالدى. سەلىم سائىتىگە قاراپ ھەيران بولدى:

— توختاپ قالدىمىكىن دېسەم مېڭىۋاتىدۇ. ئەجەب تېز

قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتىغۇ؟

— شۇنداق، تاغلار ئېگىز بولغاچقا، كۈن كېيىن چىقىپ، بالدۇر پاتىدۇ. قاراڭغۇ تاغقا كىرگەندىن كېيىن، قارا چېقىلدىن ئۆتكەنسىلەر. مانا ئۇ يەردە هاۋا ئوچۇق كۈنلىرىلا ئىككى سائەت كۈن كۆرگىلى بولىدۇ. شۇڭا «قاراڭغۇ تاغ» دەپ ئاتالغان.

— قادىر ئاكا، مەن بالدۇر قايتىپ، مەكتەپكە نەرسە ـ كېرەكلىرىمنى يۆتكىۋالاي، قانداق دەيسىز؟

— بولىدۇ، مەنمۇ ياردەملىشەي، يۈرۈڭ.

قادىر سەلىمنىڭ ساندۇقتىكى ماتېرىياللىرى ۋە باشقا يۇك ـ تاقلىرىنى ئەكېلىشىپ، ئۇنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ ئۆيگە قايتتى.

سەلىم بىر قۇر ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن، سىپىت ئۇستامدىن ئاشخانىنىڭ چېلىكىنى سوراپ سۇغا ماڭدى. ئۇ شەهەر ئادىتى بويىچە يۈيۈنۈپ ياتماقچىدى. سەلىم چىغىر يول بويلاپ زەڭگەر بۇلاق تۈۋىگە كەلگەندە، چوقىيىپ ئولتۇرغان بىر گەۋدىدىن قورقۇپ ئارقىغا داجىدى.

— كىم بۇ؟ — سەلىم ئاستاغىنا توۋلىدى.

— ۋاي ... — زىل ئاۋاز بىلەن تەڭ چۆچۈگەن كېيىكتەك نازۇك بىر گەۋدە تاش ئۈستىدىن تۇردى.

ئاي تېخى تاغلار ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلمىگەچكە، بۇ چوڭقۇر سايدا قوتاز يايلىدەك تۈن قاراڭغۇلۇقى هۆكۈم سۈرەتتى. سەلىم ئالدىدا تۇرغان بۇ قىزنىڭ كىملىكىنى تونۇيالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئاۋازىدىن ئۇنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ قايتقان كۈنى داۋۇت ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ سۆزلەشكەن سەرۋەر ئىكەنلىكىنى بىلدى.

— سىز... سەرۋەر...

قىز ئۈن ـ تىنسىز شىپىلداپ كېلىپ، يىگىت ئالدىدىن تېزلا ئۆتۈپ كەتتى ۋە چىغىر يول بويلاپ قاپتال قاراڭغۇلۇقىدا غايىب بولدى. تېڭىرقاپ قالغان سەلىم قىز ئارقىسىدىن قاراپ قالدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىن ۋەهىمىلىك بىر ئوي كېزىپ ئۆتكەنىدى.

سەلىم ياتىقىغا قايتىپ كېلىپ ، بۇلاق سۈيىدە يۇيۇنۇۋالغاندىن كېيىن ، ئايغىنى سىلىقۇېتىپ كارىۋىتى ئۈستىدە يانپاشلاپ يېتىپ ، سۆيۈپ ئوقۇيدىغان رومانى «ياشلىق ناخشىسى» نى قولىغا ئالدى . لېكىن ، ئۇ ئۆزىنى قانچە زورلاپمۇ كىتابتىن بىرەر بەت ئوقۇيالمىدى . چۈنكى ، ھېلىلا بولۇپ ئۆتكەن بۇلاق بېشىدىكى ئۇچرىشىش ، قىزنىڭ غەيرىي نورمال ھالىتى ئۇنى ئويلاندۇرماقتا ئىدى .

«بەختسىز قىز...» دېدى سەلىم ئېغىر خورسىنىپ .

سەلىم سەرۋەرنى ئوچۇق - يورۇقتىنا كۆرۈپ باققىنى يوق . ئۇ دەسلەپ گۇگۇم پەردىسى قاپلاپ تۇرغان بىچارە قىزنىڭ ئىچىنىشلىق يىلىنىشىنى ئاڭلىدى . مانا ھازىر بولسا قاراڭغۇلۇقتا ئۇنىڭ زىلۋا گەۋدىسىنىلا كۆردى . «ئۇ زادى بۇ تۈن قاراڭغۇلۇقىدا بۇلاق بېشىدا نېمە ئىش قىلىدىغاندۇ ؟»

سەلىمنىڭ كۆز ئالدىغا ئۆزىنى كۆلا كۆۋرۈكتىن ئەجدىھا ئاغزىغا تاشلىۋالغان قىز كېلىپ ، يۈرىكى ئەنسىز سوقۇپ كەتتى . «ياق» دېدى سەلىم ئۆز ئويىغا قارشى چىقىپ : «سۈنى كۆرمەي ئاياغ سالماس ، ئەلۋەتتە ، بويىغا يېتىپ قالغان بىر قىزنىڭ لايىقى بولماي قالامدۇ ؟ بەلكىم ھال - مۇڭ تۆكۈش ئۈچۈن ئۆز يىگىتىنى ساقلاپ ئولتۇرغاندۇ ؟ »

سەلىم تاغقا كەلگەن قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئاجايىپ ئۆزگىچىلىكلەرنى كۆردى . تاغلىقلار جاھىل ، لېكىن قەيسەر ؛ دىلكەش ، ئەمما قوپال كېلىدىكەن . ئۇلارنىڭ ئاددىي ، تىنۋىشسىز ھاياتى خۇددى يىپ ئېگىرىدىغان چاقتەك بىر خىللا ئايلىنىپ تۇرىدىكەن . ئۈچىسىدىكى ئۇزۇن يەكتەكلىرى كىر ۋە تەردىن قېتىپ يىرتىلىپ چۇشۇپ قالغۇچە تاغدىن چۈشمەي مال باقىدىغان مالچىلار ، سەمەن ، تۇمەن ، نودەر ، ھۆرلىقاغا ئوخشاش سازغا ، ناخشىغا ، ئۇسسۇلغا ھېرىس ، لېكىن بىكارچىلىقتىن پاخما ئىتلارنى ئارقىسىغا ئەگەشتۇرۇپ ئىت تالاشتۇرىدىغان باللار ، ئون ئۈچ - ئون تۆت ياشقا كىرەر - كىرمەيلا ياتلىق قىلىنىدىغان تەلەيسىز

قىزلار ، بەزمە ـ مەشرەپكە ئامراق چارۋىچىلار سەلىمنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى مال ئايغىدا ، تاغلاردا ، جۇدۇن ـ چاپقۇنلۇق تاغ ئېغىزلىرىدا ئۆتكۈزىدۇ . لېكىن ، گادايىنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق قايغۇ ـ شادلىقى بولغاندەك ، ماللىرىنىڭ قىشتىن ئامان ـ ئېسەن چىقىشى ، قويلىرىنىڭ ئىككىنى قوزىلىشى ، يازغى ۋە كۈزگى يۇڭلارنى ۋاقتىدا قىرقىپ يىغىۋېلىش··· قىسقىسى ، ئېغىل ـ قوتانلىرىدىن مۆرەش ، مەرەش ، بوزلاشلارنىڭ ئاڭلىنىپ تۇرۇشى ئۇلارنىڭ شادلىقى ۋە بەختى ئىدى···

سەلىم كىتابنى مەيدىسىگە قويۇپ ئوڭدىسىغا ياتقىنىچە قورسىقىنىڭ ئېچىپ قالغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ ، خىيالغا چۆكۈپ كەتكەندى . ئىشىكنىڭ تۇيۇقسىز تاراقلىشى ئۇنىڭ خىياللىرىنى تېرىقتەك چېچىۋەتتى . ئۆيگە سېيىت ئۇستام كىرىپ كەلدى .

— ھە سەلىمجان ، تېخىچىلا ئۇخلىماپسىزغۇ ، شەھەر ئېسىڭىزگە كەلدىمۇ ـ نېمە ؟

— كەلسىلە ئۇستام ، قېنى ئولتۇرسىلا ، — سەلىم ئورنىدىن تۇرۇپ كارىۋاتقا يۆلەندى . سېيىت ئۇستام موخوركا خالتىسىنى ئېلىپ ، پىلدىرلاپ يېنىۋاتقان قارا چىراغقا قارىغىنىچە مېيىقىدا ئاچچىقىنە كۈلۈپ قويۇپ ، بېشىنى تاكى موخوركا ئوراپ بولغۇچە ئىرغىتتى .

— ھەي··· ئۇكا ، — دېدى سېيىت ئېغىر تىنىپ ، — بۇ قارغىش تەگكۈر تاغدا قاچانغىچە جاننى ئۈپرىتارمىز !

— ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىشلىگىلى نەچچە يىل بولدى ؟ — دېدى سەلىم ئۇستامنىڭ قىرىقتىن ئېشىپ قالغان بولسىمۇ ، قورۇق چۈشمىگەن بېجىرىم چىرايىغا ، قاپقارا ساقاللىرىغا قاراپ .

سېيىت ئەسلىدە شەھەردە ھەر يەكشەنبە ياغاچ بازىرىدىن ئەرزان باھادا قۇرت يېگەن ۋە كونا ياغاچلارنى سېتىۋېلىپ ، ئۇلاردىن ئىشىك ، بۆشۈك ، ئەمبەل تاختا ، ئوقۇر ياساپ ، زاماسكىلاپ ، كوملاپ ـ شوملاپ سېتىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى .

كېيىن ياغاچنىڭ باھاسى ئۆرلەپ كەتكەندىن كېيىن ، تاپاۋىتى ياخشى ، بىر چارەك بۇغداي ئالسا ئانچە ـ مۇنچە پايدا قالىدىغان ، پايدا قالمىغاندىمۇ بالىلىرىنى ئاشقان ـ تاشقاندا تويغۇزغىلى بولىدىغان ھۈنەر بىلەن — ناۋايچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى . ئۇ تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ سېرىق لەڭمەن سېلىپ ، تۆت تال گۆش ، بىر قوشۇق ماي بىلەن سەي يۇزىنى پارقىرىتىپ ، بۇ ئوقەتنىمۇ قىلدى . سېيىتنىڭ ئۆيىنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ ئالدىدا بولۇشىمۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن بىر ئامەت ئىدى . ئوقۇغۇچىلارغا ھېيت ـ بايراملاردا ۋە ئايدا تۆت نۆۋەت گۆش گىردە ، لەڭمەن ، پولۇ قاتارلىق قول تۇتىدىغان ئالىي تاماقلارنى ئەتكەندە ياكى بىرەر ئۇستام كېسەل بولۇپ قالغاندا ، مەكتەپ سېيىتنى چاقىرتىپ ئىشلىتەتتى ۋە كۆڭلى تىنغۇدەك پۇل بېرەتتى . بۇ قېتىم ئۇنى قاراڭغۇ تاغ شۆبە سىنىپىغا ئەۋەتىشمۇ مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئامالسىزلىقتىن قىلغان چارىسى ئىدى . سېيىتمۇ كۆڭلىدە : «ئېشەك كۆۋرۈكتىن ئۆتكۈچە ، ئاۋۋال شتاتلىق بولۇۋالمىدىم» دەپ ئويلىدى ـ دە ، كۆزىنى يۇمۇپ رازى بولدى . لېكىن ، ئۇ سەلىمىنىڭ بۇ تاغقا كېلىپ قالغانلىقىغا تولىمۇ ھەيران بولاتتى .

— ئەگەر سىز ، — دېدى سېيىت تاماكىسىنى شوراپ ، — شەھەرلىك بىر قىزنى تېپىپ گاچچىدا توي قىلىۋالغان بولسىڭىز ، ئىشىڭىز ئوڭدىن كەلگەن بولاتتى . خەير ، بۇمۇ رىزىق ، سىزنى رىزىق سۆرەپ كەلگەن گەپ…

سېيىتنىڭ «توي قىلىۋالغان بولسىڭىز» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاش بىلەن سەلىمىنىڭ بۇرنىغا گۈلنار گۈپپىلا پۇرىغاندى . ئۇ گۈلنارنى ھەرگىز ئۇنتۇيالمايتتى .

سەلىم سېيىت ئۇستام چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، سومكىسىدىن گۈلنار يوللىغان تۇتقان مايلىق توقاچنى ئېلىپ چاي بولمىسىمۇ قۇرۇق يېيىشكە باشلىدى . توقاچ مەززىلىك ۋە پۇراقلىق ئىدى… ئۇ توقاچنى يېگەنسېرى گۈلنارنىڭ سىيماسى كۆز ئالدىغا كېلىپ تۇرۇۋالدى .

## ئۈچىنچى باب

# ئەنسىز يىللاردىكى دوستلۇق

سەلىم بىلەن گۈلنار ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئاشۇ يىللار ئەنسىز ۋە پاراكەندىچىلىك بىلەن ئۆتتى، بولۇپمۇ پايتەختتە «لىن بياۋ، كۆڭزى، جۇگۇڭ...»لارنى پىپەن قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ ئوقىنى تەڭلا ئېتىش بورىنى كۆتۈرۈلۈش بىلەن پەيدىنپەي بېسىقىۋاتقان قالايمىقانچىلىق تۇزانلىرى بىردىنلا قويۇنغا ئايلىنىپ، ئىككىنچى قېتىملىق مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلانغاندى. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئەۋج ئالغان «قايتا ھوقۇق تارتىۋېلىش» ھەرىكىتى گويا ئۇن ئىككى بال قارا قويۇندەك ئالدىغا ئۇچرىغاننىڭ ھەممىنى ۋەيران قىلىپ، ئالىي مەكتەپنىمۇ كۆنكى چۇۋۇلغان ھەرە ئۇۋۇسىغا ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ۋە فاكۇلتېتلار ئىككى تەرەپكە بۆلۈندى. سىنىپلار تاقىلىپ، ئوقۇش توختىدى. چوڭ خەتلىك گېزىت سەھنىلىرى، بىنا تاملىرى، كارىدورلار، ھويلىلارغا مەخسۇس تارتىلغان سىملاردا لەپەڭلەپ تۇرغان چوڭ خەتلىك گېزىتلەر خۇددى بوياقچىلىق كارخانىسىنىڭ قۇرۇتۇش مەيدانىدىكى رەختلەردەك ئالىيېشىل بويىلىپ كەتكەنىدى. مەكتەپ مەيدانى، ئاشخانا زاللىرى، مەجلىسخانىلار ۋاڭ - چۇڭغا تولغان بولۇپ، ئېغىزلىرىدا نەم دىدارى قالمىغان توپ - توپ ئوقۇغۇچىلار قوللىرىنى شىلتىپ، كانايلىرى يىرتىلغۇچە ۋارقىراپ، نېمىنىدۇر ئىسپاتلىماقچى ۋە ئۆزىنىڭ راست ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرمەكچى بولۇشاتتى. بۇ مۇنازىرىلەر پات - پاتلا تىللىشىشتىن مۇشتلىشىشقا تەرەققىي قىلىپ، ئاخىر پارتا - ئورۇندۇقلارنىڭ پۇت ۋە تاختايلىرى قولغا

چىقاتتى . قىزلار چىرقىرىشاتتى ، يۈز ـ كۆزلىرى قانغا بويالغان «قەھرىمان»لار يادلىۋالغان ئەڭ دەبدەبىلىك شوئارلىرىنى ئۈنلۈك ئوقۇيتتى ـ دە ، يەنە ھۆرپىيىپ توپ ئىچىگە ئۆزىنى ئاتاتتى .
مەكتەپ ئىچىدە «يۈكسەك چوققا» تەشكىلاتى بىلەن «تەڭرى باتۇرلىرى» تەشكىلاتىنىڭ سوقۇشقاق خورازلاردەك ئېلىشىشى چېكىگە يەتكەن بۇ پەيتتە سەلىممۇ ئۆز سىنىپىدىكى باللار بىلەن بىرگە «تەڭرى باتۇرلىرى»نىڭ بىر ئەسكىرى بولۇپ قالغانىدى . ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ يۈرەكئالدى بولۇپ قالغاچقىمۇ ، ئوقۇشقا كەلگەندىن بېرى تولىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش قىلاتتى . لېكىن ، سەلىمنىڭ خۇددى خامانىنىڭ مۇمىسىدەك كۆزگە چېلىقىپ قېلىشىغا ئالىي مەكتەپ ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ئىككى ماقالىسى ۋە فىزىمات فاكۇلتېتى بويىچە بىرلەشمە دەرس ئۆتۈش زالىدا سۆزلىگەن بىرنەچچە ئېغىز سۆزى سەۋەب بولدى . شۇڭا ، بىلىم كويىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرگەنلەر ئۇنىڭ ئىسمىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالسا ، بەزىلەر ئۇنىڭغا ھەسەت نەزىرىدە باقاتتى . قىزلار بولسا ھەۋەس بىلەن ئۇنىڭ تەرىپىنى قىلىشاتتى . سەلىممۇ ساۋاقداشلىرىغا بىر خىللا مۇئامىلە قىلاتتى . ئۇنىڭ ئاپاق ـ چاپاق بولۇپ يالىشىپ كېتىدىغان دوستلىرى ، سەن ـ پەن دېيىشىپ قىزىرىشىپ قالغان كۆشەندىلىرىمۇ يوق ئىدى . ئۇ داۋاملىق بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئوقۇيتتى ، ئۆگىنەتتى ، ناۋادا ساۋاقداشلىرى بىرنەچچە ئېغىز چاقچاق ، ھەزىللەرنى قىلسا ، ئۇ ئىللىقىنا كۈلۈمسىرەپ قويياتتى ـ دە ، يەنە ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولاتتى . لېكىن ، ئۇ سىنىپىي كۈرەشتىن قاچقانسېرى ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىۋاتقان ھەرىكەتلەر ئۇنى بىئىختىيار ئۆز قايىنىمىغا سۆرەپ كىرەتتى . سەلىم ئامالىنىڭ يوقىدىن كىتابىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇۋېلىپ ، ۋاڭ ـ چۇڭ كۆتۈرگەن باللار ئارقىسىدىن ماڭاتتى . ئەگەر ئۇ ئالدىغا ئۆتۈۋالسا ، سىنىپىي دۈشمەننىڭ پۇشتى ، ئىنقىلابنىڭ ئاۋانگارتى بولۇپ قېلىپ ، بېشىغا تاياق تېگىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى . قاتناشمىسىچۇ؟ ئۇ چاغدا «سىنىپىي

كۆرەشتىن ئۆزىنى قاچۇرغان» دېگەن يوغان قالپاق ھەرقاچان تەييار .

سەلىم ئىككى تاش ئارىلىقىدا قالغان بۇ مەزگىللەردە «ئېقىمغا قارشى تۇرۇش» سىلىگىبۇسىنىڭ «نۆۋەتتىكى شىنجاڭ ۋەزىيىتى ۋە بىرقانچە مۇھىم مەسىلە توغرىسىدا كۆز قاراشلىرىمىز» دېگەن چوڭ خەتلىك گېزىتى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئىدارىسى ئالدىغا چاپلاندى . بۇ ئوتتۇز مىڭ خەتلىك ئۇزۇن - ئۇزۇن چوڭ خەتلىك گېزىتتە «تىرىلىشكە قارشى تۇرۇش» ، «چېكىندۇرۇشكە قارشى تۇرۇش» شوئارى ئاساسىي مۇقام قىلىنىپ ، «شىنجاڭدا يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قەدەر بۇرژۇئازىيىنىڭ چېكىندۇرۇش تەتۈر ئېقىمى بار» دېيىلگەنىدى . چوڭ خەتلىك گېزىتتە ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار «تىرىلىش كۈچلىرىنىڭ ۋەكىلى» ، «ئۆلگۈچە توۋا قىلمايدىغان كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار» قىلىپ كۆرسىتىلگەن بولۇپ ، كىشىلەر چوڭ چاتاق چىقىرىپ توپىلاڭ قىلىشقا كۈشكۈرتىلگەنىدى .

سەلىم چوڭ خەتلىك گېزىتنىڭ ئاخىرىدىكى «بۇ بىزنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىغا ئۇرۇش ئېلان قىلىش خېتىمىز ھەم ھەرىكەت پروگراممىمىز…» دېگەن سەھىپىلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن ، مەكتەپكە قايتتى . ئۇ مەكتەپ قورۇسىغا كىرىپ كەلگەندە ، چوڭ خەتلىك گېزىت سەھنىسى ئەتراپىغا نۇرغۇنلىغان ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ توپلىشىپ قالغانلىقىنى كۆردى . سەلىمۇ توپ ئارىسىغا پانا قاققاندەك قىستىلىپ كىردى - دە ، «ئىككى مۆلچەر — مائارىپ ئىنقىلابىنىڭ سىياسىي پروگراممىسى» دېگەن سەرلەۋھىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى . ئەجەبا ئۇلار «ئىككى مۆلچەر»نى يەنە نېمە ئۈچۈن قايتا كۆتۈرۈپ چىقتى ؟ سەلىم توپ ئىچىگە تېخىمۇ قىستىلىپ كىرىپ ئىچىدە ئوقۇدى .

چوڭ خەتلىك گېزىتتە كايىروپ ، ماكارىنكو ، چېرنىشېۋسكىي قاتارلىق چەت ئەل مائارىپشۇناسلىرىنىڭ ئېلىمىز مائارىپىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنىڭ ئىنتايىن ئېغىر بولغانلىقى ،

شۇڭا تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغان مائارىپ ئۇستىدە بىر مەيدان كەسكىن جەڭ ئېلىپ بېرىش لازىملىقى ئېيتىلىپ، كەڭ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇننى ئۇزۇل - كېسىل تارمار كەلتۇرۇش چاقىرىق قىلىنغاندى. چوڭ خەتلىك گېزىت باشتىن - ئاخىر دەبدەبىلىك چاقىرىقلار، شوئارلار بىلەن تولغاندى. بارغانسېرى نىجاسەتنىڭ سېسىق پۇرىقى دىمىغىغا ئۇرۇلغاندەك سەسكىنىۋاتقان سەلىم مۇنۇ سەھىپىلەرنى ئۇنلۇك ئوقۇدى:

«مەركىزىي كومىتېتنىڭ ھۆججىتىدە كۆرسىتىلگەن ‹ئىككى مۆلچەر› مائارىپ ئىنقىلابىنىڭ كەسكىن، ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ مۇقەددەس، ئەڭ يىمىرىلمەس پروگراممىسىدۇر. ھۆججەتتە: ‹ئون يەتتە يىللىق مائارىپ بۇرژۇئازىيە رەھبەرلىك قىلغان مائارىپ›[1]، ‹ئون يەتتە يىلدىن بېرى تەربىيىلەنگەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىدىيىسى ئاساسىي جەھەتتىن بۇرژۇئازىيە ئىدىيىسى› دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، ‹ئىككى مۆلچەر›دىن ئىبارەت ئۆتكۈر پىچاق ئارقىلىق ئون يەتتە يىللىق مائارىپنى ئوپېراتسىيە قىلىپ، ئۇنىڭ ئىچ - باغرىنى چۇۋۇپ تاشلىشىشىمىز، بۇرژۇئا زىيالىيلىرىغا رەھىمسىز ئوت ئېچىشىمىز كېرەك.

كونا ئىسيانچى، قەتئىي سولچى ئېقىمغا قارشى تۆرغۇچى جەڭچىلەر! ئون يەتتە يىللىق مائارىپنى، ئون يەتتە يىل ئىچىدە ھۆكۈم سۇرگەن ئىلىم بايۋەچچىلىرىنى قوغداش نومۇس! نەيزىنى ئارقىغا قاراتقانلىق خىزمەت كۆرسەتكەنلىك!... ‹ئىككى مۆلچەر›نى تۇتقا قىلىپ مائارىپ ئىنقىلابىنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، بىز پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىنىڭ بەدىنىمىزدە تىكەن، بېشىمىزدا مۈڭگۈز، ئاغزىمىزدا لىقمۇ لىق زەھەر بولۇشى كېرەك. شۇنداق روھ بولغاندىلا، بۇرژۇئازىيە رەھبەرلىك قىلغان مائارىپنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالالايمىز...»

---

[1] 1949 - يىلدىن مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلانغان 1966 - يىلغىچە بولغان مائارىپ كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

چوڭ خەتلىك گېزىتتە ئالىي مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسى ۋە مەمۇرىيەت رەھبەرلىرى، سىياسىي باشقارما مەسئۇللىرى، ئىلمىي بۆلۇم، ھەتتا فاكۇلتېت مۇدىرلىرىغىچە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇلارغا «توردىن چۈشۈپ قالغان بۇرژۇئازىيە»، «قارشى چىققۇچىلار»، «بۇرژۇئا تىرىلدۇرگۈچىلىرى» دېگەنگە ئوخشاش ھەر خىل قالپاقلار كىيدۈرۈلگەنىدى. خۇددى «ئېقىمغا قارشى تۇرۇش» سىلىكىبۇسىنىڭ ئۇرۇش ئېلان قىلىش خېتىدە شەرھلەنگەن «كونا كادىرلارنىڭ ھەممىسى— دېموكراتلار، دېموكراتلار — كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى، ئۇلارنى تارتىپ چىقىرىپ سازايى قىلىش كېرەك» دېگەندەك شوئارلارمۇ بۇ چوڭ خەتلىك گېزىتتە ياپيالىڭاچ ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى.

سەلىم چوڭ خەتلىك گېزىتتە ئالىي مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا كۆتۈرۈلگەن ئوقۇتقۇچىسى ئابدۇقادىرنىڭ ئىسمىنى كۆرۈپ، چىرايى غەزەپتىن تاتىرىپ كەتتى. ئۇ «يۇكسەك چوققا» دېگەن تەشكىلات نامىنى كۆرگىنىدە، ئىختىيارسىز «تۇفى!» دەپ يەرگە تۈكۈردى ـ دە، كىشىلەر ئارىسىدىن قاڭقىغان توپتەك چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى سەھەردىن باشلاپ مەكتەپ ئىچىنى كەلكۈن باسقاندەك قالايمىقانچىلىق ئۆز قوينىغا ئالدى. چوڭ خەتلىك گېزىت سەھنىسىنىڭ ئالدىغا كەلگىلى بولمايتتى. تۈركۈم ـ تۈركۈم ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر: «ئىككى مۆلچەر»، «مائارىپ ئىنقىلابىنىڭ سىياسىي پروگراممىسى»نىڭ ئۈستىگە چاپلانغان بىر يۈرۈش چوڭ خەتلىك گېزىتنى كۆرۈشمەكتە ئىدى.

كىشىلەر «ئۇسكەك بۇقا ئۇسمەكتە!» دېگەن سەرلەۋھىنى كۆرۈش بىلەن، ئاخىرىنى كۆرۈشكە ئالدىرايتتى. سەلىم ئۆزىنىڭ بۇ چوڭ خەتلىك گېزىتىدە «يۇكسەك چوققا» تەشكىلاتىنىڭ «ئىككى مۆلچەر» ۋە «ھوقۇق تارتىۋېلىش» مەسىلىسى ئۈستىدە

ئوتتۇرىغا قويغان سەپسەتىلىرىگە تارىخىي پاكىتلار بىلەن ئەجەللىك زەربە بەرگەنىدى . توپ ئالدىدا كىمدۇر بىرى چوڭ خەتلىك گېزىتنى ئۈنلۈك ئوقۇماقتا ئىدى .

«كونا ھاكىمىيەتكە خاتىمە بېرىلىپ ، يېڭى ھاكىمىيەت دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن ، سوتسىيالىستىك تۈزۈلمىدىكى جۇڭگونىڭ رەھبەرلىك يادروسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىكەنلىكى بۇ پاكىت . ئەجەبا يېزا ئىگىلىكى ، سانائەت ۋە ئاساسىي قۇرۇلۇش قاتارلىق بارلىق ساھەلەرگە رەھبەرلىك قىلغان پارتىيە ماتېرىيالىنى بۇرژۇئازىيىگە تاشلاپ بېرىپ ، ئۆزى بىر چەتتە قاراپ تۇرغانمىدۇ ؟ !... «ئون يەتتە يىللىق ماتېرىيالدا بۇرژۇئازىيە رەھبەرلىك قىلدى» دېيىلگەنلىكىنىڭ ئۆزى «بىزنىڭ مەملىكىتىمىزدە بۇرژۇئازىيە سىنىپ سۈپىتىدە مەۋجۇت» دېگەنلىك ئەمەسمۇ ؟ ! ئۇنداقتا سوتسىيالىستىك جۇڭگونىڭ تۈپ خاراكتېرى ئۆزگىرىپ كەتكەن بولمامدۇ ؟ ! بۇ ئون يەتتە يىلدىن بېرى قولغا كەلگەن نەتىجىلەرنى ئىنكار قىلغانلىق ۋە قارىلىغانلىق بولمامدۇ ؟ «ئون يەتتە يىلدىن بېرى تەربىيىلەنگەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىدىيىسى ئاساسىي جەھەتتىن بۇرژۇئازىيە ئىدىيىسى» دېگەنلىك «ئوقۇتقۇچىلار پرولېتارىيات دىكتاتورىسىنىڭ يوقىتىش ئوبيېكتى» دېگەنلىك ئەمەسمۇ ؟ ! ئۇنداقتا ئوقۇتقۇچىلار پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىشىش ئوبيېكتلىرى ئىچىدىكى دەللال بۇرژۇئازىيىچىلىكمۇ بولالمىدىغۇ ! ! !...

يولداشلار ، زادى «ئىككى مۆلچەر»نى قايتا كۆتۈرۈپ چىققۇچى كىشىلەرنىڭ نېمە غەرىزى بار ؟ ئۇلار زادى نېمە دېمەكچى ؟ نېمە قىلماقچى ؟ !... ئۇلارنىڭ كىشىلەرگە ئوچۇق ئېيتالمايدىغان يەنە قانداق ئويۇنلىرى بار ؟ !... »

— توپ ئارىسىدا بىردىنلا گۇدۇڭ ـ گۇدۇڭ پاراڭلار ۋە قىزغىن پىچىرلىشىشلار كۆتۈرۈلدى ، ھەتتا بەزىلىرى ئاۋازلىرىنى كۆتۈرۈپ ، قوللىرىنى شىلتىپ كىمگىدۇر غەزەپلەنگەندەك بولۇشتى . لېكىن ، چوڭ خەتلىك گېزىتنى ئوقۇۋاتقان كىشى

ئاخىرىنى داۋاملاشتۇردى :

« ‹كونا ئىسيانچى › ، ‹قەتئىي سولچى › ، ‹ئىقىمغا قارشى تۇرغۇچى جەڭچى › دەپ ئۆزلىرىنى جاھاندا بىر كاتتا گۈزەل ئادەم قىلىپ كۆرسەتكەن بۇ كىشىلەر ئەمەلىيەتتە ‹چاتاق چىقارغۇچىلار ئەمەلدار بولۇر ›نى ئۆزىگە سىياسىي ئەقىدە قىلغان تەۋەككۇلچىلەردۇر . خۇددى لېنىننىڭ : ‹ھازىرقى ۋاقىتتا ھەربىر مۇتتەھەممىنىڭ (قىزىل ) كىيىم كىيىپ ياسىنىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى كىم بىلمەيدۇ ؟··· › دېگىنىدەك ، ئۇلار ئۆزلىرىگە ھەرقانچە پەرداز قىلغىنى بىلەن ، ئۇپا ـ ئەڭلىك تېگىدە نېمە بارلىقىنى ئەپكار ئاما چۈشىنىدۇ . ئۇلارنىڭ ھۈنىرى ۋەقە پەيدا قىلىش ، قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇش ، قاراڭغۇ كېچىدە ئادەم ئۆلتۈرۈش ، قاتتىق بوراندا ئوت قويۇشتىن ئىبارەت .

‹7 ــ ئاپرېل › قارا يىغىندا خوجايىنلىرىنىڭ مەخپىي يارلىقىنى تاپشۇرۇۋالغان بۇ مەنسەپ مەستانىلىرى خۇددى مەست بولۇپ قالغاندەك ، خۇدنى بىلمەي ئالدىغا كەلگەننىڭ ھەممىسىنى ئۇسمەكتە··· ئۇلار يۇقىرى ـ تۆۋەن قاتراپ قۇتراتقۇلۇق قىلغاچقا ، مەكتەپلەردە ئوقۇش توختىدى . زاۋۇت ـ كارخانىلار تاقالدى . يەنە كېلىپ ، ‹سەن تاز دېگۈچە مەن تاز دەۋالاي › دېگەندەك : ‹بۇ كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان بۇرژۇئازىيە ھوقۇقدارلىرىنىڭ ئەكسىيەتچى سىياسەت يۈرگۈزگەنلىكىنىڭ يامان ئاقىۋىتى › دەۋالدى . بۇلارنىڭ قولىدا ھەقىقەتەن بولمىغاچقا ، ئۆزلىرىنىڭ بىرنېمىلىرىنىڭ كىشىلەر كۆڭلىگە ياقمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ . شۇڭا ، ئۇلار چوڭ خەتلىك گېزىتلىرىگە ، تەشۋىق ۋەرەقلىرىگە قانداقتۇر ‹ئىشچىلار ئوبزور گۇرۇپپىسى › ، ‹بالىلار ئۆمىكى › ، ‹ئىنقىلابىي ئاممىا › دېگەنگە ئوخشاش ھەرخىل ناملارنى سۇيىئىستېمال قىلىپ ، كىشىلەردە ھەممىلا يەردە ئىس ـ تۈتەك چىقىۋاتقاندەك ساختا تەسىرات پەيدا قىلدى ، ھەتتا ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق ‹كىمنىڭلا گەندىسى بولسۇن ، مەيلى ئادەمنىڭ ، مەيلى كالىنىڭ ياكى ئاتنىڭ··· ھەممىسىنى بۇرژۇئا

ھوقۇقدارلىرىنىڭ دېيىش كېرەك ، دەپ رەزىل مەقسىتىنى قىپيالىڭاچ ئاشكارىلىدى . لېنىن : «لاپ ئۇرۇش ، يالغان ئېيتىش — مەنىۋى جەھەتتىن يوقىلىش . ئۇ جەزمەن سىياسىي جەھەتتىكى يوقىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ ، دېگەن ۋە بۇ سۆزى بىلەن ئەينى ۋاقىتتا مۇشۇنداق سىياسىي قىمارۋازلارنىڭ ئەدىپىنى بەرگەنىدى » .

ماقالە باشتىن ـ ئاياغ ئۆتكۈر ، ئاچچىق مەسخىرە تىللار ۋە كۈچلۈك دەلىللەر ئارقىلىق «ئىككى مۆلچەر» ، «مائارىپ ئىنقىلابىنىڭ سىياسىي پروگراممىسى»نىڭ ماھىيىتىنى رەھىمسىزلىك بىلەن پاش قىلىۋەتكەنىدى .

بۇ كېچە ئىنتايىن قاراڭغۇ ۋە ئەنسىز كېچە بولدى . بوران گۈرۈلدەيتتى . نەچچە ۋاقىتتىن ئادەمسىز غۇيۇلداپ قالغان سىنىپلارنىڭ دېرىزە ئەينەكلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن جاراڭلاپ سۇنۇپ چۈشمەكتە . كارىدورلاردا بىر ـ بىرىنى سۈر ـ توقاي قىلىپ قوغلىشىپ يۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ۋارقىرايتتى ، چىرقىرايتتى ، ئىڭرايتتى...

— ئوڭچىنىڭ كۈچۈكى ، سەلىمنى چىقىرىپ بېرىش !... — ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ تەتۈر ھېساب ئېلىشىغا يول قويمايمىز !...

... ئەھۋالنىڭ بارغانسېرى جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلگەن سەلىم ساۋاقداشلىرىنىڭ توسقىنىغا قارىماي ياتقىنى قورشىۋالغان بىر توپ كالتەكلىكلەرنىڭ ئالدىغا چىقتى...

...

يۈز — كۆزلىرى قان بىلەن بويالغان سەلىم ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئىشخانىسىغا ئەكىرىلدى . ئۇنىڭ ئالدىدا بىرنەچچە ئادەم ئۆرە تۇراتتى . ئۇستەل قېشىدا بىر قىز قەلىمىنىڭ دەستىسىنى كالپۇكىغا تىرەپ جىمجىت ئولتۇراتتى . سەلىم قىزنىڭ يالت ـ يۇلت قىلىپ قاراپلا كۆزلىرىنى ئېلىپ قېچىشىدىن ئۇنىڭ گۈلنار ئىكەنلىكىنى تونۇۋالدى . سەلىم گەرچە بۇ قىز بىلەن بىر يۇرتلۇق بولسىمۇ ئانچە تونۇشمايتتى . چۈنكى ،

گۇلنار سەلىمگە بىر خىل ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن قارايدىغان بولۇپ قالغانىدى .

— ھەي قارا قەلەمكەش ، — دېدى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ سابىق مۇدىرى ياقۇپ ئېگىكىنى سىلاپ تۇرۇپ ، — سەن زادى كىمگە قاۋىدىڭ ؟ ئۇلۇغ پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسى جياڭ چىڭغا تۆكۈرۈكۈڭنى چاچرىتىپسەن ، ئارقا تىرىكىڭ كىم ؟

— سوئالىڭىزنى چۈشەنمىدىم… مەن قانداق قىلىپ جياڭ چىڭغا…

— ئاڭلاپ قوي ! جياڭ چىڭ : «بۇ قېتىمقى لىن بياۋنى ، كۇڭزىنى پىپەن قىلىش ئىلمىي مەسىلە ئەمەس ، بەلكى مەنسەپتىن قالدۇرۇش مەسىلىسى . سېنى مەنسەپتىن قالدۇرۇش ياكى مېنى مەنسەپتىن قالدۇرۇش ، سەن تەختكە چىقىش ياكى مەن تەختكە چىقىش مەسىلىسى… » دەپ كۆرسەتتى .

— لېنىنمۇ ، — دېدى سەلىم مەنسەپتىن قالدۇرۇلغان ياقۇپقا تىكىلىپ ، — «ئىلغار نەزەرىيىگە ئەمەل قىلغۇچى پارتىيىلا ئىلغار كۈرەشچى رولىنى ئورۇندايدۇ… » دېگەن . خەلق ئەڭ ياخشى باھالىغۇچى ، كىملەر دۇرۇس ، كىملەر ئەگرى ؟ بۇنى ئۇلار ياخشى ئايرىۋالالايدۇ .

— بىلىپ قوي ، سەن بىر ئوغچىنىڭ قىساسكارى ، — دېدى ياقۇپ قوللىرىنى شىلتىپ ، — سېنىڭ ئەكسىيەتچى خورىكىڭ ئېشىپ «يوكسەك چوققا» دېگەن ئۇلۇغ شېئىرغىمۇ تىل تەگكۈزۈپ ، ئۇنى «ئۇسكەك بۇقا» دېدىڭ ، بۇ ئەمەلىيەتتە…

نۆۋەتلىشىپ بىر كېچە سوراق قىلىنغان سەلىم ئۇلارنىڭ مەقسىتىنى ئېنىق چۈشەنگەنىدى . ئەگەر ئۇ : «مېنىڭ ئارقا تىرىكىم مەكتەپنىڭ شۇجىسى ياكى مۇئاۋىن مۇدىر ئابدۇقادىر » دېگەن بولسىلا ، ئاسان قۇتۇلغانمۇ بولاتتى . لېكىن ، ئۇ باشتىن ـ ئاخىر «ئۆزۈم يازدىم ، بۇنىڭغا ھېچقانداق كىشى ياكى ‹تەگرى باتۇرلىرى › تەشكىلاتىنىڭ چېتىشلىقى يوق » دېگەن بىر سۆزدە چىڭ تۇردى .

غەزەپتىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولغان ياقۇپ : «بۇنى سولاپ قويۇڭلار !» دېدى ـ دە ، كاتىپ قىز گۈلنارنىڭ خاتىرىسىنى قولىغا ئالدى . ئۇ كۆچۈرۈۋېلىنغان لېنىننىڭ سۆز ئۆزۈندىلىرىنى كۆرگەندە ، سەپرايى بىردىنلا ئۆرلىدى ـ دە ، خاتىرىنى پاقىدە تاشلىۋەتتى .

تاڭ قاراڭغۇلۇقى ئىدى . كىرپىك قاقماي ياتقان گۈلنار ئىككى كۈنلۈك سوراق جەريانىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى . ئۇنىڭ غەزىپى قاينايتتى . ياقۇپنىڭ «كونا كادىرلارنى كۈرەش قىلىپ خاتالاشتۇرۇش ، خاتا سۆزلىتىش ئارقىلىق ئامىدىن ئايرىۋېتىش» دېگەن يامان غەرەزلىك سۆزى ، سەلىمنىڭ كاچىتىغا ئۇرغاندىكى شۇملۇق يېغىپ تۇرغان چىرايى كۆز ئالدىدا نامايان بولاتتى . قىزنىڭ سەمىمىي ، ياۋاش سەلىمگە ئىچى ئاغرىيتتى . يەنە نېمە ئۈچۈندۇر كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئۆزىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغان بىر ئىللىق ھارارەت بىلىنەر ـ بىلىنمەس يېلىنجايتتى...

گۈلنار سەلىمنى تۇنجى قېتىم ئوقۇشقا مېڭىش ئۇقتۇرۇشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ ، ھەر كۈنى مائارىپ ئىدارىسىگە قاتراپ يۈرگەن چاغلاردا ئۇچراتقان . بىر كۈنى ئۇ مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئىشخانىسىدا ئالىي مەكتەپتىن ئىجتىمائىي پەنلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا مەسئۇل بولۇپ كەلگەن ياقۇپ بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغاندا ، ئوتتۇرا بويلۇق ، ياڭاق سۆڭەكلىرى بۆرتۈپ چىققان ، بېجىرىم يۈزىنى ئاپئاق ساقال قاپلىغان ، چىشلىرى ئاراچ كەلگەن بىر كىشى ئورۇق ، ئېگىز ئوغلىنى باشلاپ كىرىپ كەلدى . ئاتا بىلەن بالا ياقۇپنىڭ سۆرۈن تەلەتىگە قاراشقا پېتىنالمىدىمۇ ياكى بىرەر ئىشتىن قورۇندىمۇ ، ئۆزۈنغىچە گەپ قىلالماي ياكى ئولتۇرالماي بوسۇغىدا ئۆرە تۇرۇپ قالدى . سىرتتىن كىرگەنلەر بۇ كىشىنى ھېلى ئۇ بۇلۇڭغا ، ھېلى بۇ تەرەپتىكى دېۋانغا قىستاپ قوياتتى .

— ھە ، ئەزىز مۇدىر ، — دېدى قاپقارا يۈزىنى داغ باسقان

بىر ئادەم ئۆردەكتەك ئىرغاڭلاپ كىرىپ ، — قۇرباننىڭ بالىسىنى بۇ يىل قاتناشتۇرۇپتىمىز ـ دە ؟

— شۇنداق ، جۇيجاڭ .

— قۇرۇق ئاۋارە بولمىساڭ بولامدۇ ؟

— شۇ ، شۇ ، مەنمۇ ئوچۇق ئېيتتىم ، — دېدى ياقۇپ قولىدىكى تاماكىنى كۈلدانغا بېسىپ ، — بىز قالپىقى بار ئادەمنىڭ بالىسىنى ئادەبىياتتا ئوقۇتالمايمىز… ئەدەبىيات دېگەن پارتىيىنىڭ كۆزى ، قۇلىقى ، بۇرنى ، ئېغىزى ، قىسقىسى تەشۋىقات قورالى… بىرەر بەدئىيلىكى يۇقىرى بولغان ئەسەرنىڭ ئىدىيىسى ئەكسىيەتچى بولىدىكەن ، ئۇنىڭ زەھەرلىشىمۇ شۇنچە چوڭقۇر بولىدۇ .

— ياقۇپ ، بۇ نېمە دېگىنىڭىز ؟ — دېدى ئۇ تەرەپتىكى ئۇستەلدە بىر مۇنچىلىغان جەدۋەللەرنى كۆرۈۋاتقان ئېگىز بوي ، قاپقارا قاشلىق بىر كىشى ، — سىياسىي كېلىپ چىقىشىنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشى ئوغرى ئاچالمايدىغان ساندۇق ئەمەس . ئاتىسىنىڭ قالپىقىنى دەستەك قىلىپ ، بىر ئوقۇغۇچىنىڭ تەقدىرىنى بۇنداق ھەل قىلساق بولامدۇ ؟

— ئابدۇقادىر ، سىز ئۆزىڭىزنىڭ تەبىئىي پەنگە ئالماقچى بولغان ئوقۇغۇچىلىرىڭىزنى بىلىڭ ، — دېدى ياقۇپ كىچىك كۆزلىرىنى قىسىپ ، — سىز مېنىڭ ئىشىمغا چات كىرىۋالماڭ !

— ئەمىسە دەپ بېقىڭا ، بىرەر پەرزەنت ئۆزىنىڭ قانداق ئائىلىدە دۇنياغا كېلىشىنى بەلگىلىۋالامدۇ ؟ ! پارتىيىنىڭ تەربىيىلىشىگە مۇيەسسەر بولىدىغان پەرزەنتلەر توغرىسىدىكى سىياسىتىمۇ بارغۇ…

— بۇ… بۇ…

ياقۇپنىڭ سۆزى تۇگەر ـ تۈگىمەيلا ئورۇق بالا ئىشخانىدىن ئۇچقاندەك ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى . ئەزىز مۇدىر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن «سەلىم ، سەلىم بالام…» دەپ ۋارقىرىغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ توختىمىدى .

— باشلانغۇچ ، تولۇقسىز ئوتتۇرا ، تولۇق ئوتتۇرا

مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگۈچە، — دېدى ئەزىز مۇدىر تىترىگەن قوللىرىدا ئۇستەلدىكى بىرمۇنچە كۆرسەتكۈچلەرنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ، — ئىلمىي نەتىجىلىرى سىجىل ئەلا بولۇپ كەلگەن بىر بالىنىڭ تەقدىرى مۇشۇنداقلا تۈگىشىپ كېتەرمۇ؟

— ئەكىپلىگە، مەن كۆرۈپ باقاي، — دېدى ئابدۇقادىر كۆرسەتكۈچلەرگە قول سۇنۇپ.

— بولىتۇرمۇ، — دېدى ئەزىز مۇدىر، — ئىجتىمائىي پەنلەرگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتۈپ بولغاندا، تىزىملىكتىن چىقىرىۋەتتى. بولمىسا سەلىمىنىڭ دادىسى قۇربانمۇ يىگىرمە نەچچە يىللىق ئوقۇتقۇچى ئىدى.

— سىز سەلىمنى بىلەمسىزمۇ؟

— شۇنداق، ئىنقىلاب دەسلەپ باشلانغان يىللاردا مەن قۇربان بىلەن سۇرگۈندە بىللە بولغان. ئۇنىڭ جەستى قوشتوغراقنىڭ قۇملۇقلىرىدا قالدى.

— سەلىمىنىڭ ئانىسىچۇ؟

— قۇربان 1957 - يىلى پېشكەللىككە ئۇچرىغاندا يېزىغا ھەيدەلگەن ئۇ ئايال بىر كېچىدە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. ئۇ چاغدا سەلىم ئۈچ ياشلار چامىسىدا ئىدى.

كۆز يۇمۇپ - ئاچقۇچە ياقۇپ بىلەن ئابدۇقادىر ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن توقۇنۇشتىن مەڭدەپ قالغان گۈلنار ئابدۇقادىر كۆرۈۋاتقان سەلىمىنىڭ كۆرسەتكۈچلىرىگە كۆز سېلىش بىلەن ھەيران قالدى. ھەربىر پەن گرافىكلىرى ئىچىدە خۇددى نەقىش سىزىلغاندەك ئوپئوخشاش رەتلىك قويۇلغان يۈز دېگەن نومۇرلار تىزىلىپ تۇراتتى.

— سىز، — دېدى ئابدۇقادىر ئەزىز مۇدىرغا، — سەلىمگە ئېيتىڭ، ئەگەر تەبىئىي پەنلەردە ئوقۇغۇسى بولسا، ئەتە كۆرسەتكۈچلىرىنى كۆتۈرۈپ ئىككىنچى مېھمانخانا ئون سەككىزىنچى ئۆيگە كەلسۇن...

... گۈلنار ئالىي مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن سەلىمنى ئانچە

ئــىزدەپ قالمىدى . چۈنكى ، سەلىم باشقا بالىلاردەك پار - پۇر كــىيــىــنــىــپ ، ئــولــتــۇرۇش ، كــۆڭــۈل ئــېــچــىشلاردا ئۆزىنى كــۆرســىــتــەلــمــەيتتى . ئۇ ئادەتتە ھېچكىمگە ئارىلاشماي ئوقۇيتتى ، ئــۆگــىــنــەتــتــى . پــەقــەت يــازلــىق ۋە قىشلىق تەتىللەردە ئۆيگە بــارمايدىغانلار تىزىملىكىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا سەلىمنىڭ ئىسمى بولاتتى . ئائىلىسىگە كەتكەنلەر قايتىپ كەلگەندە ، سەلىم ئۇلاردىن بــاقــقــان دادىــســى ئــەزىــز مۇدىر ، خەيرىنسا كىچىك ئانىسىنىڭ ئەھۋالىنى سورايتتى . گۈلنار سەلىمگە نەزەر كۆزىنى سالغانغا تېخى ئۇزۇن بولمىغانىدى...

مۇشۇ يىلىنىڭ بېشى ئىدى . ئۇلار ئۈچىنچى يىللىققا قەدەم قويغان كەچ كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە گۈلنار ئائىلىسىگە خەت سېلىۋېتىپ ياتاققا قايتىپ كەلگەندە ، بىر توپ قىزلار سەلىمنىڭ ئــالــىــي مــەكــتــەپ ئــىــلــمــىي ژۇرنىلىغا بېسىلغان ماقالىسىنى ئوقۇۋاتاتتى .

— ئۆتكەندىمۇ مۇشۇ بالىنىڭ بىر ماقالىسى ئېلان قىلىنغان . بۇ بالا قايسى فاكۇلتېتتا ئوقۇيدۇ ؟ — دېدى قىرقىم چاچ بىر قىز دوستلىرىغا مۇراجىئەت قىلىپ .

— ھــېــلــىــقــى ھــەر يىلى تەتىلدە قۇرۇلۇشتا ئىشلەيدىغان فىزىماتتىكى ئاق پىشماق ، ئېگىزگىنە بالىچۇ ، — جاۋاب بەردى ئاق سېرىق قىز .

— ھــە ! — دېــدى قىرقىم چاچ قىز قاشلىرىنى لىككىدە ئېتىپ ، — قارا قاشلىق ، يۇمىلاق يۈز ھېلىقى ياۋاش بالا دېگىنە ؟

— ۋاي — ۋۇي رابــبــيــە ، — دېــدى ئاق ســېــرىــق قىز تــۇمــشــۇقــلــىــرىنى ئۈچلاپ ، — ئۆزۈڭنى ئۇقماس - بىلمەسكە سېلىۋالمىغىنا . كۆزدە ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىغا رەئىس سايلاشتا دادىــســى ئــوڭــچــىــكــەن دەپ تــالاش - تارتىش قىلغان بالىچۇ . ئاسماقچىلاپ سوراپ كېتىشىڭگە قارىغاندا ، يۈرەك پا - پا ، ئۆپكە گىژ - گىژ بولۇپ قالدىمۇ يا ؟

قىزلار ياتاقنى بېشىغا كىيىپ قاقاقلاپ كۈلۈشتى . لېكىن ،

گۈلنار ھېلىقى قىزغا ئۆچلۈكى كەلگەندەك قايرىلىپلا چىقىپ كەتتى. ئۇ شۇ كۈنى مەكتەپ بېغىنى ئايلاندى. نەچچە قېتىم ئايلانغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ. كېيىن ئاياغلىرى ئۇنى نەگە باشلاپ بېرىپتۇ دېمەمسىز؟ نەق ئوغۇللار ياتىقىنىڭ ئارقا دېرىزىسى ئالدىغا... مانا شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى مۇنداق بىر فورمۇلا بىلەن تەرەققىي قىلدى: تىكىلىپ قاراشتىن باش لىڭشىتىشقا، باش لىڭشىتىشتىن كۈلۈمسىرەشكە، كۈلۈمسىرەشتىن تەكەللۇپ بىلەن «ياخشىمۇ سىز»گە... ئاندىن... ئاندىنچۇ؟ مەنىلىك كۆز سالىمغا... لېكىن ئۇنىڭدىن نېرىسىغا ئۆتمىدى. بۇنىڭغا يەنىلا سەلىم سەۋەبچى بولدى. ئۇ ھامان كېچىلىرىمۇ، دەم ئېلىش كۈنلىرىمۇ سىنىپتىن چىقماي ياكى مەكتەپ بېغىنىڭ پىنھان بۇلۇڭلىرىغا بېرىۋېلىپ، يەككە ـ يېگانە ئۆگىنەتتى...

گۈلنار نېمە ئۈچۈندۇر «ئۇھ» دەپ سول يېنىغا ئۆرۈلدى. ئۇ ئەتە بولىدىغان سوئال ـ سوراقنى ئويلىغىنىدا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. «پەردە ئارقىسىدا كىم بار؟»، «ئارقا تىرىكىڭنى ئېيت؟»، «ئىقرارنامە ياز» دېگەندەك تولا تەكرارلىنىۋەرگەن بۇ سوئاللار گۈلنارنى خۇددى ياغاچ كېپىكى چاينىغاندەك سەسكەندۈرۈۋەتكەنىدى.

كۆڭلىدىن شېرىن، ئەمما قورقۇنچلۇق بىر تۇيغۇ لىپ قىلىپ ئۆتكەن گۈلنار يېرىم كېچىگىچە شاپىگرافتا خەت بېسىپ قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن ئىككى دوستىغا قارىدى. ئۇلار پۈتىدىن سۆرەپ تالاغا تاشلىۋەتسىمۇ ئويغىنىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ شاپىگراف مېيىنى قوچۇش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئىككى غېرىچچە تۆمۈرنى ئالدى ـ دە، يالاڭ ئاياغ شىپىلداپ مېڭىپ بىرىنچى قەۋەت پەلەمپەي ئاستىدىكى سەلىمنى سولاپ قويغان بۇلۇڭ ئۆيگە يېقىنلاشتى. ئەسلىدە بۇ ئۆيدە سۈپۈرگە، كەتمەن، گۈرجەكلەر ساقلىناتتى.

قورقۇنچ ۋە ھاياجاندىن تىترەپ تۇرغان گۈلنار قۇلۇپ سېلىنغان ئىلغىرنى تۆمۈر بىلەن قايرىشقا باشلىدى. قۇلۇپ ۋە

ئىلغىر ھەربىر تاراقلىغاندا، ئۇ ئەتراپقا چەكچىيىپ قارايتتى. ئاخىر مىخ «غىت» قىلىپ سۇغۇرۇلۇپ ئىلغىر ساڭگىلاپ قالدى.
— سەلىم!— پىچىرلىدى گۇلنار قاراڭغۇلۇققا قاراپ.
— كىم؟
— مەن گۇلنار! تېز كېتىلى...
— بۇ... بۇ...
— تېز كېتىلى... بولۇڭ دەيمەن...
سەلىمنى سىنىپداشلىرى سوغۇقلا قارشى ئالدى، ھەتتا بەزىلىرى ئۇنىڭدىن ۋابا كېسىلى يۇقىدىغاندەك ئۆزىنى قاچۇردى. لېكىن، بىر يۇرتلۇق ئاغىنىسى ئەكبەرنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىدى بولغاي، ئۇنى باشلاپ سىرتقا چىقتى.
— ھەي سەلىم، — دېدى ئەكبەر ئېچىنىپ، — پېشانەڭدە ئۈچمەس بىر تامغا بولغاندىكىن، سەڭگەن نېنىڭنى يېسەڭ بولامدۇ؟ مانا ئەمدى ئۆزۈڭگىمۇ، باشقىلارغىمۇ گەپ تېپىپ بەردىڭ!...
— ئۇلار ئاشۇنداق بوھتان چاپلاۋەرسە ئادەم قانداق چىدايدۇ؟ مەن باشقىلارغا گەپ كېلىدىغانغا ئىككىلىكمۇ خەت يېزىپ بەرگىنىم يوق.
— ئىشەنمىسەڭ چوڭ خەتلىك گېزىت سەھنىلىرىگە بېرىپ كۆرۈپ باق.
سەلىم مەكتەپنى بىر ئايلىنىپ چىقىش بىلەن ئەھۋالنىڭ ئەكبەرنىڭ ئېيتقىنىدىنمۇ بەتتەر ئىكەنلىكىنى بىلدى. چوڭ خەتلىك گېزىتلەردە «قارا تىرەك ئابدۇقادىردىن ئۇزۇل - كېسىل ھېساب ئالايلى»، «قويندا پىچاق ساقلاپ كېلىۋاتقان ئوڭچىنىڭ نەسلى سەلىمنىڭ تەتۈر ھېساب ئېلىشىغا يول قويمايمىز...»، «تەڭرى باتۇرلىرى»— قانداق تەشكىلات؟...» دېگەن تېمىلار قەدەمدە بىر ئۇچرايتتى، بولۇپمۇ سەلىمنى قاتتىق ئازابلىغىنى «تەڭرى باتۇرلىرى» تەشكىلاتىنى ئەيىبلەپ يازغان چوڭ خەتلىك گېزىت ۋە شوئارلار ئىدى. سەلىم ئوقۇتۇش بىناسى ئالدىدىكى

سىمغا تارتىلغان چوڭ خەتلىك گېزىتنى ئاستا شىۋىرلاپ ئوقۇشقا باشلىدى :

« ‹تەگرى باتۇرلىرى › سېپى ئۆزىدىن ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلات . ئابدۇقادىردەك كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ئىلىم نوپۇزلۇقلىرى تىزگىنىنى تۇتقان ، سەلىمدەك ئەكسىيەتچى قىساسكارلار ئۇيۇشقان قارا ئۇۋا ! بۇ ئەكسىيەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ كىشىگە ئېيتالمايدىغان يوشۇرۇن غەرەزلىرىنى ‹تەگرى باتۇرلىرى ›دىن ئىبارەت كۇنلۇك سايىسىدە ئىشقا ئاشۇرىدۇ… ‹تەگرى باتۇرلىرى ›نىڭ بۇزۇق كاتتىۋاشلىرى ئادەم چىشلەيدىغانلا بولسا ، قانداق لالما ئىت ۋە غالجىر ئىت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلارنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىدۇ… »

چوڭ خەتلىك گېزىتنىڭ ئاخىرىنى ئوقۇشقا سەلىمنىڭ تاقىتى يەتمىدى . ئۇ شۇ كۇنىلا بىر پارچە چوڭ خەتلىك گېزىت يېزىپ ئۆزىنىڭ «تەگرى باتۇرلىرى»دىن چېكىنىپ چىققانلىقىنى ئېلان قىلدى .

سەلىم كەچتە يوتقان ـ كۆرپە ، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ، توپا بېسىپ كەتكەن سىنىپقا كۆچۈپ كەلدى . ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئابدۇقادىر بىلەن كۆرۈشكۈسى ، ئۇنىڭ بىرنەچچە ئېغىز تەسەللىسىنى ئاڭلىغۇسى كەلدىيۇ ، لېكىن ئوقۇتقۇچىسىغا دەرد ئۈستىگە دەرد بولۇشنى خالىمىدى .

سەلىم پولنى سۈپۈرۈپ ، يوتقان ـ كۆرپىسىنى سېلىپ ئەمدىلا ياتاي دەپ تۇرۇۋىدى ، ئىشىك ئاستا ئېچىلىپ ئابدۇقادىرنىڭ ئون تۆت ياشلىق قىزى بوستان كىرىپ كەلدى .

— سەلىم ئاكا ، — دېدى قىز كارىدورغا بىر قارىۋېلىپ ، — دادام سىزنى بىر كېلىپ كەتسۇن دېگەندى .

— بىرەر ئىش بارمىكەن ؟

— ئۇنى بىلمىدىم ، — دېدى قىز شىۋىرلاپ ۋە چىقىپ كېتىۋېتىپ كەينىگە قايرىلدى ـ دە ، — يولدا سايىڭىزگە دىققەت قىلارسىز ، — دەپ قويدى .

سەلىمنىڭ ئابدۇقادىر بىلەن بولغان سۆھبىتى قىسقا، لېكىن مەنىلىك بولدى. سەلىم ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئۆزىدىن ئاغرىنمىغانلىقىنى ھېس قىلدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ خىجىللىق ئىلكىدە ئولتۇراتتى.

— سەن بۇنىڭغا كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، — دېدى مۇئاۋىن مۇدىر لېنىننىڭ «خەلق دوستلىرى دېگەن نېمە» دېگەن كىتابىنى ۋاراقلاۋېتىپ، — سېنىڭ يازغىنىڭ ئۆلارنىڭ نەق جان تومۇرىغا تەگكەن. ئۇلار نېمە دېسە دەۋەرمەمدۇ! قارىغىنا، لېنىن مېخايلوۋسكىينىڭ جۆيلۈشلىرىگە قانداق جاۋاب بەرگەن!

سەلىم ئابدۇقادىر قىزىل قەلەمدە ئاستىنى سىزىپ قويغان سەھىپىلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇدى:

«... بۇ ماۋزۇ ئۈستىدە سۆز باشلاشقا قانچىلىك زوقمەن بولساقمۇ، لېكىن ھېلىقىدەك ھاۋشىشلارغا قارشى نېمىدەپ جاۋاب قايتۇرۇشنىمۇ بىلمەي قالدۇق ھەم پەقەت ‹پىستەك ھاۋشىيدۇ پىلغا، ئوخشىماق بولۇپ شىرغا!...› دېيىشتىن باشقا بىرنەرسە ئېيتالمايمىز!»

— سەنمۇزە، — دېدى ئابدۇقادىر كۈلۈپ تۇرۇپ، — يېڭى تۇغۇلغان موزاي يولۋاستىن قورقمىغاندەك بىر ئىش قىلدىڭ. خوش، ئەمدى نېمە ئىش قىلماقچىسەن؟

— ھېچقانداق تەشكىلاتقىمۇ كىرمەيمەن، ئۆگىنىمەن...

— ياخشى، ياخشى ئۆگەنگىن. كەلگۈسىدە ئەسقاتىدىغان قورالمۇ يەنە شۇ بىلىم. باشقىلار ئاي، يۇلتۇز، كائىناتنى تەتقىق قىلىۋاتىدۇ. دېڭىز قەھرىدىن ئىنچىۋ سۈزۈپ، نۇر ئىلمىدىن جاھانغا مەئىشەت يارىتىۋاتىدۇ، بىزچۇ؟ ھەي... بىز مۇشۇك بىلەن چاشقان ئويۇنى ئويناۋاتىمىز... بىر - بىرىمىز بىلەن ئىتتەك تالىشىۋاتىمىز... بىزنى بىر - بىرىمىزگە خىرىس قىلىپ قويغانلار تاغ بېشىدا يولۋاس تاماشىسى كۆرۈۋاتىدۇ.

ئابدۇقادىر ئۆي ئىچىدە مېڭىپ يۈرۈپ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى يۈرىكىنى قاماللاۋاتقان كۆڭۈل غەشلىرىنى بىر يولى تۆكۈۋەتتى.

ئۇ ۋەتەننى ئون يىللاپ قاشقاشلىق ھالەتتە قالدۇرۇشقا سەۋەبچى بولغان، بىگۇناھ قانلارنى تۆككەن، ۋەتەننىڭ نامىنى بۇلغاپ دۈشمەنگە كۈلكە، دوستقا يىغا كەلتۈرگەن كىشىلەرنىڭ چوقۇم تارىخ جازاسىغا تارتىلىدىغانلىقى، تارىخنىڭ رەھىمسىز ئىكەنلىكى ھەققىدە سۆزلەپ كەتتى.

سەلىم ئابدۇقادىرنىڭ ئۈمىدكە تولغان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، كۆڭۈل - كۆكسى كۆتۈرۈلگەن ھالدا قايتىپ چىقتى. ئۇ كېيىنكى يىللاردا ئوقۇلىدىغان دەرسلىك كىتابلاردىن بىر قولتۇق ئېلىپ، ياتىقىغا يېنىك قەدەملەر بىلەن يۈرۈپ كەتتى.

سەلىم ئاشخانىغا چىقىپ تاماق يېيىشتىن باشقا ۋاقتىنى سىنىپتا ئۆتكۈزەتتى. ئۇ تۇرمۇش يولىغا شام ئېلىپ قويۇپ كېچىلىرى تاشلاندۇق سىنىپ ئىچىدە تېئورېمىلارنى يادلايتتى. فورمۇلىلارنى يېشەتتى، ھېسابلىرىنى ئىشلەيتتى. بەزىدە يېرىم كېچىلىرى ئابدۇقادىردىن چۈشەنمىگەن قىيىن مەسىلىلەرنى ئۆگىنىپ كېلەتتى. ئۇ ئىلاج بار كىشىلەرگە كۆرۈنمەي ھاياتىنى پىنھان ئۆتكۈزەتتى. ماتېماتىكا پەنلىرىدىن مىڭىسى ھارغان مەزگىللەردە مەكتەپ بېغىغا يوشۇرۇپ قويغان رومانلىرىنى ئەكېلىپ ئوقۇيتتى، كېيىن ئۇلارنى ياستۇقىنىڭ يىرتىق تۆشۈكىدىن تورغاق ئىچىگە يوشۇراتتى.

بىر كۈنى كېچىدە ئابدۇقادىر شەپە چىقارماي سىنىپقا كىرىپ كەلدى. ئۇ كىتابقا چۆمۈپ كەتكەن سەلىمنىڭ ئارقىسىدا بىر ئاز تۇرغاندىن كېيىن، ئاستاس يۆتىلىپ قويدى.

— ۋۇي مۇئەللىمغۇ، — سەلىم ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— ساڭا ئېيتىدىغان بىر خەۋەر بار ئىدى. ھازىر ئەزىز مۇدىرنىڭ كېسىلى ئېغىر ئىكەن. ئاڭلىشىمچە، ئۇنى «بىرگە زەربە بېرىپ، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىدە ئۆگىنىش كۇرسىغا ئەكىرىپ كېتىپتىكەن، ھازىر ئۆيدىكەن ... سەن دەرھال بېرىپ كەلسەڭ قانداق؟

— بولىدۇ، مۇئەللىم، مەن ... مەن ... بارمىسام

بولمايدۇ ··· ئەتىلا بىلەتكە بارىمەن .

— بىلەتكە بارمىغىن ، مەن بىر تونۇش شوپۇر بىلەن سۆزلىشىپ قويدۇم . ئەته چۈشتىن كېيىن يولغا چىقىسىلەر .

سەلىم گەرچە ئەزىز مۇدىر هايات چېغىدا ئۆيگە يېتىپ بارغان بولسىمۇ ، باققان دادىسىنىڭ بىرەر ئېغىز نەسىهەتنى ياكى ئارزۇ — نىيەتلىرىنى ئاڭلىيالمىدى . چۈنكى ، ئەزىز مۇدىرنى ئۆگىنىش كۇرسىدىن ئاچىقاندىلا ، گەپ قىلالماس بولۇپ قالغانىدى ···

بۇرۇنقى «هوقۇقدار»لىق جىنايىتى ئۈستىگە «ئوڭچى»دىن ئىبارەت «سىنىپىي دۈشمەن»نىڭ پۈشتىنى قانات ئاستىغا ئالغان ئەزىز مۇدىر بىر ئايلىق ئۆگىنىش كۇرسىدىن ساق چىقالمىدى . ئۈچ كېچە ئىلىپ بېرىلغان «چىراغ ئۆچۈرۈپ پرولېتارىياتنىڭ مۇشتىنى تېتىتىش ··· »[1] ، «كېچىلىك بىقىن تەربىيىسى ··· » بېرىشتىن كېيىن ، ئۇ قورسىقىنى مۇجۇمداپ بىر يىقىلغىنىچە تىلىدىن قالغانىدى .

ئەزىز مۇدىر سەلىم بىلەن دىدار كۆرۈشۈپ ئىككى كۈندىن كېيىن جان ئۈزدى . سەلىم ئۇنىڭ نەزىر ـ چىرىغىنى ئۆتكۈزۈپ ، خەيرىنسا كېچىك ئانىسىنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن ، مەكتىپىگە قايتتى .

ۋەزىيەتمۇ جۇدۇنلۇق كۈز كۈنلىرىدەك بىردە تۇتۇلۇپ ، بىردە ئېچىلىپ ، سەلىم تۆتىنچى يىللىققا قەدەم قويدى . بۇ چاغلاردا «ئوقۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئىنقىلاب قىلىش» چاقىرىقى كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىنىۋاتاتتى .

ئوقۇشلار رەسمىي باشلاندى . بىرنەچچە يىلدىن بېرى قۇرۇق ۋارقىراپ كوچا چىگدىغان ئوقۇغۇچىلارغا يەنىلا كىتابنى قولىغا ئېلىشقا توغرا كەلدى . چۈنكى ، مەكتەپ بويىچە ئېچىلغان چوڭ يىغىندا ئابدۇقادىر ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىهانى ئېلىنىدىغانلىقى ،

[1] مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا تارتىپ چىقىرىلغان كىشىلەرگە يۈرگۈزۈلگەن جازا تۈرلىرى ، جازالىغۇچىلار نۆۋەت بويىچە كېچىدە مەخسۇس ئۆيلەرگە قامىلىدۇ ، چىراغ ئۆچۈرۈلىدۇ ، جازالىغۇچىلار ئۇلارنى نۆۋەت بىلەن بىر ـ بىرىگە ئۆتۈنۈشۈپ خامتالاش قىلىپ ئۇرىدۇ .

ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلەرگە قىزىل تاشلىق دىپلوم، ئۆتەلمىگەنلەرگە ئاق تاشلىق كىنىشكا بېرىلىدىغانلىقىنى ئۇچۇق جاكارلىغانىدى. بىرقىسىم ئوقۇغۇچىلار بۇنىڭدىن نارازى بولۇپ ئىسيان كۆتۈرۈپ، چوڭ خەتلىك گېزىتلەرنى يېزىپ باققان بولسىمۇ، ئۇلار بەربىر باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىگە قالدى.

روھى كۆتۈرۈلۈپ قالغان سەلىم تامىقىنى يەپ ئاشخانىدىن چىقىشىۋېتىپ «سەلىم» دېگەن ئاۋازدىن چۆچۈپ قايرىلدى. رەتلىك قارىغاي كۆچەتلىرى ئارىسىدىكى ئاسفالت يولدىن گۈلنار يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ يازلىق تەتىلدە يۇرتىغا بېرىپ بالدۇرلا قايتىپ كەلگەنىدى.

— ياخشىمۇ سىز؟

— ياخشىمۇ سىز گۈلنار ... ئۆيىڭىزدىن بالدۇرلا قايتىپ كەلگەنلىكىڭىزنى ئاڭلىدىم ... لېكىن قارىڭىزنى كۆرگىلى بولمىدى.

— ۋىيەي دەۋاتقىنىنى، كۆرسىڭىزمۇ كۆرمەسكە سالدىم دەڭە! مەن كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسىلا سىزنى ئۇچراتتىم، زالدىن چىققانچە قاراپمۇ قويماي كېتىپ قالدىڭىزغۇ...

— كەچۈرۈڭ، مەن دىققەت قىلماپتىمەن، — دېدى سەلىم قىزنىڭ يېڭىدىن قىرقىم قىلىنغان دولقۇنلۇق چاچلىرىغا قاراپ، — سىزمۇ خەت يازماقچى ئىدىڭىز ... ئۇنتۇپ قالدىڭىزغۇ دەيمەن ...

— شۇڭا، بالدۇرلا يېنىپ كەلدىمغۇ... — دېدى قىز شەلپەردەك قىزىرىپ، — ھە راست، سىزنى فىزمات فاكۇلتېتى بويىچە ئۈچ سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئاخشاملىرى يېتەكچىلىك قىلىپ بېرىۋاتىدۇ، دەپ ئاڭلىدىم.

— ياق، بىرلىكتە ئۆگىنىۋاتىمىز ...

— بولدى، كەمتەرلىك قىلماڭ ... بۈگۈن كەچ مەن سىزنىڭ ياتىقىڭىزغا بارىمەن ... قېچىپ كەتمەڭ!...

گۈلنار كەچتە سەلىمنى ئوغۇللار ياتىقىدىن تاپالماي،

سولـــنشـــپ ئارقىغا ياندى . لېكىن ، ئۇ ئىككىنچى قەۋەتتىكى فىزىمات سىنىپىنىڭ يورۇق تۆرغانلىقىنى كۆردى ـ دە ، بىردەم تېڭىــرقــاپ تــۇرغــاندىن كېيىن ، شۇ ياققا قايرىلدى . گۈلنار پەلەمپەيلەردىن تېۋىش چىقارماي چىقىپ ، ئاستا سىنىپ ئالدىغا كەلدى . بۇ چاغقىچە كۆرۈلمىگەن بىر ھاياجان ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى تىترەتمەكتە ئىدى . ئۇ ئىشىك يوچۇقىدىن سەلىمنىڭ سىركۆل ۋە بــۇلــۇڭــلۇق سىزغۇچلاردا بىرنەرسىنى ئۆلچەپ سىزىۋاتقانلىقىنى كۆردى .

— سەلىم ، — دېدى قىز نازلىق بېقىش بىلەن ، — ئالدامچى ، سىز مېنى ياتاقتا ساقلىماقچى ئىدىڭىزغۇ ؟

— ئاپلا ئۇنتۇپتىمەن ، قېنى ئولتۇرۇڭ !

— بالىلارنىڭ ھەممىسى ياتاقتا قارتا ، شاھمات ئويناۋاتسا ، سىز بۇ يەردە يالغۇز … يا بىركىم كەلمەكچىمىدى ؟

— ھەئە .

— نېمە ؟

— ياق ، ياق … مانا سىز كەلدىڭىزغۇ…

— ۋاي ـ ۋۇي ، بــىــردەم قــويــۇڭــا ، — دېــدى گــۈلنار قــېــرىــنــدىــشــىنى تارتىۋېلىپ ، — سالامەتلىكىمۇ مۇھىم ، مۇشۇ كۈنلەردە چىرايىڭىزمۇ سارغىيىپ كېتىپتۇ .

سەلىم گۈلنارغا بىر قاراش بىلەن كۆزلىرىنى دەرھال ئېلىپ قــاچتى . چۈنكى ، گۈلنارنىڭ ئوتلۇق كۆز قارىچۇقلىرى ئۆزىگە تىكىلىپ تۇراتتى …

مانا شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇلار پات ـ پات ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان بــولدى . دەم ئېلىش كۈنلىرىنى بىرلىكتە ئۆتكۈزدى . تۈگىمەس سۆھبەتلەر ئارقىلىق يۈرەك سىرلىرى ئاستا ـ ئاستا بىر ـ بىرىنىڭ دىل خەزىنىسىگە چۆكتى … گۈلنار بىر يەكشەنبە كۈنى سەلىمنى مەكتەپ بېغىدا ئىسكىرىپكا چېلىۋاتقان پەيتتە ئۇچراتتى .

— پاھ ، قالتىسقۇ ، — دېدى قىز كۈلۈپ ، — مەن تېخى سىزنى كىنو ، تىياتىر ، كۆڭۈل ئېچىشلار بىلەن خۇشى يوق ، دەپ

ئويلايىتتىم . مۇنداقمۇ ھۆنىرىم بار دەڭە .
— ئۆتكەن يىل تەتىلدە زېرىكىپ بۇ ئىسكىرىپكىنى سېتىۋالغانىدىم . بەزى چاغلاردا ئۆگىنىپ قويىمەن .
— سەلىم ، — دېدى گۈلنار ئەركىلەپ ، — خەلق باغچىسىغا بىللە بېرىپ ئويناپ كېلەيلىلا !
— يەنە بىر يەكشەنبە بارساق قانداق ؟ ھازىر …
— ھازىرمۇ كەچ ئەمەسقۇ تېخى …
ئۇلار كوچا ئاپتوبۇسى بىلەن باغچىغا كېتىپ قېلىشتى . بۇ يەكشەنبە سەلىم بىلەن گۈلنارنىڭ ھاياتىدا ئۇنتۇلماس بىر كۈن بولدى . ئۇلار بىللەت ئېلىپ قولۋاقتا ئۈزۈشتى . بىردەم سەلىم ، بىردەم گۈلنار پالاق ئۇراتتى . قولۋاق بەزىدە ئەگمە كۆۋرۈك ئاستىدىن ئۆتسە ، بەزىدە مەجنۇن تاللار ئارىسىغا كىرىپ كېتەتتى .
— سەلىم ، — دېدى قىز پالاق ئۇرۇۋاتقان سەلىمگە سۈۈنۈپ ، — ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ، قايتا تەربىيىگە ئىككىمىز بىر يەرگە بارايلى … ماقۇل دەڭە !
قىزنىڭ تولغىنىپ ئەركىلەشلىرى ، تۇمشۇقلىرىنى ئۇچلاپ ، كۆزىدە ئۇرۇشلىرى سەلىمنىڭ غۇبارسىز پاك يۈرىكىنى ئېرىتىۋەتتى .
— بولىدۇ … ئەگەر سىز خالىسىڭىز …
— خالىمىسام قولۋۇقىڭىزغا چۈشەمتىم . تېز ھەيدەڭ ، بېلىقچى بوۋاي …
سەلىم بىلەن گۈلنار قاقاقلىشىپ كۈلۈشكىنىچە سۇ يۈزىنى سۆيۈپ ، باغرىنى نېپىز دولقۇنلارغا ياققان ئەۋرىشىم مەجنۇنتال نوتىلىرى ئىچىگە كىرىپ كېتىشتى …

## تۆتىنچى باب

# تاغ باللىرى

ئىككى كۈندىن بىرى سەلىم بىلەن قادىر ئىلگىرى ـ كېيىن كېلىشكە باشلىغان ئوقۇغۇچىلارنى كۈتۈۋېلىش، ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇش، تاماق بېرىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. مەكتەپ مەيدانىدىكى گار ياغاچلىرىغا باغلانغان ئات، ئېشەك، قوتازلار سىغىمىغاي، بىرقىسىم ئۇلاغلارنىڭ ئالدى پۇتلىرى چۇشەپ قويۇلغانىدى. سەلىم بىلەن قادىر ئاتا ـ ئانىلارغا باللىرىدىن ئەنسىرىمەسلىك، خاتىرجەم بولۇش ھەققىدە سۆزلەيتتى ۋە ئۇلارنى ئۇزىتاتتى.

يىغىلىش كۈنى ئەتىگەندىلا يېتىپ كەلگەن سەمەن بىلەن تۇمەن كونا ساۋاقداشلىرى بىلەن كۆرۈشتى. ئۇلار كۈلۈشەتتى، يىراق يايلاقلاردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنى باشلاپ ياتاق، سىنىپلارنى كۆرسىتەتتى.

— ئەتىيازلىقتا، — دەيتتى نىيىنى بىلگە قىستۇرۇۋالغان سەمەن يېڭى كەلگەن باللارغا چۈشەندۈرۈپ، — مەكتەپ ئەتراپىغا ئىككى قاتار كۆچەت سېلىپ تېخىمۇ چىرايلىق قىلىۋېتىمىز. سەلىم مۇئەللىم تېخى ئېيسىلىدىغان، سەكرەيدىغان، ئۇچىدىغان نەرسىلەرنى مەيدانغا بېكىتىمىز، دەيدۇ.

— مەكتەپنىڭ ئالدىنى توسۇپ چوڭ گۈللۈك دەرۋازا بېكىتىمىز، — دەيتتى تۇمەن ماختىنىپ.

دەرۋەقە بۇ قاتمۇقات تاغلىق رايوننىڭ تارقاق كەنتلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ ئىتى، موزىيى ياكى باققان كەكلىكى بىلەن ئويناپ زېرىككەن بۇ ئۆسمۈرلەر بىر يەرگە جەم بولۇش بىلەن قىن ـ قىنىغا

پاتماي سەكرىشەتتى ، قوغلىشاتتى ، سىنىپلارغا تويماي قارىشاتتى .
كەچتە قادىر ، سەلىم باللار بىلەن مەيدان تاماشىسى ئۆتكۈزدى . سەمەن نەي چېلىپ ھەممىنى سېھىرلەندۈرۈپ قويدى . ئىككىنچى قېتىم سەمەن قولىغا داپنى ، نودەر راۋابنى ئالدى . ھۆرلىقا بىلەن چولپان ئۇسسۇلغا چۈشتى . ئويۇن ئاخىر ئومۇمىي ئۇسسۇلغا ئايلىنىپ كەتتى . قادىر مۇئەللىممۇ قىزىپ كېتىپ مەيدانغا سەكرەپ چۈشتى . تاغ ئادىتى بويىچە ئۇلار خۇددى شۇڭغۇتماق ئاشتەك سەكرىشىپ ئوينىشاتتى . لېكىن ، پەس چىغىر يول بويىدا تاش ئۇستىدە تىزلىرىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرغان سەرۋەر ئۇلارغا پات ـ پاتلا قارايتتى ، تەلمۈرەتتى .
— ئاداشلىرىم ، — دېدى تۇمەن ۋارقىراپ ، — سەلىم مۇئەللىم ساز چېلىپ بەرسۇنمۇ ؟
— چېلىپ بەرسۇن !...
گۇلدۇرلىگەن ئاۋاز تاغ مەھەللىسىنى كېزىپ ئۆتتى . مەكتەپكە كېلىۋاتقان داۋۇت دۇيجاڭمۇ ئۆز ئوغلىنىڭ ئاۋازىنى مۇسەللەپ كۈلۈپ قويدى .
سەلىم ئىسكىرىپكىسىنى «باھار كەلدى يۇرتۇمغا» دېگەن ناخشىغا چېلىۋەتتى . ئىسكىرىپكىنىڭ زىل ۋە مۇڭلۇق ئاۋازى ياڭراش بىلەن ھەممە جىمىپ كەتتى . ئاۋاز دولقۇنلىرى بىردە كۆچىيىپ ، بىردە يېنىك پەسىيىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشتىياقىنى قوزغىۋەتتى . ئۇلارنىڭ ئىسكىرىپكىنى تۇتۇپ باققۇسى ، سىلىق ، پارقىراق يۈزىنى سىلاپ كۆرگۈسى كېلەتتى . ساز ئاياغلىشىشى بىلەن كۆپچىلىك بىردەك چاۋاك چېلىپ چۇقان كۆتۈرۈۋەتتى .
— يارايسەن ، يارايسەن ، — دېدى داۋۇت باشمالتىقىنى چىقىرىپ ، — بۇ نەرسەڭنىڭ ئۆزى كىچىك بولغىنى بىلەن ئاۋازى بەلەنكەن .
— داۋۇت ئاكا ، — سەلىم داۋۇتنىڭ قوللىرىنى تۇتقىنىچە ئۇنىڭ ئۆسۈپ كەتكەن ساقاللىرىغا قارىدى . بۇ قوپال ، لېكىن تۈز كۆڭۈل دادۇيجاڭ سەلىمنىڭ قەلبىدە ئاتىلىق ھەم ئاكىلىق مېھرىنى

ئويغانتقانىدى . شۇڭا ، ئۇنىڭ بۇغاقاچتىدا بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قېلىشى سەلىم ئۇچۇن بەكمۇ ئۇزۇن بىلىنىپ كەتكەنىدى .

— ئۆيدىن قېچىپ كېلىۋاپسەن ـ ھە ، خەپ سېنى ، — دېدى داۋۇت بىگىز قولىنى سەلىمگە جونۇپ ، — قانداق ، باللار يىغىلىپ بولدىمۇ ؟

— يىغىلىپ بولدى .

— باللار ، — دېدى داۋۇت مەيداندا رەتلىك ئولتۇرغان ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ ، — سەلىم ، قادىر مۇئەللىمنىڭ گېپىنى ئوبدان ئاڭلاڭلار ، ھايتاقلىق قىلماڭلار !...

سەلىم قادىرغا ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ ياتىقىغا چىراغ ياندۇرۇپ ، ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشنى ئېيتىپ ، ئۆزى داۋۇتنى باشلاپ ياتاققا كىردى . ئۇ قاتتىق ـ قۇرۇق توقاچلارنى ئۇستەلگە ئېلىپ ، قاچىدا سۇ ئەكىلىپ قويدى .

— چايدىنىڭ يوق ئوخشىمامدۇ ؟ بىزنىڭ ئۆيدىن چايدان ، چىلەك ، داس ئەكىلىپ قويغىن . مەن باللىنىڭ ئانىسىغا ئېيتىپ قوياي .

— دۇكانچى ئابدۇللا مالغا كىرىپ كېتىپتۇ ، شۇ كەلگەندە دۇكاندىن ئالارمەن ، ئۇنىڭسىزمۇ سىزنى راسا ئاۋارە قىلدىم .

— بولدى ، بولدى ، ئۇنداق گەپلىرىڭنى ياقتۇرمايمەن ، سەنلا ئۆگىنىپ قالساڭ ، قالغان ئىشلارنىڭ كارى چاغلىق .

— بۇغاقاچتىدىكى ئىشلار قانداق بولدى ؟

سەلىم داۋۇتنىڭ مۇشتىنىڭ قاتتىق تۈگۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، كۆڭلى خىرە بولدى .

— ناھىيىلىك سوتقا كىرىدىغان بولدۇق ، — دېدى داۋۇت سوغۇق سۇنى غولدۇرلىتىپ سۈمۈرۈپ ، — بۇ قېتىم ئۇلارنىڭ تېزىكى خېلى بەك قېتىپ كېتىپتۇ .

— كىم شۇنداق قاتۇرۇۋېتىپتۇ ؟

— موللامنىڭ ئىسسىقلىق دورىلىرى ـ دە !

— ھەمدۇلمۇ ؟

— بولدى قوي ، تەگسەڭ تېرىق بولىدۇ ، ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىنى قاچان قىلىمىز ؟

— سىزگە قاراپ قالغان . ئىدىرىس ئاكام شەھەرگە تېلېفون بەرگەندى ، مۇدىر كەلمەيدىغان بوپتۇ .

داۋۇت ، سەلىم ، قادىرلار ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىنى ئېچىش توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىۋالغاندىن كېيىن ، ئوغۇللار ياتىقىغا كىرىپ كەلدى . ئوغۇللار كىگىزلىرىنى سېلىپ ، يوتقان ـ كۆرپىلىرىنى تۈرتەكلەپ يىغىپ قويغان بولۇپ ، چۆرقىرىشاتتى ، ۋارقىرىشاتتى ، كۈلۈشەتتى ، بەزىلىرى سازلىرىنى تىرىڭلىتىپ ئولتۇراتتى . سەلىم يوتقان ـ كۆرپىلەرنى چەيلىشىۋاتقان باللارنى تەرتىپكە چاقىرغاندىن كېيىنلا ، ئۇلار داۋۇت ، سەلىم ، قادىرلارنى كۆرۈشتى .

— باللار ، — دېدى داۋۇت يوغان تەلپىكىنى قولىغا ئېلىپ ، — ئورۇنلىشىۋالدىڭلارمۇ ؟

— ئاتا ، — تۇمەن ياغاچ سۇپىدىن سەكرەپ چۈشتى ، — مەنمۇ مۇشۇ يەردە ياتىمەن ، سەمەن ئىككىمىز بىللە ياتىمىز .

— ئۆي يېقىن تۇرسا ، بۇ يەردە ياتقىنىڭ نېمىسى . سەمەن ئىككىڭلار ئۆيدە يېتىڭلار !

— مۇشۇ يەردە ياتسامچۇ ! سەمەن ئىككىمىز بىللە ياتساق .

بالىسىنىڭ كاجلىقىنى بىلگەن داۋۇت بېشىنى لىڭشىتقىنىچە كۈلۈپ قويدى .

— ئەگەر سەلىم مۇئەللىم قوشۇلسا مەيلى ، مەنمۇ ماقۇل دەي .

— بولىدۇ ، يېتىڭلار ، — دېدى سەلىم ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان ئىككى دوستقا قاراپ .

— بۈگۈن سەمەن بىلەن بىللە ئۆيدە يېتىپ ، ئەتە يوتقان ـ كۆرپە ، كىگىز ئەكېلىپ ياتامسىلەر ؟ !

داۋۇت تۇمەن بىلەن سەمەننى ئالدىغا سېلىپ سىرتقا چىققاندا ، سېپتەربىر ئاسمىنىدا سانسىزلىغان يۇلتۇزلار چاقناپ ، سوغۇق

شامال چىقىپ تۇراتتى . يازچە ئاق دوپپىنى تاشلىمىغان تاغ چوققىلىرى گويا بۇلۇتلارنى كۆتۈرۈپ تۇرغان تۇۋرۇكلەردەك قارىيىپ كۆرۈنەتتى .

داۋۇت سەلىم بىلەن خوشلىشىپ ، پەس چىغىر يول بويلاپ كېتىپ قالدى . ئۇ كۆڭلىنىڭ خىلىلا كۆتۈرۈلۈپ ، روھىنىڭ تېتىكلىشىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى . داۋۇت نېمە ئۈچۈندۇر مەكتەپكە كەلسىلا تەبىئىتىدە ئەنە شۇنداق بىر خۇشلۇق روي بېرىدىغانلىقىنى سېزەتتى . شۇڭا ، ئۇ ئىچى پۇشقان ياكى بىرەر ئىشتىن دىلى رەنجىگەن ۋاقىتلىرىدا باشلانغۇچ مەكتەپكە بېرىپ ، باللار بىلەن دەتالاش قىلىپ كۆڭلىنى ئېچىپ كېلەتتى . داۋۇت ھازىرمۇ بۇغاقاچىتىدىكى جېدەل ۋە ئالدىدا بولغۇسى سوتتىكى قىزىرىش ، بوزىرىش ، ھۆرپىيىشلەرنى ئۇنتۇغانىدى . ئۇ ھەتتا غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ كېتىۋاتاتتى .

— بەگ دادا ، — خۇددى يەردىن ئۈنگەندەكلا تاش ئارقىسىدىن پەيدا بولغان سەرۋەر يەرگە قاراپ تۇراتتى .

— كېچىدە بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسەن ؟ — دېدى داۋۇت ھەيران بولۇپ .

— سىز ... سىزگە ساقلاپ ...

سەرۋەر كۆڭلىدىكىنى باللار ئالدىدا ئېيتالمايۋاتقانلىقىنى سەزگەن داۋۇت تۇمەن بىلەن سەمەننى يولغا سېلىۋەتتى .

— مەن... مەن... ئوقۇسام دەيمەن ، مۇئەللىم ئۇنارمۇ ؟ — سەرۋەر ئۈمىدلىك كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكتى .

— سەنما ؟ — داۋۇت سەرۋەرنىڭ ئۆسكىلەڭ زىبا بويىغا قارىغىنىچە دۇدۇقلاپ قالدى ، — سەن ... سەن ... يېشىڭ ئون ئالتىدىن ئاشقان تۇرسا ...

— زادىلا بولمامدۇ ؟ — قىز خۇددى بوراندا قالغاندەكلا شۈمشىيىپ قالدى .

— خان ئاناڭ ھازىرلىخان ئۇنامدۇ ؟

قىز «ياق» دېگەن ئىشارىگە بېشىنى چايقىدى .

— هە مانا ، شۇنداق تۇرسا ...
— سىز گەپ قىلسىڭىز ئۇ ئۇنايتتى ...
— قېنى ، مەن سەلىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كېيىن جاۋاب بېرەي .

يېلىنىش ، يالۋۇرۇش ، مىچىلداپ ياش تۆكۈش بىلەن زەڭگەر بولاقچە بىللە كەلگەن سەرۋەر ئىككى ئاچماق چېغىر يول ئاغزىدا قالدى . يا ئالدىغا ، يا كەينىگە ماڭماي بىرھازا تېڭىرقاپ قالغان قىز ئاخىر سەلىم بىلەن كۆرۈشۈشنى ئويلاپ مەكتەپ تەرەپكە ماڭدى . ئۇنىڭ چىپار بوغا تېرىسىدىن تارتىۋالغان چاققانغىنا پورمە چورۇقى تاغ يوللىرىنى كېزىشتە ئەپلىك ئىدى . ئۇ خۇددى كېيىكتەك يېنىك مېڭىپ ، ئاۋاز چىقارماي مەكتەپكە يېتىپ كەلدى .

سەرۋەر بىر بېسىپ ، ئىككى بېسىپ مەكتەپ مەيدانىغا كىرىپ ، گارغا يۆلىنىپ تېز ـ تېز نەپەس ئېلىشقا باشلىدى . ھاياجاندىنمۇ ياكى قورققانلىقتىنمۇ ئەيتاۋۇر ئۇنىڭ يۈرىكى دۇپۇلدەپ ، بەدىنى تىترەيتتى . مەكتەپ ئىچى جىمجىت بولۇپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتىقى قاراڭغۇ ۋە تىۋۇشسىز ئىدى . پەقەت سەلىمنىڭ دېرىزىسىلا غۇۋا يورۇپ تۇراتتى . سەرۋەر دېرىزە تۈۋىگە كەلدى ـ دە ، ئاستاغىنا مارىلاپ قارىدى . سەلىم چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ كارىۋات ئالدىغا سۇرۇلگەن ئۈستەلدە بىرنەرسە يېزىۋاتاتتى . سەرۋەر «يالت» قىلغان يورۇقتىن چۆچۈپ ئاسمانغا قارىدى . ئاسماندا بىر يۇلتۇز ئۈزۈندىن ـ ئۈزۈن قۇيرۇق قالدۇرۇپ ئېقىپ ئۆتتى .

«بۇ كېچىدە بىركىم كۆرۈپ قالسا نېمىمۇ دەر ، يەنە كېلىپ بويىغا يېتىپ قالغان قىز ياش يىگىتنىڭ دېرىزىسىدىن ماراپ تۇرسا !»

سەرۋەر قانداق كەلگەن بولسا ، يەنە شۇنداق ئۈن ـ تىۋۇشسىز مەكتەپ ھويلىسىدىن چىقىپ كەتتى ...

# ناتىۋان قىزنىڭ دەردى

ئــوقۇش باشلاش مۇراسىمى داغدۇغىلىق باشلاندى . خۇددى ئاسماندىن بىر كېچىدىلا چۈشۈپ قالغان ئۆتكۈنچى بولۇتتەك ، گويا تــوپىدىن ئازغان تۇرنىدەك ، ئەتراپىدا تاغۇ تاشلاردىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمىگەن يانباغىردىكى يالغۇز - يېگانە بۇ مەكتەپ يەنە شــاۋقــۇن ـــ سۈرەنگە تولدى . مۇراسىمغا باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچى - ئوقۇتقۇچىلىرى ، يېقىن - يىراقتىكى بىــر قىســـم ئــاتــا ـــ ئــانــىلار تەكلىپ بىلەن قاتناشتى . گۇللۈك داستىخان سېــلىنغان ئۇستەل ئەتراپىدىكى ئورۇندۇقلاردا سەلىم ، قادىر ، داۋۇت ، باشلانغۇچ مەكتەپ مۇئەللىملىرى قاتارلىقلار ئولتۇراتتى . داۋۇت ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ قۇرۇلغانلىقى ، ئوقۇشنىڭ ئەھمىيىتى ، ئــوقــۇغۇچىلار تۇرمۇشى ھەققىدە كۆپ سۆزلىدى . ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا :

ـــ بــالــىلار ، ياخشى ئوقۇڭلار ، ئوقۇغانىنىڭ يۈزى يورۇق بــولــىدۇ . سەلىمنىڭ قورسىقىدا ئىلمى - بىلىمى بار ، قاتتىق ئوقۇغان . ئوقۇغاندىمۇ خېلى بەك قاتتىق ئوقۇغان ، ـــ دېدى .

داۋۇت قــاراســلاپ چــېلــىنغان چاۋاكلاردىن قۇلاقلىرىغىچە قىــزىــرىــپ كــەتتى . ئۇ جايىغا كېلىپ ئولتۇرۇپمۇ ئۇزۇنغىچە ھاياجىنىنى بېسىۋالالمىدى . مۇراسىمدا ئاتا - ئانىلار ۋەكىللىرىدىن نــودەرنــىــڭ دادىسى نىياز سۆزلىدى . ئۇ «قىسىل» يايلىقىدىن كــېــچىدىن ئات بىلەن يېتىپ كەلگەنىدى . نىيازنىڭ «داخاننىڭ دېپىدەك توم نان ، قازاندا تەييار ئاش ، ئۇخلايدىغان ياغاچ سۆكىلەر تۇرغاندىن كېيىن ، ياخشى ئوقۇش لازىم» دېگەندەك ئوڭدا - دۇمدە گــەپــلىرى ھەممىنى كۈلدۈرۈۋەتتى . ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرىدىن ســەمەن ۋە ھۆرلىقالار سۆزلەپ بولۇشىغا ، ئېيىققا ئوخشايدىغان تۈكلۈك ھەم دومىلاق ئىدىرىسمۇ ئۆزىنىڭ چۈشۈلداپ تۇرىدىغان ئاۋازىنى ئۆزى ئاڭلاپ ھوزۇرلانغاندەك سۆزلەپ كەتتى :

— ئوقۇغۇچى باللار ، ھۆم مانا ، — دېدى ئۇ گەپ ئىزدەۋاتقاندەك ئەتراپىغا قارىۋېلىپ ، — ئوقۇغان ياخشى ، مەنمۇ ئاسماندىن گەپ تارتىشنى شەھەردە بىر ئاي ئوقۇغان . بۇ شۇنداق ، ھۆم مانا ، دادۇيجاڭ مىنىڭ يېقىندىن ئاپىرىدە بولغان مەكتەپنىڭ ئىقتىسادىي ئىشىنى قوشۇمچە ئىشلەيدىغانلىقىمنى ئېلان قىلدى . مەن ھەپتىدە ئىككى كېچە ، بىر ئەتىگەن خەۋەر قوبۇل قىلىدىغان ۋاقىتتىن باشقا كۈنلىرىمنى مەكتەپ ئۈچۈن ئاتىدىم . يۇقىرىدىن بېرىلگەن راسخوتلارنى راۋۇرۇس ـ تەندۇرۇس ئىشلىتىمەن . ھازىر قىرىق سەككىز ئوقۇغۇچىنىڭ نوپۇسى گۇگشىي ئاشلىق پونكىتىغا ئۆتكۈزۈلدى . مەن ئايلىق نورما ۋە كۆكتات ـ پۆكتاتلارنى قوتازلاردا يەتكۈزۈپ بېرىمەن ، ھۆم مانا ...

ئىدرىس چاۋاكلار ئىلكىدە گاڭگىراپلا قالدى . ئۇ بەلكىم پۈتۈن ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم ئۆزىگە چاۋاك چېلىنغانلىقىنى ھېس قىلغاندۇ !...

يىغىندىن كېيىن باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە يېڭى ئوتتۇرا سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى كۆڭۈل ئېچىش ئۆتكۈزدى . ئەسلىدە يىغىندىن كېيىنلا شەھەرگە يولغا چىقماقچى بولغان داۋۇت سەلىمنىڭ ئىسكىرىپكىسىنى بىر ئاڭلىۋېلىش ئۈچۈن چىلان تورۇقنى قاڭتۇرۇپ قويدى .

كۆڭۈل ئېچىشتىن كېيىن ئوقۇغۇچىلار سەككىزدىن بولۇشۇپ قورداقتا تۇتۇش قىلىشتى . سەلىم داۋۇت ، نىياز ، ئىدرىسنى ، باشلانغۇچ مەكتەپ مۇئەللىملىرى بىلەن ئاتا ـ ئانىلارنى ئۆز يانىغا باشلاپ كىردى .

— سەلىم ، — دېدى داۋۇت ئالدىدىكى قورداق ئۇسۇلغان تاۋاقتا قوشۇقنى ئۇرۇپ تۇرۇپ ، — سەندە ئاش بولغىنى بىلەن قوشۇق يوق . شۇڭا ، بۇنىڭدىن كېيىن قادىرنىڭ قوشۇقىنى ئىشلەتكەچ تۇرغىن .

ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى قاقاقلاپ كۈلۈشتى . سەلىممۇ داۋۇتنىڭ «سەندە بىلىم بولغىنى بىلەن تەجرىبە يوق» دېمەكچى

بولغان مەنىلىك چاقچىقنى چۈشىنىپ كۈلۈۋەتتى .

تاماقتىن كېيىن سەلىم داۋۇتنى ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئېتىنى يېتىلەپ كۆلا كۆۋرۈككىچە بىللە كەلدى .

— سەلىم ، ئەمدى قايتىپ كەت ، — دېدى داۋۇت ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى قولىغا ئېلىپ ، — قارىغىنا ، گەپ بىلەن خېلىلا ئۇزاپ كېتىپتىمىز .

— داۋۇت ئاكا ، ئىلاج بار تېزرەك قايتىپ كېلىڭ . سىز بولسىڭىز مەن ··· مەن ئىشەنچلىكرەك ئىشلەيدىكەنمەن .

— هەي ··· سېنى قارا ، — دېدى داۋۇت سەلىمنىڭ مەيۈس چىرايىغا قاراپ ، — مەن ساڭا نېمە قىلىپ بېرەلەيمەن ؟ بار - يوقى تۆت ئېغىز تاراڭ - تۇرۇڭ گېپىم بار ، خالاس .

— بۇنى··· — دېدى سەلىم قولىدىكى خەتكە قارىغىنىچە قىزىرىپ .

— ئەكەل ، مەن ئالغاچ كېتەي . بۇ يەردىن بىركىم گۇڭشېغا ماڭمىغۇچە گېزىتمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ . خەت ماڭدۇرۇش تېخىمۇ تەس .

داۋۇت خەتنىڭ ئادرېسىنى كۆرۈپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى .

— بولىدۇ ، مەن ئىگىسىگە تاپشۇراي ، لېكىن سەلىم ، — دېدى داۋۇت ئات ئۈستىگە ئۆزىنى ئېلىپ ، — تاغدا بالا ئوقۇتۇشتا جاپا بار . بېشىڭغا هەرقانچە تاغ يىقىلسىمۇ ، مەن كەلگۈچە بەردەمرەك بول . ئىدرىس كاتىپنىڭ قۇلىقىنى ئوبدان بۇراپ قويدۇم ، ئۇ بار - يوقنى تەل قىلىپ بېرىدۇ . سالامەتلىكىڭنى ئاسرا . هاۋا ، تۇز ، سۇ ئالماشتى ، مىجەزىڭدىمۇ ئۆزگىرىش بولۇشى مۇمكىن .

— بولىدۇ ، سىز مېنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ !

— توغرا ، ساڭا سالىدىغان بىر مەسلىهەت بار . ئويلىنىپ كۆرگىن . سەرۋەر ئوقۇسام دەپ زار - زار قاقشايدۇ . قانداق ، بولارمۇ ؟

— نەچچە ياشتا ؟

— ئون ئالتىدىن ئېشىپ ئون يەتتىگە ماڭغان، باشلانغۇچنى پۈتتۈرگىلى تۆت يىل بولدى.

— يېشى ئۆتۈپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ!

— سىلەر مەيدان تاماشىسى قىلغان كۈنى كېچىدە ئۇ مېنىڭ ئالدىمنى توسۇپ ··· ھەي بىچارە قىز، تولىمۇ تەلەيسىز بولۇپ قالدى دېگىنە. ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بولسىمىغۇ بىرسىرى. لېكىن، خان ئانىسى ··· زادىلا ئۇز قىزلا بولسا، شۇنداق بىتەلەي بولۇپ قالامدىكىنتاڭ ···

— سىز كەلگەندە ئويلىشىپ باقايلى.

— بولىدۇ، ھەرھالدا قىزنىڭ كۆڭلىگە توپا چاچمايلى.

داۋۇت ئېتىنى قاتراتقىنىچە يولغا چۈشتى. سەلىم ئۇنىڭ كۆلا كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ تا قاراچېقىلىنىڭ بىر غولاچ كەڭلىكتىكى خەتەرلىك ھاڭ يولىدا كېتىپ بارغان ئېتىغا قارىغىنىچە ئۇزۇن تىكىلىپ تۇردى.

سەلىم پەس جىلغا يوللىرى بىلەن يۈگۈرۈپ مەكتەپكە ياندى. ئۇ يولدا كەلگۈچە غۇدۇر ـ غۇدۇر قىزىرىپ ئېسىلىپ تۇرغان زىخنىڭ بىر شېخىنى ئاۋايلاپ سۇندۇرۇۋالدى ـ دە، ئۇنى پۇلاڭلاتقىنىچە مەكتەپكە كىرىپ كەلدى. مەكتەپ مەيدانىدا قادىر تىكلەپ قويغان دوسكىغا تاياق بىلەن تاقىلدىتىپ ئۇرۇپ باللارغا شېئىر ئۆگىتىۋاتاتتى.

ئوقۇغۇچىلار شېئىرنى ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن، بوي سىرى قىلىپ پارتىلارغا تەقسىم قىلىندى. ئۇلار رەتلىك ئولتۇرۇپ ئۆگەنگەن شېئىرنى ئوقۇدى.

— ئوقۇغۇچىلار، — دېدى سەلىم باللارغا تەكشى قاراپ، — ئەتە رەسمىي دەرس باشلىنىدۇ. شۇڭا، ھازىر سىنىپ، ياتاق ۋە مۇھىت تازىلىقى ئېلىپ بارىمىز، بولامدۇ؟

سەلىم چۇرقىراشقان، ۋارقىراشقان ئاۋازلار ئىچىدە دېرىزە ئەينەكلىرى، رام ـ ئىشىكلەرنى يۇياتتى. ھويلىلارنى سۈپۈرۈپ ئەخلەتنى تۆكەتتى. قىز ـ ئوغۇللارغا يونقان ـ كۆرپىلەرنى قانداق

تىزىشنى ، كىيىم ـ كېچەكنى قانداق رەتلەشنى ئۆگىتەتتى .
ئوقۇش باشلاشنىڭ ئاجايىپ شادىمانلىقىغا چۆمگەن كۆڭۈللۈك كۈن ھارپىسىدا قۇياش خۇددى بىركىم ئىتتىرىۋەتكەندەكلا تاغ ئارقىسىغا تېزلا ئۆتۈپ كەتتى .
جىمجىت كېچە ھارغان ئوقۇغۇچىلار پاكىز ، رەتلىك ياتاقلىرىدا ھۇزۇرلىنىپ ئۇخلاپ كېتىشكەنىدى . لېكىن ، قادىر بىلەن سەلىم ئىشخانىدا دەرس تەييارلاۋاتاتتى . سەلىم ئالگېبرا ، تىل ـ ئەدەبىيات ، خەنزۇچە ، قادىر بولسا تارىخ ، جۇغراپىيە ، زوئولوگىيە دەرسلىرىنى زىممىسىگە ئالغانىدى .
— سەلىم ، — دېدى قادىر سومكىسىدىن بىر خاتىرىنى ئېلىپ ، — ئەتە ئوقۇغۇچىلار قائىدىسىنى ئوقۇپ ، ماددىمۇماددا چۈشەندۈرۈپ مۇزاكىرىگە سالساق ، سىزچە قانداق ؟
— توغرا ، ئۇلارنى بىر قېلىپقا سالمىساق بولمايدۇ ، — دېدى دەرس سېتكىسىنى تۈزۈۋاتقان سەلىم ، — ئوقۇغۇچىلار قائىدىسى بارمۇ ؟
— مەندە بار .
قادىر مۇئەللىم ئۆزىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان بىرنەچچە يىللىق تەجرىبىلىرىنى سۆزلىگەندە ، سەلىم زېھىن قويۇپ تىڭشىدى . دەرۋەقە ، سەلىمدە ئاش بولغىنى بىلەن قوشۇق يوق ئىدى .
سەلىم قادىر مۇئەللىمنى ئۇزىتىپ چىققاندا ، تۈن تەڭ بولغان بولۇپ ، ئاسماندىكى يۇلتۇزلار خۇددى ئەينەك ئۇۋاقلىرىدەك چاقنايتتى . تاغ ئىزنىلىرىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ چېچىلىپ تۇرغان كۈمۈش نۇر يۇلتۇزلار تۈركۈملىرىنىڭ قويۇقلىشىدىغان پەسلىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى .
— قادىر ئاكا ، — دېدى سەلىم داۋۇتنىڭ سۆزى ئېسىگە كېلىپ ، — سەرۋەر قانداقراق قىز ؟
— بۇنى سوراپ قالدىڭىزغۇ ؟
— ئۇ ئوقۇسام دېگۈدەك ، لېكىن داۋۇت ئاكامنىڭ ئېيتىشىغا

قارىغاندا، يېشى ئۆتۈپ كەتكەندەك قىلىدۇ.
— سەرۋەر ئوبدان قىز، باشلانغۇچتا ئەلا ئوقۇغان. لېكىن، — دېدى قادىر ئۆسۈپ كەتكەن ساقىلىنى تاتىلاپ، — ئۇنى قوبۇل قىلساق ھەمدۇل موللىنىڭ مۆڭگۈزىگە ئۇرغان بولىمىز. ئۇ چاغدا چاتاق بولارمىكىن!
سەلىمنىڭ قۇلاق تۈۋىدە داۋۇتنىڭ «چىرايلىق قىزلا بولسا، بىتەلەي بولۇپ قالامدىكىن» دېگەن سۆزى قايتا تەكرارلانغاندەك بولدى - دە، خان ئانىسى ھەمدۇلغا دوئا قىلدۇرماقچى بولغان سەرۋەرنى ۋە تاغ بۈركۈتى داۋۇتقا پوت ئېتىۋاتقان ھەمدۇل موللىنىڭ خۇنۇك چىرايىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. گويا «تومۇرىدا مۇسۇلمان قېنى ئېقىۋاتقان بەندىلەر سېنى تۈكۈرۈكىدە كۆمۈۋېتەرمىكىن» دېگەن سۆزنى داۋۇتقا ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە دەۋاتقاندەك، ئۇنىڭ بىردىنلا ئاچچىقى كەلدى.
— نېمىگە قورقىمىز، پۈۋلىسە ئۆچۈپ كەتكۈدەك ئەرۋاھتىن؟
— نېمىگە قورقىمىز؟ خام ئويلىماڭ سەلىم، ھەمدۇل زەنجىرنى سىلكىمەي ئۈزىدىغان، تورپاقنى چىمداپ ئۆلتۈرىدىغان بىر سېھىرگەر. ئەگەر مەكتەپنىڭ ئۆمرىنى تىلىسەك، ئۇنىڭغا چېقىلمىغىنىمىز تۈزۈك.
قادىر بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە كېتىپ قالدى. سەلىم ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن قادىرنى ئەمەس، بەلكى بۇلاق بېشىدا چۆچۈگەن قۇشتەك تۇرغان بىچارە بەختسىز، يېتىم قىز سەرۋەرنىڭ قارا كۆلەڭگىسىنى كۆرگەندەك بولدى. سەلىم ئۇنى خىيالەن كۆرۈپ تۇرغان مۇشۇ سوغۇق شاماللىق كېچىدە راستتىنلا سەرۋەر بۇلاق تۈۋىدە ئېغىر ۋە ئەنسىز خىياللار ئىلكىدە ئېگەك تىرەپ ئولتۇراتتى ...
سەرۋەر بۈگۈن ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىنى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ خۇشال ۋاڭ - چۇڭلىرىنى، سەلىمنىڭ مۇڭلۇق ئىسكىرىپكىسىنى مەكتەپ ئاشكارا كۆرۈنگۈدەك تاغ باغرىدىكى تاش

ئۈستىدە ئاڭلاپ ئولتۇردى. چۈنكى، ئۇ يىغىن تۈگىگەندە داۋۇتنىڭ ئالدىنى توسماقچىدى. سەرۋەر يىغىن تۈگەپ، يىغىن ئەھلى تاماق يەپ سىرتقا چىققانغا قەدەر پەستىكى ئارغامچىدەك ئەگرى ـ توقاي ئايلانما تاغ يولغا قارىغانچە تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتتى. لېكىن، تەلەيسىز تۈگىگە مىنسە، پۇتىنى ئىت چىشلىۋاپتۇ» دېگەندەك داۋۇت بىلەن سەلىم بىرلىكتە كۈلا كۈۋرۈككىچە كەلدى. سەرۋەرنىڭ ئىچى تىت ـ تىت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئىز بېسىپ يوشۇرۇنۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ سەلىمنىڭ «بېشى ئۈتۈپ كېتىپتۇ» دېگەن سوغۇق، بەكمۇ يېقىمسىز سۆزىنى ئاڭلاپ قېلىپ يۈپۈرماقتەك تىترەپ كەتتى، ھەتتا ئۆزى دالدىسىغا يوشۇرۇنغان قويۇق بىر توپ زىختىن شاخ سۇندۇرۇۋالغان سەلىمگە ئاچچىق ئەلەم بىلەن قارىدى.

سەرۋەر داۋۇت بىلەن كۆرۈشەلمەي، تاغ جىلغىلىرىنى مەقسەتسىز ئايلىنىپ ـ ئايلىنىپ كۆز ياغلىنىش بىلەن ئۈيىگە قايتتى. ئۇ ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ، خان ئانىسى ھازىلخاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ توختىدى.

— موللام، گېپىم گەپ. داۋۇت مېنىڭ قىزىمغا ئىگىدارچىلىق قىلالمايدۇ. مەن ئۇنى مۇشتۇمدەك ۋاقتىدىن باشلاپ ئۆز قولۇمدا قاتارغا قاتتىم.

— ھەببەللى، شۇنداقلىكىم بولغاندىن كېيىن، خۇدا يولدا داۋۇتقا ئۆز ئېغىزلىرى بىلەن ئۆتكۈدەك گەپ قىلسىلا!

ھەمدۇلنىڭ خىرقىرىغان ئاۋازىدىن سەرۋەرنىڭ يۈرىكى «جىغ»لا قىلىپ قالدى ـ دە، ئىشىككە قۇلىقىنى ياقتى. لېكىن، ھەمدۇل ئەمدى كۇسۇرلاپ گەپ قىلىشقا باشلىغانىدى.

— ئەلۋەتتە، شۇنداق بولمامدىغان، — دېدى ھەمدۇل ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — قۇرئان ساۋاتى چىقىمدۇ. بەش ۋاخ نامازنى قازا قىلماي ئوقۇيدىغان بولىدۇ. بۇنىڭ ساۋابى ئىككىلا ئالەمدە سىلىگە بولىدۇ.

— ھىممەتلىرىگە رەھمەت، موللام.

— لېكىن ، بۇ ئىشنى ئەتقادەك پىنھان تۇتماق كېرەك . داۋۇت بىلىپ ـ تارتىپ قالمىسۇن ...

سەرۋەر ھەمدۇلنىڭ كېيىنكى شىۋىرلاشلىرىنى ئاڭلىيالماي قالدى . ئۇ بىردىنلا ئېتىلىپ چىققان ياشلىرىنى سۈرتمەي ، پەس جىلغا بويلاپ بۇلاق تۇۋىگە يۈگۈرۈپ كەتتى .

بۇ بۇلاق سەرۋەرنىڭ يۈرەك دەردلىرىنى كۆپ ئاڭلىغان . شۇڭا ، ئۇنىڭ توختىماي ئېقىۋاتقان سۈيى ئۆزىنىڭ سىرلىق شىۋىرلاشلىرى بىلەن كۆپ قېتىم ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلغان .

سەرۋەر تاغ قاپتاللىرىدىن ئۇرۇۋاتقان سوغۇق شامالدىن شۈركۈندى ـ دە ، يولتۇزلار قاپلىغان ئاسمانغا ، قارىيىپ تۇرغان تاغلارغا قارىدى ، كۆلا كۆۋرۈك يۈتمىسىدىن كېلىۋاتقان خارتىلداش ، گۈركىرەش ئاۋازلىرى ئۇنىڭ ئەنسىزلىك ئىچىدە ئالاڭغۇ ئۇرۇۋاتقان كىچىككىنە يۈرىكىنى لەرزىگە سالاتتى ...

ئاي ـ كۈنى توشماي چالا تۇغۇلغان سەرۋەر يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىپلا ئانىسىز قالدى . ئۇ تۇغۇلۇپ ، بىچارە ئانىسىنىڭ ھەمرىيى چۈشمەي ، ئىككى كۈنگىچە قىينىلىپ ئاخىر سەرۋەرنى يالغۇز تاشلاپ كەتتى . ئۇنىڭ ئاتىسى ھاپىز سۆڭەكلىرى بىلەن قوشۇلۇپ تۆت جىڭ كەلمەيدىغان نىمجان بۇ ئەتلىمە گۆشنى سالۋا تەلپىكى ئىچىدە باقتى . تەلپەك ئىچىدە سازاڭدەك نازۇك بارماقلىرى بىلەن قىپقىزىل يۈزلىرىنى چاڭگاللاپ ياتقان بۇ جان ئىگىسى گويا ئۆزىنىڭ كېيىنكى بەختسىزلىكلىرىنى كۆرگۈسى كەلمىگەندەك ، كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ ، بىر كۈن كەچكىچە ئىڭراپمۇ قويمايتتى . ھاپىز يازدا يايلاقتا ، قىشتا قىشلاقتا ئوغلى ھامىل بىلەن دادۇينىڭ قويلىرىنى باقاتتى . ئۇ ئۆشنىسىگە ئارتىۋالغان خۇرجۇننىڭ ئارقا پېيىغا نان ـ ئوزۇقلىرىنى ، ئالدى پېيىغا سەرۋەرنى سېلىپ بىر كۈن كەچكىچە يۇدۇپ يۈرەتتى . سەرۋەر ھاپىز چايناپ خامغا يۆگەپ بوغۇپ بەرگەن ناننى شوراپ ئۇخلايتتى .

سەرۋەر مال ئارىسىدا ، تېزەك گۈلخانلىرى ئەتراپىدا

پـۇچىلىنىپ سەككىز ياشقا كىرگەندە ، ئاتىسى ئۇنى رەھمەتلىك قەدىنىسىنىڭ بىر تۇغقان ئاچىسى ھازىلخاننىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ ، ئۆزى تـاغـقـا كـەتتى . ھازىلخان ئىشىك تاراقلىسا ياكى بىرەر قوشۇقمۇ ، چۆمۈچمۇ يەرگە چۈشۈپ كەتسە ، بىر كۈن كەچكىچە كـوتـۇلدايدىغان ساراڭ مىجەز خوتۇن ئىدى . سەرۋەر باشلانغۇچ مـەكـتـەپـنـىـڭ بەشىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا ، خۇددى گۆلدۈرماما گۈلدۈرلىگەندەك كەلگەن بىر خەۋەر ئۇنى چېقىلىدىن تـاشـلـىـنـۋەتـكەندەك بەختسىزلىككە دۇچار قىلدى . تاغدا بولغان دەھـشـەتلىك قار كۆچكۈنى ئۇنىڭ ئاتىسى ھاپىز بىلەن ئاكىسى ھامىلنى بىسۈۋالغانىدى .

مانا شۇنىڭدىن بېرى داۋۇت ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ ، ھەر يىلى ئۇنىڭ كىيىم ـ كېچەك ۋە يېمەك ـ ئىچمىكىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى . ئۇ بۇ قېتىم ناتىۋان قىزنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلدى . ھـازىـلـخـان ھـەمـدۇلـىـنىڭ ئۆرۈپ بەرگەن يالغان چۈشلىرىگە ، شـىـۋـىـقـەدىرلىرىگە ئىشىنىپ ئۇنى دۇئا قىلدۇرماقچى بولغاندا ، داۋۇت ئۆزىنى بىر تونۇتتى . شۇڭا ، سەرۋەر داۋۇتنى ئۆزىگە ئاتا قىلىۋالغانىدى ···

سەرۋەر قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئەجدىھا ئېغىزى تەرەپكە تـىـكـتـى . ئـۇنىڭ مەڭزلىرىدىن توختىماي ئېقىپ تۇرغان ياش تامچىلىرى ئېگىكىدىن مەيدىسىگە ساقىپ چۈشۈۋاتاتتى .

يۈرەك دەردلىرى ۋە ئاچچىق غەزەپلىرىنى ئۆز كۆزىدىن ئالغان بۇ ناتىۋان قىز بەكمۇ زەئىپلىشىپ ئۆيىگە قايتتى . ئۇ قاراڭغۇ ئۆيگە قەدەم ئالغاندا ، ھازىلخان ئۇخلاپ قالغانىدى .

— سەرۋەرمۇ سەن ؟

ھازىلخان قولىدا سىيپاشتۇرۇپ تۆشەك يېنىغا قويۇلغان كالا مۈڭگۈزى — قارا چىراغنى ياندۇردى . سەرۋەرمۇ ئۈن ـ تىنسىز چىقارماي قۇراق تۆشىكىنى تاشلاپ ، ئارپا خېمىرتۇرۇچى پۇراپ تۇرىدىغان تاشلانمىغان جۇۋىسىنى غىرىبچە يېپىنىپ ، ھازىلخانغا ئارقىسىنى قىلىپ موكلا چۈشتى .

— سەرۋەر ، قايسى بولۇك - پوچقاقلاردا يۇرسەن ، هوي ، ئەرسىرەپ قالغان ئىنەك ، ئۆزىنى بىلمىگەن رەسۋا ، — هازىلخان كىر يوتقىنىدىن تامبىلى بىلەنلا ئۆمىلەپ چىقىپ كېلىپ سەرۋەرنىڭ جۇۋىسىنى ئېچىۋەتتى ، سەرۋەر چاچراپ تۇرۇپ ئولتۇردى - دە ، ئۇنىڭغا «يالت» قىلىپ بىر قاراپلا كۆزىنى قاچۇردى . هازىلخاننىڭ ئىششىقلىقىنى ياكى سېمىزلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان يۈزىدىكى سەۋدايىلىق تارقاپ ، قەھر - غەزەپ بىلەن سەرۋەرنى ئاقچى - كۆكچى دەپ تىللاشقا باشلىدى .

— ۋۇي ئەپتىڭ قۇرغۇر ، تېخى خان ئاناڭ گەپ قىلسا قىيا كۆزۈڭنىمۇ سالمايدىغان بولدۇڭمۇ ؟ قېنى سېنىڭ مەندىن چېنىپ ئاشنا تاپقىنىڭنى كۆرەي ...

— مەن ... مەن ... ئوقۇشقا يېزىلىش ئۈچۈن مەكتەپكە باردىم .

سەرۋەر ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ يىغلىۋەتتى . بۇ چاغقىچە خان ئانىسىدىن ئاڭلاپ باقمىغان ھىگدىن سېسىق گەپلەر ئۇنىڭ ئىپپەت - نومۇسىغا تىغدەك سانجىلغانىدى .

— ئوقۇشقا ؟ — هازىلخاننىڭ ئاچچىقى خۇددى تاغدىكى يانغىن ئۈستىگە لەپپىدە يامغۇر ياغقاندەك ئۆچۈشكە باشلىدى ، — ماقۇل ، ماقۇل ئوقۇيسەن ، موللامنىڭ دىنىي مەكتىپىدە ئوقۇيسەن .

— نېمە ، ھەمدۇل دىنىي مەكتەپ ئېچىپتىمۇ ؟ — سەرۋەرنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى .

— ياق ، ياق ، پەقەت مۇسۇلمانچىلىقنى ئۆگىنىشكە بارىسەن .

هازىلخان ئەنقادەك يوشۇرۇن تۇتماقچى بولغان سىرنى پۇسۇقىدە چىقىرىۋەتكەنلىكىگە ئىچىدە ئۆزىگە كايىدى .

— ئەگەر مىنى ھەمدۇلغا ئوقۇتۇش ئۈچۈن بېرىدىكەنسىز ، مەن سىزگە نان دەسسەپ بېرىمەنكى ، ئۆزۈمنى يۇتمىغا تاشلايمەن . بۇ قەسىمىمگە ئىشەنمىسىڭىز ، ئۇۋالى ئۆزىڭىزگە ...

ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن هازىلخان ئارقىچە ئۆمىلەپ تەر ھىدى پۇراپ تۇرغان يوتقىنىغا ئۆزىنى ئالدى . ئۇ ئىچىدە : «يا

روسۇللا ، بىلمىدىم توۋا ، بۇ قىلىدۇ ، قىلىدۇ ، چوقۇم يانمايدۇ ... » دېگىنىچە يوتقىنىنى بېشىغا پۈركىدى .

— بولدى ئۇخلا ، — دېدى هازىلخان ياتلا يۇمشاق ئاۋازدا . چۈنكى ، ئۇنىڭ ئاش - تامىقىنى ئېتىپ ، بېشىنى بېقىپ ، كىر - قاتلىرىنى يۇيۇپ ، دەم كۈتا بىلىنى كۈندە ئۈزۈلاپ تۇرىدىغان سەرۋەردىن ئايرىلغۇسى يوق ئىدى .

بەشىنچى باب

# ئىككى تاغلىق

هازىلخان يوتقىنىغا پۈركىنىپ خۇدادىن قىزى سەرۋەرگە ئىنساپ ـ تەۋپىق تىلەۋاتقان بۇ كېچىدە ، داۋۇت گونداز ئۈچ يۈز ئاتمىش كېچىكنى بېسىپ جىنكۆچتىنىڭ قارىسىنى ئالغانىدى . ئۇ جىنكۆچتىدە ئېتىنى تويغۇزۇپ ، جادۇگەرگە ئوخشايدىغان دەڭجادىن بىر قۇم چۆگۈن چاي ئالغاندىن كېيىن ، خۇرجۇنىدىكى كۆمەچتىن ئېلىپ قورسىقىنى تويغۇزدى . ئۇ ئازراقلا كېرىلىپ پۇت ـ قوللىرىنىڭ هاردۇقىنى چىقىرىۋالغاندىن كېيىن ، يەنە يولغا ئاتلاندى .

كالپۇكلىرى گەز باغلاپ ، ئاتتىن بەتتەر هېرىپ كەتكەن داۋۇت ئەتىسى پېشىن بىلەن گۈڭشې قورۇسىغا كىرىپ كەلدى . ئۇ ئېتىنى ئات باقارغا بېرىپ ، ئالچاڭلاپ گۈڭشې ئىشخانىسىغا كىردى . پارتكوم شۇجىسى هامۇدۇن تاغ ئادىتى بويىچە ئۇنىڭ بىلەن بىر ـ ئىككى ئېغىز ياسىما تىللاشقاندىن كېيىن ، قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى .

— هە ، گونداز ، قاراڭنى كۆرسەتمەيدىغان بولۇپ كەتتىڭغۇ ؟ مال — ۋارانلار ئوتلاۋاتامدۇ ؟… بۇ يىل تاغدا ئوت ياخشىمۇ ؟ مەكتەپنىڭ ئىشى قانداق بولدى ، دەرس باشلاندىمۇ ؟

— ۋاي خۇدا ، بىردەم ئارام ئالغىنى قويغىنا ، كۆمقاپتىن بوران چىققاندەك بۇ سوئاللىرىڭغا قانداقمۇ بىر يولىلا جاۋاب بېرىپ بولالايمەن ؟

— بولدى ، گونداز ، گۆرەنلىرىڭنى كۆپتۈرمە ، قېنى ئەمىسە چاي ئىچ ، قورسىقىڭ قانداق ، بىرەر نەرسىگە كۆڭلۈك تارتامدۇ ؟

— قورسىقىم ئاچ ، ئاخشام جىنكۆچتىدە بىرنەرسە يېگەنچە ، — دېدى داۋۇت چايدىن بىر ئوتلاپ قويۇپ .
— هازىرلا ئامالىنى قىلايلى . قانداق ، يېڭى بارغان مۇئەللىم كۆنەلىگۈدەكمۇ ؟ ئابدۇرېشىت هاكىم تېلېفوندا بۇنى ئىككى نۆۋەت سورىدى .
— هازىرچە بىرنېمە دېمەك تەس . ئالدىنقىلىرىمۇ ئالدى بەش ئاي ، كەينى ئىككى ئايدا قۇيرۇقىنى خادا قىلغان . سەلىمنىڭ مىجەزىغۇ ئۇلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغاندەك قىلىدۇ .
— بۇغاقاچتىدىكىلەر يەنە كەكلىكتەك چوقۇشتى دەپ ئاڭلايمەنغۇ ! ئۆزۈم بارماقچىدىم ، ناھىيىدە يىغىن بولۇپ بارالمىدىم .
— يەنە شۇ كونا ماجىرا ! بۇ قېتىم ياقا - ماقىدىن ئېلىشىدىغاندەك تۇرىمىز .
— بولمايدۇ ، تېگىل بولمايدۇ ، — دېدى هامۇدۇن بېشىنى چايقاپ ، — ئەسلىدە مەن ئىككىڭلارنى گۇڭشېدىلا ئەپلەشتۈرۈپ قويماقچىدىم . لېكىن ، سادىن تۇنۇگۈن كەپتۇ ، ئېتىنى ئات باقارغا تاپشۇرۇپ سايىسىنىمۇ كۆرسەتمەي شەهەرگە تىكىۋېتىپتۇ .
— ئۇ ئالدىراپتۇ ، قېنى سوتتا كۆزۈمگە تىكىلىپ قارىيالىسا ، مەن گونداز چارىپاي بولۇپ كېتەي .
— هەر ئىككىڭلار پارتىيە ئەزاسى ، تەسىر دائىرىسىنى ئويلاشماي يېنىكلىك بىلەن سەكرەپسىلەر ، — دېدى هامۇدۇن بىر كاللەك سېرىق مايىنى داۋۇتنىڭ چىنىسىگە تاشلاپ ، — تاماقنى بىزنىڭ ئۆيدىن يەيلى ، ئىلىكنىڭ ئۇزۇلگەندۇ ، قېنى چايىنى سۈمۈرۈۋەت !
— چاۋاك ئىككى قولدىن چىقىدۇ . مەندە نېمە ئامال بار ؟ ئۇ سوتقا بارىمىز دېسە ، مەن «ياق» دەيمەنمۇ ! قورسىقىمدا دۆك بولمىغاندىن كېيىن ، «بېشىم بىلەن» دېدىم .
— بولدى ، قالدى گەپلەرنى ئاخشاملىقتا بىزنىڭ ئۆيدە قىلىشايلى . سەن هازىر ئارام ئال . يۈز - كۆزۈڭنى يۇ ، گۆردىن

تارتىۋالغاندەك بولۇپ كېتىپسەن …
ھاردۇقى چىقىپ قالغان داۋۇت ئەتىسى ئەتىگەندە چارۋىغا تۇز توشۇيدىغان ماشىنا بىلەن شەھەرگە يۈرۈپ كەتتى. ماشىنا كەچلەپ شەھەرگە يېتىپ كەلدى. داۋۇت خۇشال - خۇرام ئىشتىن يانغان ئىشچىلار، كادىرلار، كەچلىك تاماق تەييارلىقى ئۈچۈن نەرسە - كېرەك كۆتۈرۈپ ماڭغان كىشىلەرگە قارىغىنىچە شەھەر مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىپ كېتىپ باراتتى. ئۇ ئىچىدە: «تۇۋا، شەھەر دېگەننى بىرەر يىللا كۆرمىسەڭ، باشقىچىلا ئۆزگىرىپ كېتىدىكىنا!» دەيتتى ۋە يېڭىدىن - يېڭى چوشكەن بىنالارغا، يېڭىدىن سېلىنىۋاتقان ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇشلارغا قارايتتى.

داۋۇت مېھمانخانىدا بىلەت ئالغاندىن كېيىن، كوتكوچىنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئون توققۇزىنچى ياتاققا كىردى. لېكىن، بۇ ياتاقتا سادىن بار ئىدى. سادىن غىل - پال قارىغىنىچە چىقىپ كېتىپ كىرمىدى، ئۇ بىلىتىنى ئالماشتۇرۇۋەتكەندى.

داۋۇت قورسىقىنى تويغۇزۇپ كىنوغا كىرمەكچى بولدى. لېكىن، ئۇ ئابدۇرېشىت ھاكىمنىڭ ئۆيىدە دەم ئېلىۋاتقانلىقىنى، ئەتە يەنىلا تۈگىمەس ئىشلار بىلەن بەند بولىدىغانلىقىنى ئويلىدى - دە، ناھىيىلىك پارتكوم ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا يۈرۈپ كەتتى.

داۋۇت سانا دەرىخى شاخاراپ كەتكەن ئائىلىلىكلەر قورۇسىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ بېرىپ، ئابدۇرېشىتنىڭ ئۆيىنى شەھەر ئادىتى بويىچە چەكتى. ئۇ پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان ۋە بۇلتۇر قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنىغا قاتناشقان چاغلىرىدا بۇ ئۆيگە بىرنەچچە قېتىم كەلگەن بولۇپ، ئابدۇرېشىت بىلەن پۇخادىن چىققۇچە سۆزلەشكەنىدى.

— كېلىڭ، ئۆيگە كىرىڭ، — دېدى ئابدۇرېشىتنىڭ قىزى داۋۇتنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ، — دادا، مېھمان كەلدى!…

— ۋۇي، ماۋۇ گوندازنى، بەللى … بەللى … — ئابدۇرېشىت داۋۇتنىڭ دولىسىغا بىرنى ئۇرۇپ كۈلۈپ كەتتى، — ھەي سەن

گوندازنى ، بۇرنۇڭنى دەرەپشىدە تېشىۋەتسەممۇ دەردىم چىقمايدۇ . قانداق ، باللىرىڭ تىنچلىقمۇ ، يەنە تاغنى بېشىڭغا كىيىپ گۈركىرەپ يۈرەمسەن ؟

ئۇلار ساپادا ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن ، ئابدۇرېشىت داۋۇتنىڭ چاپىنىنى سالدۇرۇپ قوزۇقتا ئىلىپ قويدى . پەتنۇستا تاتلىق - تۈرۈم ، توقاچلارنى كۆتۈرۈپ كىرگەن ئابدۇرېشىتنىڭ ئايالى داۋۇتتىن تىنچلىق - ئامانلىق سورىدى :

— ھارمىغايلا !

— ياخشىدى ··· خان يەڭگە ، ئۆزلىرى تەن دۇرۇس ، باللار تىنچلىقتۇ ؟

— ئەلھەمدۇلىللا شۈكۈر !

ئابدۇرېشىت ئايالى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، پىيالىلەرگە چاي قۇيۇۋېتىپ داۋۇتنىڭ تاغ شامىلىدا قارىداپ كەتكەن چوڭ يالپا يۈزىگە قارىدى .

— چاي ئىچكەچ پاراڭلىشايلى ، تاغدىكى ئىشلار قانداقراق ، چارۋىنىڭ قىشلىق تەييارلىقى ئوبدان كېتىۋاتامدۇ ؟

— ھازىر جىددىي ئوت چېپىۋاتىمىز . ئومشا ، قىسىل قىشلاقلىرىغا بىرقىسىم ئوت - چۆپ دۆۋىلەندى . قىشلاق غاراللىرىنى چىتلاپ بولدۇق .

— ئوبدان بوپتۇ ، — دېدى ھاكىم مەمنۇن بولۇپ ، — مەكتەپنىڭ ئىشلىرى قانداق بولدى ؟ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا مۇدىر بارماپتۇ ، بىرئاز قاتتىق گەپ قىلىۋەتتىم .

— ئوقۇش باشلاندى ، باللارنىڭ كەيپىياتىمۇ ئۈستۈن .

— سەلىم كۆنەلىگۈدەكمۇ ، ئۇنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىچۇ ؟

— بۇ بالىدا يېشىغا ماس كەلمىگەن ھالدا ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ ئېغىر - بېسىقلىقى بار ئىكەن . ھەرھالدا مىجەزىگە قارىغاندا كۆنگۈدەك . لېكىن ، كېيىنچە ···

داۋۇت ئالدىراپ - تېنەپ بىركىمگە باھا بېرىدىغان ئادەم ئەمەس ئىدى . شۇڭا ، ھەرقانداق ئىشتا كېيىنگە ئىمكان قالدۇرۇپ

سۆزلەيتتى . ئابدۇرېشىتمۇ ئۇنىڭ بۇ مىجەزىنى ياقتۇراتتى .

ئۇلار چارۋىنىڭ كۆپىيىشى ، ئوزۇقلىنىشى ۋە كېسەللىكلىرى ئۈستىدە ئۇزۇن سۆزلەشكەندىن كېيىن ، «بۇغاقاچتى»دىكى ماجىرا توغرۇلۇق توختالغاندا ، ئابدۇرېشىت يۈزتۇرا داۋۇتقا كايىپ كەتتى :

— ئازراق بولسىمۇ قورسىقىڭنى كەڭ تۇتساڭ يېرىلىپ كېتەمتىڭ ؟ ئىككى كوممۇنىست سوتتا سەن - پەن دېيىشكىلى تۇرساڭ ، نى ئات ، نى نومۇس ؟ ئەسلىدە مەن ئەته يولغا چىقماقچىدىم ، بۇ ئىشنى هامۇدۇندىن ئاڭلىغان .

— ئەمىسە ئۇ بىر ئىزىتقۇنىڭ دامىغا چۈشۈپ يولسىزلىق قىلسا ، مەن يۈز - خاتىر قىلامدىم ؟ ئىككى تاغ ، بىر قاپتالنى بېرىۋەتسەم ، ھەمدۇلنىڭ گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتمەمدۇ ؟ سادىنىڭ بىر قىزىنىڭ تۇلكىنىڭ ئېزىتقۇ سۆيىنى ئىچكىنىگىلا ئوغام قايناپدۇ .

ئابدۇرېشىت تاماق يەپ داستىخان يىغىشتۇرۇلغانغا قەدەر داۋۇتقا بىرلىك ، ئىتتىپاقلىق ، يامانغا كۆلكە ، ياخشىغا يىغا كەلتۈرۈپ بەرمەسلىك ھەققىدە ئەستايىدىل چۈشەندۈردى . داۋۇتمۇ ئۆزىنىڭ قىزىققانلىقىدىن ئۆكۈندى .

— بولدى ، سوتقا كىرمەيلى ، كەتسە ھەمدۇلغا كەتمىگەندىن كېيىن ، — دېدى داۋۇت ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئۇ سومكىسىدىكى بىر قېرىن سېرىق مايىنى چىقاردى - دە ، ئابدۇرېشىتنىڭ ئايالىغا تۇتقۇزدى ، — خان يەڭگە ، ئابدۇرېشىت ئاكام يايلاقنى سادىنغا بەرگۈزۈۋەتتى . بۇنى مەن سىلىگە بېرىۋېتەي ، شەھەردىن گاڭسا - جىسا بولۇپ كېتەي .

— ھەي - ھەي ، بۇ قانداق قىلغىنىڭ ؟ — دېدى ئابدۇرېشىت راستىنلا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ .

— گېپىڭىزنى ياغلاۋاتقىنىم . مەن مۇشۇنداق سوپۇرگە زىيانكەشنىڭ بىرى . دەۋايىم زىيىنىغا ماڭسىمۇ پارامنى بېرىۋېرىمەن !

ئۇلار تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى .

— شۇنداقتىمۇ باھاسى بويىچە پۇلۇڭنى ئەكەتمىسەڭ، ئۆگزىگە ئېتىۋېتىمەن!

— بولىدۇ، مەنمۇ ھەر يىلى بىرنەچچە قېتىم كېلىپ تامىقىڭىزنى يېگەن، ئۆيىڭىزدە قونغان پۇللارنىڭ ھەممىسىنى ھېسابلاپ قويدۇم، ئەگەر ئالمىسىڭىز ئۆيىڭىزگە ئوت قويۇۋېتىمەن.

ئۇلار ئۇچىلىسى تەڭلا قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ئەتە ئوتتۇرا مەكتەپكە بېرىپ، مۇدىر بىلەن كۆرۈشكىن، — دېدى ئابدۇرېشىت داۋۇتنى ئۇزىتىپ چىققاندا، — بىر قىسىم تەجرىبە سايمانلىرى كەلگەنىكەن، تاغ شۆبە سىنىپىغا بېرىدىغان بولدى. سەن ئالغاچ كەتكىن. لېكىن، ئەتە كەچ بىزنىڭكىگە چوقۇم كېلىسەن، مەن سېنى ساقلايمەن!

ئابدۇرېشىت ئەتىسى ئەتىگەندىلا سادىنىنى ئىزدەپ مېھمانخانىغا ماڭدى، لېكىن ئۇ پارتكوم قورۇسىدىن چىقىپلا دەرۋازا ئالدىدا چۆرگىلەپ يۈرگەن سادىنىنى كۆرۈپ قالدى. ئابدۇرېشىت سادىنىنىڭ بېشىنى ساڭگىلىتىپ بىرنەرسىنى خىيال قىلىپ، مەيۈس ئايلىنىپ يۈرۈشىدىن ئۇنىڭمۇ ئىككىلىنىپ قالغانلىقىنى بىلىپ قالدى. ئابدۇرېشىت سادىن بىلەن ھال - ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن، ئۇنى ئۆيىگە باشلاپ كىردى.

— مەن سېنى ئىزدەپ مېڭىشىم ئىدى، — دېدى ئابدۇرېشىت ئۇنىڭغا پىيالىنى تەڭلەۋېتىپ، — پاھ، كەلگىنىڭگە بىرنەچچە كۈن بولۇپ قاپتۇ، بىزنى نەزەر - گۇزىرىڭدىن ساقىت قىلىۋەتكەن ئوخشىمامسەن؟ قېرىنى يوقلاپ قويايمۇ دېمەيسىنا!

سادىن ئۆزىنىڭ ئويلىماي قىلغان ئىشىغا كېيىنچە پۇشايمان قىلغانىدى. ئۇ چارۋا مال كوللېكتىپلاشقاندىن بېرى داۋۇت بىلەن بىرنەچچە قېتىملىق يىغىندا، كۇرستا بىللە بولدى، پارتىيىگە بىللە كىردى. ئۇ داۋۇت بىلەن ھەمدۇل ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇن يىللىق ئاداۋەتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، يايلاقتىكى ساددا كىشىلەرنىڭ كەينىگە كىرىپ قىلىپ قويغان نادانلىقىدىن قاتتىق ئۆكۈندى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوت ئۈستىگە ياغ چاچقاندەك ئابدۇرېشىتنىڭ ئىچىنى ئېيتقان سۆزلىرى ئۇنى نومۇستىن يېرىلغۇدەك قىلىۋەتتى.

— ئويلاپ باق، — دېدى ئابدۇرېشىت ئۇنىڭ مۇرىسىدىن تۇتۇپ، — ئەگەر سەن يولدا كېتىۋاتقان ئادەمدىن: «بۇ جۇۋا مېنىڭ!» دەپ ياقىسىدىن بوغساڭ، ئۇ: «مەن پۇلغا ئالغان، سەن كىمگە ساتقان بولساڭ، شۇنى تۇت» دېسە، نېمە دېگۈلۈك؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇغاقاچتىدىن هاپاندۇكقىچە، هاپاندۇكتىن چىڭگىز سۇۋلىرىغىچە، چەت ئەل چېگرىلىرىغا قەدەر سوزۇلۇپ كەتكەن ياپلاقلاردىن سەن پايدىلىنىۋاتىسەن، يەنە نېمانچىۋالا تويماسلىق بۇ! تېخى ماللىرىڭ ئوتىغا ئىگىز تەگمىگەن ياپلاقلىرىڭمۇ بارغۇ! «خەققە بەرسەم ئىسسىق ئېشىم، ئۆيدە تۇرسا سېسىق ئېشىم» دە، ھەممىنى پوكىنىڭغا بېسىۋالساڭ، بۇ ئىنساپسىزلىق بولمامدۇ؟

— بولدى، بولدى، ئابدۇرېشىت ئاكا، ئۇنىڭسىزمۇ خىجىل بولۇۋاتىمەن. مەن خەقلەرنىڭ چىرايلىق گەپلىرىگە پۇتۇپتىمەن.

— خەقلەر ئەمەس، ھەمدۇل دېگىنە، ئۇ سېنىڭ يۈزۈڭگە ئالتۇندىن ھەل بەرمەپتۇ، ئىت پوقى سۇۋاپتۇ، — ئابدۇرېشىت بىر تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ شورىدى ـ دە، يۆتىلىپ كەتتى، — ئەمدى سونقا بارمىساڭمۇ بولىدۇ. داۋۇت ساڭا ئۆتۈندى ...

— ھە؟! بۇ ... بۇ ... بۇ ... مەن ئۇنى تاپاي، — سادىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — بۇ ... بۇ ... بەك سەت بوپتۇ ...

— بولدى، ئىززىدىمەي قوي، ھازىر ئىككىمىز كىچىك ماشىنىدا چىمەن گۈڭشېسىغا بېرىپ چارۋا ماللىرىنى كۆرىمىز. سەن تەجرىبىلىرىڭنى سۆزلەپ بەر!

ئۇلار جىپ ماشىنىغا چۈشۈپ، چىمەن گۈڭشېسىنىڭ ياپراقلىرى ئەمدىلا سارغىيىشقا باشلىغان تېرەكلىك يوللىرىدا كېتىپ بارغاندا، داۋۇت ئوتتۇرا مەكتەپ مۇدىرى بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتاتتى.

— ئابدۇرېشىت ھاكىمنىڭ مەسلىھەتى بىلەن بۇ قېتىم

مائارىپ ئىدارىسىگە كەلگەن تەجرىبە سايمانلىرىنى سىلەرگە بېرىدىغان بولدۇق ، — دېدى مۇدىر يەشىك ـ ساندۇقلارنى كۆرسىتىپ ، — ئۆزلىرى قايتقاندىن كېيىن ، بەشتە كاپالەتلىك ۋە قىيىنچىلىقى بار باللارنىڭ تىزىملىكىنى دەرھال يەتكۈزۈپ بەرسىلە ! ئابدۇرېشىت ھاكىم قىشلىق كىيىم ـ كېچەك تەمىنلەشتىمۇ پەرقلەندۈرۈپ تەمىنلەشنى ئېيتتى .

داۋۇت يەنە ھەقسىز بېرىلگەن توپ ـ توپ بولاقلىق دەرسلىك كىتابلارنى ۋە دەپتەرلەرنى تاپشۇرۇۋېلىپ ، مۇدىرغا مىننەتدارچىلىقىنى بىلدۈردى . بۇ ئەسنادا ئىشخانىغا كىرىپ كەلگەن گۈلنار داۋۇتقا لاپپىدە بىر قارىۋالغاندىن كېيىن ، مۇدىردىن سورىدى :

— مېنى چاقىرغانمىدىڭىز ؟

— شۇنداق ، بۇ كىشى سىز بىلەن كۆرۈشمەكچىكەن .

— گۈلنار سىز بولامسىز ؟ — دېدى داۋۇت مۇدىر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن .

— ھەئە ، — دېدى قىز تارتىنمايلا .

— مۇدىرنىڭ سىڭلىسىغۇ دەيمەن ؟

— ياق ، قېينىسىڭلىسى بولىمەن .

— سىزگە سەلىم بىر پارچە خەت ئەۋەتكەنىدى .

قىز كونۋېرتنى جارتلا قىلىپ يىرتتى ـ دە ، تۆت قاتلانغان خەتنى ئېچىپ ، ئۇنىڭغا بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى . گۈلنار شۇنچە ئالدىراپ ئوقۇغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭدا ئىشق ـ مۇھەببەتكە ئائىت بىرەر ئېغىز سۆز يوق ئىدى . خەت پەقەت ھەيۋەتلىك تاغ مەنزىرىلىرى ، دەھشەتلىك يۇتمىلار ، ئاسمانغا تاقاشقان چېقىللار ، چارۋىچىلارنىڭ ئاددىي ، ئەمما كۆڭۈللۈك تۇرمۇشى ، باللارنىڭ شادلىقى تەسۋىرلەنگەن بىر پارچە نەسر ئىدى ، خالاس . خەتنىڭ ئاخىرىدىكى «سىزنى سېغىنغان سەلىم» دېگەن خەتنى كۆرۈش بىلەن قىزنىڭ يۈزى ۋىللىدە قىزاردى ۋە كۈلۈۋەتتى .

— سىزنى «تاغ بۈركۈتى» دەپ ماختاپتۇ . سىز راستتىنلا تاغ

بۈركۈتنگە ئوخشاش ھەيۋەتكەنسىز ... ئۇ كەلمەمدىكەن؟ — دېدى گۇلنار ئادەتتىكىدەكلا سوراپ.

— ھازىر ئوقۇش باشلىنىپ قالدى ... ئەگەر سىزمۇ بارغان بولسىڭىز، سەلىم تېخىمۇ خاتىرجەم بولغان بولاتتى.

— مەن ... ھى ... ھى ... — گۇلنار غەلىتىلا كۈلدى ـ دە، گەپنى يۆتكىۋەتتى، — مەن مۇدىرغا دەپ ھارۋىنى قاتتۇرۇپ كېلەي، بۇ نەرسىلەرنى سىز چۈشكەن مېھمانخانىغا ئاپىرىپ قويايلى ...

داۋۇت بىلەن سادىنىنى تۆت كۈن تۇرغۇزۇپ، گۇڭشېلارنى كۆرسەتكەن ئابدۇرېشىت بەشىنچى كۈنى ئەتىگەندە ئۇلارنى يولغا سېلىپ قويدى. داۋۇت بىلەن سادىن خۇشال كۈلۈشكىنىچە ئابدۇرېشىت بىلەن خوشلاشتى. ئۇلار ئابدۇرېشىتنىڭ يۇمشاق، گۆشلۈك قوللىرىنى سىقىمداپ تۇرغىنىدا، ھېلى يېزا خىزمىتى، ھېلى چارۋىچىلىق ۋە مائارىپ خىزمەتلىرىگە تىنىم تاپماي چاپىدىغان بۇ پېشقەدەم ھاكىمنىڭ تۇتاش ئاقىرىپ كەتكەن چاچلىرىغا ھۆرمەت بىلەن قاراشتى.

— ھىم داۋۇت، — دېدى ئابدۇرېشىت ئۇنى چوچۇپ، — جۇۋا تاراقشىتىپ مەسىلە ھەل قىلىدىغان ئىشىڭنى تاشلا، ھەمدۇل تون يېپىنغان بۆرە. ئۇنىڭ بۇ تونى سۇدا ئاقمايدۇ، ئوتتا كۆيمەيدۇ. خەلق بۇ توننىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقىنى بىلمەيدۇ. نەچچە مىڭ يىللىق دىنىي ئېتىقاد ئۇلارنى ھەمدۇلغا قارىغۇلارچە چوقۇندۇرىدۇ. سەن بۇنى ئاددىي، قوپال ئۇسۇللار بىلەن چەكلىيەلمەيسەن. پەقەت خەلق ئۇنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىلا، ئاندىن ئۇنىڭدىن قول ئۈزىدۇ. سەن بۇ مەسىلىدە سالماق، سەگەك بولۇشۇڭ، قانۇنغا خىلاپ ئىشلىرىنى چەكلەپ تۇرۇشۇڭ كېرەك.

— بولىدۇ، ئۇقتۇم.

— يەنە بىر گەپ، سەلىمنىڭ تۇرمۇشىغا ئوبدان قارا، ئۇ بالىنىڭ ھاياتى بىلەن تونۇشۇپ چىقتىم. ئۇنىڭ ئەسلىي دادىسى

ئوقۇتقۇچى . ئۇنىڭ بالىلىق ۋاقىتلىرى بەكمۇ ئىچىنىشلىق ئۆتكەچكىمۇ ، تېنى قىز بالىنىڭكىدەك نازۇك ، ئۆزى ھەممە ئىشتا ئېھتىياتچان بولۇپ قالغان ...

داۋۇت بىلەن سادىر چۈشكەن ناھىيىلىك پارتكومنىڭ جىپ ماشىنىسى ئاسفالت كوچىلارنى ، ھەيۋەتلىك بىنالارنى تاشلاپ شەھەردىن چىقىپ كەتتى .

## سەرۋەر ئوقۇسۇن

تاغ باغرىغا گۈل شىرنىلىرى يىغىش ئۈچۈن كەلگەن ھەسەل ھەرىلىرىدەك شادلىققا تولغان تاغ بالىلىرى ئوقۇش باشلىنىش بىلەن شاۋقۇن - سۈرەنلىك يېڭى ھاياتقا شۇڭغۇپ كىردى . ئوقۇغۇچىلار ئەتىگەنلىك تەكرار ، دەرس ۋە كەچكى مۇزاكىرىلەرگە قاتنىشاتتى . كۆڭۈل ئېچىش ، مەيدان تاماشىسى ، تەنھەرىكەت قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باراتتى . تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە قادىر مۇئەللىم مەسئۇل بولغان بولسىمۇ ، بەزىدە بۇ پائالىيەتلەرنى سەلىم بىلەن بىرلىكتە ئېلىپ باراتتى .

ئۆزىنىڭ كۈچىنى ، چەبدەسلىكىنى ، ماھارىتىنى نامايان قىلماقچى بولغان باللار بەس - بەس بىلەن تەلپەكلىرىنى تاشلاپ ، كالتە جۇۋىلىرىنى سېلىپ ، تېرە پىنجەكلىرى بىلەن ئۇزۇنغا سەكرەش ئورەكلىرىگە سەكرىشەتتى ، يالغۇز گار ئەتراپىدا ۋارقىرىشىپ توپ تالىشاتتى .

ئوقۇغۇچىلار گەرچە غەمسىز ئوقۇۋاتقان بولسىمۇ ، سەلىم بىلەن قادىر باپكانىڭ موكىسىدەك بىرى دەرسكە كىرىپ كەتسە ، بىرى ناۋايخانىغا يۈگۈرۈپ ، سىبىت ئۇستامغا زوۋۇلا ئېچىپ نان راسلاپ بېرەتتى . قادىرنىڭ دەرسى بولۇپ قالسا ، سەلىم ئاشخانىدا كۆكتات ئادالاپ ، ئوچاققا ئوت قالايتتى ، بولۇپمۇ يەكشەنبە كۈنلىرى بۆلەكچىلا ئالدىراشچىلىق بولۇپ كېتەتتى . ئوقۇغۇچىلار شەنبە كۈنى ئىككى سائەت ئوقۇپ ئۆيگە قايتقاچقا ، ئۇلارنىڭ

ئاتا ـ ئانىسى ، ئاكا ـ سىڭىللىرى ئەتىگەندىن باشلاپ ئات ـ ئېشەك ، قوتاز ، بوقىلار بىلەن كېلىشكە باشلايتتى . ئۇلار بالىلىرىنى كۆرۈپ ، ئاۋۋال ئۇلارنى ئىككى ئېغىز سەت تىل بىلەن تىللايتتى ـ دە ، كېيىن ئىككى مەڭزىگە چوكۇلدىتىپ سۆيۈپ قوياتتى . ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ كەچلىك ۋە يەكشەنبىلىك ئاق نانلىرىنى خۇرجۇنلىرىغا سېلىپ ، ئۇلارنى ئۇلاغلىرىغا مىنگەشتۈرۈپ ئەكېتەتتى . لېكىن ، ئىككى ـ ئۈچ كۈنلۈك يىراقلىقتىكى يايلاقلاردىن كېلىدىغان بالىلار پەقەت ئىككى ئايدا بىر نۆۋەتلا ئۆيىگە قايتالايتتى .

ئىدرىس كاتىپمۇ ھەپتىدە ئۈچ قېتىم خەۋەر قوبۇل قىلىش ۋاقتىدىن باشقا ۋاقىتلىرىنى مەكتەپكە ئاتىدى . ئۇ نورما ، ئوتۇن ـ كۆمۈرلەرنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىشتىن سىرت ، ئاق چامغۇردىن باشقا نەرسە تېپىلمايدىغان بۇ تاغلىقتا ھەپتىدە بىر قېتىم گوشىغا بېرىپ ، ھەر خىل كۆكتاتلارنىمۇ ئەكېلىپ بەردى . ئۇ قوتازلاردىن ئۇن ، كۆكتات قاتارلىقلارنى چۈشۈرگەندە ، ئەتراپىغا ئولىشىۋېلىپ گەپ سوراۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا بەزىدە : «گۆشىنى بازىرىدا ئاجايىپ بىرنەرسە كۆردۈم . ئۇ تۆمۈر ئالىقانلىرىدا يەرنى بىرلا تاتىلاپ كۆتۈرگەنچە ماشىنىغا تاشلىسا ، ئۇنىڭ بىر چاڭگال توپىسىنى بىر ماشىنا ئارانلا كۆتۈرىدىكەن» دېسە ، بەزىدە : «ناھىيىدە بىر بىنا سېلىۋاتىدۇ ، ئاسمان ـ پەلەك دېيىدەك ئېگىز بىرنەرسە ئۆيدەك ، قورام تاشتەك نەرسىلەرنى ئاسماننىڭ قەھرىدە ئۇقانىڭ پېيىدەك كۆتۈرۈپ يۈرىدىكەن» دېگەندەك ھەر خىل يېڭى خەۋەرلەرنى سۆزلەشكە باشلايتتى . سېيىت ئۇستامۇ ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ : «ئىدرىس ، تونۇرغا بىر چوقال لازىم بولۇپ قالدى ياكى سىلىنى ئىشلىتەمدۇق» دەپ قويسا ، ئۇ تۈكلۈك ئاغزىنى يوغان ئېچىپ كۈلۈپ كېتەتتى . ئىدرىس بەزىدە ئۆزىنىڭكىنى ياكى باشقىلارنىڭكىنى دېگەندەك ، كېيىك گۆشى ، تاغدىن غۇلاپ كەتكەن قوتازنىڭ گۆشلىرىنى مەكتەپكە يەتكۈزۈپ تۇراتتى . ئۇ گۆش ئەكەلگەن چاغلاردا ، ئەگرى پىچىقى بىلەن ئالىقاندەك گۆشنى

شىلىپ ، سىيىت ئۇستامنىڭ نان قومۇرىدىغان زىخىغا سانجىپ تونۇر ئىچىگە تىقاتتى ، كېيىن ۋاژىلداپ مېيى قايناۋاتقان گۆشنى ئاغزىغا سالاتتى ـ دە ، ئۇ قوۋۇزىدا ، بۇ قوۋۇزىدا ئىككىلا ئايلاندۇرۇپ چايناپ يۇتۇۋېتەتتى . خۇشلۇقى تۇتۇپ كەتسە ، ئەمبەل ئالدىدا زۇۋۇلا ئىچىۋاتقان سەلىمنىڭ ئاغزىغا ئۇنىمىغىنىغا قارىماي بىر چىشلەم گۆش سېلىپ قوياتتى .

بۈگۈن جۈمە ، سىيىت ئۇستام باش كۆتۈرمەي نان يېقىۋاتاتتى . چۈنكى ، ئەتە بالىلار ئۆيگە قايتسا ، ئۇلارنىڭ ئەكېتىشى ئۈچۈن كۆپرەك نان كېتەتتى . سەلىم چۈشتىن ئىلگىرى سۇيۇقئاشنىڭ خېمىرىنى يۇغۇرۇپ ، چامغۇرنى توغراپ قويۇپ دەرسكە كىرىپ كەتتى . دەرستىن چۈشكەن قادىر خېمىرنى يېيىپ تاماقنى ئېتىپ ، بالىلارنىڭ چۈشلۈك تامىقىنى بەردى .

— سەلىم ، — دېدى سىيىت نانغا تۈككۈچ ئۇرۇۋاتقان سەلىمگە قاراپ ، — «باشقا كەلگەندە باتۇر» دەپتىكەن . تاماق ئېتىشنى ، نان يېقىشنى ئۆگىنىۋالدىڭىز ... ھەي ، تۇرمۇش ئۆگىتىدۇ . تۇرمۇش دېگەن شەيتاننىمۇ ئۇسسۇلغا سېلىۋېتىدىغان نەرسە .

— ئۆگىنىۋالغىنىم ياخشى بولدى ، ھامان ئەسقاتىدۇ .

— ئەگەر شەھەردە بولىدىغان بولسا ، خېمىرنى شارتلا ماشىنىدا كەسكەن ، قازان توك بىلەن قاينىغان ! سادىغاڭ كېتەي شەھەر ، بىر ئادەم جاھاننىڭ ئىشىنى تەۋرىتىۋەتكىلى بولىدىغان يەر ـ دە !

— ۋۇي ، مەن قوڭغۇراقنى چېلىۋېتەي ، ۋاقىت توشۇپ قاپتۇ ، — سەلىم خېمىر يۇقى قوللىرى بىلەنلا سىرتقا چىقتى . ئۇ قوڭغۇراقنى چېلىۋېتىپ ناۋايخانا ئالدىغا كېلىۋىدى ، يىراقتىن ئىسكىكى ئاتلىقنىڭ قارىسى كۆرۈندى . بىر ئاتلىق قولىنى پۇلاڭلاتتى .

— داۋۇت ئاكا ! — سەلىمنىڭ ۋارقىرىشىدىن دەم ئېلىشقا چىققان ئوقۇغۇچىلارمۇ چۇرقىرىشىپ يۈگۈرۈشتى .

— سەلىم ، ئەھۋالىڭ ياخشىدۇ ؟ — داۋۇت ئاتتىن چۈشتى ـ دە ، سەلىمنىڭ خېمىر يۇقى قوللىرىنى سىقتى ، — قېنى ، بۇ كىشىنى تونۇپ قوي ، «بۇغاقاچتى» دىكى جېدەلنىڭ باشلىقى سادىن تېكە .

سەلىم سادىننىڭ تاغلىقلارغا خاس شامالدا قارايدىغان مىس رەڭ چىرايىغا ، قەيسەرلىك يېغىپ تۇرىدىغان قوشۇملىرىغا قارىغاچە ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشتى .

سەلىم ئۇلارنى ياتىقىغا باشلىدى . داۋۇت بىلەن سادىن سوتقا ياقىلاشقىلى بارغاندەك ئەمەس ئىدى . ئۇلارنىڭ تويدىن خۇشال ـ خۇرام ياىغان دوستلاردەك ھەمسۆھبەت بولۇپ بىللە قايتقانلىقى ، سەممىمىي چاقچاقلىرى سەلىمنى قاتتىق خۇشال قىلىۋەتتى . كۆڭلىنى خىرە قىلىپ تۇرغان بۇغاقاچتى ماجىراسىنىڭ ئوڭۇشلۇق ھەل بولغانلىقىغا ئۇنىڭ كۆزى يەتتى . سەلىم يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئىسسىق نان ، چاي تەييارلىدى . چاماداندىن قەنت ـ كەمپۈت ، پېچىنە ـ پىرەنىك قاتارلىق نەرسىلىرىنى ئېلىپ ، ئۇلارنى گېزىت ئۈستىگە تۆكتى .

— گوندار ، — دېدى سادىن بىر تال كەمپۈتنى ئاغزىغا سېلىپ ، — بۇ نەرسىلەردىن نېمە پۇراق كېلىۋاتىدۇ ، سەزدىڭمۇ ؟

— ئىككىمىز قوتازدەك ئۇسۇشقىلى بارغان شەھەر پۇرىقى ...

كۈلكە كۆتۈرۈلدى . لېكىن ، سادىن ئىچىدىكىنى دەۋالمىغۇچە كۆڭلى ئەمىن تاپمايدىغان ئادەم ئىدى .

— ياق ، ياق ، سەن گەپنى ئېپقاچما ، بىز ئەتە ماڭىمىز دېگەن كۈنى بىزنى مېھمان قىلغان ھېلىقى قىزنىڭ ئىسمى نېمىدى ؟

— ھىم ، قارا ، بۇ ئۇسكەك تېكىنىڭ قۇۋلۇقىنى ، — دېدى داۋۇت سەلىمگە كۆز تاشلىۋېتىپ ، — ئانارنىڭ گۈلى دېمەمسەن ؟...

سەلىم داۋۇت بىلەن سادىننىڭ مەنىلىك چاقچاقلىرىدىن ، قاقاقلاپ كۈلۈشلىرىدىن گۈلنارنىڭ ئۆيىدە ئۆزى توغرۇلۇق خېلى گەپلەرنىڭ بولغانلىقىنى بىلدى .

داۋۇت مەكتەپنىڭ ئەھۋالى، باللار ھەققىدە سورىغاندىن كېيىن، سادىننى باشلاپ سىنىپ ۋە ياتاقلارنى كۆرسەتتى. مەكتەپنىڭ سەنئەت گۇرۇپپىسى بىر - ئىككى نومۇر ئورۇنلاپ بەردى. كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ كەيپى چاغ بولۇپ قالغان سادىن مەكتەپكە گۈش - پۇش ياردەم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. سادىن مېڭىش ئالدىدا ئۆزىنىڭ بىر ناخشىچى قىزى بارلىقى، قولىدىن كىتاب چۈشمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى قوبۇل قىلىش - قىلماسلىقىنى سەلىمدىن سورىدى. چاقچاق، ياپتا گەپلەرگە ناقىس سەلىممۇ يالىڭاچلا جاۋاب بەردى:

— بۇغاقاچتىدىن داۋۇت ئاكامنى خاتىرجەم قىلىسىڭىزلا، قىزىڭىزغا مەكتىپىمىزدىن ئورۇن چىقىپ قالار ...

— ئاللا گونداز، قۇيرۇقلىرىڭ خېلىلا بار ئىكەن جۇمۇ، — دېدى سادىن كۈلۈپ، — بولىدۇ، سېنىڭ ئېيتقىنىڭ بويىچە بولسۇن، مۇئەللىم بالا. لېكىن شەرتىم، بۇ كەنجى ئەركە قىزىمنى تاك قىلىپ چېكىپ سالما ...

ئۇلار بىرپەس كۈلۈشكەندىن كېيىن، داۋۇت سەلىمگە كەچكە ئۆيگە بارغىن، دەپ تاپىلاپ، سادىننى باشلاپ كەتتى. تەبىئىتىدە بىر يەڭگىللىك سەزگەن سەلىم باللار تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كەچلىك مۇزاكىرىسىگە بىللە قاتنىشىپ، دەرسلەردىن تەكرار قىلىپ بەردى. گۇگۇم چۈشۈش بىلەنلا، باللارنى ئىختىيارىي پائالىيەتكە قويۇپ بېرىپ، ئۆزى داۋۇتنىڭ ئۆيىگە ماڭدى.

سەلىم مەھەللىگە كىرىپ تىكىلەكتىن ئايلانغاندا، قارا شال بىلەن بۇرۇنلىرىغىچە يۆگىنىۋالغان بىر قىزغا دوقۇرۇشۇپ قالدى. قىز سەلىمگە پاللىدە قارىدىيۇ، دەرھال كۆزلىرىنى قاچۇردى. تاغ ئاسمىنىدىكى ئوتقاشتەك تاۋلانغان شەپەقنىڭ ئەكسى بولسا كېرەك، قىزنىڭ چوڭ كۆزلىرىنىڭ ئېقى بىنەپشەرەڭ پارقىراپ كەتتى. سەلىم بۇ كۆزلەرنى قەيەردىدۇر ئۇچراتقاندى. لېكىن، ئۇ قانچە ئويلاپمۇ يادىغا ئالالمىدى.

سەلىم داۋۇتنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلگەندە، ئۇ شىرداقتا يانپاشلاپ ياتاتتى. گۈلسارە گۆشى لىگەنلەرگە سۇزۇۋېلىنغان شورپىغا چۆپ سېلىۋاتاتتى.

— كەل سەلىم، يۇقىرى ئۆت، ھە، سەنمۇ، — دېدى داۋۇت ئايالىغا بۇرۇلۇپ، — تەكىيدىن بىرنى ئۇزىتىۋەت، مۇئەللىم جەينەكلىسۇن.

— بولدى، بولدى، ئولتۇرىۋېرىمەن.

— تەكەللۇپ قىلما، ئولتۇرالمايدىغانلىقىڭنى بىلىمەن، پەلتەڭدە ئولتۇرۇپ كۆنگەن ئادەمگە تەس.

— سادىن ئاكام كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— ئۇ ئۆز ئۆيىنىڭ قېتىقىنى سېغىنغانمۇ، كېتىپ قالدى.

سەلىم گۈلسارە قويۇپ بەرگەن قۇراق تەكىينى بىر چەتكە سۈرۈپ قويۇپ، داۋۇتنىڭ چىمچىلاق قولىغا ئىلىندۇرۇپ قويغان گۈللۈك تاماكا خالتىسىغا، ئالدىرىماي تاماكا ئوراشلىرىغا قاراپ تۇردى.

— ھىم، سەلىم، زېرىكىپ قالمىغانسەن؟ — دېدى داۋۇت سەلىمنىڭ قارىداپ قالغان چىرايىغا سەپسېلىپ، — كۆنەلىگۈدەكسەنمۇ؟

سەلىمنىڭ باش لىڭشىتىشىدىن داۋۇت يېنىككىنە كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئۇ سەلىمنىڭ مەكتەپ توغرىسىدىكى پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، مائارىپ ئىدارىسىنىڭ بۇ مەكتەپكە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقى، بۇ قېتىم مائارىپ ئىدارىسىگە بېرىلگەن بىر يۇرۇش تەجرىبە سايمانلىرىنى بەرگەنلىكىنى سۆزلەپ، قويىندىن بىر تىزىملىكنى ئېلىپ سەلىمگە بەردى.

— بۇ تەجرىبە سايمانلىرى ۋە كۆرسەتمىلىك قوراللارنىڭ تىزىملىكى ئىكەن، — دېدى سەلىم تىزىملىككە بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈپ.

— مېنىڭ بېشىم قېتىۋاتقىنى، بۇ لاقا - لۇقىلارنى نەگە جايلاشتۇرۇش مەسىلىسى، بۇ نەرسىلەرسىز دەرس ئۆتكىلى

بولامدۇ ؟

— بولىدۇ ، — دېدى سەلىم كۈلۈپ ، — لېكىن دەرس چوڭقۇرلاشقانسېرى ئەمەلىيەتنى كۆرسىتىپ مېڭىشتا بۇ نەرسىلەر بولمىسا بولمايدۇ . بۇ تىزىملىكتىكى زوئولوگىيىگە ئائىت مودېل ۋە كۆرسەتمىلىك قوراللار بۇ يىل ئىشلىنىدۇ . بىئولوگىيە ۋە فىزىكىغا ئائىتلىرى كېلەر يىلى ئىشلىنىدۇ .

— ھەم ، مۇنداق دېگىن ، تېخى ئابدۇرېشىت ھاكىم «كۆتۈرەلمىسەڭ بىر پەنجە» دېگەندەك ، قىرائەتخانىنىڭمۇ گېپىنى قىلىدۇ .

— داۋۇت ئاكا ، — دېدى سەلىم خۇشال بولۇپ ، — تەجرىبە سايمانلىرىنى ھازىرچە مېنىڭ ياتىقىمغا ئورۇنلاشتۇرايلى ، كېيىنچە بىر گەپ بولامدۇ !

— يۈت باسقۇدەك ئورۇنمۇ قالمايدىغۇ !

سۆھبەت راسا قىزىۋاتقان پەيتتە داستىخان سېلىنىپ ، لېگەندە ئۈستىگە ئۇششاق توغرالغان گۆش بېسىلغان نېرىن چۈپ كەلدى . ئۇلار «قېنى ئال ، ئېلىڭ» بىلەن بىردەم خولۇپلىشىپ يېيىشىپ ، گېپىنى داۋاملاشتۇرىۋەردى .

— توغرا ، سەرۋەرنى قانداق قىلىسەن ؟ — دېدى داۋۇت بۇرۇتىغا چاپلىشىپ قالغان چۆپنى يالاپ ، — ئۇ ئالدىڭدىلا يەنە كەپتۇ .

— بىچارە قىز ، — دەپ سۆز قىستۇردى گۈلسارە ، — ئوقۇش دېسە ، ئوت - كاۋاپ ...

سەلىم ھېلىلا تىكىلەكتە يولۇققان چوڭ كۆزلەرنى يادىغا ئالدى .

— شۇنىسى يېشى ... ئۆزىمۇ چوپچوڭلا بولۇپ قالغان قىزدەك كۆرۈنىدىغۇ ؟

— ئۇنى سەن كۆردۈڭمۇ ؟

— ياق ، يىراقتىنلا .

— زادى بولماسمۇ ؟

— بولۇشىغۇ بولار ... لېكىن قادىر مۇئەللىم موللامنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرمىسەك ، دەيدۇ .

— ھەمدۇلنىڭ بۇ ئىش بىلەن نېمە ئالاقىسى بار ؟ — دېدى داۋۇت بىردىنلا غەزەپلىنىپ ، — ھەي ... بۇ مۇئەللىملىرىڭىزە ...

داۋۇت ئۆتكەن يىلى يۈز بەرگەن بىر ئەھۋالنى ئېچىنىپ سۆزلىدى . ئۇ سۆزلىگەنسېرى قىزىرىپ گۆرەنلىرى كۆپۈپ ، خۇددى بىركىم بىلەن سوقۇشۇۋاتقاندەك ۋارقىراپ كەتتى .

قاراڭغۇ تاغ باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئىككى سىنىپ بولۇپ ، بۇلتۇر دەرس باشلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا مەكتەپ بويىچە ئون يەتتە بالا قالغانىدى . باش مۇئەللىم سۈرۈشتە قىلىپ ھەمدۇل موللىنىڭ ئاستىرتتىن دىنىي سىنىپ ئاچقانلىقىنى بىلىپ ، ئۇنىڭغا يېلىنىپ يالۋۇرىدۇ ، ھەمدۇل تاياقتەك قېتىۋېلىپ ، ئوقۇتقۇچىلارنى دىنىي پەتىۋالار بىلەن قورقۇتىدۇ . ئامالسىز قالغان باش مۇئەللىم : «چۈشتىن بۇرۇن بىز ئوقۇتايلى ، چۈشتىن كېيىن سىلى ئوقۇتسىلا» دېگەن كېلىشىمنى تۈزۈپ قايتىدۇ . بۇنى ئاڭلىغان داۋۇت ئېتىنى تارسىلدىتىپ بېرىپ ، بۇ كېلىشىمنى ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە تىرىپىرەن قىلىپ ، باللارنى قايتۇرۇپ كېلىدۇ . لېكىن ، داۋۇت بىر مەزگىل چارۋىچىلارنىڭ سوغۇق نەزىرى ئاستىدا قالىدۇ .

داۋۇتنىڭ «ھەي بۇ مۇئەللىملىرىڭىزە» دېگەن سۆزىدىن خىجىللىق ھېس قىلغان سەلىم يەرگە قارىدى . راست ، دېمىسىمۇ نېمىدىن قورقىدۇ ؟ ئۇ قانچىلىك نېمە ئىدى ؟

— داۋۇت ئاكا ، سەرۋەرنى قوبۇل قىلايلى ، ئوقۇسۇن !

سەلىم قايتىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرغاندا ، سائەت ئون بىردىن ئاشقانىدى . داۋۇت ئۇنىڭغا گۇلنارنىڭ بىر پارچە خېتىنى بەردى . سەلىمنىڭ خەتنى ئالغاندىكى تەقەززالىق كەيپىياتىنى كۆرگەن داۋۇت ئۇنى قونۇپ قېلىشقا ئۈندىدى . ئۇلار ھويلىغا چىققاندا ، قاپقاراڭغۇ تاغ ئىزنىلىرى قەد كۆتۈرگەن نىل رەڭلىك ئاسماندا يۇلتۇزلار ئۇنچە چاچقاندەك چېچىلىپ ياتاتتى .

— سەلىم ، — دېدى داۋۇت ئۇنى ئۈزىتىۋېتىپ ، — ئەتە بالىلارنى قويۇۋېتىپ بىزنىڭ ئۆيگە قونۇشقا كەل ، ئۆگۈنلۈككە يەكشەنبە ، ئىككىمىز سەھەر ئوۋغا چىقىمىز .

— نەگە ؟

— ئاقچىقىلغا .

## ئوۋدىن قايتقاندا

ئوۋ مىلتىقى ئاسقان داۋۇت بىلەن سەلىم ئاتلىرىنى بىردە قاترىتىپ ، بىردە سالقىن دېۋىتىپ ، تار جىلغىلار ، كەڭ سايلىقلار ، چاتقاللىق قىيالاردىن ئۆتەتتى . ئۇلار تاغ باغرىدىكى تىك چىغىر يوللارغا چىققاندا ، ھېلىلا ئارقىسىغا ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلسا ، بەزىدە ئاتنىڭ بېشى كۆرۈنمىگۈدەك تىك پەسلىكلەردىن ئەپچىللىك بىلەن ئايلىنىپ ئۆتۈپ كېتەتتى . داۋۇت پات - پات ئارقىسىغا قايرىلىپ : «قورقتۇڭمۇ ، ئېگەرنى تېقىمىڭغا چىڭ قىسىۋال» دەپ قوياتتى ۋە ئېتىنىڭ تىزگىنىنى سىيرىپ سەلىمگە يانداپ كېلەتتى - دە ، ئۇنىڭ ئېچىلمايۋاتقان چىرايىنى كۆرۈپ كۆڭلى غەش بولاتتى . «بۇ بالىغا نېمە بولغاندۇ ؟» داۋۇت كېچىدىن بېرىقى سەلىمنىڭ جىمغۇرلۇقىنى ھەر خىل پەرەز قىلاتتى . «تاغ تۇرمۇشىغا كۆنەلمەيۋاتامدۇ يا ، ياق . ياكى قادىر ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرەر كۆڭۈلسىزلىك ئۆتتىمىكىن ؟ يوق گەپ . توغرا ، گۈلنارنى سېغىنغان بولسا كېرەك ، ياش ئەمەسمۇ !»

داۋۇت ئاخىر تۈگۈننى يەشكەندەك ئۆزى ئەكەلگەن خەتنى ئويلىدى . «سەلىم ئۇ خەتنى ئۇلۇشكۈن كەچ ئەكەتكەن ، شۇنىڭدىن تارتىپلا جىمىپ كەتتى . ئېھتىمال ، خەتتە بىرەر كۆڭۈلسىزلىك بارمىكىن ؟ »

داۋۇتنىڭ ئاخىرقى ئويى توغرا ئىدى . سەلىم گۈلنارنىڭ خېتىنى قايتا - قايتا ئوقۇدى . خەتتە شەھەردىكى كىنو - تىياتىرلار ، كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىرى ، شەنبە - يەكشەنبە

كـۆنلىرىدىكى باغ سەيلىلىرى ، قىسقىسى شەھەرنىڭ دەبدەبىلىك ھـايـاتى ، مەدەنىي تۇرمۇشى ئاجايىپ نازۇك ، لىرىكىلىق تىللار بىلەن تەسۋىرلەنگەن بولۇپ ، سەلىمنى بىر ئامال قىلىپ قايتىپ كېلىشكە دەۋەت قىلغانىدى .

سـەلـىـم خـەتـتـىن تەشنا يۈرىكى قانغۇدەك بىرەر تامچىمۇ ئۇسـسـۇزلـۇق تـاپالمىدى . تاپالمىدىلا ئەمەس ، بەلكى چۆلدىكى تـۆگـىـدەك تـىـخـىـمـۇ چـاڭـقـىـدى . ئاشۇ كۆكۆل ئېچىشلار ، ئولتۇرۇشلار ، گۈلنارنىڭ زىلۋا قەددىنى ئۆزىگە تارتىپ ، نازۇك بەللىرىدىن قىسىپ تانسا ئويناۋاتقان يىگىتلەر كۆز ئالدىغا كېلىش بىلەن ، ئۇنىڭ كۆندەشلىكى تۇتتى ... تاقەتسىزلەندى ... ئەمىسە بۇ يەردىن كەتـسـەنمـۇ ؟ ياق ، يـاق ، ئـۇ ياقتىن كېلىپ بۇ ياقتىن ھە ؟ ! ئۇنىڭ يۈزى قـوتاز تېرىسى ئەمەسقۇ ! ؟

داۋۇتـنـىـڭ ئـىـتـتـىـنـىـڭ تـۈيـۇقسىز كىشنىشى سەلىمنى چـۆچـۈتـۈۋەتـتـى . ئـىـگەردە يانتۇ ئولتۇرغان داۋۇت ئارقىسىغا قايرىلىپ : «قارا سەلىم !» دەپ ئالدىنى كۆرسەتتى .

«پـاھ ــ ھـوي !...» دەۋەتـتـى سـەلـىـم ئالدىدىكى تەتىللا پاياندازدەك يېيىلىپ ياتقان يالاڭلىققا قاراپ .

قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىپ كۈمۈشتەك يالتىرىغان ئاق چوققىلىق تاغلار باغرىدىكى قويۇق چاتقاللىق ـ ئورمانلاردىن ئېقىپ كېلىۋاتقان تاغ سۈيى تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ ئاق بۇژغۇنلارنى چاچرىتاتتى . تـارام ــ تـارام بۆلۈنۈپ ئېقىۋاتقان شوخ سۇلار ياپيېشىل مۇخ قـاپلىغان قورام تاشلارنى سۆيۈپ ئۆتكەندە ، ئەتراپىدىكى ئاق ۋە سېرىق گۈللەرگە ئۈنچىلەر چاچاتتى ... ئەتىگەن ۋە ئاخشاملىرى ئـادەمنى تىترەتكۈدەك سوغۇق بولىدىغان كۆز پەسلى بولسىمۇ ، سـاپـسـېرىق سارغايغان توغراق ، قىپقىزىل تاۋلانغان ياۋا ئۆرۈك ياپراقلىرى ، قوڭۇر رەڭ يالتىرىغان ئارچىلار يەنىلا باش باھاردىكى رەڭگارەڭ چېچەكلەرنى ئەسلىتەتتى... قىسقىسى ، سۈرەتتەك رەڭ ئالغان بۇ جىلغا ھۆپپىدە تاغ گۈللىرى ، ھەر خىل ياۋا مېۋىلەر ۋە دەل ـ دەرەخلەر بىلەن ئورالغان بولۇپ ، سايىنىڭ ئۇ قانىتىدىكى

كۆكۆچ ئورمان ئارىسىدا ئاق تۇمانلار ئۈزۈپ يۈرەتتى… سەلىم سېھىرلەنگەندەك تېڭىرقاپ قالدى… ئۇ بۇلۇتلار سايە تاشلىغان سالقىن جىلغا باغىرلىرىدا قارىنغىچە قىلىن ئوتقا چۆكۈپ يايلاۋاتقان بۇغا ـ ماراللارغا، ئالاقات، زىخ، بۆلجۈرگەن ھىدلىرى دىماغقا گۈپۈلدەپ ئۇرۇۋاتقان مەخمەلدەك تاغ قاپتاللىرىغا تويماي ـ تويماي قارايتتى…

— قانداق، گۈزەلمىكەن؟… — دېدى داۋۇت سەلىمنىڭ داۋاملىق ئىشلىتىدىغان «گۈزەل» سۆزىنى ئالاھىدە قوشۇپ. سەلىممۇ ئۇنىڭ چاقچىقىنى چۈشەندى بولغاي كۈلۈمسىرىدى.

— بەللى ئىنى، مۇنداق ئېچىلغىنا! بۈگۈن زادى ساڭا نېمە بولدى؟

— داۋۇت ئاكا، — دېدى سەلىم بىردەمدىلا ھەممىنى ئۇنتۇغاندەك، — بۇ يەرنىڭ ئىسمى نېمە؟

— «كۈلۈلەك سۇ»…

ئۇلار ئاتتىن چۈشۈپ يۈز ـ قوللىرىنى يۇيۇپ «پاھ! ئەجەب سوغۇق»، «نېمىدېگەن راھەت» دېيىشىپ سۈپسۈزۈك تاغ سۈيىدىن ئوچۇمداپ ئىچىشتى ۋە ئات بىلەن سۇنى توغرا كېسىپ ئۆتۈپ، ئورمان ئىچىدىكى چىغىر يولغا قايرىلدى.

ئۇلار ئاقچىقىلغا يېتىپ كەلگەندە، كۈن تېنەك كۆتۈرۈلگەنىدى. سەلىم بۇ يەردىكى خۇددى قوزۇقتەك بۇلۇتنى تېشىپ ئۆتكەن كۈل رەڭ تاش تاغلارغا، بىر ـ بىرىدىن بوي تالاشقاندەك تىك كۆتۈرۈلگەن ئېگىز ـ پەس چېقىللارغا، توپ ـ توپ بولۇپ ئۇ قىردىن ـ بۇ قىرغا ئۇچۇپ يۈرگەن كەكلىكلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ ئەكس ساداسى يىنىۋاتقان ھاڭلارغا قارىدى.

داۋۇت ئاتلارنىڭ ئېگەرلىرىنى ئېلىپ، ئالدى پۇتلىرىنى چۈشەپ، پەستىكى ئوتلاققا ھەيدىۋەتكەندىن كېيىن، سەلىمنى باشلاپ تاش يېرىقلىرىدىن چىقىۋاتقان بۇلاق تۇۋىگە كېلىپ تۇگۈچنى يايدى. ئۇلار نانلىرىنى سېرىق ماي ۋە داكا خالتىدىكى سۈزمىگە مىلەپ يېيىشكەچ مىلتىقلىرىنى قايتا تەكشۈردى.

— داۋۇت ئاكا، تېزرەك بولمامسىز؟

— جىنىڭ ئالدىراپ كەتتى - ھە، ئۇۋچىلىق دېگەن ئەنە شۇنداق يۈرەكنى ئوينىتىۋېتىدىغان بىر ئىش. قانداق، ئاخشامقى دېگەنلىرىم ئېسىڭىزدىدۇر، تەپكىنى باسقاندا نەپەس ئالما ...

ئۇلار چېقىلمۇ چېقىل، ئىدىرمۇ ئىدىر ئۆمىلەپ ۋە ئېگىشىپ يۈرۈپ بىرەر توشقان ياكى كەكلىك ئاتالمىدى. ھەر قېتىم «گۇم» قىلغان ئاۋازدىن كېيىن داۋۇت سەلىمگە مەنىلىك كۆز قىسىپ قويۇپ «قۇيرۇقى تاقاشتى» دېسە، سەلىممۇ «شۇنداق، قانىتى بولمىغان بولسا ...» دەيتتى - دە، قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتەتتى.

داۋۇت بىلەن سەلىم مىلتىقنى كۆتۈرۈپ ئاتلار يايلاۋاتقان يەردىن خېلىلا ئۇزاپ قىزغۇچ داشقال رەڭگىدىكى بىر چېقىل ئۈستىگە چىقتى. ئۇلار خۇددى تۆگىنىڭ بوينىغا ئوخشايدىغان تاش ئارقىسىدىن ۋاقىلدىغان، بوقۇلدىغان ئاۋازلارنى ئاڭلاپ، ئۆمىلەپ دېگۈدەك چېقىل چوققىسىغا يېقىنلاشتى. چېقىل يانباغرىدىكى بىر پارچە يالاڭلىقتا بىر توپ كەكلىك ۋاقىلدىشاتتى ۋە نەلىرى مادىلىرىغا قانات سۆرەپ يۈرەتتى.

— سەلىم، — دېدى داۋۇت پىچىرلاپ، — مەن ئوق چىقارغاندىن كېيىن، كەكلىكلەر ئۇچۇپ بىر غۇلاچ كۆتۈرۈلۈش بىلەن تەڭلا تەپكىنى باس ...

داۋۇت «گۇم» قىلىپ ئېتىۋىدى، بىر كەكلىك يىقىلدى، قالغانلىرى ئۈركۈپ كۆتۈرۈلدى. سەلىم تەپكىنى باستى، چىپچىلغان پىتىر ئۇچ كەكلىكنى موللاق ئاتقۇزدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ بىرى بىر يىقىلىپ، بىر قوپۇپ، ھاڭنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتتى - دە، چېقىل ئۈستىدە پالاقلىغىلى تۇردى. يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك شاد بولغان سەلىم چېقىل ئۈستىگە يۈگۈردى.

— سەلىم خەتەرلىك! — ۋارقىرىدى داۋۇت قولىنى كاناي قىلىپ.

تىك تاشلارغا يامىشىپ چىقىپ كېتىۋاتقان سەلىمنى كۆرگەن داۋۇت ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مىلتىقنى سىقىمدىغىنىچە يۈگۈردى.

سەلىم ئىككى چىقىل ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈكتەك قىسىلىپ قالغان تاشقا ، ئۇنىڭ تېگىدىكى نەچچە مىڭ غۇلاچ چوڭقۇرلۇقتىكى ھاڭغا قاراپ تۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ بېشى قايدى . شۇ ئەسنادا ھاسىراپ يېتىپ كەلگەن داۋۇت سەلىمنىڭ بىلىكىدىن تۇتتى .

— ھەي ئىسىت ، — دېدى سەلىم پالاقلاۋاتقان كەكلىككە قاراپ .

— توختا ، مەن ئەكېلەي ، سەن تۇرۇپ تۇر .

— ياق ، مەنمۇ ئۆتىمەن !

داۋۇت بىلەن سەلىم قول تۇتۇشۇپ تاك چىقىل ئۇستىگە چىقتى . پىتىر كەكلىكنىڭ بىر قانىتىنى سوندۇرۇۋەتكەندى . ئۇلار كەكلىكنى بوغۇزلىغاندىن كېيىن ، تاش ئۇستىدە يانمۇيان ئولتۇرۇپ يىراقلارغا قارىدى . باغىرلىرىدا سوزۇلۇك ئاق بۇلۇتلار لەيلەپ يۈرگەن ھەرە چىشىدەك ئېگىز - پەس تاغ چوققىلىرى خۇددى قويۇق ئورماندەك قەد كېرىپ تۇراتتى . سەلىم ئورنىدىن تۇردى - دە ، چەت ئەل چېگرىلىرىغا قاراپ ھاياجان بىلەن توۋلىدى :

«ھاي ··· ھاي ··· ھاي ··· ھا ··· ي ! ! !··· »

تاغلار جاراڭلىدى ، ئەكس سادا ئارقا - ئارقىدىن يېنىپ مىڭلىغان ئاۋازلارغا ئايلاندى !··· قىيا تاشلارغا قونغان بۈركۈت ، تاز قارالار ۋە يەنە قانداقتۇر قۇشلار ئۈركۈپ كۆتۈرۈلدىيۇ ، ھايال ئۆتمەي چوققىلار ئارا پەسلەپ غايىب بولدى ···

ئۇلار كەچكە يېقىن بىر ئۇلار ۋە بىرنەچچە كەكلىك ئېتىپ ، ئاتلىرىغا غانجۇغىلىدى - دە يولغا چۈشتى . ئوۋغا قىزىقىپ كەتكەن سەلىم ئېگەرگە پۇت قويغاندىلا ئاندىن قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى ھېس قىلدى .لېكىن ، داۋۇت ئۇنىڭغا «چىدا» دېگەندەك كۈلۈمسىرەپ قويۇپ ئاتقا مىندى . داۋۇت كەلگەن يولى بويىچە ئەمەس ، باشقا بىر جىلغا يولى بىلەن ماڭدى . ئۇلار يېرىم سائەتمۇ ماڭماي ، بۇك بىر ئورمانلىققا يېتىپ كەلدى - دە ، شۇ يەردە تاماقلاندى . داۋۇت سەلىمنىڭ ئاجايىپ ئىشتىھا بىلەن تاماق يېيىشىگە قاراپ ۋە سۆزمە ، سېرىق مايلارنى يۇز ۋە بۇرۇنلىرىغا

سۇركۇۋالغانلىقىنى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتتى :

— تاغ يېرىدە قورساق بەك ئاچىدۇ ، نېمىشقا دېسەڭ ، شاملى كۆپ !

— داۋۇت ئاكا ، — دېدى سەلىم ئورمانغا قاراپ ، — بۇ يەرنى نېمە دەيدۇ ؟

— «ياماننىبۇك» دەيمىز ... بۇ ئورمان بىزگە قارايدۇ . دەرەخلىرى خىل . ئەگەر بۇنىڭدىن كېيىن بىرەر ئامبار ياكى تەجرىبىخانا سالساق ، مۇشۇ يەرنىڭ ياغاچلىرىنى كەسسەك بولىۋېرىدۇ ... لېكىن يىراقراق ...

كەچكى گۈگۈم تاغلىق كەنتكە قارا تورلىرىنى يېيىشقا باشلىدى . لېكىن ، كۆك ئاسمان تېخى كۈندۈزدەكلا يورۇق ئىدى . داۋۇت زەڭگەر بولاقتا كەلگەندە ، ئېتىنى يانغا بۇراپلا گۈگۈم پەردىسىگە ئورىلىپ تۇرغان يېگانە ئۆي تەرەپكە ماڭدى .

— داۋۇت ئاكا ، نەگە بارىمىز ؟

— يۇر ، هازىلخاننى يوقلاپ ئۆتەيلى ، ئۇسساپمۇ قالغانسەن ؟

داۋۇت كۆرۈمسىز ئۆي ئالدىدىكى مومىغا ئاتلارنى قاڭتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن ، ئىشىك زەنجىرىنى شىرىقلاتقاچ ئاستا توۋلىدى .

— سەرۋەر ...

سەلىم ئەتراپىنى ئىهاتە قىلغان قاشالىرىمۇ يوق ، بىر تەرەپتە شاخ - شۇمبىلار بىلەن ئۈستىنى يېپىپ قويغان كۆكۈم دۆۋىسى تۇرغان[1] ئۆگزىسىدە شامال ئۈتۈشكۈدەك گىرەلەشتۈرۈپ تىزىلغان تېزەكلەردىن باشقا نەرسە كۆرۈنمىگەن بۇ ئۆيگە قارىدى - دە ، داۋۇتقا نېمىدۇر دېمەكچى بولدى . لېكىن ، ئىشىك ئېچىلىپ سەرۋەر چىقىپ كەلدى .

— ۋاي ئانىكام ، داۋۇت بەگ دادامغۇ بۇ ... — سەرۋەر سەلىمگىمۇ كۆز تاشلىۋالدى .

داۋۇت بىلەن سەلىم ئۆيگە كىرىپ مورا يېنىدا تەكىيگە

---

① كۆكۈم — قۇرۇق تېزەك ئۆۋىندىلىرى ، تونۇر قىزىتىشقا ، سۈتنى قايماق تۇتقۇزۇشقا ئىشلىتىلىدۇ .

يۈلىنىپ ئولتۇرغان ھازىلخانغا سالام بەردى . ھازىلخان ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇۋىدى ، داۋۇت ئۇنىمىدى . سەرۋەر يۈگۈرۈپ بېرىپ قۇراق كۆرپىدىن بىرنى سالدى .

— داۋۇت ، بىرنەچچە زامان بولدى ، ئايىغىڭ بۇ تەرەپلەرگە يەتمەيدۇيا ؟ — دېدى ھازىلخان ئورنىدا قىمىرلاپ قويۇپ .

— مەكتەپ ئىشى ، يايلاق ئاۋارىچىلىكى بىلەن بولۇپ سىلىنى يوقلىيالمىدىم . قانداق ، ئىدىرىس كەلگەندۇ ؟

— كەلدى ، رەھمەت ساڭا ! ئەۋەتكەن چاي - تۇز ، ئۇنلىرىڭنى ئەكېلىپ بەردى . ئۇھ ۋاي ، ۋاي خۇدا ، سانجىق ...

— كېسەللىرى يەنە قوزغىلىپ قالغانمۇ ، نېمە ؟

— جانغا كەلگەن كېسەل دېگىنە بۇنى ، خۇدايىم ئالىدىغان ئامانىتىنى ئالسىمىغۇ مەيلىدى ، ھەمدۇل موللام ئايەت سۈيى تەييارلاپ كۆپ - سۈپ قىلىپ كېتىۋىدى ، ئۇنىڭمۇ زىيان قىلغان ، پايدا قىلغانلىقىنى بىلەلمىدىم .

ئىسسىق سۈت پۇرىقى كېلىپ تۇرغان بۇ ئۆيگە سەپسالغانسېرى سەلىمىنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى . «ئايال كىشىنىڭ گۈزەللىكى ئۆي ئىشىدا بىلىنىۇر» دېگەندەك ، ئۆي سەرەمجانلىرى يوق دېگۈدەك بولسىمۇ ، قاچا - قۇچا ، ئورۇن - كۆرپىلەر ، مورا ئالدىغا سېلىنغان ئۆچكە تېرىسى ، تام ئويۇقلىرىغىچە پاكىز ۋە رەتلىك ئىدى ...

— بۇ بالىكىمىز كىم بولىدۇ ؟ — دېدى ھازىلخان سەلىمىگە قاراپ .

— بىزگە كەلگەن مۇئەللىم ئەمەسمۇ ! ھە ، بىز ئۆزلىرىنىڭ سەمىگە سالماقچىدۇق ، — دېدى داۋۇت ھازىلخاننىڭ ئىششىپ قالغاندەك ساپىيىپ تۇرغان يۈزىگە قاراپ ، — سەرۋەرنى ئوقۇغۇچىلىققا قوبۇل قىلدۇق .

— نېمە ؟ — ھازىلخان يالتىيىدە قارىدى ، لېكىن داۋۇتقا يۈز كېلەلمىدى بولغاي ، بىر ھازا جىمىپ كەتتى ، ئاخىرىدا ئۇن قاتتى ، — قىزىمىزنىڭ بويى سۇزۇلۇپ قالغاندا ...

داستىخان سېلىپ چاي تەييارلاۋاتقان سەرۋەر ھويپىدە قىزىرىپ تەتۈر قارىۋالدى. باياتىن بېرى ئۆزىنى قاتتىق يۈگەنلەپ ئولتۇرغان سەلىممۇ ئىختىيارسىز سەرۋەرگە كۆز تىكتى. سەرۋەرنىڭ زىلۋا قەددى، كەڭ پېشانىسىدىكى چېكىلىرىگە تارتىلغان قىيغاچ قاشلىرى، خۇددى سۈرمە تارتقاندەك تال ـ تال قايرىما كىرپىك قاپلىغان چوڭ كۆزلىرى، پىچاق بىسىدەك قاڭشارلىق بۇرنى، ھال رەڭ پارقىراپ تۇرغان سۇزۇك، كىچىك لەۋلىرى ئۇنىڭ ناۋات رەڭ چىرايىغا خوپمۇ ھۆسن قوشقان بولۇپ، ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈۋاتقان نازۇك كۆكسى ئۇنىڭ بويىنىڭ سۇزۇلۇپ كېلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى...

— ئەسلىدە سەلىم مۇئەللىم قوشۇلمىغانىدى، — دېدى داۋۇت سەلىمگە قاراپ، — لېكىن مېنىڭ تەڭلىككە سېلىشىم بىلەن ئۇمۇ ماقۇل بولدى.

داۋۇت سەرۋەرنىڭ ئەقلىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، ئۇ ياخشى ئادەم بولۇپ نام ـ شۆھرىتى كۆتۈرۈلسە، ھازىلخان ئۇچۇنمۇ يۈز ـ ئابرۇي ئىكەنلىكى ھەققىدە ئۇستىلىق بىلەن ئەگىتىپ سۆزلەپ، ھازىلخاننى ئېرىتىپ قويدى.

— بوپتۇ، — دېدى ھازىلخان ئېغىر تىنىپ، — ئەسلىدە مەن ئۇنى قۇرئان ساۋاتلىق قىلماقچىدىم. لېكىن، مېنىڭ كېيىنلىكىم مۇنداق تۇرسا، مەندىن كېيىن قالسىمۇ سەن ئۇنىڭغا ئاتا يوللۇق ئاتا...

سەرۋەر چاي قۇيۇپ، داستىخانغا ئۇنى ـ بۇنى قويغۇچە تەمتىرەپلا كەتتى. خۇشاللىقىدىنمۇ ياكى خان ئانىسىنىڭ بىرنەچچە ئېغىز تاتلىق گېپىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر ئۇنىڭ پۇت ـ قولى يەرگە تەگمەيلا قالدى، ھەتتا داۋۇت بىلەن سەلىمنى ئۆزىتىپ چىققاندىمۇ ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترەپ، يەردىن ئۇستۈن قارىمايتتى ۋە سەلىمگە رەھمەت ئېيتاتتى...

# ئالتىنچى باب

## ھەمدۇلنىڭ «دەردى»

جۇدۇنلۇق كۈنلەر باشلاندى. ئېگىز تاغلار ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلگەن ئېغىر قارا بۇلۇتلار گويا كىچىككىنە قاراڭغۇتاغ كەنتىنى يالمىۋېتىدىغاندەك پەسكە قاراپ ئاقاتتى. مەھەللە، ھويلىلاردىن چوقچايغان قورام تاشلار كۈمۈش رەڭ نەم تۇمانغا پۈركىنىپ، يامغۇر سىمىلدايتتى. يامغۇر كېيىن قار ئۇچقۇنلىرىغا ئايلاندى.

كىتابخانىغا مەلۇم بولسا كېرەك، تىكىلەك — قاراڭغۇ تاغ مەھەللىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قارا تۆگىدەك چوقچىيىپ تۇرىدۇ. تىكىلەكنى يانداپ ئوڭغا بۇرۇلساق، پەس سايغا — زەڭگەر بۇلاققا بارىمىز. ئەگەر تىكىلەكتىن بۇرۇلماي ئۇدۇل ماڭساق، ئاپتاپتا قاقشالغا ئايلانغان غارالىق ھويلىلار، چىلە پۇراپ تۇرىدىغان ئېغىللار، تاشتىن قوپۇرۇلغان قوپال تاملار، ئاددىي ۋادەكلىك ئۆيلەر دۈچ كېلىدۇ. بۇ ئۆيلەر دۆڭگە كۆتۈرۈلگەنسېرى شالاڭلىشىپ، دۆڭنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىدە پەقەت «ھەممىدىن مەن ئېگىز» دېگەندەك، تۆت ئەتراپى رېشاتكا ئىچىگە ئېلىنغان مەسچىتلا قالىدۇ. قاراڭغۇ تاغلىقلار بۇ يەردە ئاللاغا سېغىنىدۇ. بۇ مەسچىتكە يانداپلا سېلىنغان پاكار ئۆگزىسىدە ئاپئاق سۆڭەكلەر دۆۋىلىشىپ كەتكەن قازناقلىق ئۆي مەسچىتنىڭ ئىمامى — ھەمدۇل موللىنىڭ ئۆيى. بۇ يەردىن پەس جىلغىغا قارىغىنىمىزدا، قوتانلىق مەھەللىسىنىڭ ئۆي ئۆگزىلىرىدە نېمە بولۇۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. سەرۋەرنىڭ ئۆيى قوتانلىق مەھەللىسىگە تەۋە بولسىمۇ، لېكىن زەڭگەر بۇلاققا يېقىن جىلغا قاپتىلىدا يېگانە مۆكۈنۈپ

تۇراتتى .

— بىز كەينىمىزگە قايتايلى ـ دە ، ھەمدۇل موللىنىڭ ئۆيىنى بىر پەتلەپ ئۆتەيلى .

كەڭ ، ئازادە سېلىنغان ئۆينىڭ تۆرىدە قوپال ياسالغان بىر كارىۋات ، بىر بۇلۇڭدا بىرنەچچە تاغار يۇڭ ، ئاشلانغان ۋە ئاشلانمىغان تېرىلەر دۆۋىلەنگەن بولۇپ ، ئۆينىڭ تېمىغا بولسا زەدىۋال ئورنىدا قارا يوللۇق يۇڭ پالاس تارتىلغانىدى . ھەمدۇل موللا مەللە رەڭ تونىنى كىيىپ ، قاما تۆپىسىنى قولاقلىرىغىچە چۆكۈرۈپ مورا ئالدىدا قوم چۆگۈنىنىڭ شىڭىلدىغىنىنى تىڭشاۋاتقاندەك جىمجىت ئولتۇراتتى . ئۇ گەرچە ساقىلىنى چىمدىپ ئولتۇرسىمۇ ، ئىچىدە يەنە بىر قارا چۆگۈن قايناۋاتقاندەك بولۇپ ، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ قىپقىزىل تىللىرى يۈرەك ـ باغرىنى ئۆرتەپ كۆيدۈرۈۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ تىنچسىزلىناتتى . ئۇ ئىچىدە : «لەنتى ياۋايىلار ، تۆگە ماياقلىرى ، قوتاز پىتلىرى ...» دەپ كىملەرنىدۇر تىللايتتى .

شۇنداق ، ھەمدۇل بۈگۈنكىدەك ئۈمىدسىزلەنگەن ئەمەس ئىدى . ئۇنىڭ كۆڭلىنى خۇددى قاتمۇقات چوققىلاردىن ھالقىپ كېلىپ ، تاغ كەتنىنى مانان ئىچىدە قويغان قارا بۇلۇتلاردەك قاراڭغۇ تۇتەك قاپلىغانىدى .

ھەمدۇل : «ھەرىكەتتە بەرىكەت» دەپ بىكارغىلا تەكرارلىمايدۇ . بۇ — ئۇنىڭ ئەقىدىسى . ھەمدۇل قاچان قاراڭغۇ تاغقا ئۇندى ، ئۇ شۇنىڭدىن تارتىپ ھەرىكەت قىلدى . يىقىلسا قوپتى ، قوپالمىسا ئۆمىلىدى ، بىرگە ھىجايدى ، بىرگە ھومايدى . لېكىن ، ئۈن ـ تىنىسىز يېتىپ قالمىدى . شۇڭا ، ئۇ داۋۇتتەك تاغ بۈركۈتى ئالدىدىمۇ تۈلكىدەك جېنىنى ئامان ـ ئېسەن ساقلىيالىدى . لېكىن ، ھازىر بۇ تاغ بۈركۈتىگە يەنە بىر بالا بۈركۈتمۇ قوشۇلدى . ھەمدۇل ئۇ بالا بۈركۈتتىن ھەزەر ئەيلىدى . ئۇ قاراڭغۇ تاغقا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ، ھەمدۇلنىڭ شېرىن چۈشلىرىنى بۇزۇپ ، بىر چىرايلىق تاغ قۇشنى بىرلا چاڭگاللاپ ئەكەتتى . ھەمدۇلنىڭ

يىگانە ھاياتىدا يەنە نېمە قالدى؟ ئۇ بۈگۈن ھازىلخاننىڭ ئۆيىگە ئۇچىنچى قېتىم بېرىشى، ھازىلخان موللامدىن قولىنى يۇيۇپ قولتۇقىغا ئېرتىۋەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن گەپلىرى تاغ پىيىزىدەك گىچ - گاچ، يامغۇردا قالغان تېزەكتەك شىرشىم بولۇپ قالغانىدى.

دۇنيادا تۇرمۇش بىلەن مەنپەئەت ئادەمنى ھەر كويغا سالىدىغان رەھىمسىز كۈچ. ئۇ ئىككى گۆھەردىن كېچەلىگەنلەر تولىمۇ ئاز. مانا ھازىر ھەمدۇل ئۇچۇن تاغ باغرىدىكى ئاشۇ بىرنەچچە ئېغىزلىق ئاق ئۆيلەر، ۋاقتى - قەرەلىدە جىرىڭلاپ تۇرغان قوڭغۇراق، مەكتەپ مەيدانىنى بېشىغا كىيىپ ۋاڭ - چۇڭ كۆتۈرىدىغان بالىلار، پات - پات قوتازلارغا نەرسە - كېرەك ئارتىپ مەكتەپ تەرەپكە خۇشال ئۆتۈپ كېتىدىغان ئىدىرىس كاتىپمۇ بالايىئاپەتتەك كۆرۈنەتتى. تېخى سەرۋەرنىڭ خۇشاللىقىنى دېمەمدىغان! ھەپتە ئالدىدا ئىدىرىس بىلەن قادىر بىرنەچچە قوتازدا ئەكەلگەن يەشىك - يەشىك تەجرىبە سايمانلىرىنى مەكتەپ ئالدىغا چۈشۈرگەندە، بالىلارنىڭ چاۋاك چېلىشىپ سەكرىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن ھەمدۇل ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي دوڭغاسلىغىنىچە كەنت دۇكىنى ئالدىغا يېتىپ كەلگەنىدى. شۇ چاغدا بىركىم: «قارا!» دېدىمۇ ياكى شۇنداق تۇيۇلدىمۇ، موللام سەرۋەرنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ دۇكانچى ئابدۇللادىن بىر ئامبۇر سورىدى. سەرۋەرنىڭ «سەلىم مۇئەللىم بېرىپ تۇرسۇن دېگەنىدى» دېگەن مەكتەپ قوڭغۇرىقىدەك جىرىڭلاپ تۇرىدىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ھەمدۇلنىڭ پۇت - قوللىرى بوشىشىپ تاماقلىرى قۇرۇدى. ئەگىزگە قانمىغان كالىدەك كالپۇكلىرىنى يالاپ، چېكىتتەك كۆزلىرىنى مىتىلداتتى.

ھەمدۇل شۇ كۈنى قايتىپ كېلىپ ئۆيىگە كىردى، تالاغا چىقتى، دۇكان ئالدىغا يەنە كەلدى. تىكىلەك قورام تۈۋىدە بىردەم تېكىرقاپ تۇرغاندىن كېيىن، مەكتەپ تەرەپكە قاراپ دىمىغىنى قاقتى. قىسقىسى، ساغرىسىغا چىقان چىققان ئادەمدەك

ئولتۇرالماسلا بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ ئىچىنى نىمىدۇر مۇشۇكتەك تاتىلايتتى . ئۇ ئاخىر چۆچىنىڭ ھىدىنى ئالغان مۇشۇكتەك مەكتەپ تەرەپكە ماڭدى . ھەمدۇل بىر چاغدا سەرۋەر سەلىمنىڭ ئىسكىرپكىسىنى يوشۇرۇن ئاڭلىغان قارا تاشنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇندى ـ دە ، تەجرىبە سايمانلىرىنى ئۆيگە توشۇۋاتقان بالىلارغا سەپسالدى . سەلىم بىلەن سەرۋەر يەشىكلەرنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋاتاتتى . قادىر ، سېيىت ئۇستاملار ئوقۇغۇچىلارغا نىمىلەرنىدۇر دەيتتى . سەلىم بىلەن سەرۋەر يەشىك ئىچىگە تەڭ قول سېلىپ ، بىرنەرسىنى ئاۋايلاپ ئالدى . بەلكىم ، ئۇلارنىڭ قوللىرى تېگىشكەندۇ ، ھازىرچە مۇنۇ سەلىم دېگىنى قىزغا قارىمىغاندەك ، چاتىقى بولمىغاندەك قىلغىنى بىلەن ، بەلكىم ئۇنىڭمۇ شەيتىنى ۋەسۋەسىگە سېلىۋاتقاندۇ . ۋۇي ، نامەھرەملەر !… ۋۇي دوزاخ بەندىلىرى !…

ئاچچىق ئەسلىمىلەردىن كۆزلىرى يۇمۇلۇپ ، جاۋغايلىرى ساڭگىلاپ ، ئىككى قاتلىشىپ قالغان ھەمدۇل قوم چۆگۈننىڭ ۋاراقلاپ قاينىغان ئاۋازى بىلەن كۆزلىرىنى ئاچتى . ئۇ چۆگۈننى بېغىشىدىن تۇتۇشىغا قولى كۆيدى بولغاي ، ئىتتىك قويۇۋىدى ، چۆگۈن ئۆرۈلۈپ كولۇچىدىن ۋاژىلداپ كۆتۈرۈلگەن بۇس ۋە كول ئۆينى بىر ئالدى .

«ئىلاھىم ، قۇرۇپ كېتەرسەن …»

ھەمدۇل چۆگۈننى بىرنى تەپتى ـ دە ، قولىنى پۇۋلىگەچ سىرتقا چىقتى . تاغ چوققىلىرىدىن كېلىۋاتقان سوغۇق شامال ئۇششاق قار ئۇچقۇنلىرىنى يۇزلەرگە ئۇرۇپ چىمىلدىتاتتى . قەيەردىندۇر ئاڭلىنىۋاتقان موزاينىڭ سوزۇپ مۆرىشى ، كوچۇكنىڭ زىل ئاۋازدا قاۋىشى كۆڭۈلنى خىرە قىلاتتى . كەنتنىڭ ئۇزۇن ، ئەگرى ـ بوگرى تار كوچىلىرىدا ئادەملەر كۆرۈنمەيتتى . پەقەت يۇڭ ۋە تېرىلىرىنى دۇكانچى ئابدۇللاغا چاي ، تۇز ، سوپۇنغا تېگىشىش ئۈچۈن ماڭغانلارلا غىل ـ پال ئۆتۈپ كېتەتتى . ھازىر ھەممىلا كىشى مال غېمىدە ، ئۇلار قىشلاقلارنىڭ كەم ـ كۇسىنى

يـىغىـش ، مـال يـۆتـكەش ، چۆپ توپلاشقا ئوخشاش ھەر يىلى تەكرارلىنىدىغان ئىشلار بىلەن بەند بولغاچقا ، مەسچىتكە كېلىدىغان جـامـائەتمۇ شالاڭلاپ قالغانىدى . داۋۇتنىڭمۇ قارىسى كۆرۈنمەس بولۇپ كەتتى . ئۇ ھازىر بەلكىم بىر يەردە تۇرالماي ، ئېتىنىڭ تېزىكى قۇرۇلار - قۇرۇمايلا ، تاغ ئارىلاپ يۆتكىلىپ يۈرىدىغاندۇ ...

«داۋۇتنىڭ قايتىپ كېلىشى بىلەنلا سەپەر قىلىشىم كېرەك» دەپ پىچىرلىدى ھەمدۇل يەڭلىرىگە قوللىرىنى تىقىپ .

ھـەمـدۇل قـىـسـىـل ، چاقار ، ئومشا ، تاسايلاردا كۆرگەن ھـالاۋىتىنى ئويلاپ ، يېنىككىنە تىن ئالدى . ئەمما ، بوغاقاچتىغا ئـەمدى ئـاياغ باسالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى . چۈنكى ، سادىر شـەھەردىن كېلىپلا يايلاقتا قايتىدىغان كۈنى ئۇدۇل ھەمدۇلنىڭ ئـۆيـى ئالدىغا كېلىپ ، قامچا دەستىسى بىلەن ئۇنىڭ ئىشىكىنى قـاقـتـى . سـادىرنىڭ نەشتەردەك تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ، غـەزەپـتـىـن لـىـكـىلداۋاتقان قوشقار مۈڭگۈزىدەك بۇرۇتلىرىنى كۆرۈپ ، قورققىنىدىن ھەمدۇلنى ھېقىق تۇتۇپ كەتكەنىدى .

— مـولـلام ، — دېـدى سـادىـر ئات ئۈستىدە قامچىسىنى ئوينىتىپ ، — بۈنىڭدىن كېيىن بوغاقاچتىنى قوچىماچاڭ قىلىمەن دەپ ئويلىمىسىلا ، مەن سادىرنىڭ قامچىسى ئادەم تونۇمايدۇ ...

ھـەمـدۇل ئـۇچـۇن سادىرنىڭ كۆز ئالايتىشى ، قامچىسىنى شـىـلتىپ ۋارقىرىشى يېتەرلىك ئىدى . ئۇ ئىچىدە : «جاھىللىقى قېنىغا سىڭىپ كەتكەن بۇ غورا قاپاق قارام تاغلىقنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ ، تەپ تارتمايدۇ» دەپ شىۋىرلىدى .

... ھـەمـدۇل چـىـگىش خىياللاردىن بىردەم خالىي بولۇش ئـۇچـۇن ، قـامـا تۇمـىـقـىـنـى بېشىغا چۆكۈرۈپ كىيىپ ، قار ئۇچقۇنلىرىدىن شۇمشەيگىنىچە دۇكان ئالدىغا كەلدى . ئۇ پوكەيدىن بويۇنداپ قاراپ ، تېرە ، يۇڭ ، ئارغامچا ، يەرلىك قىزىل ئۆتۈك ، تەلپەك ، چاي - تۇزلار بىلەن تولغان دۇكان ئىچىگە قارىدى ۋە پوكەينى تاراقلىتىپ ئۇردى . كىگىز تارتىلغان ئىچكەركى قازناقتىن ئابدۇللا چىقىپ كەلدى .

— ئابدۇللا ئاخۇن ، ئاڭلىشىمچە ناۋات كەپتۇمىشقۇ ؟ — دېدى ھەمدۇل كۆزلىرىدە نېمىدۇر ئىزدىگەندەك ئالاق - جالاق قىلىپ .
— تۇگىدى ، موللام ...
— تۇگىدى ؟ ! قاراپ باققىن ، ئېلىپ قويغانلىرىڭ باردۇ ؟
— ئازراق بار ، لېكىن ئۇنى سەلىم مۇئەللىمگە ئېلىپ قويغان .
— مۇئەللىمگە ؟ — ھەمدۇلنىڭ چىرايى كەكرى يۇتۇۋالغاندەك پۈرلىشىپ كەتتى .
— شۇنداق ، داۋۇت ئاكام ماڭا تاپىلاپ قويغان ، — دېدى ئابدۇللا يىراقتىن مەھەللىگە قوتاز ھەيدەپ كېلىۋاتقان ئىدرىسقا قاراپ .
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئابدۇللائاخۇن ...
— ھە ، ئىدرىس ، گۇڭشېدىن كېلىشىمىزمۇ ؟ ئۇچ كۈننىڭياقى كۆرۈنمىگىنىمىز شۇ ۋەجىدىنكەن - دە !
ئىككى قوتازغا تاغارلارنى ئارتقان ئىدرىس كاتىپ دۇكان ئالدىدا توختىدى . سەلىمنىڭ ئېتىنى ئاڭلاش بىلەن ئەمەن يەۋالغاندەك بولۇپ قالغان ھەمدۇل ئىدرىسنىڭ يوغان سالۋا تەلپىكىگە ، تۇكلۇك مەيدىسىگە ، ئالدى ئوچۇق كالتە جۇۋىسىغا ، بويى قوتاز بىلەن تەڭلا تۇرغان دىقماق گەۋدىسىگە قارىغاندىن كېيىن ، تاغارلارنى تۇتۇپ كۆردى .
— بۇلار نېمىكىنا ، ئىدرىسئاخۇن ؟
— ئوقۇغۇچىلارنىڭ شەھەردىن ئەۋەتىلگەن قىشلىق كىيىم - كېچىكى ، ئاخۇنۇم .
— ھۆم ، مۇنداق دېگىن ، ئوقۇغۇچىلارغا كىيىممۇ بېرىدۇ دېگىنە ؟
— شۇنداق بولمايچۇ ، ۋال - ۋۇل پارقىرايدىغان كېپىشلەر ، قايرىما ياقىسى بار چاپان ، ئالدىدا توپچىسى بار ئىشتانلار ، نوچا ... نوچا ...
ھەمدۇل غوتۇلدىغىنىچە چۈشىنىكسىز بىرنېمىلەرنى دەپ

كېتىپ قالدى . ئۇنىڭ مۇنۇ ئاپئاق نەم چىشلىرىنى پارقىرىتىپ كۈلۈۋاتقان ، چىرايى تاغ كۆمىچىدەك قاپقارا ئىدرىسقا ئاچچىقى كېلىۋاتقانلىقى ياكى موللام تۇرغان يەردە نەدىكى بىر دىنسىزغا ناۋات ئېلىپ قويۇپ خىرامان چىشىنى كولاپ ئولتۇرغان مۇنۇ دىيانەتسىز دۇكانچىغا ئوغىسى قايناۋاتقانلىقى مەلۇم ئەمەس ئىدى .

ئىدرىس ئابدۇللادىن بىر چېكىم تاماكا ئېلىپ ، ئوراپ بولغۇچە موللامنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇردى ۋە غەرەزسىزلا كۈلۈۋەتتى ...

# جەپەر بوۋا

سەلىم ئۆزىنىڭ ھەم ئىشخانا ، ھەم تەجرىبىخانا ، ھەم ئامبار بولغان بۇ ياتىقىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماتېماتىكا تاپشۇرۇقلىرىنى تەكشۈرۈپ نومۇر قويۇۋاتاتتى . مەشىنە تاراسلاپ كۆيۈۋاتقان قورۇق قارىغاي ئوتۇنىدىن ئېرىگەن دېۋىرقاي ھىدى كېلەتتى . يال - يۇل قىلغان ئوت يورۇقىدا جوزا ئۈستىگە تىزىلغان تەجرىبە سايمانلىرى پارقىراپ كۆرۈنەتتى . ئېرىگەن دېرىزە كۆزنەكلىرىدىن قار باسقان قىرلار غۇۋا كۆرۈنەتتى . يىراق تاغ قاپتاللىرىدىكى قارىغاي ۋە قېيىن دەرەخلىرى خۇددى سەللە ئورىغان مويسىپىتلارغا ئوخشايتتى .

سەلىم تاپشۇرۇقلارنى تەكشۈرۈپ ، بەزىلىرىنى تۈزىتىپ قىزىل قەلەم بىلەن بەلگە ئۇرۇپ ماڭدى ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېزىقلىرىدىكى ئىسملا خاتالىرىنىمۇ ئوڭشاپ قويدى ... ئۇنىڭ قولىغا «سەرۋەر ھاپىز» دېگەن ئىسىم يېزىلغان دەپتەر چىقتى . ئۇ ئىسىمغا ئىختىيارسىز تىكىلىپ قاراپ قالدى .

سەلىم سەرۋەرنى مەكتەپكە قوبۇل قىلىپ قويۇپ ، كېيىن بىر ئاز ئەنسىرىگەنىدى . چۈنكى ، سەرۋەر قوبۇل قىلىنغۇچە بىر ئايدەك دەرس ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگىنىگىمۇ بىرنەچچە يىل بولۇپ

قالغانىدى . سەرۋەر دەرسكە قاتناشقان تۇنجى كۇنى سەلىم يېڭى دەرس ئۆتتى . ئارقىدىن مەشىق ئىشلەتكۈزدى . بىرىنچى بولۇشنى كۆزلىگەن باللار جىمجىت ، باش كۆتۈرمەي قەلەملىرىنى شىرتىلدىتىشقا باشلىدى . ھەممىنىڭ ئارقىدا ئولتۇرغان سەرۋەر بېشىنى كۆتۈرۈپ ، قەلىمىنى قويۇپ ئارقىغا يۆلىنىپ ئولتۇردى . سەلىم ئىچىدە : «ھىم ، دېمىدىممۇ !» دەپ ئويلىدى . شۇ ئەسنادا باللار ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ چۇرقىراشقىلى تۇردى :

— مۇئەللىم ، مەن ئىشلەپ بولدۇم ...

— مۇئەللىم ، مېنىڭكىنى كۆرۈپ بېقىڭ !...

سەلىم بەزىلىرىگە كۇلۇمسىرەپ باش لىڭشىتىپ قويۇپ ، بەزىلىرىنىڭ مەشىقلىرىگە تۈزىتىش بېرىپ ، ئاخىردا سەرۋەرنىڭ پارتىسىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ دەپتىرىگە ئېڭىشىپ قاردى . سان ـ سىپىرلار ئۇنچىدەك تىزىلىپ يېزىلغان ۋە توغرا ئىدى . ئۇ دەپتەرنىڭ ئالدىنقى بەتلىرىنى ۋاراقلاپ كۆردى ، بۇرۇن ئۆتكەن دەرسلەرمۇ رەتلىك ئىشلەنگەنىدى .

— بۇلارنى باللاردىن كۆچۈرۈۋالدىڭىزمۇ ؟ — دېدى سەلىم كۇلۇمسىرەپ .

— ياق ...

— مۇئەللىم ، — دېدى تۇمەن ئورنىدىن تۇرۇپ ، — سەرۋەر ئاچام بىر ئايدىن بېرى دېرىزە تۈۋىدە دەرس ئاڭلاپتۇ .

سەلىم شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ تارتىنچاق قىزغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدىغان بولدى . مەكتەپكە تېلېفون بېرىپ بىر يۈرۈش دەرسلىك كىتابلارنى ئەكەلدۈرۈپ بەردى . قادىرمۇ سەرۋەرنىڭ تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى كۆرسىتىپ ، ئۇنى ماختايتتى .

سەلىم تۇمەن ، سەمەن ، قىسلدىن كېلىدىغان نودەر ، ھۆرلىقا ، بۇغاقاچتىدىن كېلىدىغان سادىنىڭ قىزى گۇلسۇمە قاتارلىق باللارنىڭ دەرس ۋە باشقا پائالىيەتلەردە ئالدىنقى قاتاردا ئۇزۇپ كېتىۋاتقانلىقىدىن خۇشال ئىدى . لېكىن ، بۇ باللار ئۆزلىرىنىڭ ئادەتلەنگەن ھەۋەسلىرىنى تاشلىمىغانىدى ، جەپەر

بوۋاينىڭ يالغۇز نەۋرىسى — سىنىپ باشلىقى سەمەن پوتىسىغا نىيىنى قىستۇرۇشنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. ئۆگىنىش باشلىقى ھۆرلىقا نودەر راۋابىنى چالمىسىمۇ شامالغا ئۇسسۇل ئويناۋېرىدۇ، ئەركە قىز گۇلسۇمە چۈشىدىمۇ ناخشا ئېيتىدۇ. داۋۇتنىڭ ئوغلى تۇمەنچۇ؟ ئاپىسى ئۇنىڭ يانچۇقلىرىنى تىكىپ ھارمايدۇ. ئۇ بولسا ھەرخىل تاشلارنى يىغىدىن ئايرىماي، بىرىنى ئوت چىقىرالايدۇ دېسە، يەنە بىرىنى ئۇششاق مىخلارنى ئۆزىگە تارتالايدۇ، دەپ ماختىنىدۇ.

شەھەر مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش شارائىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، بۇ يەردىكى تاغ بالىلىرىنىڭ نەقەدەر ناچار شارائىتتا ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، سەلىمنىڭ كۆڭلى يېرىم بولاتتى. ئۇلار كەچتە شامنىڭ گۇڭگا يورۇقىدا مۇزاكىرە قىلىشىدۇ، ياتار ۋاقتىدا ياتاق باشلىقلىرى بولغان نودەر ۋە ھۆرلىقالار شامنىڭ ئىككىلىكىمۇ كەلمەيدىغان يېرىگە قەغەز چاپلاپ ياكى تەمەچ سانجىپ قويۇپ، بالىلاردىن شام كۆيۈپ شۇ بەلگىگە كېلىپ بولغۇچە يېتىۋېلىشنى تەلەپ قىلىپ، شامنى ئىسراپ قىلمايدۇ. بۇ يەردە نە ئېلېكتر بار، نە قىرائەتخانا، كىنو ۋە پروېكتور ئارقىلىق ئوقۇتۇشتىن سۆزمۇ ئاچقىلى بولمايدۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا جۇشقۇن. ئىختىيارىي پائالىيەت ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ ناخشا — ئۇسسۇللىرى تاغ قاپتاللىرىنى ياڭرىتىپ، كەنت ئاھالىسىنى ئۆزلىرىگە مەپتۇن قىلىدۇ.

سەلىم سەرۋەرنىڭ تاپشۇرۇق دەپتىرىگە نومۇر قويۇپ بولۇپ، سائەتكە قارىدى ـ دە، ئالدىراپ قوڭغۇراقنى ئېلىپ سىرتقا چىقىپ چېلىۋېتىپ، ياتاققا قايتىپ كىردى.

ياتاقتا ژۇرنالنى قولتۇقلاپ كىرگەن قادىر تاپشۇرۇق تەكشۈرۈۋاتقان سەلىمگە قاراپ كۈلۈۋەتتى.

— نېمە بولدىڭىز قادىر ئاكا، سىنىپتا بىر قىزىق ئىش بولدىمۇ؟

— سورىمايلا قويۇڭ، تېرىمچىلاقتىن كېلىدىغان سالچۇقنىڭ

تىلىنى قانداق قىلساق بولار؟ داۋاملىق «ر» بىلەن «ي»نى ئالماشتۇرۇپ قويىدۇ. «گويا كۆزۈمگە تۇتيا» دېگەننى «گورا كۆزۈمگە توتىرا» دېمەسمۇ، باللارنىڭ ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى.

سەلىممۇ كۈلۈۋەتتى. ئۇ تاغلىق كەنتكە تۇنجى قەدەم ئالغان كۈنى بىر توپ يېرىم يالىڭاچ ئۇششاق باللارنىڭ ئۇنى كۆرۈش بىلەن «تەلپەك كەلدى، پىنھان پىش»[①] دەپ قاچقانلىقىنى تېخىچە ئۇنتۇيالمىغانىدى. شۇڭا، سەلىم باللارنىڭ تىلىدىكى يەرلىك شىۋىنى ئورتاق تىلغا بويسۇندۇرۇش لازىملىقىنى ھېس قىلغانىدى.

— قادىر ئاكا، بۇنىڭدىن كېيىن كەچلىك مۇزاكىرە ۋە ئىختىيارىي پائالىيەتلەردە باللارغا كۆپرەك ئارىلىشىپ ئەدەپ - ئەخلاق ۋە ئىستىلىستىكىدىن تەربىيە بېرەيلى. باللار تولىمۇ بىزەپ سۆزلەرنى ئۆگىنىۋاپتۇ.

قادىر ۋىللىدە قىزاردى ... سەلىمنىڭ سۆزى ئۇنىمۇ ئۇچۇغداپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى. چۈنكى، ئۇ ئوقۇغۇچىلارنى بەزىدە سەت تىللار بىلەن تىللايتتى ۋە ئۇلارغا لەقەم قويىاتتى. شۇڭا، ئۇ خۇدۇكسىنىپ قالدى.

— سەلىم، — دېدى قادىر قىزىرىپ، — مەن بۈگۈن چۈشكىچە دەرس ئۆتۈۋالسام دەيمەن. ئەتە جاڭگالغا ئوتۇنغا بارمىسام، تېزەككە تۇتۇرۇق قالمىدى.

— بولىدۇ، ئەتە شەنبە بولغاندىكىن، ئىككى سائەت دەرسنى مەن ئۆتەي.

قادىر دەرسكە چىقىپ كېتىپ ئاز ئۆتمەيلا، سىيىت ئۇستام بوسۇغىدا پەيدا بولدى. ئۇ يېقىندىن بېرى كەم سۆز، قاپىقى ئېچىلمايدىغان بولۇپ قالغان، بۇرۇنقىدەك چاقچاقلىرىنى ئۇنتۇغانىدى. بەزىدە كىچىككىنە ئىشلارغىمۇ تاراڭ - تۇرۇك تېگىپ، قوپال ئورىغان تاماكىسىنى چېكىپ بۇتناپ ئولتۇرۇۋالاتتى.

---

① «كادىر كەلدى، قېچىڭلار ياكى ئۆزۈڭلارنى پىنھانغا ئېلىڭلار» دېگەن مەنىدە.

— سەلىمجان ، — دېدى سىپىت بوسۇغىدىلا ، — چوڭراق ئوقۇغۇچىدىن بىرەرنى بېرەمسىز ؟ مەن تونۇر بېشىدىن نېرى بولالمىدىم ، ئوتۇن يېرىپ قازانغا ئوت يېقىۋەتمىسە ، ئاش چۈشكە ئۈلگۈرمەيدۇ .

— ئوقۇغۇچى ، — دېدى سەلىم بىرئاز تېڭىرقاپ تۇرۇپ ، — بولىدۇ ، هازىر …

سىپىت چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، سەلىم تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ چىقىپ ، ئاشخانا ئالدىدا ئوتۇن ياردى . تۇتۇرۇق ئۈچۈن بىر تۇتام قۇرۇق تەمەچنى يىغىپ ئوچاققا سالدى ، تۇتاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ، چامغۇر ، ياڭيۇ ، بەسەيلەرنى يۇيۇپ توغرىدى .

قازاننىڭ شىڭىلداپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن سەلىم ئوچاققا ئوتۇن سېلىش ئۈچۈن سىرتقا چىققاندىلا دەرس ئىسىگە كەلدى - دە ، سائىتىگە قاراپ چۆچۈپ كەتتى . قادىرنىڭ دەرس ئۆتۈۋاتقانلىقىغا بىر يېرىم سائەت بولۇپ قالغانىدى . ئۇ ئۈچقاندەك ياتاقىغا كىرىپ قوڭغۇراقنى ئېلىپ چىقىپ چېلىۋېتىپ ، ئاشخانىغا قايتىپ كىردى ۋە يۇغۇرۇلغان خېمىرنى ئىككى يۇمىلاق قىلىپ نوغۇچ بىلەن يېيىشقا باشلىدى .

— بەللى ، سەلىمجان ، — دېدى ژۇرنال قولتۇقلىۋالغان قادىر ئاشخانىغا كىرىپ ، — سائەتلىرىمىز بەكمۇ ئۇزۇنغۇ ؟

— شۇنداق بولۇپ قالدى ، ئەمدى ئاخىرقى دەرسىڭىزمۇ بىر يېرىم سائەت بولسۇن !

سەلىمنىڭ ئالدىراشلىقىنى بىلگەن قادىر سىنىپقا كىرىش قوڭغۇرىقىنى ئۆزى چالدى ۋە كۆزىنى قىسىپ قويۇپ سىنىپقا كىرىپ كەتتى .

سەلىم ناۋايخانىغا كىرىپ ، سىپىت ئۇستامنىڭ باش كۆتۈرمەي تونۇرغا نان چاپلاۋاتقانلىقىنى ، نۆۋەت بويىچە ياردەمگە چىقىدىغان قىزنىڭمۇ ئالدىراش زۇۋۇلا ئېچىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يېنىپ چىقتى . ئۇ يېيىلغان خېمىرنى قۇرغۇن سېپىپ نوغۇچقا يۆگىدى

ۋە نوغۇچنى سۇغۇرۇۋېلىپ يېپىلغان خېمىرنى كېسىشكە باشلىدى . ئاندىن قايناۋاتقان قازانغا چۆپنى تاشلاپ ، قورۇپ ئېلىپ قويغان قىيمىدىن ئىككى چۆمۈچ قۇيۇپ ئاشنى قىزارتتى .

— ئۇستام ، تۇزىنى تەڭشەپ بەرگەن بولسىلا !

سىپىيىت ئۇستام چىقىپ قازانغا قاراپ ، چىرايى تۇرۇلۇپ كەتتى .

— بۇنقا بوپتۇ مۇئەللىم ، بۇنقا ! خېمىرنى كېسىپ بولغاندىن كېيىن ، غەلۋىردە تاسقىمىغانمۇ ؟

— ئاپلا ...

تولۇق ئۆگىنىپ بولدۇم دېگەن ھۈنىرىگە چېچەك چىققانلىقىغا سەلىم قاتتىق خىجىل بولدى . تاماق ئىتىۋاتقاندا ، ئۇ خىيالغا بېرىلىپ كېتىپ ، شۇنداق قىلىشنى ئۇنتۇپ قالغانىدى .

چۈشلۈك تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن ، سەلىم ئوقۇغۇچىلار بىلەن مەيداندا قار تازىلىدى . ھازىر بالىلار ئاساسىي جەھەتتىن مەكتەپ فورمىسى كىيىدىغان بولۇپ ، تۇرمۇشى بىرقەدەر ياخشى دەپ قارالغان ئوقۇغۇچىلارغىمۇ بىردىن ئىشتان ياكى ئاياغ بېرىلگەنىدى . ئۇلار چاپانلىرىنى سېلىپ تېرە پەنجەكلىرى بىلەن خاماس قىلىشىپ ، قار دۆۋىلىرىدە چېلىشىپ ـ يۇمىداقلىشىپ كېتىشتى . بالىلىق ھېسلىرى قوزغالغان سەلىممۇ بالىلار بىلەن قار ئېتىشىپ ئويناشقا باشلىدى . ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئويناۋاتقانلىقىدىن خۇشال بولغان بالىلار ئويۇننى تېخىمۇ قىزىتىۋەتتى . قازان يۇيۇپ ئاشخانىنى رەتلەپ قويۇپ چىققان سەرۋەر سەلىمنىڭ چاچلىرىدا ، يۈزلىرىدە چاپلىشىپ قالغان قارلارنى كۆرۈپ كۈلۈۋەتتى . ئۇ ھازىر مەكتەپ فورمىسى كىيىۋالغان بولۇپ ، سەمرىپ ۋە ئاقىرىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى .

— سەرۋەر كېلىڭ ، ماڭا بولۇشۇپ بېرىڭ ! بۇلار مېنى قارغا كۆمۈۋەتتى ...

— مۇئەللىم ، — دېدى سەرۋەر كەينى تەرەپنى ئىشارە قىلىپ ، — قادىر مۇئەللىم سىزنى ساقلاپ تۇرىدۇ .

سەلىم كىيىملىرىنى قېقىپ ، سەرۋەرگە قوڭغۇراقنى چېلىۋېتىشنى ئېيتىپ ، ئۆزى قوتاز يېتىلەپ كەلگەن قادىرنىڭ يېنىغا كەلدى . قادىر ئۇنىڭ ئۇستۇۋېشىغا قاراپ ئاستاغىنا :
— ئىناۋەتكە دىققەت قىلىڭ ، ئۇلار ئوقۇغۇچى ، سىز مۇئەللىم تۇرسىڭىز ، — دېدى .
— بۇمۇ بىر تەنتەربىيىغۇ ، — دېدى سەلىم تۇز كۆڭۈللۈك بىلەن ، — بۇنىڭ بولمايدىغان نېمىسى بار ؟
— ھەي ، قاراڭ سىزنى ، — دېدى قادىر سەلىمنى جىمىلىگەندەك قىلىپ ، — مەن جاڭگالدىن ئەتە كەچ يېنىپ كېلىمەن . كېيىنكى ھەپتىنىڭ دەرس تەييارلىقىنى ئۇستىلىڭىزگە تاشلاپ قويدۇم ، كۆرۈپ قويارسىز .
— ئىدىرىس ئاكام قوتازدىن بىرنىلا بەردىما ؟
— ئۆزۈم بىرنى سورىدىم . ئۆيدىكىسى بىلەن ئىككىنى ئاپىرىمەن ، باشقۇرماقمۇ تەس دەڭە !
— جەننەت ئاچامنىڭ ئەھۋالى قانداقراق ؟
— بوگۈنمۇ ـ ئەتىمۇ دېگەندەكلا قالدى . شۇڭا ، ئوتۇننىڭ غېمىنى قىلمىسام بولمىغۇدەك .
— يەكشەنبە بارغان بولسىڭىز مەنمۇ بىللە باردىكەنمەن .
سەلىم بەشىنچى ـ ئالتىنچى سائەتلىك دەرسنى ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ، ئوقۇغۇچىلارنى مۇزاكىرىگە ئۇيۇشتۇرۇپ ، ئۆزى قادىرنىڭ ئۈچ خىل دەرس تەييارلىقىنى قوللانمىغا سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ چىقتى . كەچلىك تاماقتىن كېيىن بالىلارنىڭ كۆڭۈل ئېچىشىغا ئازراق قاتنىشىپ ، ياتىقىدا ئالگېبرادىن دەرس تەييارلىقى قىلدى . سەلىم دەرس تەييارلاپ ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى تەكشۈرۈپ نومۇر قويۇپ ، ۋاقىتنىڭ تېز ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي قالدى . ئۇ چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ سىرتقا چىققاندا ، ھويلا ئىچى ئىمتاسچىلىق بولۇپ ، يىراقلاردىن بۆرىلەرنىڭ سوزۇپ ھۇۋلىشى ئاڭلىناتتى . بۇ تاغقا قارنىڭ قېلىن چۈشكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى .

ئەتىسى ئەتىگەندىن باشلاپلا مەكتەپ ئىچىگە ئات، ئېشەك، قوتاز، ئېگەرلەنگەن بوقىلار كېلىشكە باشلىدى. سەلىم بالىلىرىنى ئەكېتىش ئۈچۈن كەلگەن ئاتا - ئانا، ئاكا - ئۇكىلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنى ياتاق، ئاشخانا، ناۋايخانىلارغا باشلاپ، بەزىلىرىدىن ھال سوراپ، بەزىلىرىگە بالىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ يۈرۈپ ناشتىسىزلا سىنىپقا كىرىپ، ئىككى سائەت دەرسنى تۈگەتتى. ئۇ ئوقۇغۇچىلارنى ئىلگىرى - ئاخىر يولغا سالغاندىن كېيىن، سىيىت ئۇستامغا مەكتەپتە قالغان بالىلارغا ۋاقتىدا تاماق ئېتىپ بېرىشنى تاپىلاپ، سەمەن بىلەن دۇكان ئالدىغا كەلدى.

سەلىم دۇكانچى ئابدۇللادىن چاي ۋە قارا شېكەر ئېلىپ سومكىسىغا سېلىپ تۇرۇشىغا، قاياقتىندۇر پەيدا بولغان ھەمدۇل سەلىمگە خۇددى مال كۆرگەندەك باشتىن - ئاياغ سەپسېلىشقا باشلىدى. سەلىمۇ ئۇنىڭغا مىختەك قادالدى. ھېچ ھېيىقماي تىكىلىپ تۇرغان بۇ كۆزلەردىن «سەن قانچىلىك نېمىتىڭ» دېگەندەك مەنىنى سەزگەن ھەمدۇلنىڭ تېنى تىكەنلەشكەندەك بولدى - دە، كۆزلىرى تېخىمۇ قىسىلىپ يۇمۇلۇشقا باشلىدى. لېكىن، قارچىغۇدەك تىكىلىپ تۇرغان سەلىم ھەممىنى ئۇنتۇغانىدى. سۆزسىز ۋە ھەرىكەتسىز ئېلىپ بېرىلغان بۇ جەڭدە يېڭىلگەنلىكىنى سەزگەن ھەمدۇل نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇشىغا ئابدۇللانىڭ سۆزى ئۇنىڭ ئۈچۈن قۇتقۇزغۇچ خۇدا بولدى.

— مۇئەللىم سەپەر قاياققا؟ سومكىلار ئېغىرغۇ؟

— چاقار يايلىقىغا، جەپەر ئاكامنى يوقلاپ كېلەي دەيمەن.

سەلىم دۇكانچىغا شەھەردىن ئالغاچ كېلىش ئۈچۈن، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ھازىرغىچە چىققان سانلىرىغا ۋە دەپتەر - قەلەمگە پۇل بەرگەندىن كېيىن، سەمەن بىلەن داۋۇتنىڭ ھويلىسى ئالدىدىن ئۆتۈپ، شالاڭ ئۆيلەر قاتارىنى بويلاپ يانباغىردىكى چىغىر يولغا چۈشتى. بۇ يول بارغانسېرى پەسلەپ، ئاجايىپ يوغان تاشلار دۈمچىيىپ تۇرغان تاشلىق ساي ئىچىدىكى

ئۇششاق چىغىر يوللارغا تۇتىشاتتى . سايىنىڭ ئۇ تەرىپىدە بولسا تىك چوققىلىرىنى بۇلۇت قاپلىغان «چاقار» تېغى خۇددى زوڭزىيىپ ئولتۇرغان ئاق شىردەك ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى .

سەلىم تاكى «چاقار» تېغىغا ياماشقۇچە سەمەننىڭ سورىغان سوئاللىرىغا «ھەئە» ، «ياق» دەپ قىسقا جاۋابلارنىلا بېرىپ كەلدى . ئۇنىڭ بارلىق پىكىر ـ خىيالى ھەمدۇلدا ئىدى . ئۇ زادى نېمە ئۈچۈن بىزەڭ كۆزلىرىنى سەلىمگە تىكىدۇ ؟ سەلىم ئۆزىمۇ نېمىشقا تەرسالىق بىلەن ئۇنىڭ تېرىنىڭ يىرتىقىدەك كىچىك كۆزلىرىگە قادىلىپ تۇرۇۋالىدۇ ؟ ئۇلار نېمىشقا بىر ـ بىرىنىڭ كۆزىنى چوقۇشقا تەييار تۇرغان كەكلىكتەك ھۇرپىيىشىپ قالدى ؟ شۇنداق ، سەلىم شۇنىڭغا ئىقراركى ، ئۇ ھەمدۇلغا داۋۇتنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئالايدى ، ئالايغاندىمۇ خۇماردىن چىققۇدەك ئالايدى ...

— مۇئەللىم قاراڭ ، — دېدى سەمەن چاقار تېغىنىڭ چۆرگىلىمەش تار يوللىرىدا يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ ، — «چاپلاشماق»قا كەلدۇق ، قولىڭىزنى تۇتۇۋالايمۇ ؟

— ياق ، ئۆزۈم ئۆتەلەيمەن .

— ئەمىسە پەسكە قارىماڭ ، بېشىڭىز قايىدۇ ...

«چاپلاشماق» ، «ساڭگىلىماق» تىن ھەم چاپلىشىپ ، ھەم ئېسىلىپ ئۆتۈپ بولغۇچە تەرلەپ ، يۈرىكى سىيلىپ كەتكەن سەلىم چوققىغا چىققاندىن كېيىن ، بىر تاشتا ئولتۇرۇپ پېشانىلىرىنى سۈرتتى . جەھەننەمدەك چوڭقۇرلۇقتىن تاكى تاغ چوققىلىرىغىچە پۈتۈن ئەتراپ ئاپئاق بولۇپ ، سان ـ ساناقسىز نۇر زەررىلىرى كۆزلەرنى چاقاتتى .

— سەمەن ، — دېدى سەلىم يىراققا نەزەر تاشلاپ ، — بۇ ئىككى تاغ ئوتتۇرىسىدا بىر تۇزلەڭلىك بار ئىكەن ـ ھە ؟

— ئۇ تۇزلۇق ساي مۇئەللىم ، پۈتۈن تاغلىقلار ئاشۇ يەردىن تاش تۇز كولاپ ئىچىدۇ .

— بىرەر دادۇيگە قارامدۇ ؟

— ياق ، — دېدى سەمەن كۈلۈپ ، — ئاق دادامنىڭ دېيىشىگە قارىغاندا ، بىر ئەۋلىيانىڭ تۈزلۈق قاپىقى سۇنۇپ تۈزلىرى ئاشۇ يەرگە تۆكۈلۈپ كېتىپتىكەن ... شۇڭا ئۇ سايىنىڭ تۈزى تۈگىمەيدىكەن ...

سەلىم سەمەننىڭ رىۋايىتىگە كۈلدى . لېكىن ، ئۇنىڭ خىيالىدىن نېمىدۇر كەچتى بولغاي ، ئىچىدە : «توغرا ، ئاشخانا ، ناۋايخانىغا كېتىدىغان تۈز پۇلىغا بالىلارغا ئوقۇش قوراللىرى ئالغىلى بولىدىغۇ» دەپ ئويلىدى . خۇددى سەلىمنىڭ ئىچىدىكىنى بىلگەندەك سەمەنمۇ سەلىمگە قاراپ :

— مۇئەللىم ، مەكتەپكە تۈز ئالمىساق ، تۈز پۇلىغا راۋاب ، داپ ئالغىلى بولىدۇ - ھە ، — دېدى .

— ھەئە ، نەيمۇ ئالغىلى بولىدۇ ...

ئۇلار قاقاقلىشىپ كۈلۈشۈپ ، تاغ يولىدىن بارغانسېرى پەسلەپ سەمەننىڭ ئۆيى ئالدىغا كەلدى . قىسماقتەك ئېگىلگەن جەپەر بوۋاي چىغ سۇپۇرگىدە ئۆي ئەتراپىنى سۇپۇرۇۋاتاتتى .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بوۋا !...

— ئاللا ئانىكىسى ، سەن كىمۇي ، — بوۋاي بىر ھازا يۆتىلىپ كەتتى ، — مانىكا ، مۇئەللىم بالىكەنيا بۇ ... تەمەت تونۇمايلا قاپتىمەن . قارىداپسەن ، ياداپ شۇمەكتەك بولۇپ قاپسەن ، يۈزلىرىڭ يېرىلىپتۇ ، بۇرۇنقى سۇتتە يۇغاندەك ئاق ، بۆدۈنىنىڭ چۈجىسىدەك يۇمشاقلىقىڭ قالماپتۇ ، تىگىل قالماپتۇ ... يۇر ... يۇر ...

ئۇلار مورا ئالدىدا بىردەم ئىسسىنغاندىن كېيىن ، جەپەر بوۋاي چاي قايناتتى . سەمەن مەكتەپتىن بەرگەن ناننى داستىخانغا قويدى . سەلىممۇ بىرنەچچە يۇمشاق نان ، چاي ، قارا شېكەرلەرنى بوۋايغا تۇتقۇزۇپ ، ۋاقتىدا يوقلاپ كېلەلمىگەنلىكىگە ئۆزرە سورىدى . بوۋاي دەسلەپتە كايىغاندەك قىلىپ ، كېيىن رەھمەت ئېيتتى ۋە ناننى ئۆرۈپ - چۆرۈپ كۆرۈپ :

— ئاللا ئانىكىسى ، پىرىخوننىڭ دېيىدەك نان

ياقىدىكەنسىلەرغۇ ! — دەپ قويدى .

— جەپەر بوۋا ، — دېدى سەلىم داستىخان ئۈستىدە ، — بۇ ئاق نانلارنى ئېلىپ قويسىلا ، بىز ماۋۇ ئارپا كۆمىچىدىن يەيلى . مەن بۇنىڭغا ئامراق …

— توۋا ، توۋا ، — دېدى بوۋاي تېڭىرقاپ ، — شەھەرلىك بىگىملەرمۇ ئارپا كۆمىچى يەيدىكەنيا… هوي راست ، ئۆتكەندە سەمەندىن ئەۋەتكەن قارا شېكەرنى كاشكاپ بىلەن قوشۇپ ئىچسەم ، يۆتىلىم پەسىيىپ ، ئارامخۇدا ئۇخلىيالىدىم . بۇ قارا شېكەر دېگەن نەرسە ئىسسىق ئوخشىمامدۇ ؟

ئۇلار كەچكە يېقىن قولمۇقول تاماقتا تۇتۇش قىلدى . سەلىم خېمىر يۇغۇرۇپ يايدى . سەمەن قورۇتقان گۆشنى قايناق سۇدا يۇمشىتىپ توغرىدى . رەڭسىز ئاپئاقلا چىققان ئاشقا بىرنەچچە قوشۇق قېتىق قۇيۇپ ، ئىشتىها بىلەن ئىچىشتى . تاماق ۋاقتىدا جەپەر بوۋاي سوغۇق - جۇدۇنلاردا قىشلاقتا مالغا قاراۋاتقان كېلىنىنى ئەسكە ئالدى .

سەلىم تاماقتىن كېيىن بوۋاي بىلەن پاراڭلاشتى . بوۋاي نەۋرىسىنىڭ باللارغا ئەمەلدار بولغانلىقىنى سۆزلەپ ، چىشسىز ئاغزىنى ماكىلدىتىپ بىرهازا كۈلۈپ كەتتى ۋە داۋۇتنىڭ داۋاملىق ئۆزگە قانات يېيىۋاتقانلىقىنى ، تېخى ئۈلۈشكۈنلا بۇ ئۆيدە بىر كېچە قونۇپ ئەتىسى «بۇغاقاچتى» يايلىقىغا ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى . سەلىمنىڭ چوڭ شەھەرلەر ھەققىدە ئېيتقانلىرىنى ئاڭلىغان بوۋاينىڭ ھەيرانلىقتىن كۆزلىرى چېكىتتەك تىكىلىپ قالدى . ئۇ تۇرۇپلا : «توۋا ، توۋا ، ئۆينىڭ ئۈستىدە ئۆي بار دېگىنە ؟ » دەپ قوياتتى . سەمەنمۇ سەلىمنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى باللارغا ئېيتىپ بېرىپ ، بىر ماختىنىۋالماقچى بولدىمۇ ، قولىلىرىدا ئىڭەك تىرەپ دۇم يېتىپ ئاڭلاۋاتاتتى .

ئۇلار گەپ بىلەن تۈن يېرىملاشقاندا ياتتى . سەلىمگە كۆرپە سېلىپ يوتقان يېپىپ قويۇشتى . بوۋاي بولسا دېمى سىقىلىدىغانلىقتىن بېشىغا ئىككى تېرە ۋە بىر جۇۋىنى قاتلاپ

قويدى . سەمەن دەرھال ئۆخلاپ قالدى .

— بوۋا ، — دېدى سەلىم جەپەرگە بۇرۇلۇپ ، — سەمەننىڭ ئاچىسى گۆھەرنىسا نېمە بولۇپ چېقىلدىن ئۆچۈپ كەتكەن ؟

— ھەي ··· بۇ بىر يۇرەك يارىسى دېگىنە . ئەگەر شۇ مۇئەللىم قاچمىغان بولسىمىغۇ دەپ ئارمان قىلىمىز ، لېكىن بىزدە نېمە چارە ؟

قاراڭغۇ تاغقا ئوتتۇرا سىنىپ قۇرۇلۇپ ، يېرىم يىل ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا مۇئەللىم شەھەرگە قېچىپ كەتتى . گۆھەرنىسا ھەپتىنگچە پوپكىسىنى قولتۇقلاپ قاتناپ بېرىپ ، سالپىيىپ قايتىپ كېلەتتى . بىر كۈنى تاڭ سەھەردە كۆزىنى يىرتىپ ئېچىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن گۆھەرنىسا جۆيلۈگەندەك ئاپىسىنى ئويغاتتى :

— ئاپا ، ھوي ئاپا ، مۇئەللىم چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ ، ئاپئاشكارا كۆردۈم . ئۇ قايتىپ كەپتۇ ···

— بالىكام ، ئۇ دېگەن چۈش ، يېتىپ ئۇخلا !

— سىز سەھەرلىكتە كۆرگەن چۈش راستقا ئايلىنىدۇ ، دېگەنىدىڭىزغۇ ؟

— سىرتتا ئىت ھۇۋلىغاندەك شۇۋىرغان چىقىۋاتسا ، نېمە جۆيلۈگەندەك گەپ قىلىپ يۈرسەن ؟ — دېدى ئانا تاشبېغىر مۇئەللىمنى ئىچىدە قارغاپ .

گۆھەرنىسا شۇ كۈنى مەكتەپكە كېتىپ قايتىپ كەلمىدى . پەقەت ئەتىسى كەچتە ئۇنىڭ قانغا مىلەنگەن جەسىتىنى كۆتۈرۈپ كېلىشتى .

— ئۇ مۇئەللىم مەكتەپ دېسە مىڭ ئۆلۈپ ، بىر تىرىلەتتى ، — دېدى بوۋاي بوغۇلغاندەك قىلىپ ، — «چاپلاشماق» ، «ساڭگىلىماق» تىن يىلاندەك ئۆتۈپ كېتىدىغان بالا ئۇ كۈنى «مۇئەللىم قايتىپ كەپتۇ» دەپ «چاپلاشماق»تىن ئۆچۈپ كەتتى !···

پىلىلداپ يېنىپ تۇرغان چىراغ نۇرىدا بوۋاينىڭ ئەتراپىنى قورۇق بېسىپ كەتكەن كۆزلىرىدىن ئاققان يوغان ـ يوغان ياش تامچىلىرى ئۆچتەك ئاقارغان ساقاللىرىنى بويلاپ چۈشۈۋاتاتتى .

سەلىم ئەتىسى سەھەردە تۇرۇپ ناشتا قىلغاندىن كېيىن ، سەمەننى دەرسكە ئۇلگۇرۇپ بارغىن ، دەپ تاپىلاپ ، جەپەر بوۋاي بىلەن خوشلاشتى . ئۇ زەڭگەر بۇلاققا يېتىپ كەلگەندە ، بۇلاقنىڭ سىرغىپ ئېقىۋاتقان يىلمان سۈيىدە قولىنى يۇدى . ئۇ بۇلاق سۈيىدە جىلۋىلىنىپ تۇرغان سايىگە كۆزى چۈشۈش بىلەن قايرىلىپ قارىدى ـ دە ، سۇغا كەلگەن سەرۋەرنى كۆرۇپ قالدى .

— چاقاردىن ساي كېلىشىڭىزما ؟ — دېدى قىز قىزىرىپ .

— ھەئە ، خان ئانىڭىزنىڭ ئەھۋالى ياخشىدۇ ؟

— ياخشى ، — دېدى سەرۋەر ئاستاغىنا ، — ھە ، راست ، قادىر مۇئەللىم جاڭگالدىن يېرىم كېچىدە كېلىپ ، ئاز ئۆتمەيلا ئايالى تۇغۇپتۇ .

— شۇنداقمۇ ، سالامەتلىكى ياخشىدۇ ؟

— بىر ئوبدان ياتىمىش .

— ھازىر يوقلاپ قويسام بولامدۇ ؟

— بولمايدۇ ، — دېدى قىز تاغ ئادىتىنى چۈشەندۈرۈپ ، — يەتتە كۈنگىچە ئىشىك بېشىدىكى قىزىل لاتا ئېلىنمايدۇ . بۇ ئارىلىقتا يات ئادەم كىرسە ، ئۆزى بىلەن بىللە كىرگەن جىن ـ ئالۋاستىلار ئانا ـ بالىنى ئاللاپ قويىدۇ .

سەلىم سەرۋەر بىلەن خوشلىشىپ مەكتەپكە ماڭدى . لېكىن ، ئۇ قورام تاش ئارقىسىدا غىل ـ پاللا بىر سايىنى كۆرگەندەك بولدى ـ دە ، تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى . قارا يوللۇق مەللە تون كىيگەن قىسماقراق سىياق سەلىمنىڭ كۆڭلىدە غەلىتە ئويلارنى قوزغىدى .

## ئوقۇتقۇچىنىڭ مېھرى

كېچىدە توختىماي چىقىۋاتقان شىۋىرغان ئاچ قالغان بۆرىلەردەك ھۇۋلايتتى ، تاغنىڭ سۈر رەڭ ئېيىقىدەك ھۆركىرەيتتى ، قار ئۇچقۇنلىرىنى شىددەت بىلەن يەردىن ئۇچۇرۇپ دېرىزە كۆزنەكلىرىگە ، ئۆگزىدىكى تۇرخۇنلارغا ئۇرۇپ ، چىرقىرىغان ۋە ئۇشقىرتقاندەك ئاۋازلارنى چىقىراتتى .



سەلىم سەھەر تۇرۇپ بالىلار بىلەن ئىشىكلەرنى كۆمۈۋەتكەن قارلارنى تازىلاپ، سەرۋەرگە سىنىپقا ئوت يېقىشنى بۇيرۇدى. ئۆزى ئاشخانىغا كىردى. سىپىت ئۇستام تېخىچىلا ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ سەلىمنىڭ سوئاللىرىغا خۇش ياقمىغاندەكلا: «ئەمبەل ئۇستىدە نان بار، بۇ تاغلىقلار بىرەر قېتىم چاي ئىچمىگەنگە ئۆلۈپ قالماس» دېدى - دە، بېشىنى يوتقانغا پۈركىۋالدى.

ئۇستامنىڭ يېقىنقى كۈنلەردىن بېرىقى ئەلپازىنى بىلگەن سەلىم ئۆزى ئوچاققا ئوت قالاپ چاي قايناتتى. تاماق يەپ بولغان بالىلار دەرسكە قوڭغۇراق چېلىنىپ بولغۇچە بەللىرىگە باغلىۋالغان سالغىلىرىغا تاش سېلىپ، باش ئۇستىدە پىرقىراتقىنىچە بەس - بەس بىلەن ئاتماقتا ئىدى.

قادىرنىڭ بۈگۈن كېلەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن سەلىم قوڭغۇراقنى چېلىپ بولۇپ دەرسكە كىردى. ئۇ يوقلىما قىلىپ، سەمەننىڭ كەلمىگەنلىكىنى بىلدى.

سەلىم بىرنەچچە بالىنى نۆۋەت بىلەن دوسكىغا چىقىرىپ مەسىلە ۋە مىسال ئىشلەتكۈزگەندىن كېيىن، يېڭى دەرس تېمىسىنى دوسكىغا يازدى. ئۇ بالىلاردىن دەرس سوراۋېتىپمۇ، دوسكىغا خەت يېزىۋېتىپمۇ، پات - پات شىۋىرغان ھۇۋلاۋاتقان سىرتنى تىڭشايتتى ۋە ئىشىك تەرەپتىن كۆز ئۈزەلمەيتتى. نېمە ئۈچۈندۇر ئۇ بارغانسېرى يۈرىكى ئېغىپ تاقەتسىزلىنەتتى. بىر كۈنمۇ دەرستىن قالمىغان سەمەننىڭ ھازىرغىچە كەلمەسلىكى، ئۇنىڭ ئۇستىگە بورانىنىڭ يارىلانغان يىرتقۇچتەك يەر - جاھاننى تىترىتىپ ھۆركىرەۋاتقانلىقى سەلىمنىڭ ئەنسىرىشىنى چېكىگە يەتكۈزدى. «چاپىلاشماق»، «ساڭگىلىماق» تىن خۇددى بىر پارچە لاتىدەك ھاڭغا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان گۆھەرنىسا، قانغا مىلەنگەن جەسەت، كۆمۈشتەك يالتىرىغان ئاق ساقاللاردىن تېمىۋاتقان ياشلار كۆز ئالدىدىن تىزىلىپ ئۆتتى. سەلىمنىڭ كۆڭلىنى ئاجايىپ قورقۇنچلۇق بىر خىيال ئىگىلىۋالدى...

سەلىم كىتابنى سەرۋەرگە بېرىپ، بەلگە قويۇلغان مىساللارنى

ئىشلەپ تۇرۇشنى ئېيتىپ ئۆزى سىرتقا چىقتى . ئۇ چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرىنىمۇ ئېتىشنى ئۇنتۇپ ، شىۋىرغان يالاپ تاقىر قىلىۋەتكەن چىغىر يوللار ، ئويمان ـ چوڭقۇرنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان سايلىقلاردا يىقىلىپ ـ قوپۇپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى . ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ پەشلىرى پالاقلايتتى ، شارپىسى شامالدا قارسىلداپ يۇزىگە ئۇرۇلاتتى ...

«سە ... مە ... ن ... »

چاقار تېغىنىڭ قاپتىلىغا ئۇرۇلۇپ ياڭغان بوران سەلىمنىڭ ئاۋازىنى بىرلا يالماپ يۇتۇۋېتىپ ، ئۆزىنى بىر چوڭقۇرغا يۇمۇلىتىۋەتتى . كۆكرىكىگىچە قارغا پېتىپ كەتكەن سەلىم ئۆمىلەپ ۋە يۇمىلىنىپ يۈرۈپ ، تاغنىڭ تار ھەم تىك ئايلانما يولىغا ياماشتى . بوران گويا ئۇنىڭ بىلەن چېلىشىۋاتقان ئېيىقتەك ئۇنى بىردە چوقاتماق تاشلارغا نىقتاپ قويسا ، بىردە ھاڭ تەرەپكە سۆرەيتتى .

«سە ... مەن ! ... »

سەلىم بىلەن سەمەن تېخى ئۇلۇشكۇنلا ماڭغان بۇ تاغ يولى تونۇغۇسىز ھالدا ئۆزگەرگەنىدى . بەزىدە يول چورتلا ئۈزۈلگەندەك قىلاتتىيۇ ، لېكىن بۆرتۈپ چىققان تاشنىڭ كۆرۈنەر ـ كۆرۈنمەس قىرلىرى ئارقىلىق سىلاپ ـ سىيپاپ يۇقىرىغا ئۆرلىگەندە ، يەنە گىرىمسەن كۆرۈنۈپ قالاتتى . تاش يېرىقلىرىغا ، يانتۇ قاپتاللارغا ئۇرۇلۇپ ، ئۇشقىرتقان ، ۋىژىلدىغان ۋە گىژىلدىغاندەك قىلىپ چىقىۋاتقان بوران سەلىمنىڭ ئاۋازىنى بوغۇش بىلەن يەنە ، قانداقتۇر ئېچىنىشلىق يىغلاڭغۇ بىر ئاۋازنىمۇ ئەكېلەتتى . سەلىم توختاپ بۇ ئاۋازنى پۈتۈن بەدىنى قۇلاققا ئايلانغاندەك تىڭشايتتى .

سەلىم «چاپلاشماق» قا يېقىنلاشقانسېرى سەمەندىن قاتتىق ئەنسىرەشكە باشلىدى . ئۇ ئۆمىلەپ كېتىۋېتىپ ئىڭرىغان بىر ئاۋازنى ئاڭلىغاندەك بولۇپ ، ئالدىغا قارىدى . قار ئىچىدىن تىرە پوپىكىنىڭ تاسما بېغى چىقىپ تۇراتتى ، سەلىمنىڭ يۈرىكى «قارتىدە» قىلدى ـ دە ، ۋارقىرىۋەتتى :

— سەمەن ! !...

— مۇ ... ئەل ... لىم ! !...

ئىڭرىغان ئاۋاز ئېنىق ئاڭلاندى . سەلىم قارلارنى تىلغاپ ئالغا ئىلگىرىلىدى . «مۇئەللىم» دېگەن زەئىپ ئاۋاز تەكرارلانماقتا ئىدى . ئۇ پوپكىنى قاردىن ئېلىپ مۇرىسىگە ئاستى - دە ، پىچاق بىسىدەك ئايلانما تاشتىن بۇرۇلۇپ ئۆتۈپ ، پەستىكى تاش يېرىقىدا قولتۇقىغىچە قارغا پېتىپ قىسىلىپ قالغان سەمەننى كۆرۈپ قالدى !...

— سەمەن !...

— مۇ ... ئەل ... لىم ! ! !...

سەلىم قوللىرىنى ئۇزىتىپ ، سەمەننى تاش يېرىقىدىن كۈچ بىلەن تارتىپ چىقىرىۋالدى . سەمەننىڭ تەلپىكى ۋە بىر پاي ئايىغى قاياققىدۇر ئۇچۇپ كەتكەنىدى . سەلىم قىشلىق پەشمىتىنى سېلىپ ئۇنى يۆگىدى . يۇڭ پايپاق بىلەنلا قالغان پۇتىغا شارپىسىنى ئوراپ چىگىپ قويغاندىن كېيىن ، ئۇنى دەس كۆتۈردى .

چاقار تېغىنىڭ پىچاقتا كەسكەندەك تىك غولىدىكى ئايلانما تارچۇق يوللىرىدا ئۆز ئوقۇغۇچىسىنى باغرىغا تېڭىپ كېلىۋاتقان سەلىم تاشلارغا پۇتلىشىپ ، بىردە تېيىلىپ ، بىردە تىزلىنىپ دېگۈدەك مۇدۇرۇپ كېتىپ باراتتى .

تۈزلۈق سايغا قايرىلىدىغان يەردە قورام تاشلار ياستۇقتەك دۈمچەيگەن سايلىقتا كېتىپ بارغان سەلىمنىڭ مادارى قۇرىدى . پەيدىنپەي پەسلەپ كېتىۋاتقان سايلىقتا ئۇنىڭ قەدەم ئېلىشى بارغانسېرى تەسلىشىۋاتاتتى . ئۇ سەمەننى يەرگە قويۇپ بىردەم ئارام ئالماقچى بولۇۋىدى ، ئارقىدىن ئۇرغان بوران ئۇنى پەسكە دومىلىتىۋەتتى . تاش كامىرىغا تىقىلىپ قالغان سەلىم قولاقچىسىنىڭ قامغاقتەك قاڭقىپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقانلىقىغىمۇ قارىماي ، سەمەننى يەنە كۆتۈرۈپ ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىدى .

سەلىم قاراڭغۇ تاغ كەنتىگە ئېلىپ بارىدىغان يانباغىرغا يېتىپ كەلگەندە ، هالىدىن كەتكەنىدى . ئۇنىڭ بېشى قېيىپ ، كۆزلىرى

ئېلىشىپ، مادارسىز تىزلىرى تىترەۋاتاتتى. ئۇ ئاپئاق ئېدىرلارغا قاراپ، قار توزانلىرى ئارا تاراسلىتىپ كېلىۋاتقان بىر ئاتلىقنى كۆرگەندەك، چۇرچۇرقىراشقان ئاۋازلارنى ئاڭلىغاندەك بولدى ۋە قارغا يىقىلىپ چۈشتى.

## سەرۋەرنىڭ ئەندىشىسى

قىشلىق تەتىل يېتىپ كەلدى. باللاردىن مەۋسۇملۇق ئىمتىھان ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارغا ھەربىر پەندىن تەتىللىك تاپشۇرۇق بېرىلدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر مەۋسۇملۇق ئۆگىنىشى ۋە تەشكىلىي ئىنتىزام ئەھۋالىنى خۇلاسىلەپ قايتىپ چىققان سەلىم ياتىقىدا قىسقا ـ قىسقا يۆتىلىپ كۆڭلىكىنى ياماپ ئولتۇراتتى. ئۇ سەمەننى قۇتقۇزۇۋالغان كۈندىن باشلاپ، بىر كالتە يۆتەل ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ قالغانىدى. شۇ كۈنى ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە سەلىم بىلەن سەمەننى ئەكەلگەن داۋۇت بىر كېچە قارلىق تاغ ئارىسىدا ئات چاپتۇرۇپ يۈرۈپ، قىسلىدىن دوختۇر تېپىپ ئەكەلدى. ئۇ سەمەننىڭ ئۇششۇگەن پۇت ـ قوللىرىغا دورا سۈۋاپ تېڭىپ قويغاندىن كېيىن، بىرقىسىم دورىنى قالدۇرۇپ كەتتى. سەلىم ئۆزىمۇ بىر قىزىپ، بىر سوۋۇپ يۈرگىنىگە قارىماي، ھەپتىگىچە سەمەننى ئۆز يېنىدا ياتقۇزۇپ ھالىدىن خەۋەر ئالدى. شەنبە كېلىش بىلەن ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئايغىنى كىيگۈزۈپ، ئۆزى بولسا داۋۇت ئەكېلىپ بەرگەن قوزا تېرىسىدىن تىكىلگەن قاسقانلىق تەلپەكنى قاشلىرىغىچە باسۇرۇپ كىيىپ، جەپەر بوۋاينىڭ قېشىغا باردى. بوۋايمۇ سەمەننى كۆرۈپ، نېمە ئەھۋال بولغانلىقىنى ئاڭقىرالمايلا قالدى.

ئىشىك ئېچىلىپ داۋۇتنىڭ كىرىپ كېلىشى بىلەن سەلىم بارمىقىغا يىڭنە تىقىۋالدى. ئۇ بارمىقىنى ئۇۋۇلىغاچ ئورنىدىن تۇرۇپ، داۋۇتنى كارىۋاتقا تەكلىپ قىلدى. بوسۇغىدىن قەدەم ئېلىپلا سەلىمنىڭ كۆڭلەك ياماۋاتقانلىقىنى كۆرگەن داۋۇتمۇ

سوغۇقتا قارايغان يۈزلىرىنى پۇرۇشتۇرۇپ سۆزلەپلا كەتتى :
— قارا سېنى ! قاچانغىچە ياۋايىلىقىڭ تۈگىمەيدۇ ! بالىلارنىڭ ئانىسىغا ئاپىرىپ بەرسەڭ يۇيۇپ ، ياماپ بەرمەمدۇ ؟ — داۋۇت يېيىپ قويۇلغان كىيىملەرگە قاراپ قويىدى ، — ھە ، دوراڭنى ئىچىۋاتامسەن ؟
— ئىچىۋاتىمەن .
داۋۇتنىڭ تام ئويۇقىغا تىزىپ قويۇلغان دورا قۇتىلىرىغا قاراپ ھومىيىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن سەلىم يەرگە قارىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ يالغان ئېيتقانلىقىدىن ئۇيالغانىدى . داۋۇت ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ گەپ قىلماقچى بولدىيۇ ، لېكىن سەلىمنىڭ «ئۇھ» دېگۇدەكمۇ ۋاقتىنىڭ يوقلۇقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە ، ئېغىر تىنىپ قويىدى .
— ھەرھالدا ئىچسەڭ بولاتتى ، قۇتىلىرىڭ تېخى يېرىممۇ بولماپتۇ ، — دېدى داۋۇت بېشىنى ئېغىتىپ ، — خەير ، ئۆز گېپىمگە كېلەي !
بۈگۈن ئەتىگەندە ئوتتۇرا مەكتەپ مۇدىرىدىن تېلېفون كەلگەنىدى . مۇدىر داۋۇتقا مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئوقتۇرۇشى بويىچە بىر ئوتتۇرا مەكتەپتىن بىردىن ئايال ئوقۇتقۇچىنىڭ ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا ئىككى ئايلىق دوختۇرلۇقنى ئۆگىنىدىغانلىقى ، قاراڭغۇ تاغ شۆبە مەكتەپتە ئايال ئوقۇتقۇچى بولمىغاچقا ، دەرستە ياخشى ۋە چوڭراق قىز ئوقۇغۇچى بولسىمۇ تېزرەك بىرىنى ئەۋەتىپ بېرىش لازىملىقىنى ئېيتقانىدى . داۋۇت تېلېفوننى قويۇپ ، كۆڭلىدىن بىرقانچە قىزنى ئۆتكۈزدى . ئۇ ھۆرلىقا ، گۈلسۈمە ، چولپان ، نىسا ، قۇندۇز ، ھەمىشەۋانە قاتارلىق قىزلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى ، ئۇلار كىچىك ئىدى . ئاخىر ئۇنىڭ دىققىتى سەرۋەر ئۈستىدە مەركەزلەشتى .
— يىراقنى ئويلىساق ، ئەۋەتكىنىمىز ياخشى ، — دېدى داۋۇت سەلىمگە قاراپ ، — سەمەن كېسەل بولغاندا ، نېمە كۆرگۈلۈكنى كۆرمىدۇق ؟ مەكتەپ ئۈچۈن زادى بىر دوختۇر كېرەك !
— سەرۋەرنىڭ خان ئانىسى ئۇنارمۇ ، سەرۋەر ئۆزىچۇ ؟

— هازىلخانىنى مەن ئۆيگە ئەكىلمۇالسام بولىدىغۇ؟ ئۇنىمايدىغانغا نېمە ھەددى؟

— ئەمىسە قادىر ئاكامنىمۇ چاقىرىپ، ئۇنىڭ ماقۇللۇقىنىمۇ ئالايلى! ئۇ ھېلىلا ئۆيگە كەتكەن.

— بولدى قوي، مەن ئۇنىڭ ئۆيىدىن كېلىشىم، بالىسى قىزىپ قاپتۇ. بىز كېلىشسەك، ئۇمۇ قوشۇلىدۇ. ئەمىسە سەرۋەرنى چاقىرىپ چىق!

سەلىم سەرۋەرنى چاقىرىپ كەلدى. ياتاققا كىرىشى بىلەنلا سەلىم يۆتىلىپ كەتتى. داۋۇت ئويۇقتىن دورىنى ئېلىپ جوزا ئۈستىگە قويۇپ سەرۋەرگە قارىدى، سەرۋەر دەرھال چىنىدە قايناق سۇ ئەكەلدى. ئۇ دورا ئىچىۋاتقان سەلىمنىڭ سەل ئاقىرىپ ۋە جۇدەپ قالغان چىرايىغا ئۇنىڭغا بىر خىل ھۆسن قوشۇپ پارقىراپ تۇرغان تال ـ تال قارا قاشلىرىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ئىختىيارسىز تىكىلىپ قالغانىدى. سەلىم قايناق سۇغا قول ئۇزاتقاندىلا، ئاندىن ئۇ داۋالغۇپ تۇرغان چىنىنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى ۋە ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى. داۋۇت قىزنىڭ بۇ ھالىنى سېزىپ قالدى. نازۇك بىر سېزىم خۇددى ئاقار يۇلتۇزدەك ئۇنىڭ كۆڭلىدىن تېز ئۆتۈپ كەتتى، لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ خىرەلىشىشىمۇ تېز بولدى.

سەلىم داۋۇتنىڭ ئىشارىتى بىلەن سەرۋەرگە ئىككى ئايلىق كۇرسقا كىرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇۋىدى، سەرۋەر: «شەھەرگە» دېگىنىچە چۆچۈپ داۋۇتقا قارىدى. داۋۇتمۇ «ئالدىرىما» دېگەندەك كۆلۈمسىرەپ باش لىڭشىتتى. سەرۋەر سەلىمنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغانسېرى بىر قورقۇپ، بىر ھاياجانلىنىپ تىترىمەكتە ئىدى. ئۆمرىدە بۇ يېقى كۆلا كۆۋرۈك، ئۇ يېقى قوتانلىق مەھەللىسىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتمىگەن قىز گۆگشي، ناھىيىمۇ ئەمەس، بەلكى تۇپتوغرا شەھەرگە كىرىپ قانداقمۇ دوختۇرلۇقتا ئوقۇسۇن؟ شەھەر! ... شەھەر دېگەن قانداق ھەيۋەت ـ ھە؟ !... سەرۋەر شەھەرلەرنى پەقەت دەرسلىك كىتابلاردا، ئىت يىلى، ئېشەك يىلىدا

ئېزىپ ـ تېزىپ كېلىپ قالغان كىنولاردا كۆرگەن ! ... ئادەملىرىچۇ تېخى ؟ سەرۋەرنىڭ ئاڭلىشىچە ، ئۇلار تولىمۇ خورىكى ئۇستۇن ، دىمىغىدا پىننە سورۇيدىغان ئادەملەرمىش ، تاغلىقلارنى كۆزگە ئىلماسمىش ... سەرۋەردەك تاغ قىزى ئۇ ئالىيزادىلەر ئىچىدە كۆلدە كۆكۈم بولۇپ كەتمەسمۇ ؟...

— ۋاي ئانىكام ، قانداق بولار ؟ ! ...— دېدى سەرۋەر ئاۋازىنى تىترىتىپ .

— قانداق بولار دېگىنىڭ نېمىسى ؟ ئوقۇيسەن شۇ ! — دېدى داۋۇت يوغان ئالىقانلىرىنى پىچاق كەسكەندەك شىلتىپ ، — سېنى سەلىم ئۆزى ئاپىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدۇ . ھىم ، ياخشى ئوقۇ ! موزاي گۆشىنى تولا يەپ ، ئېشى ئارتىپ قورسىقى ئاغرىپ كەتسە ، قايسى دورا شىپا ، بېشى ئاغرىپ مېڭىسى چاراسلاپ كەتسە ، قايسى دورا پايدا قىلىدۇ ، سۆڭگۆچىگە چىقان چىقسا قانداق مەلھەم قويىدۇ ، ھەممىسىنى پۇتۇپ ماڭ ! كاتتا دوختۇرلار ئالدىدا قۇرتتەك ياۋاش ، سۆسەردەك يۇمشاق ، سېرىق مايدەك سىلىق ، تايغاندەك سەگەك ، مايمۇندەك چاققان بول !

سەلىم داۋۇتنىڭ ئاغزىدىن خۇددى زەڭگەر بۇلاقنىڭ سۈيىدەك ئېتىلىپ چىقىۋاتقان بۇ ساددا گەپلەرنى ئاڭلاپ ، ئىچ ـ ئىچىدىن مەمنۇن بولدى . ئۇ سەرۋەرنىڭ چىرايىدىن ئۇ ئەندىشىلىرىنى چۈشەنگەندەك ، شەھەر ۋە شەھەر تۇرمۇشى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى . داۋۇتمۇ ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى ماقۇللاپ ، لوقما سېلىپ تۇردى .

— شۇ ، نېمىگە قورقاتتىڭ ؟ ئۇلارمۇ بىزدەك بىردىن بېشى بار ئادەملەرغۇ !

— داۋۇت ئاكام ئېيتقاندەك ، ۋاقىت قىسقا بولسىمۇ تىرىشىپ كۆپرەك نەرسە ئۆگىنەلەڭ ! — دېدى سەلىم يۆتىلىپ قويۇپ ، — ئوقۇغۇچىلارغا دۆلەتتىن بەرگەن داۋالاش پۇلىغا بۇنىڭدىن كېيىن كۆپرەك دورا ، ئوكۇل ئەكېلىمىز . بۇ ئوقۇغۇچىلار ئۇچۇنلا بولماي ، زۆرۈر تېپىلغاندا تاغ خەلقى ئۇچۇنمۇ ئىشلىتىلىدۇ .

— شۇ ، شۇ ، «قولۇڭ ماي بولسا يۇزۇڭگە سۈۋا ، ئاشقىنىنى قونچۇڭغا» دېگەن گەپ بار …

ئىلاجسىز قالغان سەرۋەر ماقۇلغا باش لىڭشىتتى . ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، داۋۇت بىلەن سەلىم هازىلخاننىڭ ئۆيىگە بېرىپ ، ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلەشتى . گەپنىڭ ئۇرانىغا يەتكەن هازىلخاننىڭ دەسلەپتە ئازغاننىڭ گۈلىدەك ئېچىلغان ئىششىق ۋە گۆشلۈك چىرايى بىردەمدىلا ئازغاننىڭ غولىدەك تىكەنلەشتى .

— هوي داۋۇت ، — دېدى هازىلخان خۇددى يېرىلىپ كېتىدىغاندەك چىڭقىلىپ ، — ئېلىشىپ قالدىڭمۇ - نېمە ؟ ئىنەكتەك بولۇپ قالغان قىزنى شەهەرگە كىرگۈزۈپ ، مېنىڭ يۈزۈمنى كاپىلىما تېزەك قىلماقچىمۇ ؟ مۇنۇي … ئۇ دۇنياغا يۈزۈمنى يورۇقراق كەتكىلى قوي .

— هازىلخان ، ئۆزلە سەرۋەرنى شۇنداق قىز دەپ ئويلامىلا ؟ — دېدى داۋۇتمۇ ئاچچىقلىغاندەك قىلىپ ، — ئۇنىڭ ئەقىل — هوشى جايىدا ، ئوبدان ئوقۇپ كەلسە ، ئۆزلىرىنىڭ يۈزىغۇ ؟ !

— قىز بالا دېگەن ئاسان پۇرايدىغان گۆش . ئۇ قورسىقىنى دومبايتىپ كەلسە ، دادىكىسى سەن بولامسەن ياكى بۇ غوجامىمۇ ؟

سەلىم هازىلخاننىڭ هىگدىن سىبىق بۇ گېپىدىن هوپپىدە قىزىرىپ يەرگە قارىدى . ئاچچىقىدا تىخىمۇ قارىداپ كەتكەن داۋۇت خۇددى گەپ خالتىسىنى تەتۈر ئۆرۈگەندەك ، ئاغزىغا كەلگىنىنى قايتۇرماي سۆزلەپ كەتتى :

— نومۇس قىل هازىلخان ، نومۇس قىل ، تۆت كۆنلۈكۈڭ قالغاندا خۇدادىن قورق ! سەندىن كېيىن قالسا ، سەرۋەر نېمە ئىش قىلىدۇ ؟ سېنى نېمەڭ بىلەن ياد ئېتىدۇ ؟ ئۇنىڭ ئوقۇپ ، بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتۇپ ياخشى كۈن كۆرۈشىنى ئارزۇ - نىياز قىلمامسەن ؟ ئۇنىڭ ئۈستىدىن هەر خىل ئۆسەك ، ياۋا ، تېتىقسىز گەپلەرنى قىلىشقا ئۇيالمامسەن ؟ سەرۋەر ئون يەتتە ياشقا كىرگۈچە ساڭا قاش كۆتۈرۈپ قارىغان بالىما ؟ تۇزكور ئىكەنسەن ،

سەرۋەرنىڭ كۆڭلىنىڭ زەڭگەر بۇلاق سۇيىدەك سۇزۇك ، قوي سۇتىدەك ئاق ، تۆگە بوتىلىقىدەك نازۇك ، تاغ گۇلىدەك پاكلىقىغا سەن شەك كەلتۈرگىنىڭ بىلەن قاراڭغۇ تاغ شەك كەلتۈرمەيدۇ ، مەن شەك كەلتۈرمەيمەن !...

— ئۇغۇ شۇنداق ، — دېدى بىرھازا جىمىپ كەتكەن هازىلخان باققان قىزىنىڭ شۇنچىلىك خىسلەتلىرىنى هازىرلا بىلگەندەك يېنىك تىنىپ ، — لېكىن خۇدايىم قىز بالىغا ئىنساپ بەرمىسە ، ئىشەڭ تېزىكى دالدا ...

— هەببەللى ، قىزىڭغا خۇدادىن ئىنساپ تىلە ، ئىنساپ !

— سەرۋەر ئوقۇپ كەلسە ، — دېدى سەلىم ئەيمىنىپكىنە ، — بىر ياقتىن ئوقۇغاچ بالىلارنى داۋالايدۇ ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزلىرىگىمۇ ياخشى ...

— پارچە - پۇرات كېسەل بولغان هاجەتمەنلەرنى دېمەمسەن تېخى ، — دېدى داۋۇت ئۇنىڭغا ئۇلاپلا ، — هەممىسى ساۋاب . بۇ ساۋابلىق غىلتاڭ باققان ئانىغا بولىدۇ ...

ئەۋلىيا - ماشايىخلارغا ئىخلاسمەن هازىلخاننى يۇمشاتماق لومنى سوقۇپ يىڭنە قىلغاندىنمۇ تەسكە چۈشتى . داۋۇت بىلەن سەلىم هېلىدىن - هېلىغا خېمىغا يېنىپ تۇرغان هازىلخاننى بىردە ئالداپ - سىيپاپ ، بىردە قامچىلاپ ، هەتتا پۇتىغا هۆل خىش قويۇپ ماختاپ ، تەستە قايىل قىلغاندىن كېيىن ، ئۆيدىن ئۇزاپ چىقىشتى .

ئۇلار زەڭگەر بۇلاق تۇۋىگە كەلگەندە ، سەرۋەرنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇش ، مائارىپ ئىدارىسى ۋە باش مەكتەپ رەهبەرلىكى بىلەن كۆرۈشۈپ قايتىش قاتارلىق ئىشلار ئۇستىدە سۆزلىشىۋالدى . داۋۇت سەلىمگە چاقچاقمۇ قىلىۋالدى :

— گۇلنار بىلەنمۇ كۆرۈشۈپ قوي ، كۆندۇرەلىسەڭ ، ئۇنىمۇ تاغقا ئالغاچ كەل !

— داۋۇت ئاكا ، — دېدى سەلىم گەپنى ئەگىتىپ ، — قادىر ئاكامنىڭ ئايالىنى ئەمدى يوقلىسام بولىدىغاندۇ ؟

— بولىدۇ ، قىرتاق كۆڭدىن ئېشىپ قالدى ئەمەسمۇ ، — دېدى داۋۇت بارماقلىرىنى ساناپ ، — ئەمما قۇرۇق كىرمە ، تۇغۇتلۇق ئۆيگە قۇرۇق كىرسە بولمايدۇ …
— بۇنى بىلمەن ، ئۆتكەندە سەرۋەرمۇ شۇنداق دېگەن .
— ھە راست ، قادىرنىڭ ئاپىسى سىڭلىڭدىن بەكمۇ رازى ئىكەن . باللاردىن سۈت پاراشوكى بىلەن ناۋات ئەۋەتكەنمىدىڭ ؟
— ئۇ كۈنى سەمەن بىلەن بولۇپ كېتىپ ، قادىر ئاكامدىن ئەھۋال سورىيالمىغىنىمغا خىجىل بولۇپ …
داۋۇت سەلىمنىڭ ئۆتكۈر ۋە چېچەن ئىكەنلىكىنى ، كۆڭلىنىڭ پاكلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى … سەمەننىڭ قۇتقۇزۇۋېلىنىشى ، قادىرنىڭ ئانىسى ۋە جەبەر بوۋايلارنى ئۆز ئاتا - ئانىسىدەك يوقلاپ تۇرۇشلىرى … بۇ ئۇنىڭ ئەلۋەتتە كەسپىگە ، ئوقۇغۇچىلىرىغا ۋە ئاۋام خەلققە بولغان چىن مۇھەببىتى ئىدى !…
— بولىدۇ ، سەن قايتىپ كەتكىن ، پۇتۇڭمۇ مۇزلىغاندۇ ، — دېدى داۋۇت ئايىغى ئاستىدا چىڭدالغان قارغا قاراپ ، — سەن شەھەرگە ماڭغۇچە يەنە سۆزلىشەرمىز . مەن قىشلاقلارنى ئارىلايمەن ، ئاڭلىسام ھەمدۇلمۇ قوماتلەنگەردىن تارتىپ ، ئومشا ، تاساي ، قوغاقلارغىچە ئايلىنىپ يۈرەرمىش …
سەلىم داۋۇت بىلەن دۇكان ئالدىغا كەلگەندە خوشلاشتى . ئۇ دۇكاندىن ئۈچ مېتىر چىبەرقۇت ۋە شېكەر سېتىۋېلىپ ، قادىرنىڭ يېڭى پەرزەنتىنى مۇبارەكلىمەكچى بولۇپ ماڭدى …

يەتتىنچى باب

# گۈلنارنىڭ جىلۋىسى

شەھەر ئىچىنى كۈمۈش رەڭ چاڭدەك نەم تۇمان ئۆز قوينىغا ئالغانىدى. ئېگىز بىنالار، زاۋۇت تۇرخۇنلىرى، يېڭىدىن چۈشۈۋاتقان زامانىۋى قۇرۇلۇشلار ۋە ھەيۋەتلىك كرانلار قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. كوچا بويلىرىدىكى يېشىل قارىغايلار ئاپئاق قىرو بىلەن قاپلانغانىدى.

سەلىم بىلەن يانمۇيان كېلىۋاتقان سەرۋەر يېپيېڭى ياتقان تۈپتۈز ئاسفالت يوللارغا، قىزىل ـ يېشىل سىرلانغان قاڭالتىر ئۆگزىلىك ئۆيلەرگە، ئايىغى ئۈزۈلمەي ئۆتۈشۈۋاتقان ماشىنىلارغا، ھەرخىل كىيىنىشىپ، خۇشال ـ خۇرام كېتىۋاتقان ئادەملەرگە تويماي قارايتتى ۋە سەلىمگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ قوياتتى.

سەلىم ئوتتۇرا مەكتەپ ھويلىسىغا كىرىپ بىرئاز تېڭىرقاپ قالدى. مەكتەپ مەيدانى، بىنالار بالىلارسىز چۆلسىرەپ قالغانىدى. ئۇ سەرۋەرنى كىمنىڭكىگە باشلاپ بېرىشنى بىلەلمەي قالدى. گەرچە سەلىم مۇشۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولسىمۇ، تېخى ھېچكىمنى تونۇمايتتى. گۈلناردىن باشقا ئوقۇتقۇچىلار مائاش ئالغان كۈنلىرىدىلا قاراڭغۇ تاغدا سەلىم ئاتلىق يەنە بىر خىزمەتدىشىنىڭ بارلىقىنى ئەسكە ئېلىشاتتى.

سەلىم مۇدىرنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، يۈرىكى ئۆزىگە ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە دۈپۈلدەپ كەتتى. ئۇ گۈلنار بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشنى ئۈمىد قىلاتتى. سەلىم بۇ ئۆيگە خىزمەت تەقسىم قىلىنغۇچە بولغان بىر ھەپتە ئارىلىقىدا بىرنەچچە قېتىم كەلگەن، ئۇ چاغدا مۇنۇ قار دۆۋىلەنگەن رېشاتكا ئىچىدە گۈللەر

ئېچىلغان، ھەرىلەر غۇڭۇلدىشىپ يۈرگەنىدى. ئۆينىڭ ئىككى يېنىغا بولسا ياغاچ تۇڭلاردا شاخاراپ ئۆسكەن سۆگەت گۈللەر قويۇلغان بولۇپ، ئۇزۇملىرى مەرۋايىتتەك يېتىلگەن تاللار بوستانلاشتۇرۇپ تۇرغان بۇ پاكىز ھويلىدا ئالا كۆلەڭگىلەر تىترەيتتى.

مۇدىر سەلىمنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم ئۆزلەشتۈرۈش نىسبىتى، ھەپتىلىك مەشغۇلات، تۇرمۇش ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق تېمىلاردا سوئال دېگەننى ياغدۇرۇۋەتتى، ھەتتا ناھىيىلىك تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىلىم ئۆزلەشتۈرۈش، كۆچۈش، سان - سۈپەت جەھەتتە ھازىرغىچە كۆچمە قىزىل بايراقنى قولدىن بەرمەي كېلىۋاتقانلىقىنى، ناۋادا تاغ شۆبە سىنىپىنىڭ بىلىم ئۆزلەشتۈرۈشى پەۋقۇلئاددە تۆۋەن بولسا، ئومۇمىي نىسبەتكە تەسىر يېتىپ، مەكتەپنىڭ قىزىل بايراقنى تارتتۇرۇپ قويۇش مۇمكىنلىكىنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتتى.

— شۇنداق، سەلىم، — دېدى مۇدىر ئۇستەلنى چېكىپ تۇرۇپ، — تۇپ ساننى چىڭ تۇتۇپ بالىلارنى دەرسكە تولۇق قاتناشتۇرۇش كېرەك. بولمىسا قىزىل بايراق بىلەن بىللە يۈزىمىزمۇ كېتىپ قالىدۇ. جۇيجاڭ، ھاكىملارنىڭ ئالدىدا تىرناق تاتىلاپ قالىمىز.

سەلىم ئۈچۈن بۇ تەھدىت ۋە نەسىھەتلەر ئارتۇقچە ئىدى. ئۇ ئىچىدە: «مەن تۇتقان سىنىپ شەھەردىكى پاراللېل سىنىپلار بويىچە ئۇزۇپ چىقمىسا، مەرھۇم دادامغا قانداق يۈز كېلەلەيمەن؟» دەپ ئويلىدى. بىراق، ئۇنىڭ سېغىنىش ئوتلىرى يېلىنجاپ كۆزلىرى ئىشىك تەرەپتە ئىدى. ئۇنىڭغا گۈلنار ھېلىلا كۆلۈپ كىرىپ كېلىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. چاي قۇيۇپ مېھماندوستلۇق كۆرسىتىۋاتقان مۇدىرنىڭ سوغۇق تەلەت ئايالى بولسا، تارتىنىپ ئولتۇرغان سەرۋەرگە ئوغرىلىقچە قاراپ قوياتتى.

ئىشىك ئېچىلىپ گۈلنار كىرىپ كەلدى. ئۇ سەلىمنى كۆرۈپ، ھە دېگەندە ھودۇقۇپ قالدى ۋە قىزىرىپ كەتتى...

— ۋىيەي سەلىمغۇ بۇ ، قاچان كەلدىڭىز ؟ ئالىقاندەك بولسىمۇ خەت يېزىپ ، مېنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويسىڭىز بولمامدۇ ؟

گۈلنار ھېلى چەينەكنى قولىغا ئالسا ، ھېلى سەلىم بىلەن سەرۋەرنىڭ چىنىسىگە قەنت سالاتتى ۋە ئارىلىقتا ئۇنى - بۇنى سوراپ قوياتتى . سەرۋەرمۇ ئۇنىڭ تېخى سىلىقلىشىپ ئۈلگۈرمىگەن پەلتوسىغا ، ئالا بالداق يۇڭ شارپىسىغا ، مەززىلىك چاچ مېيى پۇراپ تۇرغان پوكۇسلۇق چاچلىرىغا كۆز تاشلىۋالدى . گۈلنار پەلتوسىنى سېلىپ ئاسقۇغا ئېسىپ قويدى . كۆكسىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان يېشىل توقۇما گۈللۈك پوپايكىدا ئۇ تېخىمۇ گۈزەل بولۇپ كۆرۈندى .

— بۇ قىزنى ، — دېدى مۇدىر سەرۋەرگە قاراپ ، — بوغالتىر رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەپ ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ كەلسۇن .

— مەن ئۆزۈم ئېلىپ باراي ، — دېدى سەلىم سەرۋەرنىڭ يالت قىلىپ قارىشىدىن ئۇنىڭ تارتىنىۋاتقانلىقىنى سېزىپ .

— رەسمىيىتىنى ئېلىپ ئۆزى بارسىمۇ بولىۋېرىدىغۇ ، — دېدى گۈلنار غىجىنغاندەك قىلىپ ، — سەلىم ، سىز ھېرىپ - ئېچىپ كەلدىڭىز ، بىردەم ئارام ئېلىڭا !...

— سەلىم ئۆزى ئاپارسۇن ، — دېدى مۇدىر ئايالىغا قاراپ قويۇپ ، — مەن بوغالتىرنىڭ قېشىغا چىقاي .

مۇدىر چىقىپ كەتتى . گۈلنار سەلىمگە يېقىن كېلىپ ، ئۇنىڭ چاپىنىدىن چاپلىشىپ قالغان چاڭدەك بىرنەرسىنى چىمدىپ ئالدى ، مۈرىلىرىنى قېقىپ قويدى ۋە چىرايىغا تىكىلىپ قاراپ ، ئۇنىڭدىن تاغلىقلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىنى سورىدى . ئۆزىمۇ تاغلىقلار ھەققىدە ئاڭلىغانلىرىنى كەمسىتكەن بىر كەيپىياتتا سۆزلەشكە باشلىدى . گۈلنار بىردەم سەلىمنى : «قارىداپ كېتىپسىز ، قاچانمۇ قايتىپ كېلەرسىز ئاشۇ دەدىسە تاغدىن ؟» دېسە ، بىردەم سەرۋەرنى : «سىزنىڭ كىرپىكلىرىڭىز نېمانچە ئۇزۇن ، خۇددى يېلىم چېپىپ ئۆرۈپ قويغۇدەك» دەپ خىرقىراپ كۈلەتتى .

لېكىن ، ئۇ كۆلگەندەك قىلغىنى بىلەن ، سەرۋەرگە قارىغانسېرى ئۆزىگە نىسبەتەن بىرنەرسىنىڭ يېتىشمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى .

سەلىم گۈلنارنىڭ قېيناكىسى بىلەن ئاچىسى ئالدىدا تارتىنمايلا ئۆزىگە سۆۋۈنۈۋاتقانلىقىنى ، قاش - كۆزىنى ئوينىتىپ سۆزلەپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭدىن ئۆزگىچە بىر ھالنى سەزگەندەك بولاتتى . ئۇنىڭدىكى بۇ خىل ئۆزگىرىش ئۇنىڭ كۆڭلىنى خىرە قىلسىمۇ ، يەنىلا ئۇ گۈلنارنى ئاقلايتتى . ئەلۋەتتە ، ئۇ سېغىنغان بولسا كېرەك ! لېكىن ··· سەرۋەرنى كەمستكىنى ياخشى بولمىدى ···

مۇدىر كىرىپ ، سەرۋەرنى چاقىرىپ چىقىپ كەتتى . ئۇلار بوغالتىر بۆلۈمىدە رەسمىيەت ئۆتىدى . سەرۋەر بىر جەدۋەلگە قول قويۇپ ، ئىككى ئايلىق تاماق پۇلى ۋە تۇرمۇش پۇلى تاپشۇرۇۋالدى . بۆلۈم ئالدىدا گۈلنار بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغان سەلىم بوغالتىر بۆلۈمىدىن چىقىپ كەلگەن سەرۋەرنىڭ ئالدىغا كەلدى .

— ماڭامدۇق ؟ — دېدى سەلىم سەرۋەرنىڭ تولىمۇ مىسكىن چىرايىغا قاراپ .

—···

— سەلىم ، — دېدى گۈلنار ئۇنىڭ ياقىسىنى تۈزىگەندەك قىلىپ ، — دوختۇرخانىدىن پاتراق كېلىڭ ! مەن مەكتەپنىڭ مېھمانخانىسىغا ئوت يېقىپ سىزنى ساقلاپ تۇرىمەن .

— يېزىدىكى كىچىك ئاناڭنىڭ ئۆيىگە قاچان بارىسەن ؟ — دېدى مۇدىر قېينىسىڭلىسىنىڭ كۆزىگە قاراپ قويۇپ ، — بۈگۈن كەچتىلا ماڭساڭ بولارمىكى ···

— ياق ··· — دېدى گۈلنار قېيناكىسىغا تۇمشۇقىنى دومسايتىپ — بىر - ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بارسىمۇ يېزا قېچىپ كەتمەيدىغۇ !

سەلىم سەرۋەرنى دوختۇرخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ ، كەچكە يېقىن مەكتەپ مېھمانخانىسىغا قايتىپ كەلگەندە ، گۈلنار

ئۆينى سۈپۈرۈپ ، ساپالارنى سۈرتۈپ ، يوتقان ـ كۆرپىلەرنى رەتلەپ تىزىپ قويغانىدى . سەلىم ئەمدىلا كىرىپ ئولتۇرۇۋىدى ، گۈلنار چايداندا چاي كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى .

— نېمانچە كېچىكىپ كەتتىڭىز ، چۈشلۈك تاماق يېدىڭىزمۇ ؟

گۈلنارنىڭ ئىللىق كۈلۈمسىرىشى ۋە كۆزلىرىنىڭ سىرلىق مەنە بىلەن قىسىلىشى سېغىنىش پىراقىدا ئۆرتەنگەن سەلىمنىڭ ياش يۈرىكىنى سۆيۈندۈرۈۋەتتى . ئۇ ئاستا ، تولىمۇ تىترەڭگۈ بىر ئاۋازدا شىۋىرلىدى :

— گۈلنار ...

— سەلىم ...

سەلىمنىڭ باغرىغا تاشلانغان گۈلنار يىگىتنىڭ يىرىك چاچلىرىنى سىلىدى ... ئوتتەك مەڭزىنى ئەمدىلا ئالا كۆكلەۋاتقان يۇمشاق ساقاللىرىغا سۈركىدى ... سەلىممۇ گۈلنارنىڭ خۇش ھىدلىق چاچلىرىغا سۆيۈپ قويدى ، نازۇك بويۇنلىرىنى سىلاپ ئەركىلەتتى ...

ئۇلار كارىۋاتتا يانمۇيان ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن ، سەلىم گۈلنارغا تاغ تۇرمۇشى ، باللار ، ئۇلارنىڭ ھەۋەسلىرى ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئاشىپەزلىك ۋە ناۋايلىقتا دائىر ئىشلارنىمۇ ئۆگەنگەنلىكىنى ، داۋۇت بىلەن پات ـ پاتلا ئوۋغا چىقىدىغانلىقى ، تاغ ئارىسىدا ئوۋ ئوۋلاشنىڭ ئاجايىپ كۆڭۈللۈك بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى . لېكىن ، گۈلنارنىڭ بۇلارنى ئاڭلىغۇسى كەلمەيتتى ، ئۇ سەلىمنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ ئەركىلىدى .

— بولدى ، بولدى قىلىڭا ... زادى قاچان قايتىپ كېلىسىز ؟ ياكى مەن ئۆمۈر بويى سىزنى كۈتۈپلا ئۆتەمدىم ؟...

— بىرەر يىل بولار ـ بولمايلا كېتىمەن دېسەم ، سەت بولار ؟...

— سەت ؟ ھې ، — دېدى گۈلنار قېيىدىغاندەك قىلىپ ، — سەت بولىدۇ دەپ يۈرۈپ مۇشۇ كۈنگە قالدىڭىز ... ئوقۇشى سىزدىن كۆپ تۆۋەن بولغان دوستلىرىڭىز ئۇيان ـ بۇيان چېپىپ يۈرۈپ

شەھەردە نى - نى ئورۇنلارغا ئىلىنىشىۋالدى . سىزچۇ ، سىز ... ھەي ! ... — ھازىر يۈزى نىپىزلىك ، ئالىيجانابلىق ، پىداكارلىق قىلىدىغان چاغمۇ ؟... ئۇنداقلار سىزگە ئوخشاش تاغ - داۋانلاردا تىزەك يۆراپ يۈرىدۇ ، خالاس ...

گۈلنارنىڭ ئاغزىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان بۇ سۆزلەرگە دەسلەپتە سەلىمنىڭ ئاچچىقى كەلدى . لېكىن ، بىردىنلا ئويلىنىپ قالدى . راست ئەمەسمۇ ، قىزىل دىپلوم ئالالماي ئاق كىنىشكا بىلەن مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار چېغىدا شەھەرگە ، ئەڭ بولمىغاندا شەھەر ئەتراپلىرىدىكى ئىدارە - جەمئىيەتلەرگە ئورۇنلىشىۋالدى . ئۇلار ئۈچىسىغا توپا قوندۇرماي پار - پۇر كىيىنىشىپ ، شەھەر تۇرمۇشىنىڭ قولاي شارائىتىدا ياشاۋاتىدۇ ، سەلىمچۇ ؟

— گەپ قىلىسىڭىزچۇ ، نېمانداق بۈتتەك ئولتۇرىسىز ياكى تىزەك چوغىغا كۆمگەن كۆمەچتىن ئۈمىدىڭىزنى ئۈزەلمەي تۇرامسىز ؟

— گۈلنار ... سىز ... سىز ئادەمنى نېمانداق ئىككى تاشنىڭ ئارىلىقىغا سىلىپ قويۇپ قىينايدىغانسىز ؟ ... — دېدى سەلىم نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي ، — مەن ... مەن ... قانداقمۇ ؟...

— مەن سىزنى بۈگۈنلا يېنىپ كېلىدىك دەۋاتقىنىم يوققۇ ، ھازىرچە ئىلتىماستىن بىرنى تۇتۇپ قويۇڭ . يازلىق تەتىلدىن كېيىن ئورنىڭىزغا تەتۈر پېشانىدىن بىرنى ئەۋەتىشمەمدۇ !...

سەلىمنىڭ بېشى تۆۋەنگە ساڭگىلىدى . ھازىر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا گۈلنار ئەمەس ، بەلكى داۋۇت تۇرۇپ : «قېنى ، يىگىت بىر نېمە دېمەمسەن ؟ » دەۋاتقاندەك ، جەپەر بوۋاي بولسا : «مانا ، بۇ غوجامۇ پېشىنى قېقىپ كەتمەكچى » دەۋاتقاندەك تۇيۇلماقتا ، بىچارە تاغ باللىرى بويۇنلىرىنى قىسىشىپ ئۇنىڭغا غەمكىن تەلمۈرۈشمەكتە ئىدى . سەلىمنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن گۈلنار ئۇنى خېلى يۇمشاتتىم دەپ ئويلىدى - دە ، بىردىنلا ئۇنىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويىدى ۋە ئاستا شىۋىرلىدى :

— يۇرۇڭ كىنوغا بارايلى ! مەن بايىلا ئىككى بىلەت ئېلىپ قويغان ...

سەلىم ئەتىسى ئەتىگەندە گۇلنار بىلەن خوشلىشىپ بازاردىن كىچىك ئانىسىغا كۆڭلەكلىك رەخت ، تور رومال ۋە باشقا ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەرنى ئېلىپ يېزىغا يۇرۇپ كەتتى . ئۇ كىچىك ئانىسىنىڭ ئۆيىدە بىر ھەپتە تۇرغاندىن كېيىن ، شەھەرگە قايتىپ كەلدى . گۇلنار ئۇنى ئوبدان مېھمان قىلدى . ئۇلار باغچا ئايلاندى . كۆپكۆك قارىغاي قاتارلىرىنى بويلاپ سەيلە - تاماشا قىلدى . گۇلنارنىڭ گۈزەل تۇرمۇش ، بەختلىك ھايات ھەققىدىكى ئاجايىپ شېرىن سۆزلىرى سەلىمنى بارغانسېرى ئېرىتمەكتە ئىدى . ئۇ ھازىر گۇلنار ، پەقەت گۇلنارنىلا ئويلاشنى خالايتتى . ئۇنىڭدىن باشقىنى ئويلاش ئۇنىڭ ئۈچۈن بارغانسېرى قورقۇنچلۇق بولۇپ قېلىۋاتاتتى .

ئۇلار كىنو - تىياتىرلاردىن يانغان كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلۈپ كوچىلارنى جىمجىتلىق قاپلىغاندا ، چىڭدالغان قارنى غىچىلدىتىپ مېڭىپ مەكتەپكە قايتتى . گۇلنار سەلىمنىڭ ياتىقىغا كىرىپ ئۇنىڭ بىلەن چاي ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ ، ئۆتكەنكى ئۈزۈلگەن سۆھبەتنى ئۇستىلىق بىلەن ئۇلىدى . ئۇ بىردە ئېچىنىپ ، بىردە ئاچچىقلىنىپ ، بىردە تاتلىققىنا كۈلۈمسىرەپ ، ئاخىر سەلىمنى ئىلتىماس يېزىشقا كۆندۈرۈپ ، قەغەز - قەلەمنى ئۇستەل ئۈستىگە قويدى ...

سەلىم ئەتىسى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئىشخانىسىدا جۈيجاڭ بىلەن قاراڭغۇتاغ شۆبە سىنىپىنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇپ چۈشلۈك تاماق بولۇپ قالغانلىقىنى تۇيمايلا قالدى . جۈيجاڭ سەلىمنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي ، ئۇنى ئۆيىگە ئەكەتتى .

سەلىم جۈيجاڭنىڭ ئوچۇق چىراي ، مېھماندوست ، قولى ئوچۇق ئائىلىنى كۆرۈپ تارتىنىپ - قورۇنۇپ قالمىدى . ئۇ بىر تەخسە لەڭمەننى يېگەندىن كېيىن ، راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپ ئاش

سۈيى ئىچتى .

جۈيجاڭ شۆبە سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىنتىزامىنى كۈچەيتىش ، دەرسكە قاتنىشىش نىسبىتىنى چىڭ تۇتۇش ، بىلىم ئۆزلەشتۈرۈش نىسبىتىگە كاپالەتلىك قىلىش توغرىسىدا كۆپ سۆزلىگەندىن كېيىن ، گەپنى قادىرنىڭ ئوقۇتۇش سەۋىيىسىگە يۆتكىدى .

— قادىر ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا ئوقۇتقۇچى بولغان ، — دېدى جۈيجاڭ ئاش سۈيىدىن بىر ئوتلاپ قويۇپ ، — ئۇنىڭغا كەسپىي جەھەتتىن ياردەم قىل ! دەرس تەييارلىقلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلا ، يەنە ھەربىر ھەپتىدە مەلۇم ۋاقىت چىقىرىپ ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەسپىي ئۆگىنىش ئېلىپ بارغىن .

— قادىر ئاكام ئۆزىمۇ تىرىشچان ئىكەن ، بالىلارغا دەرسنى خېلى قانائەتلىنەرلىك ئۆتىۋاتىدۇ ، مەن ئۇنىڭ دەرسىنى بىرنەچچە قېتىم ئاڭلىدىم .

— ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كېلىشىڭ بىلەنلا سىېنى قاراڭغۇ تاغقا ئەۋەتتۇق ، — دېدى جۈيجاڭ سەلىم ئۇزاپ چىققاندا ، — خىزمىتىڭ جاپالىقراق ، بىز دېگەندەك ياردەمدە بولالمايۋاتىمىز .

سەلىم يولدا كېلىۋېتىپ جۈيجاڭنىڭ «ئابدۇرېشىت ھاكىم سىېنىڭ پارتىيىگە كىرىش توغرىسىدا يازغان ئىلتىماسىڭنى كۆرۈپ ئىنتايىن تەسىرلەندى» دېگەن سۆزىنى ئەسلەپ نومۇس قىلدى ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى ئەيىبلىدى . ئۇ خۇددى بىرى كۆرۈپ قالىدىغاندەك ، ئاخشام يازغان ئىلتىماسنى يانچۇقىدىن ئاستا ئالدى ـ دە ، يىرتىپ ئۇششاق پارچىلاپ ئېرىققا تاشلىۋەتتى . تاغقا دەرھال قايتىش قارارىغا كەلگەن سەلىم بازاردىن يولغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ مەكتەپكە كەلدى . گۈلنار ئۇنىڭ قايتماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ، بىردىنلا دومسىيىۋالدى . سەلىم مەكتەپتىن بەرگەن بىرقىسىم ئوقۇش ماتېرىياللىرىنى يىغىشتۇرۇۋاتقاندىمۇ ئۇ ياردەممۇ قىلماي ، بىر چەتتە تەتۇر قاراپ ئولتۇراتتى .

— ئىلتىماسنى بەردىڭىزمۇ؟ ! — دېدى گۈلنار زەردە بىلەن .
— بە ... بەردىم ...
گۈلنارنىڭ چىرايى ئېچىلغاندەك بولدى . ئۇ ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ ، سومكىلارغا بىرنەرسىلەرنى قاچىلىشىپ بېرىۋېتىپ «تەتىل بولغاندىكىن ، خۇماردىن چىققۇچە ئويناپ كەتسىڭىزمۇ تاغ قېچىپ كەتمەس ئىدى» دەپ غودۇڭشىدى .
ئىشلىرىنى بىرقۇر سەرەمجانلاشتۇرغان سەلىم قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن دوختۇرخانىغا كەلدى . ئۇ بىر سېستىرادىن سەرۋەرنى چاقىرىپ قويۇشنى سورىدى . سەرۋەرمۇ هايال بولماي چىقتى . سەلىم ئۇنى كۆرۈپلا ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەيلا قالدى . سەرۋەر سۈتتەك ئاق خالات كىيىۋالغان بولۇپ ، قىلىچتەك تارتىلغان قارا قاشلىرىنىڭ ئۈچىنى يوشۇرۇپ تۇرغان پوسمىسىدىن چىقىپ تۇرغان قۇندۇزدەك چاچلىرى قولاق تۈۋىدە يۆگىشىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ تۇخۇمدەك بېجىرىم يۈزى ناۋات سۈيىدەك پارقىراپ ، لەۋلىرى ئانار شەربىتىدەك هال رەڭ تۈس ئالغانىدى .
— مۇئەللىم ! ...
سەلىم سەرۋەرنىڭ تونۇغۇسىز يېڭى قىياپىتىنى كۆرۈپ ، كونىلارنىڭ «ئاتا كەمچىلىكى ئەمەس ، لاتا كەمچىلىكى» دېگەن سۆزىنى ئەسلەپ كۈلۈمسىرىدى .
— مېنى زاڭلىق قىلىۋاتامسىز ؟ — دېدى سەرۋەر ئالقانلىرىدا يۈزىنى توسۇپ .
— ياق ، سەرۋەر ، ئەكسىچە خۇشال بولۇۋاتىمەن ، — دېدى سەلىم روھلىنىپ ، — مۇشۇ قىياپىتىڭىز بىلەن تاغقا بارسىڭىز خان ئانىڭىز ، داۋۇت ئاكاملار قانداق خۇشال بولۇپ كېتەر - هە !
شەھەر هاياتى سەرۋەرگە ئون نەچچە كۈن ئىچىدىلا يېڭى - يېڭى ئۆزگىچىلىكلەرنى ئاتا قىلغانىدى . ئۇنىڭ بۇرۇنقى تارتىنچاقلىقى بىرئاز قالغان بولۇپ ، ئۆزلۈكىدىن سەلىمگە دوختۇرخانىدىكى تۇرمۇشى ، دورىلارنى تونۇش ، ئىشلىتىش ، كېسەل تۈرلىرىنى پەرقلەندۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئۆگىنىش ئەھۋالىنى بىر -

بىرلەپ سۆزلەپ بەردى، ھەتتا لىتىپ يوەنجاڭنىڭ ئۇنى قولى چاققان، ئايىغى ئىتتىك، ئەقلى ئۆتكۈر تاغ قىزى دەپ ماختىغانلىقىنىمۇ شەلپەردەك قىزىرىپ تۇرۇپ ئېيتىپ بەردى.

سەلىم چىراغلار يورۇتۇپ تۇرغان ئاسفالت يولدا كېتىۋېتىپ ئۆزىنىڭ قايتىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، سەرۋەرنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى. ئۇ ئۆز مۇئەللىمىنىڭ شەھەردە ئىكەنلىكىدىن كۆڭلى توق ئىدى. سەلىم بىلەن سەرۋەر ئۆزئۇنچىقماي مېڭىشتى. ئۇلار شەھەر مەركىزى — گۈلباغقا كېلىپ، مەدەنىيەت يۇرتى بىناسىنىڭ گۈللۈك تۈۋرۈكلىرىگە، چىراغ نۇرىدا تاۋلانغان قەدىمىي نەقىشلەرگە قاراپ زوقلاندى.

— قايتايلى، — دېدى سەلىم سائىتىگە قاراپ، — ئەمدى مەن سىزنى ئاپىرىپ قوياي.

— ياق، كېتەلەيمەن ...

ئۇلار تەنتەربىيە مەيدانىغا كەلگەندىلا خوشلاشتى. سەرۋەر سەلىمنىڭ چىراغلار نۇرىدا كېتىپ بارغان سىيماسىغا قاراپ قارىسى يوقىغاندىلا، دوختۇرخانىغا كىرىپ كەتتى.

## قىشلىق تەتىلدە

سەلىم گۇڭشېدىن مىنىپ كەلگەن ئېتىنى ئىدىرىس كاتىپقا تاپشۇرۇپ مەكتەپكە كەلگەندە، ھويلا ئىچىنى ئاپئاق قار قاپلىغانىدى. ئۇ ئىدىرىس كاتىپ ھەر كۈنى ئاخشىمى قونغىلى كەلگەندە مېڭىپ چىگدىۋەتكەن ئاياغ يولى بىلەن ياتىقىغا كىردى. ئۇ مەشكە ئوت قالىغاندىن كېيىن، سۇ ئىسسىتىپ يۈزلىرىنى يۇدى. كېيىن چاپىنىنى سېلىۋېتىپ، ئۆي ئەتراپىدىكى قارنى كۈرەشكە باشلىدى. دەل شۇ پەيتتە تۇمەن ۋارقىراپ يۈگۈرۈپ يېتىپ كەلدى. ئۇ كەلگىنىچە ھاسىراپ سەلىمگە ئۆزىنى ئاتتى. سەلىم بىلەن ئىككىسى تەڭلا قارغا يىقىلدى ۋە كۈلۈشۈپ كەتتى.

— مېنىڭ كەلگىنىمنى ئىدىرىس كاتىپتىن ئاڭلىدىڭما؟ —

دېدى سەلىم قاردا ئوڭدا يېتىپ .

— ھەئە ، — دېدى تۇمەن يۈزىدىكى قارلارنى ئېرتىپ ، — سەمەن تېخى تۇنۇگۇنلا كەلدىڭ ، چاتقاللىقتا كەكلىككە قىلتاق قويدۇق ، ئۇ بەك زېرىكىپ كېتىپتۇ .

— داۋۇت ئاكام بارمۇ ؟

— ئاتام قىشلاق ئارىلاپ كەتتى . سەرۋەر ئاچامنىڭ خان ئانىسى كۈندىلا سىزنى سورايدۇ . ئۇ سىزنىڭ كەلگىنىڭىزنى ئۇقسا ، ئۆمىلەپ بولسىمۇ يېتىپ كېلىدۇ .

— مەن ھازىر قادىر ئاكامنىڭكىگە يولۇقۇپ ، ئاندىن سىلەرنىڭكىگە باراي دەپ تۇراتتىم .

— قادىر مۇئەللىمنى ئۇچراتمىدىڭىزما ؟ ئۇ ئىككى كۈن ئالدىدا ناھىيىگە سودىلىققا كىرىپ كەتكەن .

سەلىم سومكىسىنى كۆتۈرۈپ ، ھازىلخاننىڭ سەت تىللار بىلەن چالۋاقاپ كېتىشىنى ، ھەتتا شاپىلاق سېلىشىنىمۇ كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ، بويىنىدىن سۆرىگەندەك ئۆيگە كىردى . ئالدىدا يۈگۈرۈپ كەتكەن تۇمەن خەۋەر يەتكۈزۈپ قويغاچقا ، ھازىلخان ئىشىككە قاراپ ئولتۇراتتى .

— خان ئانا ، ئوبدان تۇردىلىمىكى ؟ — دېدى سەلىم قورقۇپراق يەرگە قاراپ .

— بېرى كەل ، بېرى كەل دەۋاتىمەن سېنى ، نېمە ياۋا توشقاندەك ئۈركۈيسەن ، — دېدى ھازىلخان سېمىز قوللىرىنى سوزۇپ ، — ھىم مانا ، ھە مۇنداق ...

ھازىلخان سەلىمنىڭ پېشانىسىگە شاپپىدە بىرنى سۆيگەندىن كېيىن ، ئۇنى نېرى ئىتتىرىۋەتتى . ئۆزى بولسا ياستۇققا يۆلىنىۋېلىپ «قېنى ، گەپ قىل» دېگەندەك سەلىمگە تىكىلدى .

سەلىممۇ سەرۋەرنىڭ دۇئا ـ سالام يوللىغانلىقى ، ئۇنىڭ ئاپئاق خالاتلارنى كىيىپ دوختۇرخانىدا سالامەت ، خۇشال ـ خۇرام ئۆگىنىۋاتقانلىقى ، كاتتا دوختۇرلارنىڭ ئۇنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەي ماختىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى . ھازىلخان كۆز يېشى قىلدى .

سەلىم سومكىسىدىن بىر بولاق ناۋات ۋە تۆت قاتلاقلىق تور رومالنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويغاندا ، هازىلخاننىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپلا قالدى .

— بۇ سەرۋەرنىڭ سوۋغىسى ، ئاز بولسىمۇ خان ئانام خاپا بولمىسۇن ، دەيدۇ ، — دېدى سەلىم يەر ئاستىدىن هازىلخاننىڭ ئىششىق يۈزىگە قاراپ .

— خۇدايىم ئامان قىلسۇن . ئۆزىمىغۇ كۆيۈملۈك چوڭ بولدى ، شۇغىنىسى شەھەردىن ساقلا كەلسە ...

سەلىم تۇمەننىڭ ئاپىسى گۈلسارەگە ئالغاچ كەلگەن سوۋغىلىرىنى بەرگەندىن كېيىن ، تۇمەن بىلەن ئىككىسى سەلىمنىڭ ياتىقىغا كەلدى . تۇمەن كەسلەكلىك ئوتۇندىن مەشكە سېلىپ ئوتنى تۇتاشتۇردى . سەلىم چەينەكنى مەش ئۈستىگە قويۇپ بولغاندىن كېيىن ، ئورۇندۇقلارنى سۈرۈپ ئوتسىنغاچ سەمەن ، نودەرلەرنىڭ كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى سورىدى .

— سەمەن ئەتە كەلمەكچى ، ئۇنىڭ بىلەن چېقىل ئۈستىدە كەكلىككە قىسماق قويماقچىدۇق ، بىللە بارامدۇق ، مۇئەللىم ؟

— بولىدۇ ، لېكىن بۇنداق قېلىن قاردا كەكلىكنى نەدىن تاپقىلى بولىدۇ ؟

— ۋاي ، نېمە دەۋاتىسىز ؟ — دېدى تۇمەن كۆزلىرىنى ئويناتقىپ ، — كەكلىك دېگەن چېقىلنىڭ قار چۈشمەيدىغان قاپتاللىرىدا تۈنەيدۇ ھەم ئاپتاپقا قاقلىنىدۇ ... دانلايدىغان ۋاقتىدا بۆك چاتقاللارغا چۈشۈپ ئالاقات ، زىخنىڭ قاقلىرىنى يەيدۇ .

— قاردىن قانداق دان تېپىپ يەيدۇ ؟

— ئاسان ، بۆك چاتقاللارنىڭ ئۈستى قار ، ئاستى بوش بولىدۇ . هازىر كەكلىك ، قىرغاۋۇللارنىڭ ئۆچەككە كىرگەن ۋاقتى ، راسا سېمىز دەڭە !

چايمۇ قايندى . سەلىم شەھەردىن ئەكەلگەن تاتلىق ـ تۈرۈم نەرسىلىرىنى ئۈستەلگە يايدى . گۈللۈك پېچىنە ـ پىرەنىكلەرنى يەپ ھەيران بولغان تۇمەن خۇشاللىقىدىن سۆزلەپ كەتتى . ئۇ كەكلىكنى

قىسماق بىلەن قانداق تۇتىدىغانلىقى، تورنى قانداق يەرلەرگە يايغاندا جىگدىچىنى ئاسان قولغا چۈشۈرگىلى بولىدىغانلىقى، ئىت بىلەن توشقان قوغلىسا، قانداق قىزىق ۋە كۆڭۈللۈك بولىدىغانلىقىغىچە سۆزلىدى، ئۇنىڭ سۆزى تۈگىگۈچە قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى.

— مۇئەللىم، مەن كېتەي، — دېدى تۇمەن سىرتقا قاراپ، — قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىپتۇ.

— مۇشۇ يەردە قونۇپ قالساڭ بولمامدۇ؟ بۈگۈن پاراڭلىشىپ ياتساق؟

— مەيلىمۇ؟ — تۇمەن خۇشاللىقىدىن ۋارقىرىۋەتتى، — ئەمىسە ھېكايە ئېيتىپ بېرىسىز، بولامدۇ؟

— ماقۇل.

تۇمەن ئۆيىگە كېتىپ، ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا كۆل رەڭ بۇغا تېرىسىدىن تىكىلگەن بىر جۈپ چورۇقنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ قايتىپ كەلدى. ئۇ ھەيران بولۇپ چەكچىيىپ تۇرغان سەلىمگە چورۇقنىڭ قاردا يېنىك بولىدىغانلىقىنى، يۇڭ جاۋىلارنى تىزىغىچە يۆگەپ كۆك مونچاقلىق يىپىنى چىڭ تارتىپ باغلىۋەتكەندە، ئادەم توشقاندەك چاققان، تىيىندەك يېنىك بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ھەۋەس بىلەن چۈشەندۈردى.

تۇمەن ياتار ۋاقتىدا يانچۇقىدىن يۇلغۇن ياغىچىدىن ياسالغان قىسماقنى ئېلىپ، ئۇنى قانداق قۇرىدىغانلىقىنى، قوناق ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمەكنى قەيەرگە بېكىتىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، ئورنىغا كىرىپ ياتتى ـ دە، سەلىمنى ھېكايە ئېيتىپ بېرىشكە قىستاپ تۇرۇۋالدى.

مەشتە چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان ئوتمۇ بارا ـ بارا ئۆچۈشكە باشلىدى. ھېكايە ئېيتىپ ھارغان سەلىم قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمىدى.

ئۆيگە ئايئاق يورۇق چۈشۈپ كەتكۈچە ئۇخلىغان سەلىم بىلەن تۇمەن ئورۇنلىرىدىن چاچراپ تۇردى ـ دە، قولمۇقول مەشكە ئوت ياقتى. ئۇلار سۇ ئىسسىتىپ يۇيۇنۇپ تۇرغاندا سەمەن ئۆيگە

ئۈچقاندەك كىرىپ كەلدى. ئۇ بويۇنلىرىنى سوزۇتۇۋاتقان سەلىمگە ئۆزىنى ئېتىپ، مەشنى ئۆرۈۋەتكىلى تاسلا قالدى.

سەلىم سەمەندىن جەپەر بوۋاينىڭ ئەھۋالىنى سورىدى، ئاندىن بىرلىكتە ئولتۇرۇپ ناشتا قىلىشتى. ئۇلار قورسىقىنى تويغۇزغاندىن كېيىن، يانچۇقلىرىغا نانلىرىنى سېلىپ، سالغىلىرىنى بويۇنلىرىغا ئاستى. سەمەنمۇ ئۆزىنىڭ ئەكەلگەن قىسمىقىنى بىرقۇر تەكشۈرۈپ، ئۇنى بويىنىدىكى نان خالتىسىغا سالدى ـ دە، پۇتىسىنى چىڭىتىپ باغلىدى.

— ئەمىسە ئۇۋچىلار، قەيەرگە سەپەر قىلىمىز؟ — دېدى سەلىم كونا شارپىسىنى بېلىگە باغلاۋېتىپ.

— ئاقچېقىلغا! — دېدى تۇمەن.

— ياق، چاقار سايلىقتىكى چاتقاللىققا! ئاقچېقىلغا بەك يىراق، — دېدى سەمەن.

— تۈنۈگۈن بېرىپ ھېچنېمە تۇتالمىدۇققۇ؟ — دېدى تۇمەن بۇرنىنى تارتىپ قويۇپ.

— بۈگۈن ھاۋا سوغۇق، قىرغاۋۇل، كەكلىكلەر ئىسسىق چاتقال ئىچىگە شۇڭغۇيدۇ.

سەلىم، تۇمەن، سەمەنلەر قار بىلەن قاپلانغان يانباغىرلاردا قوغلىشىپ چاقار چاتقاللىققا يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار چىڭدالغان ئاياغ يوللىرىدىن ماڭماي تۇلكە، توشقان، كەكلىك، قىرغاۋۇل ئىزلىرى تامغا باسقاندەك ھەر خىل گۈل چېكىنۋەتكەن قېلىن قارلىق داللاردا مېڭىشتى. سەلىم تاغلىقلارنىڭ ياز كۈنلىرىمۇ تىزىغىچە جاۋا يۆگەپ، چورۇق تارتىۋېلىشىنىڭ تېگىگە يەتكەندى. ئۇلار قارلاردا يۈگۈرۈپ، دومىلاپ، ئىككى تاغ ئوتتۇرىسىدىكى جىلغىدا يېيىلىپ ياتقان چاتقاللىققا قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى بىلمەيلا قالدى.

ئۈستىنى قېلىن قار قاپلىغان چاتقاللىق قويۇق بولۇپ، بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئاستى خۇددى لەمپىگە ئوخشايتتى. ئۈچ ئۇۋچى چاتقال ئىچىگە ئۆمىلەپ كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ پۇت ـ قوللىرى، بېشى بىرەر ئازغان غولىغا

ياكى زىخ شاخلىرىغا تېگىپ كەتسە. گەدەنلىرىگە قار شۇرقىراپ چۈشەتتى ... چاتقال ئارىسىدىن چىرىگەن غازاڭ ۋە ئوت پۇرىقى كېلەتتى. تۇيۇقسىزلا ئۇلارنى چۆچۈتۈپ مەيدىسى ئاستىدىنلا قانداقتۇر بىر قۇش قارلارنى توزۇتۇپ پۇرردىدە كۆتۈرۈلسە، يەنە قەيەردىندۇر قىرغاۋۇل خورىزىنىڭ قاناتلىرىنى پاقىلدىتىپ «قى ... قى ... قى ...» قىلىپ سايرىشى چاتقاللىقنى چاڭ كەلتۈرەتتى. ئۆمىلەپ كېتىۋاتقان سەلىم بىردىنلا «ۋىغ ... ۋىغ ... ۋىغ ...» قىلغان ئاۋازنى ئاڭلاپ، يېنىدىكى تۇمەندىن سورىدى:

— «ۋىغ ... ۋىغ» قىلغان نېمە ئۇ؟

— تاغ تورغىيىنىڭ چىشىسى، ئۇ جۈپتىنى قىچقىرىۋاتىدۇ.

سەمەن بىلەن تۇمەن قىسماقلىرىنى ھەرخىل قۇشلارنىڭ مايافلىرى چېچىلىپ ياتقان ئىككى تۈپ زىخنىڭ تۈۋىگە قۇرۇپ، ئۈستىنى چىرىگەن ئوت - خەسلەر بىلەن كۆمۈۋېتىپ، ساپسېرىق قوناقنىڭ ئۈستىنى كۆرۈنەرلىك ئېچىپ قويدى. ئۇلار قاردا يۆمىلىنىپ بېرىپ ئەللىك - ئاتمىش قەدەم ئارىلىقتىكى بىر تۈپ چوڭ ئازغاننىڭ تۈۋىگە يوشۇرۇندى. سەلىم ئۇۋچىلىقنىڭ نەقەدەر كۆڭۈللۈك ھەم قىزىقارلىق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن گۈپۈلدەپ سوقاتتى، كۆزلىرى چاتقاللىق ئىچىگە تاقەتسىز تىكىلمەكتە ئىدى.

— سەمەن، — دېدى سەلىم ئاستا پىچىرلاپ، — قىسماققا قۇشنىڭ چۈشكەنلىكىنى بۇ يەردە قانداق بىلگىلى بولىدۇ؟

— قىسماق بېسىلغان ھامان ئەتراپتىكى قۇشلار ئۈركۈپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلىدۇ.

باللار سەلىم بەرگەن پېچىنە - پىرەنىكلەرنى كاراسلىتىپ يېگەچ پىچىرلىشاتتى، خىرقىرىشىپ كۈلۈشەتتى. ئارىدىن خېلى ئۇزۇن ئۆتكەندىلا تۇيۇقسىزلا پالاقلىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ بىرنەچچە قۇش قارلارنى توزىتىپ چاتقاللىقتىن كۆتۈرۈلدى.

— چۈشتى، — ۋارقىرىۋەتتى تۇمەن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ.

ئۇلار قاردا پۇتلىشىپ، يىقىلىپ - قوپۇپ، چاتقال ئىچىگە كىردى. بىر تۈپ زىخنىڭ تۈۋىدە ئۆزى قىزىل، ئۇزۇن قۇيرۇقلىرى يېشىل، كۆك، سىرىق پارقىراپ تۇرغان بىر قىرغاۋۇل قاناتلىرىنى كېرىپ قىسماقتىن بويىنىنى ئاجرىتىش ئۈچۈن ھەدەپ پالاقلايتتى.

— پاھ، خورىزىكەن! قىرغاۋۇل خورىزى...

سەمەن قىسماقنى كېرىپ، قىرغاۋۇلنى ئاجرىتىۋالغاندىن كېيىن ئەگرى پىچىقىنى غىلىپىدىن سۇغۇرۇپ ئۇنى بوغۇزلىدى. ئۇلار «سىپىسىزكەن»، «پاھ ئىغىرلىقىنى، تازا چوڭكەن» دېيىشىپ قىرغاۋۇلنى قولدىن - قولغا ئېلىشىپ دەڭسەپ كۆردى، چىرايلىق پەيلىرىنى سىلىدى.

ئەتىكى سوغۇقتىن دىرەك بېرىپ ئوتقاشتەك قىزارغان قۇياش ئاق تون يېپىنغان تاغلارغا قىيسايدى. تاغلىقلار: «تاغنىڭ قىش كۈنى كۆز يۇمۇپ - ئاچقۇچە» دەپ بىكار ئېيتمىغان. بىزنىڭ ئۈۋچىلىرىمىز بىر كۈن كەچكىچە سوغۇق يەپ، قار كېچىپ تۇتقان بىر قىرغاۋۇلنى قولتۇقلاپ ئۆيگە قايتتى. ئۇلار چاتقاللىقتىن ئايرىلىپ تاغ يولىغا چۈشكەندە، سەمەن بىلەن تومەن گويا چاتقاللىقتىن ئاچچىقىنى ئالماقچى بولغاندەك، ئالىقاندەك تاشلارنى سالغىغا سېلىپ باش ئۈستىدىن پىرقىرىتىپ بىرنەچچىنى ئېتىۋەتتى... «ۋۇڭ...» قىلىپ ئۇچقان تاشلار چاتقال ئۈستىگە ئارقا - ئارقىدىن چۈشۈۋىدى، قانداقتۇر قۇشلار ھەرخىل ئاۋازلاردا ئەنسىز سايرىشىپ ئۇچۇپ چىقىشتى.

سەلىم بالىلارنىڭ سالغىنى باش ئۈستىدىن قويۇندەك ئايلاندۇرۇپ، ماھىرلىق بىلەن ئېتىشىغا چىن كۆڭلىدىن قايىل بولدى. بالىلار ئۇنىڭغا سالغىنى قانداق ئايلاندۇرۇش، سالغا پىرقىراپ باش ئۈستىدە كۆرۈنمىگۈدەك ھالەتكە كەلگەندە، بوش ئۇچىنى قويۇپ بېرىشنى ئۆگەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ تېشى ئون بەش قەدەم ئارىلىققا چۈشۈپ قارغا كىرىپ كەتتى. سەلىم بالىلار بىلەن تەڭلا قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى.

— مۇئەللىم ، چوقۇم ئۆگىنىۋالىسىز ، — دېدى تۇمەن ئاپئاق قىرو باغلاپ كەتكەن كىرپىكلىرى ئارىسىدىكى شوخ كۆزلىرىنى ئوينىتىپ ، — مەن سىزگە ئۆگىتىپ قويىمەن .

— سالغا ئېتىشقا ، — دېدى سەمەن قارغا تاشلاپ قويغان قىرغاۋۇلنى قولىغا ئېلىپ ، — نودەر بەك ئۇستا .

— ئۇنىڭغا دادىسى ئۆگەتكەن . نىياز ئاكام قوتازنىڭ يېغىرىنى چوقۇۋاتقان سېغىزخاننى نەقلىيەلەيدۇ .

ئوۋچىلار تۇمەننىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىشتى . ئۇلار دەرۋازىدىن كىرىپ كەلگەندە ، قۇيرۇقى ئىنچىكە ، پۇتلىرى ئۇزۇن بىر سېرىق ئىت يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە ئەركىلەپ تۇمەنگە ئېسىلدى .

— ۋۇي بۇ نودەرنىڭ تايغىنىغۇ ؟

«هاۋ » قىلغان ئاۋازدىن ھەممەيلەن چۆچۈپ ئېغىل غارىلىدىن سەكرەپ چۈشكەن نودەرگە قاراشتى . تەلپەكلىرىگە ئوت ـ خەسلەر چاپلىشىپ قالغان نودەر سەلىمنى قۇچاقلىۋالدى .

— سەن بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسەن ؟ — دېدى سەلىم ھەيران بولۇپ .

— بەك زېرىكىپ كېتىپ ، تۇمەن بىلەن توشقان قوغلايلى ، دەپ كەلگەن . گۈلسارىخان خان ئانامدىن سىلەرنىڭ كەكلىك ئوۋلىغىلى كەتكىنىڭلارنى ئاڭلاپ ، سىلەرنى ئىزدەپ بارمىغان يېرىم قالمىدى . مەنمۇ بۇ يەرگە ھازىرلا كەلدىم .

— سېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىڭدىن نىياز ئاكامنىڭ خەۋىرى بارمۇ ؟

— بار ، ئاتامغا تەتىللىك تاپشۇرۇقلارنى تۇمەن بىلەن بىللە ئىشلەيمەن ، دەپ قويدۇم .

— مۇئەللىم ، — دېدى تۇمەن سەلىمنىڭ قولىنى تۇتۇپ ، — نودەرنىڭ تايغىنى بەك ئالغۇر ، ئەتە جىغانلىققا توشقان قوغلىغىلى چىقىلى ، بولامدۇ ؟

— بولىدۇ .

— ئاپا ، — دېدى تۇمەن ھەممەيلەن ئۈيگە كىرگەندە ، — مۇئەللىم تاماق يېگىلى كەلدى . قورسىقىمىز بەك ئېچىپ كەتتى ، گۈنجاڭ[1] بارمۇ ؟ قىرغاۋۇل بېسىپ ئاش ئېتىپ بەرگىنە ؟

— بولىدۇ ، قوزام بالىكام ··· خالتىدا ئاتاڭ شەھەردىن ئەكەلگەن گۈنجا بار تېخى .

— ھە راست ، بۈگۈن قوتۇرماق سېلىپ قوي ، ئەتە جىغانلىقتا توشقان قوغلىغىلى چىقىمىز .

گۈلسارە سەلىمنىڭ تاماق يېگىلى كەلگەنلىكىگە بەكمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى . ئۇ سەمەنگە : «گۈنجىنى ئادالا» دېسە ، تۇمەنگە : «قىرغاۋۇلنى يۇڭدا» دەپ بۇيرۇق قىلاتتى . نودەر بىلەن سەلىم ئۆگزىگە چىقىپ شاخ ـ شۇمبىلار بىلەن يۆگەپ قويۇلغان ئوت ـ خەس ئارىسىدىن قۇرۇق تېزەكلەرنى ئەكىردى .

باياتىن سەلىمگە قىيا كۆزىدە سەپسېلىپ ياتقان ھازىلخان تاماق پىشش بىلەن قوش ياستۇقتا يۆلىنىپ ، شىرەدە باللار بىلەن تاماق يەپ ئولتۇرغان سەلىمگە بىرھازا قارىغاندىن كېيىن :

— ھوي مۇئەللىم بالىكام ، سەن باللار بىلەن تاغ تېكىسىدەك تاغمۇتاغ ، دەشتمۇدەشت تاقلاپ يۈرسەڭ ، باللارنى قانداقمۇ موللا قىلارسەن ؟ — دېدى .

— خان ئانا ، — دېدى سەلىم ئەدەپ ـ ئىكرام بىلەن جاۋاب بېرىپ ، — بۇ دېگەن تەنتەربىيە دەرسى ···

— ھوي ، نېمە دەيدۇي بۇ ، — دېدى ھازىلخان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ، — تەنتەكلىك دەپمۇ ئوقۇشۇم بار دېگىنە ، راستىنلا تەنتەكلىككەن بۇ ، موللىسى تالىپلىرى بىلەن قىسماق ئويناپ ، توشقان قوغلاپ يۈرسە ···

— خان ئانا ، — دېدى تۇمەن كۈلۈپ ، — تەنتەكلىك ئەمەس ، تەنتەربىيە دەرسى ، بۇ دېگەن بەدەن چېنىقتۇرىدىغان دەرس .

قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەن سەلىم سەمەننى باشلاپ مەكتەپكە قايتماقچى بولدى . گۈلسارە ئۇنى قونۇپ قېلىشقا تۇتقان بولسىمۇ ،

---

① گۈنجا — گۈرۈچ .

ئۇ مەكتەپتىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆزرە سورىدى. سەلىمنىڭ ھېكايىسىگە قىزىققان تۇمەن بىلەن نودەرمۇ جۇۋىلىرىنى كۆتۈرۈپ مېڭىشتى. گۇلسارە ئۇلارغا بىر كىگىز ۋە بىر يوتقاننى قولتۇقلىتىپ قويدى.

ئۈيقۇسىغا قانمىغان بالىلار تاڭ ئېتىش بىلەن، تايغاننى باشلاپ يولغا چىقتى. تايغان ئوۋ بولىدىغانلىقىنى سېزىپ خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ بىردە ئالدىغا ئۆزۈپ كەتسە، بىردە قايتىپ كېلىپ نودەرگە ئېسىلاتتى. بالىلارمۇ بەس - بەس بىلەن قاچاندۇر بىر چاغدا قىلىغان «ئوۋ»لىرىنى ئاجايىپ سىرلىق ۋە كۆپتۈرمە ۋەقەلىكلەرگە ئايلاندۇرۇپ، ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ مېڭىشىۋاتاتتى.

ئۇلار جىغانلىققا يېتىپ كېلىپ، يۇمشاق قاردىكى خۇددى ئىككى بارماقنى پاتۇرۇپ قويغاندەك تۇرغان توشقان ئىزلىرىنى كۆرۈپ، خۇشال بولۇشۇپ كەتتى. تايغان بولسا تۇمشۇقىنى قارغا تىقىپ نېمىنىدۇر ھىدلايتتى ۋە تاقەتسىزلىنىپ غىڭشىپ قوياتتى.

— سىلەر جىغانلىقنىڭ ئۇ تەرىپىدىن ھۇقۇيتىڭلار، — دېدى نودەر تايغاننىڭ بوينىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ، — مەن بۇ يەردە تايغاننى تۇتۇپ تۇرىمەن.

سەلىم، تۇمەن، سەمەنلەر كەتكەندىن كېيىن، نودەر بىر تۇپ تىكەنلىك جىغاننىڭ ئارقىسىدا تايغاننى قۇچاقلاپ جىم ياتتى. جىغانلىقنىڭ ئانچە يىراق بولمىغان بىر يېرىدە «ھۇيت، ھۇيت» دەپ ۋارقىراشقان ئاۋاز ئارقا - ئارقىدىن ئاڭلىنىشقا باشلىدى. نودەر تايغاننىڭ بويىنىنى «ئالدىرىما» دېگەندەك سىلاپ سەپسالماقتا ئىدى. جىغانلىق ئىچىدە ئىككى كۇل رەڭ توشقان پەيدا بولدى. نودەر ئۇلارنىڭ جىغانلىقتىن يالاڭلىققا چىقىشىنى مۆلچەرلەپ، ئېتىنى قويۇپ بەرمىدى. لېكىن، تايغان بىرلا سىلكىنىپ نودەرنىڭ قولىدىن چىقىپ كەتتى. توشقانلار ئىككى تەرەپكە قاچتى. «ۋۇي، قاپاقۋاش دېۋەڭ!» دەپ ۋارقىرىۋەتتى نودەر. چۈنكى، تايغان يالاڭلىققا قاچقان توشقاننى قوغلىماي جىلغىدىكى چاتقاللىققا كىرىپ

كېتىۋاتقان توشقاننى قوغلىماقتا ئىدى . بۇ ئەسنادا سەلىم ، تۇمەن ، سەمەنلەرمۇ يېتىپ كەلدى . ئۇلار نودەرنىڭ ئارقىسىدىن يىقىلىپ ، بەزىدە كۈلتۈك قارلارغا پېتىپ قېلىپ دېگۈدەك يۈگۈرۈشمەكتە ئىدى . نودەر بويىندىن سالغىنى ئالدى ـ دە ، باش ئۈستىدىن پىرقىرىتىپ قويۇۋەتتى . ۋىڭىلداپ ئاۋاز چىقىرىپ كېلىۋاتقان تاش چاتقاللىققا يېتىپ كېلەي دېگەن توشقاننىڭ بېشىدىن ھالقىپ ئالدىغا چۈشتى . قورقۇپ كەتكەن توشقان شارتلا قىلىپ يانغا بۇرۇلۇپ يالاڭلىققا قاراپ قاچتى . نودەر قاردا دومىلاپ ، سىيرىلىپ يۈرۈپ باشقىلاردىن ئۈزاپ كەتكەنىدى . توشقان يالاڭلىققا چىقىپلا يوقاپ كەتتى . تايغان قارنى تۇمشۇقىدا تىلغاپ ، پۇتلىرىدا تاتىلاپ شىددەتلىك ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى . ئارقىدىكىلەرمۇ ھاسىراپ ھېچ ھالى قالمىغان ھالدا يېتىپ كەلدى .

— توشقان قېنى ؟ — دېدى سەلىم تېز ـ تېز نەپەس ئېلىپ .

— قارغا شۇڭغۇۋالدى .

نودەر ئىتنىڭ ئارقىسىدىن بىر قەدەممۇ قالماي : «قېنى ئال ، باس» دەپ پىچىرلايتتى . تۇيۇقسىزلا تايغاننىڭ ئايىغى ئاستىدىن چىققان توشقان قېچىشقا باشلىدى . لېكىن ، تايغان ئۇزۇن پۇتلىرى بىلەن ئۇنى بېسىۋالدى .

ئوۋچىلار توشقاننى قولغا چۈشۈرۈش بىلەن ھارغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىشتى . نودەر توشقاننى بوغۇزلاپ ، بېشىنى تايغانغا تاشلاپ بەردى .

— مۇئەللىم ، — دېدى نودەر بىر ئوچۇم قارنى كاپ ئېتىپ ، — شەھەردىمۇ بالىلار توشقان قوغلامدۇ ؟

— ماڭا نېرى ، — دېدى تۇمەن كۈلۈپ كېتىپ ، — شەھەر دېگەندە مىغ ـ مىغ ئۆي ، ماشىنىلار مىڭىپ تۇرغان ، ئۇ يەردە توشقان تۇرماق ئىتلارمۇ كۆرۈنمەيدىكەن .

سەمەن بىلەن نودەر ئۇنىڭ ئاغزىغا ھەۋەس بىلەن قاراشتى . چۈنكى ، تاغلىق بالىلار ئىچىدە پەقەت تۇمەنلا شەھەرنى كۆرگەنىدى . ئۇ شەھەردە كۆرگەنلىرىنى توختىماي ھېكايە قىلاتتى . دادىسىدىن

ئاڭلىغانلىرىنىمۇ كۆردۈم دەپ ماختىناتتى. ئۇنىڭ شەھەر توغرىسىدىكى ھېكايىسى باللارغا يادا بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا ئۇنى زور قىزىقىش بىلەن تىڭشايتتى.

— مەن ئۇچىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا ئاتام مېنى شەھەرگە ئاپاردى، — دېدى تۇمەن قارىغا يانپاشلاپ، — مەن تازىمۇ ئېگىز بىر بىنانىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئاتامدىن: «ئاتا، ماۋجۇشى قايسى ئۆيدە ئولتۇرىدۇ؟» دەپ سوراپتىمەن. ئاتام گېپىمنى ئاڭلاپ، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

سەلىم كۈلۈۋەتتى. ئۇ گەرچە كۈلگەن بولسىمۇ، قار ئۈستىدە ئېگەك تىرەپ تۇمەننىڭ ئاغزىغا قاراپ قالغان سەمەن بىلەن نودەرنى كۆرگىنىدە، ئىچىدە بىر يېرى ئېچىشقاندەك بولدى. قاتمۇقات تاغلار قورشىغان ۋەتەننىڭ بۇ چەت چېگرىسىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان بۇ باللارنىڭ يۇمران قەلبىدە گۈزەل ئارزۇ - ئىستەكلەر بىخلانغانىدى. ئۇلار يىراقلارغا تەلپۈنەتتى. ھەر قېتىم سەلىمنىڭ ئىلىم - پەن تەرەققىياتى، كىشىلەر تەرىپىدىن يارىتىلىۋاتقان تۆھپىلەر توغرۇلۇق ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندا، بەس - بەس بىلەن ئالىي مەكتەپلەر، ئۇ مەكتەپلەردە ئوقۇلىدىغان كەسىپلەر توغرىسىدىكى سوئاللارنى ئۇنىڭغا ياغدۇرۇۋېتەتتى.

سەلىم بۇ ئايرىلماس ئۈچ دوست بىلەن بىللە ئوۋچىلىق قىلىپ، بىرلىكتە كىتاب ئوقۇپ، خاتىرە يېزىپ، ئۇلارغا تەتىللىك تاپشۇرۇقلارنى چۈشەندۈرۈپ، بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. قىشلىق تەتىلمۇ ئاخىرلىشىپ قالغانىدى. نودەر قىسلىغا قايتىدىغان كۈنى ئۇلارنى بىللە ئەكېتىمەن دەپ تۇرۇۋالدى.

— قىسلىغا بېرىۋالساق، — دېدى نودەر بۇرنىنى تارتىپ، — ئاتام بىرنەچچە قوتاز تېپىپ بېرىدۇ. ئومشادىكى سالچۇقنىڭكىگە بېرىپ ئويناپ كېلەتتۇق. ئۇنىڭ ئەجەب نوچى كەكلىكلىرى بار.

— ئەمىسە مۇئەللىم، — دېدى تۇمەن سەلىمگە، — ھۆرلىقانى يوقلىغاچ ئومشادىكى سالچۇق، تاسايدىكى چولپانلارنى

كۆرۈپ كەلمەيلىمۇ؟
— بۇ دېگىنىڭمۇ توغرا، — دېدى سەلىم قالغان كۈنلەرنى ساناپ كۆرۈپ، — نىياز ئاكام، جەپەر بوۋايلارنى يوقلىغاچ چولپاننىڭ دادىسى بايىز، سالچۇقنىڭ دادىسى زاكىر خوجىلارنى يوقلاپ كېلەيلى!
سەلىم دۇكانچى ئابدۇللادىن تاتلىق ـ تۈرۈم سېتىۋالدى. گۈلسارەمۇ ئۇلارغا قوتۇرماچ، پوشكال ۋە سوغۇق گۆش تەييار قىلىپ بەردى. خالتىلىرىنى ئاسقان بۇ ساياھەتچىلەر تايغاننى ئەگەشتۈرۈپ قار لەپىلدەپ يېغىپ تۇرغان بىر سەھەرلىكى يولغا چىقتى.

# مېھمانلار

سەلىم ئۈچۈن كۆڭۈللۈك ئۆتكەن قىشلىق تەتىلمۇ ئاياغلاشتى. پاكىز تازىلانغان مەكتەپ قورۇسى بالىلارنىڭ خۇشال ۋاراڭ ـ چۇرۇڭى ۋە داپ، راۋاب، نەي قاتارلىقلارنىڭ ئاۋازى بىلەن تولدى. دەرس باشلانغىنىغا ئىككى ھەپتىدىن ئېشىپ قالغان بولسىمۇ، سېيىت ئۇستام تېخىچىلا كەلمەيۋاتاتتى. شۇڭا، سەلىم بىلەن قادىر بەكلا ئالدىراش بولۇپ كەتكەنىدى. سەلىم ئىككى نۆۋەت تېلېفون بەردى. مۇدىر تېلېفوندا: «سېيىت ئۇستامغا خىزمەت ئىشلەپ ئۆزۈم ئاچىقىمەن» دېدى.
سەلىم دەرستىن چىقىپ، ناۋايخانىدا نان يېقىۋاتقان قادىرنىڭ قولىدىن يەڭلىكنى ئېلىپ، ئۇنى دەرسكە كىرگۈزۈۋەتتى. بۈگۈن نۆۋەت بويىچە ھۆرلىقا ئاشخانىدا تاماق ئېتىۋاتاتتى. گۈلسۈمە بولسا غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ راسلاپ چىققان نانلارنى ئەمبەلگە تىزاتتى. بۈنداق نۆۋەت بويىچە ئاشخانا، ناۋايخانىغا ياردەملەشكەن بالىلارغا سەلىم بىلەن قادىر كەچتە شۇ كۈنلۈك دەرسنى تولۇقلاپ ئۆتۈپ بېرەتتى.
— مۇئەللىم، — دېدى گۈلسۈمە نانغا تۈكۈچ

سىلىۋېتىپ، — سەرۋەر ئاچام قايتىپ كەلسە، ئوقۇماي دوختۇر بولامدۇ؟

— بىر ياقتىن ئوقۇپ، بىر ياقتىن بالىلارنى داۋالايدۇ.

— مۇئەللىم، سىز دېگەن ناخشا ئېيتىشنى ئۆگىنىدىغان مەكتەپتە ئوقۇسا نېمە بولىدۇ؟

— ئارتىس بولىدۇ.

— مەنمۇ ئارتىس بولالامدىم؟

— گۈلسۈمە، — دېدى ئاشخانىدىن يۈگۈرۈپ كىرگەن ھۆرلىقا، — مۇئەللىم دېگەن سەنئەت مەكتەپكە ئىككىمىز بىللە بارايلى. ئۇ يەردە ئۇسسۇلمۇ ئۆگىتىدىكەن.

سەلىم دەرس ئارىلىقلىرىدا، دەم ئېلىش پۇرسەتلىرىدە بالىلارغا چوڭ شەھەرلەر، مەدەنىي تۇرمۇش، ئالىي بىلىم يۇرتلىرى، مەشھۇر شەخسلەر توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرەتتى. ئۇ ئۆز سۆزلىرىنىڭ بۇ تاغلىق ئۆسمۈرلەرنىڭ قەلبىگە ئىللىق بىر ئېقىن بولۇپ سىڭىپ كىرىپ، ئۇلارنى ئارزۇ ۋە غايە يولىغا يېتەكلەۋاتقانلىقىنى، قاراڭغۇ تاغنىڭ ئېگىز چوققىلىرىدىن ھالقىتىپ يىراقلارغا تەلپۈندۇرۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى.

— ئەپەندىم، سەلىمجان ئەپەندىم!

سىرتتا ئىدرىسنىڭ بوم ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ بىر تاغارنى ئىنجىقلاپ يۈدۈپ كىردى.

— سەلىمجان، سىزگە بىر تاغار خۇش خەۋەر بار، — دېدى ئىدرىس تاغارنى يەرگە قويۇپ، — ھازىرچە بۇ گۆشنى تاپشۇرۇۋېلىڭ. بۇ ئۇرۇشقاق كاساپەت ئۇسۇشمەن دەپ بېشىنى يەپتۇ.

— جىگلاپ تالون يېزىپ بېرەمەنمۇ؟

— ياق... ياق، بۇنى مەكتەپ ئۈچۈن خالىسانە ئەكەلدىم.

— بىر تاغار خۇش خەۋەر مۇشۇمىدى؟ — دېدى سەلىم كۈلۈپ.

— نېمە؟ — دېدى ئىدرىس يىرىك ساقاللىرىنى تاتىلاپ

قويۇپ ، — مەن ئۇنداق ـ مۇنداق ئىشلارغا سىنەكەپ كەتمەيمەن .
ھېلىــراق گــۇڭشېدىن تېلېفون كەلدى . ئابدۇرېشىت ھاكىم ،
ھــامــۇدۇن شۇجى ، شــەھــەر مــەكــتەپ مۇدىرى ، يەنە مائارىپ
ئىــدارىسىنىڭ جۇيجاڭلىرى بولۇپ تامام كاتتىلار قاق سەھەردە
ئاتلىق يولغا چىقىپتۇ . ئۇلار كۆز باغلىنىش بىلەن يېتىپ كېلىدۇ .
گۇڭشېنىڭ ئاتلىرى پۇتۇنلەي تولپار ئەمەسمۇ !

ســەلــىمنى ھاياجان ئۆز ئىلكىگە ئالدى . خىزمىتى شۇنچە ئالدىراش بۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى ياد ئېتىپ ، تاغ ـ داۋان ئاتلاپ كېلىۋاتقانلىقىغا خۇشالمۇ بولدى ، خىجىلمۇ بولدى . ئۇ كۆنگەي تەرەپلىرى ئېرىپ كۆزدىكى سېرىق ئوتلار يەلپۈنۈپ تۇرغان تاغقا قارىدى . قاپتاللاردىن كېلىۋاتقان ئەتىيازنىڭ ئارامبەخش شامىلى قىشچە قار تېگىدە چىرىگەن خازانلارنىڭ ھىدىنى دىماغقا ئۇراتتى . تاغقا باھار يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى .

— ھاڭقىيىپ قالدىڭىزيا مۇئەللىم ، پۇتمەيۋاتامسىزيا ؟

— يــاق ، ئــىــشــەندىم ، نېمىشقا ئىشەنمەيمەن ؟ ھازىرلا بۇ گۆشتىن قازانغا سېلىۋېتەي !

— ھــەببەللى ، خۇدايىم ئەقلىنى كىمگە بېرىشنى بىلگەن ، بەرگەندىمۇ بىلىپ بەرگەن !

— داۋۇت ئاكام يوق ، چاتاق بولدى ـ دە ، — دېدى سەلىم بىتاقەت بولۇپ .

— خىرامان يۈرۈۋېرىڭ ئەپەندىم ، ئىدرىس چوقال بوش يېتىم ئەمەس ، — دېدى ئىدرىس ھىجىيىپ ، — ئات باقارنى بىر قامچا ، بــىــر قانات بولۇپ ئۇچ ، گوندازنى نەدىن بولسا تاپ دەپ يولغا سېلىۋەتتىم .

ســەلــىم ئــىــدرىــس كــېتىشى بىلەن بۇ خەۋەرنى قادىرغا يەتكــۈزدى . ئــۆزىــنــى «ئــوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇئەللىمى» دەپ كۆكرىكىنى كېرىپ يۈرگەن قادىر تېخى كۆرۈپ باقمىغان مۇدىرنىڭ نەزىرىدىــن ئــۆتــۈش ئــۈچــۈن بولسا كېرەك ، ئوقۇغۇچىلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ھويلا ـ ئارام ، سىنىپ ، ياتاق ، ھەتتا ئاشخانىنىڭ

قازان بېشى ، ناۋايخانىنىڭ ئەمبەل تاختىلىرىغىچە يۆيۈپ تازىلىدى . كەچكە يېقىن ئۇ ئوقۇغۇچىلارنى مەيداندا تۆتتىن تىزىلدۇرۇپ مەش دەسسىتىشكە باشلىدى . ئۇنىڭ بىر كۆزى تاغ باغرىدىكى چىغىر يولدا ئىدى . سەلىممۇ دەرس سېتكىسى ، سىنىپ ژۇرنىلى ، مەشغۇلات جەدۋەللىرىگىچە قايتا كۆرۈپ تۈزەيدىغان يەرلىرىنى تۈزەپ قويدى .

— كەلدى ، مېھمانلار كەلدى ، تېز بولۇڭ سەلىم ! — دېدى قادىر ھاياجان بىلەن پىچىرلاپ ، — ئالدىغا چىقايلى !

خۇشال چۇرقىرىشىپ چاۋاك چېلىۋاتقان بىر توپ باللار ئارىسىدا ئاتلىقلار مەكتەپ ھويلىسىغا كىرىپ كەلدى . ئۇلار ئىچىدە سەرۋەر ، سېيىت ئۇستاممۇ بار ئىدى . سەلىم بىلەن قادىر ئابدۇرېشىت ھاكىم ، جۇيجاڭ ، قاراڭغۇ تاغ گۇڭشې شۇجىسى ھامۇدۇن ۋە مۇدىرلار بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن ، ئاتلارنى مومىلارغا قاڭتۇردى . ئىدىرىس ھودۇقۇپ كەتكەنلىكتىنمۇ ياكى مەڭدەپ قالغانلىقتىنمۇ ، پالاق - پۇلۇق قىلىپ بىردەم ياتاققا ، ئاشخانىغا يۈگۈرسە ، بىردەم تۇرۇپلا ئوقۇغۇچىلارغا نېمىلەرنىدۇر پىچىرلايتتى .

مېھمانلار سەلىمنىڭ ياتىقىغا باشلاندى . ئۇلار ئىككى شام گۈڭگا يورۇتۇپ تۇرغان ئۇستەل ئەتراپىدا ئوقۇغۇچىلار بىلەن لىق توشقان ، پۇت باسقۇدەك ئورۇن قالمىغان بۇ ئۆيگە سەپسېلىشقا باشلىغاندى . ئابدۇرېشىت ھاكىم جۇيجاڭ بىلەن مۇدىرغا مەنىلىك قاراپ قويغاندىن كېيىن : «شەھەردىكى ئۆيلەردىن بىر - ئىككىنى ئاتقا غانجۇغىلاپ ئەكەلگۈلۈككەن» دەپ ھەممىنى پاراقىدە كۈلدۈرۈۋەتتى .

— ھە قاچقۇن ، — دېدى ھاكىم چاي قۇيۇۋاتقان سەلىمگە قاراپ ، — تەتىلدە شەھەرگە كىرىپسەنۇ ، مېنى يوقلاشنى ئۇنتۇپ قاپسىنا ؟

— ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلماي دەپ ، — دېدى سەلىم قىزىرىپ ، — ئۆزۈممۇ ئالدىراپ قالدىم .

جۈيجاڭ نېمىدۇر دېمەكچى بولۇۋىدى ، ئىدرىس سەلىمنى چاقىرىپ چىقىپ كەتتى . ھويلىدا سەرۋەر ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئاتلاردىن نەرسە ـ كېرەكلەرنى چۈشۈرۈۋاتاتتى .

— گۆش پىشىپ قاپتۇ ، — دېدى ئىدرىس ئاغزىغا سىيلىۋالغان بىر توغرام گۆشنى ئۇ قوۋزىدىن بۇ قوۋزىغا يۆتكەپ ، — ئەكىرەمدۇق ؟

— بولىدۇ ، شورپىدىنمۇ ئەكىرەيلى .

سەلىم چۈشۈرۈلگەن نەرسە ـ كېرەكلەر يېنىغا كەلدى . ئۇ سەرۋەرگە : «ھارماڭ» دېيىشى بىلەن ، سەرۋەرمۇ يېنىككىنە كۈلۈمسىرەپ : «ياخشىدى» دەپ پىچىرلىدى . ئۇ چوڭ كۆزلىرىنى يالتىتىدە سەلىمگە تىكىپ ئېپقاچقان پەيتتە ئۇنىڭ قويۇق قايرىلما كىرپىكلىرى كۆزىنىڭ ئاستىغا سايە تاشلىدى . ئاقىرىپ سوزۇلۇپ قالغان يۈزى بولسا ، پەرەڭنىڭكىدەك تۇس ئالدى .

— سىز دەرھال خان ئانىڭىزنىڭ قېشىغا بېرىڭ . ئۇ كەلگىنىڭىزنى ئاڭلىسا ، بۇ يەرگە ئۆمىلەپ بولسىمۇ كېلىدۇ .

— قېنى سەلىمجان ، — دېدى بىر لېگەن ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان گۆشنى كۆتۈرۈپ چىققان ئىدرىس ، — شورپىنى ئاچىقمامسىز ، مېھمانلارنىڭ يولدا قورسىقى ئېچىپ ئۈچىيى ئۈزۈلگەندۇ .

سەلىم شورپا كۆتۈرۈپ ياتاققا كىرگەندە ، مېھمانلار : «يومشاق پىشىپتۇ» ، «ياش مال ئوخشايدۇ» دېيىشىپ گۆش يەۋاتاتتى . ئىدرىس ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ ، ئۇلارنى گۆشكە زورلايتتى ۋە : «ياخشى پىشقان گۆش زىيان قىلمايدۇ» دەپ قوياتتى . ئابدۇربېشىت ھاكىم بىر پارچە قارا گۆشنى قەلەمتىراش بىلەن نان ئۈستىدە توغراۋېتىپ :

— خەپ گونداز ، قېچىپ كەتكىنىڭدىن ھېساب بېرىسەنغۇ تېخى ! — دېدى . ھاكىمنىڭ سۆزىدىن باشقىلار كۈلۈشتى . لېكىن ، چاقچاقنى راست دەپ چۈشەنگەن ئىدرىس :

— تەمەت ئۇنداق ئويلىمىسىلا ھاكىم ، داۋۇت ئاكام

ئۆزلىرىنىڭ كىلىشلىرىدىن خالىزىم بولۇپ كېتىپ قاپتۇ، — دېدى.

ئىدرىسنىڭ بۇ سۆزىگە ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى.

مۇدىر قادىرغا بىرنېمىلەرنى پىچىرلىغاندىن كېيىن، ئۇ شەھەردىن ئەكەلگەن ساندۇقلارنى ئەكىردى. جۇيجاڭ پارقىراپ تۇرغان ئۈچ دانە گاز لامپىنى ۋە توپ - توپ خاتىرە، دەپتەر، قەلەم، تام سائىتى، سىياھ قاتارلىق نەرسىلەرنى ئۈستەل ئۈستىگە ئالدى.

— بۇ قېتىم مەن بۇ يەرگە ئۆزۈمنى تەكشۈرگىلى كەلدىم، — دېدى مۇدىر ئوڭايسىز ھالەتتە، — ھاكىم بىلەن جۇيجاڭ بىرنەچچە قېتىم ئېيتقان بولسىمۇ كېلەلمىدىم. ناھىيىلىك كومىتېت بۇ شۆبە سىنىپقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. بۇ قېتىممۇ بۇ ئۈچ دانە گاز لامپا، بىر باك بېنزىننى شۇلار ياردەم قىلدى. قالغىنى مەكتىپىمىزنىڭ سوۋغىسى.

— تەكشۈرۈش چوڭقۇر بولمىدى، — دېدى ھاكىم چاقچاق ئارىلاش، — ئوقۇش راسخوتى، تاماق پۇلى، قۇرۇلۇش راسخوتى، رېمونت پۇلى دەپ سانغا قاراپ پۇل ئالىسىلەرۇ، ئەجەبا شۆبە سىنىپنى ئوقۇش باشلىنىپ بىرەر قېتىم يوقلىمايسىلەر؟

— مۇدىرىڭمۇ ئىشى ئالدىراش، — دېدى سەلىم سوۋغاتلارنى قادىرغا سۇنۇۋېتىپ، — ھەرگىز ئاغرىنغىلى بولمايدۇ.

— ھۆددەس ئاغرىنمايمىز، تەمسىلان ئېيتقاندا مۇدىرىڭمۇ ئىشى قوتاز تۈكىدەك، — دېدى ئىدرىس «مەنمۇ بار» دېگەندەك كالتە گەۋدىسىنى تىك تۇتۇپ.

— بوپتۇ، سىلەر ئاقلاپ تۇرۇۋالدىڭلار، — دېدى ئابدۇرېشىت ھاكىم كۈلۈپ، — قېنى ئەمسە بۇ لامپىلارنى ھازىرلا يېقىۋېتىڭلار!

سەلىم بىلەن قادىر گاز لامپىغا بېنزىن قۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، پىلىكنى ئورنىتىپ ناسوسنى ئۇردى. گاز لامپا يېقىلىش بىلەن ئۆي ئىچى ئاپئاق يورۇپ، تەجرىبە سايمانلىرى يال - يۇل

پارقىراپ، ئاجايىپ كۆڭۈللۈك تۈس ئالدى.

ئۇلار قادىرنىڭ باشلىشى بىلەن سىنىپلارنى، ئوقۇغۇچىلار ياتىقى ۋە ئاشخانىنى ئارىلاپ كۆردى. ئاخىردا يەنە ئوغۇللار ياتىقىغا كىرىشتى. قىز - ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار شام يورۇقىدا بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىشنى باشلىغانىدى. ئابدۇرېشىت ھاكىم باللاردىن تۇرلۇك سوئاللارنى سوراپ ئۇلارنى كولدۇرۇۋەتتى. قادىر مۇئەللىم گاز لامپىنى كۆتۈرۈپ كىردى، باللار ھاڭ - تاڭ بولۇپ، ئۇنىڭ يورۇقىغا كۆزلىرىنى قىسىپ قاراشتى.

— ساۋاقداشلار، — دېدى قادىر ۋارقىراپ، — بۇ گاز لامپىنى ئابدۇرېشىت ھاكىم ئالغاچ كەپتۇ.

قىن - قىنىغا پاتمىغان باللار ئۇزۇنغىچە چاۋاك چېلىشتى ۋە قادىرنىڭ تەكلىپى بىلەن مېھمانلارغا ئويۇن كۆرسەتتى. نودەر بىلەن ھۆرلىقا ئېيتىشىش ئورۇنداپ بەردى. گۈلسۇمە چاڭ كەلتۈرۈپ ناخشا ئېيتتى. سەمەن بىر تاغ ناخشىسىغا نېيىنى مۇڭلۇق چېلىپ بەردى. ھاكىم چاۋاك چېلىپ ئۇلارنى ماختىدى. سەلىم سەنئەت ئىشلىرىغا قادىرنىڭ يېتەكچىلىك قىلىۋاتقانلىقى، ئۆزىنىڭمۇ راۋابنى ياخشى چالىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى ئابدۇرېشىت ھاكىم قادىرغا قاراپ، — قادىر مۇئەللىم راۋاب چېلىپ بەرسۇن، كۆڭلىمىز بىر ئېچىلسۇن.

— بولىدۇ، — دېدى سەلىمنىڭ ماختاشلىرىدىن تولىمۇ روھلانغان قادىر راۋابنى قولىغا ئېلىپ، — قېنى گۈلسۇمە، سەن بىر ناخشا ئېيتىپ بەرگىن!

— قايسى ناخشىنى ئېيتسام بولار؟ — دېدى گۈلسۇمە بارمىقىنى چىشلەپ، — ئەمىسە سەلىم مۇئەللىم يېزىپ بەرگەن ناخشىنى ئېيتاي.

قادىرنىڭ چالغان جاراڭلىق راۋابى بىلەن گۈلسۇمەنىڭ سۇزۇك ۋە يېقىملىق ناخشا ئاۋازى كۆڭۈللەرنى سۆيۈندۇرمەكتە ئىدى:

ئاسمان تىرىگەن تاغلار
بۇلۇتنى تېشىپ ئۆتتى .
چوپان ئېيتقان ناخشىلار
كۆڭۈلنى شادىمان ئەتتى ...

مېھمانلار ئىشخانىغا قايتىپ كىرگەندىن كېيىن ، ھاكىم سەلىم ، قادىرلارنىڭ جاپالىق ئىشلەۋاتقانلىقىنى تەكىتلەپ كۆرسىتىپ ، مائارىپ ئىدارىسى ۋە ناھىيىلىك كومىتېتنىڭ ئۇلارغا يېقىندىن ياردەمدە بولالمىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە ئۇلاردىن ئۆزرە سورىدى . ئۇلار قىزغىن سۆھبەتلىشىۋاتقاندا ، قوتانلىق مەھەللىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇئەللىملىرىمۇ يېتىپ كېلىشتى . سەلىمنىڭ ياتىقىدا ئولتۇرغۇدەك ئورۇنمۇ قالمىدى . جۈيجاڭ ئەبە باشلانغۇچ مەكتەپنى كۆزدىن كەچۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ، ئۇلارنى يولغا سالدى .

تۈن نىسپى بولۇپ قالدى . مېھمانلار ھارغىنىغا قارىماي قىزغىن پاراڭلاشماقتا ئىدى . سەلىم قادىر بىلەن ئىدىرىسنى ئىشارەت بىلەن سىرتقا ئاچىقتى . كۈندۈزدىن بېرى چىقىۋاتقان باھار شامىلى ئەمدىلىكتە يۈزلەرنى ھەرىدەك چاقاتتى . تاغلارنىڭ ئېرىگەن كۈنگەي تەرەپلىرى قاپقاراڭغۇ بولۇپ ، تېخى قار كەتمىگەن تەسكەيلەر ئاي نۇرىدا سۈس ھال رەڭ تۈس ئالغانىدى .

— ھاكىم بۈگۈن ئىشخانىدا تۈنەيمىز ، — دەيدۇ ، — دېدى سەلىم قۇلاقلىرىنى ئۇۋۇلاپ ، — يەرلەرگە كىگىز سالغىنىمىز بىلەن يوتقان - كۆرپە يېتىشمەيدۇ . شۇڭا ...

— مەن جۇۋا ھەم ئىككى يوتقان ئەكېلەي ، — دېدى قادىر .

— مەنمۇ داۋۇت ئاكامنىڭكىگە باراي ، ۋوي قاراڭلار ! ئاۋۇ كىم ؟ داۋۇت ئاكام ئەمەسمۇ ؟

ھەممەيلەن داۋۇتنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى . داۋۇت ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ تەلپىكىنى ئېلىۋىدى ، بېشىدىن خۇددى قازاندىن

كۆتۈرۈلگەندەك ھور پۇرقىراپ چىقتى . قارا تەرگە پاتقان ئاتنىڭ ساغرىلىرىدىن تامچىلىغان سۇ چىۋىنىگە ئېقىپ چۈشمەكتە ئىدى .

— تازا بىمەسەل ئىش بولدى ـ دە ، — دېدى داۋۇت ئاتنىڭ چۇلۇۋۇرىنى ئىدىرىسقا بېرىپ ، — ئۇلار ئۆيدىمۇ ؟

داۋۇت ئۆيگە كىرىش بىلەن يەنە پاتىپاراقچىلىق بولدى . بىرى چاقچاق قىلاتتى ، بىرى ھال سورايتتى . ھاكىم ئاچچىقلىغاندەك بولۇۋېلىپ گەپ يوپۇتاتتى . داۋۇتمۇ ئۇلارغا تاغ ئادىتى بويىچە بىرنەچچە ئېغىز قوپال چاقچاق قىلغاندىن كېيىن ، ئۇلارنى ئۆيگە باشلاپ ماڭدى . مېھمانلار ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن ، سەلىم مۇدىر ئەكەلگەن گۈلنارنىڭ خېتىنى تەقەززالىق بىلەن ئالدىراپ ئاچتى ···

سەككىزىنچى باب

# ھەمدۇل ھەرىكەتتە

باھار! تاغنىڭ باھارى!! ...

ئىللىق پەسىلگە گۇۋاھ بولۇپ ئېچىلغان سېرىق چېچەك، چوغلۇق، كاككۇكگۈلى قاتارلىق تۈنجى ئەلچىلەر جىلغا يانباغىرلىرىنى قاپلاپ كەتتى. ئالاقات، زىخ، ئازغان غوللىرىدىن ياش نوتىلار بىخ سۇرۇۋاتقان، قاراڭغۇ تاغ قاپتاللىرىدىن ھەر خىل قۇشلارنىڭ سايرىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. نىل رەڭلىك ئاسماندىن قىزىل پۇتلۇق چىپار كەكلىكلەر توپ ـ توپى بىلەن ئۇچۇپ ئۆتسە، ئاسماننىڭ قەھرىدە قاناتلىرىنى يىغىپ ئۆز ئوۋىسىغا ئوقتەك ئېتىلىپ چۈشۈۋاتقان بۈركۈتنىڭ خۇددى ئوشتەك چالغاندەك ۋىڭىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالاتتى.

ئابدۇرېشىت ھاكىم يايلاقلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ كەتكەندىن كېيىن، داۋۇت تېخىچىلا يايلاقلاردا ئالدىراش چېپىپ يۈرەتتى. ئۇ قويلارنى قىرقىش، يازغى يۇڭلارنى توپلاش، كېسەل ۋە بوغاز چارۋىلارنى ئايرىپ بېقىش، ھەربىر كىچىك ئەترەتكە چۈشۈرۈلگەن سېرىق ماي ۋەزىپىسىنى سۆيلەش، توختام بويىچە يۇقىرىغا ئۆتكۈزۈلىدىغان ماللارغا تامغا سېلىشتەك يايلاقنىڭ تۈگىمەس ـ پۈتمەس ئاۋارىچىلىكى بىلەن ئايلاپ ئۆيگە كېلەلمەيۋاتاتتى.

بۈگۈن شەنبە، كۆپكۆك ئاسماندا ئالىقاندەكمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى. ئوقۇغۇچىلار ئۆيلىرىگە قايتىشتى. سەلىم بىلەن قادىر ھەپتىلىك مەشغۇلاتنى خۇلاسە قىلىپ بولۇپ، كېيىنكى ھەپتىدە ئۆتۈلىدىغان دەرسلەرنى بىرقۇر كۆرۈپ چىقتى، ئاندىن قادىر ئۆيگە قايتتى. سەلىم كۈن قايرىلىش بىلەن، كىيىم ـ

كىچەكلىرىنى ئېلىپ زەڭگەر بولاقتا كىر يۇغىلى كەلدى . ئۇ داسقا كىيىملەرنى چىلاپ قويغاندىن كېيىن ، ياپىلاق تاشتىن بىرنى تېپىپ ، سىرغىپ ئېقىۋاتقان سۇ بويىدا ئولتۇردى .

سەلىم يۇيۇپ چايقىغان كىيىملىرىنى ئازغان تىكەنلىرىگە ، تاشلارغا يېيىپ بولۇپ ، داسقا چىلانغان چاپىنىنى ئېلىپ تاش ئۈستىدە مىجىشقا باشلىدى . شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ قولىغا نېمىدۇر ئۇرۇنغاندەك بولدى ـ دە ، چاپىنىنىڭ يانچۇقىغا قولىنى تىقىپ ، تۆت قاتلانغان بىر قەغەزنى سۇغۇرۇۋالدى . سەلىم هۆل بولۇپ ، ئېزىلىپ كەتكەن قەغەزنى ئاۋايلاپ تاش ئۈستىگە يايدى . بۇ مۇدىر ئەكەلگەن گۈلنارنىڭ خېتى ئىدى . خەتنىڭ كۆپ يەرلىرىنىڭ رەڭلىرى سۇۋۇشۇپ بۇزۇلغان بولۇپ ، ساق قالغان يەرلىرىنىمۇ تەستە ئوقۇغىلى بولاتتى . سەلىم ئۆزىنى تولىمۇ قىيىن هالەتتە قالدۇرغان بۇ خەتنىڭ چاپاق سەهىپىلىرىگە قايتا كۆز تاشلىدى :

«سىزنىڭ مېنى ئالدىشىڭىزنى ئويلىمىغانىكەنمەن : خۇددى كىچىك بالا يىغلىسا ئانىسى قولىغا قەنت تۇتقۇزۇپ بەزلىگەندەك ، سىزمۇ ئىلتىماسنى يېزىپ ، رەڭۋازلىق بىلەن كۆزۈمنى باغلاپسىز ... مېنى ئالداشقا يۈرىكىڭىز قانداقمۇ ئىجازەت بەرگەندۇ ؟ ! ... يوشۇرۇن كويۇش ، مەخپىي ئازاب دەقىقىلىرىنى هېسابقا ئالمىغاندىمۇ ، دىل رىشتىمىز ئاشكارا باغلانغان بىرنەچچە يىللىق مۇهەببىتىمىزنى خارلاشقا قەلبىڭىز ئۆرتەنمىدىمۇ ؟ !

مەن مائارىپ ئىدارىسىدىكى كادىرلار خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان كادىرغا : «سەلىمنىڭ ئىلتىماسىنى مۇزاكىرە قىلغانسىلەر ؟ » دېسەم ، ئۇ ئۇنداق ئىلتىماسنىڭ ئەسلا مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ئېيتتى . مەن ئىشەنمىگەچكە ، هەتتا ئۇ بىر يىلدىن بېرى كەلگەن ئىلتىماسلارنى قىسىپ قويغان قىسقۇچلىرى بىلەن

ئېلىپ بەردى ... ھەيرانمەن، ئىشكتىن قانداق چىقتىم ... ئۆيگە قانداق كەلدىم ... قانداقلارچە ئارقامغا ئۆرۈلۈپ چۈشمىدىم ... بەلكى سىز بۇلارنى ھېس قىلالمايسىز ... بىز قىزلار بىراۋغا كۆيسەك ئوتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ يېرىدە كۆيىدىكەنمىز ... لېكىن يىگىتلەرچۇ؟ ئۇلار قىزلارنى ئاشۇنداق باغرى تاشلىق بىلەن ئازابلاشتىن لەززەت ئالسا كېرەك ... كىتابلاردىكى «مۇھەببەتتە يىگىتلەر چەكسىز ھەسرەتلىك كېلىدۇ، قىزلار بولسا جىلۋە بىلەن سۆيىدۇ، دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى يالغان ... بۇ بەلكىم خوتۇندىن ياكى سۆيگەن قىزىدىن شاپىلاق يېگەن يازغۇچىنىڭ جۆيلۈشلىرىدۇر ...»

— مۇئەللىم، كىر يۇيۇۋاتامسىز؟ ۋاي ئانىكام، ماۋۇ سەتچىلىكنى كۆرۈڭ، ئەرلەرمۇ كىر يۇيىدىكەن ...

سەلىم خەتنى ئالمان ـ تالمان مىجىقلىۋەتتى ـ دە، «تاساي» لىق قىز — چولپانغا قارىدى. چولپان بۇلاق تۈۋىگە چېلەكنى قويۇپ سەلىمگە يانتۇ قاراپ تۇراتتى. بۇ قىزنىڭ بويى پاكار بولغىنى بىلەن تەن دۇرۇس، بەدىنى چىڭ، بىلەكلىرى يەڭلىرىگە پاتمىغاندەك چىڭقىلىپ تۇراتتى. ئۇ تەڭتۇشلىرى ئالدىدا توم ئىككى ئۆرۈم چېچىنى ئارقىغا تاشلاپ، چوڭ كىشىلەردەك كۆتمەك قاشلىرىنى سەكرىتىپ، كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ گەپ قىلاتتى. دوستلىرى ئۇنى «بېغىدا پىشىپ قالغان» دېيىشەتتى.

— مەكتەپتە قالغان بىرنەچچىمىز سۇ ئىسسىتىپ گاز لامپىنىڭ يورۇقىدا كىر يۇماقچىدۇق. بىزلا يۇيۇپ بەرسەك بولمامدۇ؟ — دېدى قىز بۇلاققا ئېڭىشىپ. لېكىن، ئۇ بىر چېلەك سۇنى بۇلاقتىن تارتىپ چىقىرىۋاتقاندا، تېيىلىپ كېتىپ ئوڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشتى.

— ۋاي ئانىكام ...

سەلىم يۈگۈرۈپ بېرىپ قىزنى يۆلىدى . بۇلاق ئەتراپىدىكى بىر قەۋەت يېشىل مۇخ قاپلىغان تاشلار ئەينەكتەك سىلىقلىشىپ كەتكەچكە ، ئۇمۇ قىز بىلەن بىللە يىقىلىپ سۇغا كىرىپ كەتتى . سەلىم ئورنىدىن تۇرۇپ قىزنى تارتىپ چىقىرىۋاتقاندا ، ئىككىسى تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى . لېكىن ، خىرقىرىغان ئۈچىنچى ئاۋازمۇ ئاڭلىنىپ قالدى . سەلىم قىزنى قويۇۋېتىپ قارىدى ، بۇلاق بېشىدا ھەمدۇل تۇراتتى .

— خى ... خى ... ئەپەندى ، — دېدى ھەمدۇل يىلاننىڭكىدەك كۆزلىرىنى قىسىپ ، — يۇمشاقمىكەن ، يۇمرانمىكەن ؟ ... تېخى نامەھرەم قوللىرىنى قولتۇقىدىن تىقىپ ...

— سەن ... سەن ... — دېدى سەلىم ئاقىرىپ ، ئۇ چولپانغا كېتىڭ دېگەندەك ئىشارەت قىلغاندىن كېيىن ، ھەمدۇلغا قادالدى ، — ئاغزىڭنى يىغ ! ... تېخى موللامىش ...

— مەن ئاغزىمنى يىغقىنىم بىلەن ، — دېدى ھەمدۇل يېقىنلاپ كېلىپ ، — ياراتقان ئىگىسى كۆتۈرمەيدۇ ... ناشايان قىلىقلارغا قول سوزغان بەندىنى مانا مۇشۇنداق جەرىستاندا شەرمىسار قىلىدۇ ...

— ھەمدۇل ، — دېدى سەلىم تۇنجى قېتىم يۈزتۇرا ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ، — سەن تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرمەن ، سۈنى لېيىتىپ بېلىق تۇتىمەن ، توپىلاڭدا توغاچ ئوغرىلايمەن دەيدىكەنسەن ، بۇ ئۇخلاپ چۈشۈڭ !...

— خى ... خى ... بۇ بىرلا ئەمەس ئەپەندىم ، — دېدى ھەمدۇل سەلىمگە دېۋەيلەپ كېلىپ ۋە ئۇ تۇيۇقسىزلا تۈكۈرۈكلىرىنى چاچرىتىپ ۋارقىرىدى ، — ئەمدى ناپاك قىلمىغان زەڭگەر بۇلاق سۈيى قالدىمۇ ؟ قىزلارنى باغاشلاشقا زەڭگەر بۇلاقتىن باشقا يەر تېپىلمىدىمۇ ؟

— ئىپلاس !

سەلىم ھەمدۇلنى غەزەپ بىلەن ئىتتىرىۋەتتى . ئۇنىڭ ئۇزۇن ئالا تونى بۇلاق يۈزىدە داستىخاندەك يېيىلدى . ئوڭدىسىغا

پالاقلاۋاتقان ھەمدۇل بىرنەچچە يۇتۇم سۇمۇ ئىچىۋالدى . ئۇ ئەسلىدە ھەيۋە كۆرسىتىپ سەلىمنى ئۆز ئىندىكىگە كەلتۈرۈپ ، «جىنىم موللام ئۇنداق ئەمەستى ، بۇ مۇنداق ئىشتى ، سىلى دېگەنلىرىدەك بولسۇن ، سەرۋەرنىڭ يېشىمۇ چوڭ ، بىرەر بالا مەكتەپتىن قالدۇرۇلسا نىمە بوپتۇ» دېگەن كىچىككە كەلتۈرمەكچىدى . مانا ، ئويلىمىغان يەردىن سەلىم ئۇنىڭغا تۈلكىنىڭ قەيرىگە چاڭگال سىپىلىشنى بىلمەي ھۇرپىيىپ تۇرغان تەجرىبىسىز بۆركۈت بالىسىدەك كۆزلىرىنى قاداپ تۇراتتى .

— ۋۇي مۇناپىق ، بىلىپ قوي ، سەن قورقۇتۇپ ئۈگەنگەن باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇئەللىمى مەن ئەمەس ، — دېدى سەلىم غەزەپتىن تىترەپ ، — زەھەرلىك قولۇڭنى ماڭا ئەمدى ئۇزاتماقچىمۇسەن ؟ !… يوقال …

بۇلاقتىن شالاپ - شۇلۇپ ئۆمىلەپ چىققان ھەمدۇل ئىچىدە : «ئەرخەپ تۇكىباش ، تۇغۇلغىنىڭغا پۇشايمان قىلدۇرمىسام» دېگىنىچە ئۇدۇل قوتانلىق مەھەللىسىگە يول ئالدى . ئۇنىڭ كىيىملىرىدىن سىرغىپ تۇرغان سۇ ئۇنى قوغلاپ كېتىپ باراتتى .

سەلىم گۇگۇم بىلەن تەڭ كىيىملىرىنى يىغىشتۇرۇپ مەكتەپكە قايتتى . ئۇ ئۆز ئوقۇغۇچىسى ئالدىدا ھاقارەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن ، ھېلىھەم ئاچچىقى يانمىغانىدى . ئۇنىڭ قۇلىقىدا ھەمدۇلنىڭ «بۇ بىرلا ئەمەس ، ئەپەندىم !» دېگەن سۆزى تەكرارلانغاندەك بولغاندا ، تېخى ئۈچ كۈن ئالدىدىكى بىر ئىش ئېسىدىن كەچتى .

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەتىگەنلىك چېيىغا سۇ ئەكېلىش ئۈچۈن دېجورنى قىز نىسا سۇغا ماڭغاندا ، سەلىممۇ چېلەكنى كۆتۈرۈپ بىللە كەلدى . لېكىن ، قاياقتىندۇر پەيدا بولغان ھەمدۇل بۇلاق بېشىدا خىرقىراپ تۇراتتى .

— خى … خى … خى … قىزلارنى بىللە ئەكەلمىسىلە ئەپەندىم ، قورقىدىغان ئوخشايلا …

— شۇنداق موللام ، — دېدى سەلىم زەردە بىلەن ، — جىلغىغا

يات ـ ياتلا غالجىر تولكه پەيدا بولىدۇ ، دەپ ئاڭلايمەن !...

ئۇ چاغدا سەلىم بىلەن ھەمدۇل بىر چاغدا دۇكان ئالدىدا بىر ـ بىرىگە خىرىس قىلغىنىدەك بىرپەس كۆز ئۇرۇشتۇرغاندىن كېيىن ئايرىلىشقانىدى .

سەلىم قىشتا جەيەر بوۋاينىڭ ئۆيىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ مۇشۇ بۇلاق تۈۋىدە سەرۋەر بىلەن ئۇچرىشىپ قايتقىنىدا ، تاش ئارقىسىدىن كۆرۈنگەن قارا سايە ۋە ئالا تونىنى ئېسىگە ئېلىش بىلەن يۈرىكى بىر ئېغىپ توختىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ ئارقىسىدىن شۈبھىلىك بىر سايىنىڭ ئەگىشىپ يۈرگەنلىكىگە كۆزى يەتتى .

سەلىم كېيىملەرنى ياتىقىغا يېيىۋەتكەندىن كېيىن ، سىرتقا چىقتى . ئۇ قىزلار ياتىقىنىڭ قاراڭغۇ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ، گاز لامپىنى ياندۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ياتاق ئالدىغا كەلدى . لېكىن ، كۈتمىگەندە قىزلارنىڭ «ھەمدۇل موللا» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز توختاپ قالدى .

— مەن ئۆتكەندە ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم دېگىنە ، تۆمۈر تاۋاقنى ئۇنقا قىپقىزىل قىزدۇرۇپ دەسسىگەندى ، تاپىنىدىن ئىس چىقىپ كەتتى .

— ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ ؟

— شامالدارىپ قالغان قوشنىمىزنىڭ دۈمبىسىنى دەسسىدى ، ئۇ ئادەم «كۆيدى» دەپ ۋارقىراپ سالدى .

ھەمدۇلنىڭ تىلسىملىرىدىن ئۇنى ئېچىگە چۈشۈپ كەتكەن قىزلار سەلىمنىڭ كىرىپ كېلىشى بىلەن چۆچۈپ كېتىشتى .

— گاز لامپىنى نېمىشقا ياقمىدىڭلار ؟ — دېدى سەلىم بىر ـ بىرىگە قارىشىپ گەپ قىلالماي تۇرغان قىزلارغا قاراپ .

— بايا — دېدى قۇندۇز دېگەن قىز دۇدۇقلاپ ، — پىلىكنى تۇتۇپ باقسام يوقاپ كەتتى ...

سەلىم كۈلۈۋەتتى . ياتىقىدىن يېڭى پىلىكتىن بىرنى ئاچىقىپ بېكىتكەندىن كېيىن ، يىپەك پىلىكنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ، بىنزىن ئۇنىڭغا يۈركۈلگەندىن كېيىن يورۇق بېرىدىغانلىقىنى

چۈشەندۈرۈپ، گاز چىراغنى ياندۇرۇپ بەردى. لېكىن، ئۇ گاز چىراغقا يەل بېرىۋېتىپمۇ، ياتاقتا چىقىپمۇ ھەمدۇلنىڭ تىلسىملىق ھۈنەرلىرى تېگىدىن سىرلىق تۈگۈننى يەشمەكچى بولاتتى. ئوقۇغۇچىلار يىغىلغاندىن كېيىن، بۇ تۈگۈن تېخىمۇ چىگىشقا باشلىدى. بالىلار بىرنەچچىدىن بولۇشۇپ پىچىرلىشاتتى. بىرى: «چوكىنى تىك تۇرغۇزىدىكەن» دېسە، يەنە بىرى «ياغاقنى ماگدۇرىدىكەن» دەيتتى. ھەمدۇلنىڭ يايلاقمۇيايلاق قاتراپ ساددا چارۋىچىلارنىڭ پىنھان قازناقلىرىدا ئېلىپ بارغان داخانلىقلىرى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىمۇ قىزىقىپ سۆزلەيدىغان ھېكايىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. سەلىم بۇ توغرۇلۇق قادىرغا مەسلىھەت سالغىنىدا ئۇ: «قويۇڭ، بۇنداق گەپلەرگە قۇلاق سالماڭ، ھەمدۇلغا چېقىلغانلىق — ئوت بىلەن ئويناشقانلىق» دېدى. لېكىن، ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندە، قادىرنى ھازىلخان ئۆيىگە چاقىرتتى. قادىر ھازىلخاننىڭ ئۆيىگە بارغاندا، ئىدىرىسمۇ مورا ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى. تاتىرىپ، بوزىرىپ ئولتۇرغان ھازىلخان ئاغزىغا كىرگەن - چىققىنىنى تۇيماي چالۋاقاشقا باشلىدى.

— پۈتۈكتىن سەرۋەرنى ئۆچۈرۈۋېتىڭلار، ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇمايدۇ.

— خان ئانا، نېمىگە كايىپ قاللا؟ — دېدى قادىر مۇلايىملىق بىلەن.

— بۈگۈن سەرۋەرنى، ئەتىسى نىسانى، ئۆگۈنى چولپاننى بۇلاق بېشىغا ئاپارسا، قاراڭغۇ تاغدا ھارامدىن بولغان شۇملارغا كىم ئىگە بولىدۇ؟ چارۋىدا بەرىكەت قالامدۇ، كەنتىمىزنى جۇتچىلىق باسمامدۇ؟

— خان ئانا، — دېدى قادىر كۈلۈپ، — ئۆسەك گەپلەرگە ئىشەنمىسىلە، سەلىم ئۇنداق قىلىدىغان بالا ئەمەس. ئاشخانىغا نۆۋەت بويىچە سۇ توشۇيدىغان بالىلارغا ياردەملەشكەن ئىش ئۇ.

— ئاغزىدىن ئىلمى، دىلىدىن دىنايەت تېمىپ تۇرغان ئادەممۇ يالغان ئېيتامدۇ؟ چولپاننى قاچقىنىغا قارىماي سۇلارغا

يۇچۇلاپ...

— خان ئانىكا، — دېدى ئىدرىس ساقىلىنى تاراشلاپ، — گەپلىرىگە قارىغاندا، ئۆزلىرىگە ھەمدۇل يەل بەرگەن ئوخشايدۇ. ئۇ ھازىر سەلىمىنىڭ ئۇستىدىن گەپ تېپىۋاتىدۇ، مەقسىتى سەرۋەرنى مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىش.

— سەرۋەر؟

— شۇ ئۆزلىرى، ئۇ... ئۇنى... — دېدى قادىر ھازىلخاننىڭ چىرايىدىن ئەيمىنىپ، — ئاڭلىساق باشقا كەنتلەردىمۇ سايىتنىڭ گەپ تېرىقتەك چېچىلىپ يۈرۈپتۇ. بۇ... بۇ... قىزلىرىنىڭ يۈزىنى تۆكۈپ خېرىدارسىز قىلىش، يەنە بىر تەرەپتىن سەلىمىنىڭ ئابرۇيىنى چۈشۈرۈپ مەكتەپتىن كەتكۈزۈش...

— ھىم، ماقۇل، — دېدى ھازىلخان ئۆزۈنغىچە گەپ قىلالماي، — ۋۇي قېرى شەيتان!

ھازىلخان ئۇن - تىنسىز جىمىپ قالدى. بىر تال قارىچۇقى — سەرۋەرنى شەھەردە ئوقۇتۇپ «دوختۇر» دېگەن نامغا ئىگە قىلغان، ئىناۋىتىنى ئۆستۈرگەن ئاشۇ ياۋاش، كەم سۆز بالىنىڭ ئۇنداق بىھايا قىلىقلارنى قىلىشىغا ئۇ ئۆزىمۇ ئىشەنچ قىلالمايتتى. سەرۋەر شەھەردىكى چاغدا سەلىم يۇمشاق نان، ناۋات، قارا چايلارنى ئەكېلىپ ئۆزىنى يوقلاپ تۇردى. ئۆزۈننى قىسقا، يىراقنى يېقىن قىلىپ بەردى. ھەمدۇلچۇ، ئازراقلا كۆپ - سۈپ قىلىپ قويۇپ، ھازىلخاننىڭ ئىشتان كارىكىگە تىقىپ قويغان ئاخىرقى پارچە پۇللىرىنىمۇ سۈپۈرۈپ كەتتى...

— بوپتۇ، — دېدى ھازىلخان ئېغىر تىنىپ، — بۈگۈنكى گەپ — كالىچىنى مۇئەللىم بالا ئۇقمىسۇن، كۆڭلى شېشىلىپ قالار.

ئەتىسى يەكشەنبە كەچ يايلاقتىن بىر ئىش بىلەن كەنتكە چۈشكەن داۋۇت سەلىمىنىڭ ياتىقىغا كەلگەندە، قادىر ھازىلخاننىڭ چاقىرتىشتىكى مۇددىئاسىنى سۆزلەپ بېرىپ ئولتۇراتتى. سەلىم ئاپئاق تاتارغان ھالدا داۋۇتنى كۈتۈۋالدى.

قوللىرى تىترەپ تاماكىمۇ ئورىيالمايۋاتقان داۋۇت غەزەپتىن پۇشۇلدايتتى . ئۇ تاساي يايلىقىدىن كۆتۈرۈلگەن تەتۈر قويۇننىڭ شۇنچە تېزلىك بىلەن يايلاقلارنى كېزىپ ئۆتكەنلىكىگە ھەيران ئىدى . دەرۋەقە جىلغا تۇلكىسى لوقما ئىزدەپ قانچىلىغان تاغ ـ داۋانلارنى قىدىرىپ ئۆتكەنىدى !

— سەلىم ، زادى بۇ قانداق ئىش ؟ — دېدى داۋۇت تاماكىسىنى قاتتىق شوراپ . ئۇنىڭ سوئالىدىن ئىشەنمەسلىكىنىڭ پۇرىقىنى سەزگەن سەلىم ئۆزىنىڭ بىردىنبىر ھىماتى بولغان داۋۇتنى ئەمدىلا كۆرۈۋاتقاندەك ، ئۇنىڭ قوپال ئاقارغان ئۆتۈكىگە ، پۇچقاقلىرى قونچىقا تىقىلغان قارا چىبەرقۇت ياسمانە ئىشتىنىغا ، تۈگمىلىرى ئېتىلمىگەن چاك ياقىلىق كۆڭلىكىگە ، چىگىش قوڭۇر ساقال قاپلىغان مىس رەڭ چىرايىغا تىكىلدى .

— داۋۇت ئاكا ، سىزمۇ ... ئىشەنمەمسىز ؟

— ساڭا ئىشىنىمەن ... پەقەت ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى سۆزلەپ باققىنا ؟

سەلىم قىشتا جەپەر بوۋاينى يوقلاپ كېلىۋېتىپ زەڭگەر بۇلاقتا سەرۋەر بىلەن ئۇچراشقان ۋاقتىدىكى سىرلىق كۆلەڭگىنى ۋە نىسا ، چولپانلار سوغا بارغاندا ، ھەمدۇل بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا قانداق ۋەقە سادىر بولغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى .

— ۋۇي قوتۇر تۈلكە ، سەن ئالللىبۇرۇنلا ئىز يۇراپ يۈرۈپتىكەنسەن ـ دە ...

سىرتتىكى دۈپۈرلىگەن تۇياق ئىزلىرى داۋۇتنىڭ سۆزىنى بۆلدى . بۇ چاغدا مەكتەپ ھويلىسىغا بىرنەچچىلىگەن ئاتلىقلار توپا ـ توزاننى پۇرقىرىتىپ ، يەرلەرنى تىلغاپ باستۇرۇپ كىردى !

— تاساي يايلىقىدىكى بايىز چوقان ئىكەن ، — دېدى قادىر دېرىزىدىن قاراپ ، — بۇ بەلكىم قىزى چولپان توغرۇلۇق كەلگەندۇ ؟

— قېنى ئۇ چوقان كۆتۈرۈپ باقسۇن ، — دېدى داۋۇت يوغان مۇشتلىرىنى تۈگۈپ ، — مېنى تاغلىقلار بىكارغىلا گونداز

دېمىگەن ، ئۇنىڭغا تېتىمىسام ، جېنىمنى ئىتقا تاشلاپ بېرىمەن .
— چىق بۇياققا ، شەھەرلىك پاھىشىۋاز ئەپەندى ، — دېدى بايىز قامچىسىنى شىلتىپ ، — بايىزنىڭ قاغجىرىغان سېغىر قامچىسى سېنى ساقلاپ قالدى !...
— قېنى ، ئىككىڭلار چىقىپ تۇرۇڭلار ، — دېدى داۋۇت ئىشىك ئارقىسىغا ئۆزىنى ئېلىپ . سەلىم بىلەن قادىر ئاتلىقلارنىڭ ئالدىغا چىقتى .
سەلىم بەللىرىگە ئەگرى پىچاق ، كېيىك مۈڭگۈزى ۋە ھەرخىل نەرسىلەرنى ئېسىۋېلىپ ، ئىغىزدۇرۇقلىرىنى تاراسلىتىپ ھويلىنى تىلغاپ يۈرگەن ئاتلىرىغا يانتۇ ئولتۇرۇشقان تۆمۈردەك كۆكۈچ چىراي ئادەملەرنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ ، داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى .
— سىلەر ، — دېدى سەلىم بايىزغا قاراپ ، — سىلەر چولپاننى ئەكېلىڭلار ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى شۇ سۆزلىسۇن !...
— چولپان ؟ ۋۇي بۇزۇق ئەپەندى ، تېخى چولپاننى تىلغا ئالىسىنا ، — بايىز قامچىسىنى ئېگىز كۆتۈردى !...
— توختا ، — زىل ، ئەمما غەزەپلىك ئاۋاز ياڭرىدى . سەرۋەر ئۇقتەك ئېتىلىپ كېلىپ ، بايىزنىڭ باستۇرۇپ كەلگەن ئېتىنىڭ تۇمشۇقىنى ئۇرۇۋەتتى ، — چولپان ماڭا راست گېپىنى قىلدى . بۇلاقتا چۈشۈپ كەتكەن ئادەمنى قۇتقۇزۇۋېلىش گۇناھمىكەن ! مۇئەللىمنىڭ قىزنىڭنى تارتىپ چىقىرىپ قويغان ياخشىلىقى ئۈچۈن ، ئۇنىڭغا قامچا ئۇرامسەن ؟ !... ئەگەر نىيىتىڭ خالىس بولسا ، چولپان ئۆزى جاۋاب بەرسۇن !...
— بۇمۇ ، — دېدى ئاتلىقلارنىڭ بىرى سەرۋەرگە قامچىسىنى جوڭۈپ ، — ئۇنىڭ بىلەن زەڭگەر بۇلاقتا تۇمشۇق ياللاشقانلارنىڭ بىرى ...
— غونچىسىن تەلمۈرۈپ قارىمىسا ، بۇقا ئارغامچىنى ئۈزەرمىدى ؟ ئۆت بۇياققا قانجۇق ...
بايىز ئېتىنى دېۋىتىپ سەلىمنى باستۇرۇپ كەلدى ـ دە ، قامچىسىنى ئېگىز كۆتۈردى ، لېكىن قاراڭغۇ تاغنى ناگان ـ ناگاندا

زىلزىلىگە سالىدىغان گۈلدۈرمامىدەك ئاۋاز ياڭرىغاندا، ئۇنىڭ قامچىسى ھاۋا توختاپ قالدى!...

— تارت قولۇڭنى، — بازغاندەك مۇشتلىرىنى بەللىرىگە تىرىگەن داۋۇت پۇتلىرىنى كېرىدەپ ئاتلىنىقلار ئالدىدا تىك تۇراتتى، — باللىرىڭنىڭ ئاغزىغا ئىلىم سالغان ئۇستازغا قامچا كۆتۈرۈشكە ۋىجدانىڭ ئۆرتەنمىدىمۇ؟

— دا ... داۋۇت!...

بايىنىڭ قولى لاسىدە بوشاپ قامچىسى تۆۋەن چۈشكەن بولسىمۇ، چىرايى ئاچچىق ياغ ئىچىۋالغاندەك كۆكىرىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ھەمتاقلىرى بولسا ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى سىيرىپ بايىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋالدى. ئۇلار بەلكىم بىر زامانلاردا ئادەم ئۆلتۈرگەن، ئۇسكەك بۇقىنى بېشىدىن ئارتىلدۇرۇپ چىقىلغا تاشلىۋەتكەن بۇ قارام گوندازدىن، ئۇنىڭ يوغان، تۈكلۈك قوللىرىدىن ئەيمەندى بولغاي، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

— سەن ئاق - قارىنى پەرق ئەتمەي، — دېدى داۋۇت قولىنى شىلتىپ، — مەكتەپكە باستۇرۇپ كىرىپ مۇتتەھەملىك قىلماقچىمۇسەن؟ چولپان قېنى؟ مېنىڭ ئالدىمدا جاۋاب بەرسۇن؟...

داۋۇت سەرۋەر، نىسا، چولپان ۋەقەلىرىنى سۆزلەپ، ھەمدۇلنىڭ سەرۋەر ئۈچۈن ئويناۋاتقان ئويۇنلىرىنى غەزەپ بىلەن سۆكتى ۋە ئۇنىڭ شۇملۇقلىرىغا مەدەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن بايىنى ئەيىبلىدى.

ئاتلىقلار سالپىيىپ كېتىپ قالدى. داۋۇت سەلىمگە تەسەللى بەرگەندىن كېيىن، يەنە بىرنەچچە كۈن كەنتتە بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى.

سەلىم ياتىقىغا قايتىپ كىرىپ كارىۋىتىغا ئۆزىنى ئاتقىنىچە ھۆكىرەپ يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ قاراڭغۇ تاغدىكى ھاياتىنىڭ تاغ مەنزىرىلىرىدەك گۈزەل، تىنچ ۋە تىۋىشسىز ئۆتمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەنىدى. قادىرنىڭ ھازىلخان توغرۇلۇق ئېيتقانلىرىنى ئويلاپ،

ھېلىلا مەكتەپ قورۇسىدا بولۇپ ئۆتكەن تاغلىقلارنىڭ چۇقان ـ سۈرەنلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ غەزەپلىنەتتى ۋە نومۇستىن يېرىلغۇدەك بولاتتى. ئۇ ئۆزى ئۇستىدىن قۇتۇلغان بۇ بەتناملارنى قانداق قىلىپ ئاغدۇرۇۋېتەلەيدۇ؟ ئەمدى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن قالامدۇ؟ ئوقۇغۇچىلىرى ئالدىدا قانداقمۇ باش كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ؟

سەلىم ئۇخلىيالمىدى، ئۇيان ئۆرۈلە ـ بۇيان ئۆرۈلە، ئاخىر ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. بارغانسېرى ئارامسىزلىنىۋاتقان سەلىمنىڭ سېيىت ئۇستامنىڭ ئاچچىق تاماكىسىدىن چەككۈسى كەلدى. ئۇ چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ تالاغا چىقتى. ئاسماندا پارقىراپ تۇرغان يۇلتۇزلارنىڭ يورۇقىدا تاغ ئىزنىلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ ئەسنادا سېيىتنىڭ ئىشىكى تىرىق قىلىپ ئېچىلىپ بىر كىشى چىقتى ـ دە، ئاشخانىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپلا غايىب بولدى. بۇ قارا كۆلەڭگىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىشكە قىزىققان سەلىم يولغا چىقتى. لېكىن، ئۇ كۆلەڭگە شامالغا يولۇققان تۈتۈندەك غايىب بولغانىدى.

ئاجايىپ سىرلىق تۇيغۇ ئۆز چاكىلىغا ئېلىۋالغان سەلىم ياتاققا كىرگەندىن كېيىنمۇ ئولتۇرالماي قالدى. ئۇ زادى كىمدۇ؟ ھەمدۇلىمىدۇ؟! توغرا، ئۇ سېيىت بىلەن ھەمدۇلنىڭ كەنت دۇكىنى ئالدىدا، زەڭگەر بولاق تۈۋۈدە سۆزلىشىپ تۇرغانلىقىنى بىر ــ ئىككى قېتىم كۆرگەنىدى. لېكىن، بۇ كېچىدە ئۇ تىمىسقىلاپ كېلىپ سېيىتنى ئىزدەپ نېمە قىلىدۇ؟ زادى بۇ كۆلەڭگە ھەمدۇلمۇ، ئەمەسمۇ؟!

ئىشىك تىرىقلاپ چېكىلدى. سەلىم چۆچۈپ قارىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئۆزىگە ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە دۇپۇلدەيتتى.

— كىم؟

— مەن، سەرۋەر ...

— يېرىم كېچىدە نېمىشقا كەلدىڭىز؟ — دېدى سەلىم ئىشىكنى ئېچىپ.

— خان ئانام تۇيۇقسىزلا ئۆزگىرىپ قالدى، — دېدى سەرۋەر

تىترەپ، — دورا ئالغىلى كەلگەنىدىم، بابا كەلگىنىمدە دېيەلمىگەنىدىم.

— يولدا قورقامسىز؟ — دېدى سەلىم ئۇنىڭغا دورا ساندۇقىنى ئېلىپ بېرىپ، — ياكى ...

— يا ... ياق ...

سەرۋەر كېتىپ قالدى. لېكىن، سەلىم نېمە ئۈچۈندۇر خاتىرجەم بولالمىدى. ئۇ ئايغىنى كىيىپ، ئىشىككە قولۇپمۇ سالماي، مەكتەپ ئالدىدىكى چىغىر يولغا چۈشتى. ئۇنىڭ ئاياغ ئاستىدىكى تاشلار شىرىقلايتتى. ناگان - ناگاندا تۈن قۇشلىرى تۇيۇقسىزلا غۇۋي قىلىپ باش ئۈستىدىن ئۇچۇپ سەلىمنى چۆچۈتۈۋېتەتتى، قاپتاللاردىن ئۇرۇۋاتقان يۇمشاق شامال قەيەردىندۇر جۇپتىنى چاقىرىۋاتقان ئەركەك كېپىكنىڭ «ۋەيت، ۋەيت» قىلغان ئاۋازىنى ئەكېلەتتى. ھېلىلا غايىب بولغان كۆلەڭگىنىڭ تەسىرىدىنمۇ ياكى تۈننىڭ ۋەھىمىلىك قورقۇنچىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر، سەلىم تەرلەپ كەتكەنىدى.

سەرۋەر قارا كۆرۈم كېتىپ باراتتى. ئۇ زەڭگەر بۇلاقتىن ئايلىنىپ، قورام تاش ئارقىسىغا ئۆتۈپلا كۆرۈنمەي قالدى. لېكىن، تۇيۇقسىزلا چىرقىرىغان ئاۋاز تاغ ئارىسىدىكى بۇ تاشلىق سايىنى تىترىتىۋەتتى.

— سەرۋەر!...

تاشلارنى شاراقلىتىپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان سەلىم ۋە ئۇنىڭ دەھشەتلىك ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان قارا كۆلەڭگە ئاستىغا بېسىۋالغان سەرۋەرنى تاشلاپ قاچتى.

— سەرۋەر!...

— مۇئەللىم!...

— ئۇكىم؟ تونۇيالىدىڭىزمۇ؟

— ياق، يۈزلىرىنى قارا نەرسىدە ئورىۋالغان، پۇتۇنلەي قارا كىيىنگەن، قولىدا ... قولىدا پىچاق بار ...

ئالا بۇلۇتلار ئارىسىغا يوشۇرۇنغان ئاي سەرۋەرنىڭ سۇتتەك

ئاقارغان يۈزىنى يالتىسدە يورۇتۇپ ئۆتتى . بۇ تۇيۇقسىز ھۇجۇمدىن قورقۇپ كەتكەن سەرۋەرنىڭ چاچ تالالىرى تەرتىپسىز چاپلىشىپ قالغان پېشانىلىرىدىن سىرغىپ چۈشۈۋاتقان تەر دانىچىلىرى ئاجايىپ نازۇك بۇرۇنلىرىدىن ساقىپ ، تومپىلاق ، كىچىك لەۋلىرىگە سىڭمەكتە ئىدى .

— مۇئەللىم ، ئۇ نېمە ؟ — دېدى سەرۋەر ئايدىڭدا ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇرغان بىرنەرسىنى كۆرسىتىپ .

— ۋۇي ، — دېدى سەلىم چۆچۈپ كېتىپ ، — بۇ مېنىڭ شەپكەمغۇ ؟

سەلىم ھەپتە ئالدىدا بېنزىن بىلەن چوتكىلاپ تازىلاپ ، مەكتەپتىكى گارغا ئېسىپ قويغان ، ئەتىسى تاپالمىغان بۇ شەپكىسىنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشىدىن دەھشەتكە چۈشكەنىدى .

سەلىم سەرۋەرنى يېتىلەپ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويغاندىن كېيىن ، ئىشىك ئالدىدىن قايتتى .

— مۇئەللىم ،— دېدى سەرۋەر ئاستا شىۋىرلاپ ، — مەن··· مەن ··· چولپان بىلەن سۆزلەشتىم ··· ئۇ ھەمدۇلنىڭ پىتنىسىكەن ، كۆڭۈللىرىنى ھەرگىز يېرىم قىلمىسىلا ··· مەنمۇ ئىشەنمىگەنىدىم ···

ئاھ ، ئىنسان كۆڭلى ، نېمىدېگەن نازۇكسەن ! !··· قاتمۇقات سىرلىق تاغلار ئارىسىدا يېتىمسىراپ قالغان دەردلىك يۈرەككە شۇنچىلىك تەسەللى كۇپايىمۇ ؟ ! ئۇنىڭ ناتىۋان قەلبىنى شۇنچىمۇ لەرزىگە سالامسەن ؟

سەلىمنىڭ دىمىغى زىڭگىدە ئېچىشىپ ، كۆزلىرىنى ياش قاپلىدى ···

— رەھمەت سىزگە ···

سەلىم ئەتىسى ئەتىگەندە كېچىدىكى ۋەقە توغرۇلۇق داۋۇتقا ئېيتقىنىدا ، ئۇ بۇ ئىشنى ئىنقىلاش ئۇچۇن تاساي يايلىقىدىكى بايىزنىڭ ئۆيىگە يۈرۈپ كەتتى .

# داۋۇتنىڭ ھەيۋىسى

سەلىم بىلەن چولپان ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن زەڭگەر بۇلاق ۋەقەسىدىن كېيىن قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ئاتا ـ ئانىسى مەكتەپكە ئەۋەتمىدى. سەلىم توغرۇلۇق ھەرخىل سەت ئىغۋالار تارقالغانىدى، ھەتتا «بىرنەچچە قىزنىڭ بويىدا قاپتۇ» دېگەن گەپلەرمۇ تارقالدى. بۇ زەربە ئۇستىگە سىنىپتىكى قىزلارنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئازلاپ كېتىۋاتقانلىقى كېلىپ قوشۇلدى. سەلىم ھەر قېتىم سىنىپقا كىرگەندە، بوش قالغان پارتىلار كۆپىيەتتى. سەرۋەر، ھۆرلىقا، گۈلسۈمەلەردىن باشقا قىزلار كۆرۈنمەيتتى. قادىرمۇ: «ھەي ئىسىت، بۇگۈن يەنە بىر پارتا بوش تۇرىدۇ» دەپ بېشىنى لىڭشىتىپ چىقاتتى. بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەر سېپىت ئۇستامنىڭ قېتىغىمۇ كەلمىدى. ئۇ ھەر ۋاخىلىق تاماقتا سەمەننىڭ «مۇنچە كىشىلىك تاماق»، «مۇنچە كىشىلىك نان» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەن: «مانا تاماشا!» دەپ كۈلۈپ كېتەتتى.

سەلىم سىنىپنى قادىرغا تاپشۇرۇپ، ئات باقاردىن بىر ئات ئالدى ـ دە، تاساي يايلىقىدىكى چولپاننىڭ ئۆيىگە ماڭدى. ئۇ تاساي جىلغىسىدا بىلەكتەك چوڭلۇقتا تولغىشىپ ئېقىۋاتقان تاغ سۈيىدە قوللىرىنى يۇدى. ئۇ ئۆزەڭگىگە پۇتىنى ئېلىشىغا قوي ـ ئۆچكىلەر سايىداۋاتقان بۇك توغراقلىق ئارىسىدىن «ھاي تۇغقان» دېگەن ئاۋاز كەلدى. ئۇ قايرىلىپ قارىدى.

پۇتىغا چورۇق تارتقان، ئىسسىقتىمۇ بېلىگە پوتا بالىغان، قارا ساقال، قىرىق ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى قويچى ھىجىيىپ كەلدى.

— ھاي تۇغقان، تاماكاڭ بارمۇ؟ — دېدى ئۇ سەلىمگە سەپسېلىپ، — ھوي سەن شەھەردىن كەلگەن مۇئەللىمغۇ؟ بالا قوبۇل قىلغاندا تاسايغا كەلگەن ئەمەسمىدىڭ، ھە، يەنە كېلىپ قاپسەنغۇ؟

— تاسايدىكى بايىزنىڭ ئۆيىگە ، — دېدى سەلىم «تەڭرىتاغ» ماركىلىق تاماكىسىنى قېپى بىلەن ئۇنىڭغا سۇنۇپ .

— پوھوي ، ئەمەلدار تاماكىسىنى چېكىدىكەنسەنغۇ؟ هوي راست ، بايىز چوقانىنىڭكىگە دېدىڭما؟

— ھە ، شۇنداق .

— ھوي سارالڭ بولدۇڭمۇ ، يا دۇمبىلىرىڭ قىچىشىپ قالغانمۇ؟ بايىزنىڭ ھېلىقى گالدۇ - گۇلدۇڭ موزىيى ھارۇن سېنى ئاق قىلىمەن ، كۆك ئېتىمەن دەپ يۈرسە ، ھېچنېمىدىن يانمايدۇ ئۇ مۆرىمەس جۇمۇ!

سەلىم بۇ ساددا قويچى بىلەن سۆز بويىدا بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن ، ھەمدۇلنىڭ بايىزنىڭ ئۆيىدە دىنىي مەكتەپ ئاچقانلىقىنى ، باللاردىن پەيشەنبىلىك ، جۇمەلىك ئېلىۋاتقانلىقىنى بىلدى - دە ، كەينىگە ياندى .

— ھوي مۇئەللىم ، كادىر تاماكاڭ قالدىغۇ ، — دېدى قويچى تاماكىنى يۇراپ تۇرۇپ .

— سىز چېكىڭ ، ئاكا! — دېدى سەلىم ئېتىغا قامچا سېلىپ .

ئەتىسى سەھەردە تاساي جىلغىسىدا ئۈچ ئاتلىق جېدەللەپ كېتىپ باراتتى . سەلىم بىلەن ئىدرىس ئاتلىرىنى قانچە بىقىنداپ ۋە قامچىلاپمۇ داۋۇتقا يېتەلمەيتتى . قويۇق قاشلىرىنى قوشۇمىسىغا كاللەك يىغىۋالغان ، بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېڭەيگەن ، بۇرۇت قاپلىغان ئېغىزلىرى ھىم يۇمۇلغان ، لېكىن ياڭاق گۆشلىرى توختىماي لىپىلداۋاتقان داۋۇت قامچىسىنىڭ دەستىسىنى ئېزىۋەتكۈدەك سىقىمداپ ، خۇددى مەنزىلگە ئېتىدىن بۇرۇن يېتىپ بارماقچى بولغاندەك ئالدىغا دېۋىنىپ - دېۋىنىپ كېتىپ باراتتى . داۋۇتنىڭ بىرەر ئىش چىقىرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرىگەن سەلىم بىلەن ئىدرىس ھەدەپ ئېتىنى قامچىلايتتى .

قارا تەرگە چۆمۈلگەن ئۈچ ئات بايىزنىڭ ئىشىكى ئالدىدا قاتتىق كىشنەپ ، خارتىلداپ توختىدى . ئاتتىن سەكرەپ چۈشكەن داۋۇت ھويلىغا كىرىپلا بايىزغا دوقۇرۇشۇپ قالدى . داۋۇتنىڭ

ئەلپازنىڭ بوزۇقلۇقىنى كۆرگەن بايىزنىڭمۇ پوت - قولى بوشىشىپ، چىرايى پەنجىرە قەغىزىدەك تاتىرىپ كەتتى.
— ھەمدۇل قېنى؟
— ئاي ... ئايۋاندا ...
— يول باشلا!...
بايىز داۋۇت، سەلىم ۋە ئىدرىسلارنى ئايۋانغا باشلاپ كىرگەندە، موللام يوق ئىدى. پەقەت رومالىرىدا باشلىرىنى چۈمكىۋالغان قىزلار، تەلپەكلىرىنى كۆزلىرىگىچە باستۇرۇپ كىيىۋالغان ئوغۇللار بورا ئۈستىدە يۈكۈنۈپ نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرنەچچىسى سەلىمنى كۆرگەن ھامان «مۇئەللىم» دېگىنىچە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ كەتتى.
— ھەمدۇل قېنى؟ نەدىن بولسا تاپ!
— خوش، خوش، ئۇ ... ھېلىلا باردەك قىلىۋىدى ...
— موللام، — دېدى ئورنىدىن تۇرغان بىر بالا تىزلىرىنى رۇسلىيالماي — ئارقا ھويلىغا ئۆتكەندەك قىلدى.
داۋۇت كالا تېزەكلىرى بىلەن تولغان قورۇنى چۆرىدىگەن تاش تامنىڭ شورىسىدىن ئاتلاپ كىچىك ھويلىغا چۈشتى. بايىز ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى. داۋۇت قوش قاناتلىق ئىشىكنى بىرلا تېپىپ ئېچىۋىدى، خام سېمىز كېلىنىنى كاتقا بېسىۋالغان ھەمدۇل پالاق - پۇلۇقلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. خۇددى قىزىق تونۇرغا باش تىققاندەك قىزىرىپ كەتكەن كېلىن ھېچ ئايانمايلا ھەمدۇلغا تىل سالدى:
— ۋۇي پوق ساقال چال، ۋۇي ئىزانى نان ئورنىدا يەيدىغان داپ يۈز ستارى، ۋۇي ئىت تېزىكى، ساقىلىڭنى غىرچىلاپ، قورۇقلىرىڭنى ساناپ بېقىپ ئىش قىلساڭچۇ؟ كىرگەنچە كىرىپ ئېيىقتەك ئادەمگە ياماشقۇچە ...
— مو ... مو ... موللام ... بۇ ... بۇ ... ئاپلاھۇ ئەكبەر ... ما ... ماۋۇنا ... نائەھلىنى ... — بايىز جالاقلاپ تىترەپ،

ئېڭەكلىرى كاسىلدىغىنىچە قوللىرىنى چىشلىدى .

ھەمدۇل بىلەن ئىككى ئېغىز ئۆتكۈدەك سۆزلىشمەن دېگەن نىيەتتە كەلگەن داۋۇت تۇيۇقسىزلا تىزلىرى پۈكۈلۈپ كېتىۋاتقان ھەمدۇلنى خۇددى سار چۈجىنى ئالغاندەك، گەجگىسىدىن قاماللاپ تۇتتى ـ دە، دارقىرىتىپ سۆرەپ ئاچىقىپ، قورۇ ئالدىدىكى ئوتلاققا تاشلىۋەتتى . ئۆزى ئېتىغا لىككىدە مىنىپ، بىلىدىكى قامچىسىنى شارتلا سۇغۇردى .

— ھەمدۇل، ماڭ ئالدىمغا چۈش، بۈگۈن سېنىڭ توقسۇنۇڭ تولغان كۈن، — دېدى داۋۇت ئېتىنى ئويىنىتىپ، — ئەمدى ياۋاش بولمايدىكەنسەن، تاپىنىڭدىن تاسما تىلىمەن !

— دا ··· داۋۇت ··· داۋۇتئاخۇن ··· مەن ··· مەن ··· مەن يوق يېگەن ···

ھەمدۇل ئۆزىنى كاچاتلاپ، خۇددى ئېڭىزلىقتىن باشاق ئېلىپ قاچقان سېرىق قۇيرۇقتەك، يىغىلغان ئادەملەر ئارىسىدا دوڭغاسلاپ يۈرەتتى . داۋۇت ئېتىنى دېۋىتىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ كەلدى .

— جۇگۇلاپ[1] كېتەي جىنىم دادۇيجاڭ، — دېدى كىشىلەردىن پاناھ تىلىگەندەك قېچىپ يۈرگەن ھەمدۇل كېكىردىكىنىڭ تېرىسىنى سوزۇپ، — مەن بولسام بىر سېسىق تۇلۇم، ئۆزلىرى پارتىيە، ئۆزلىرى ھۆكۈمەت، ئۆزلىرىسى سىياسەت ···

داۋۇت خارقىراپ ئاغزىلىرىدىن كۆپۈك قايىنىتىپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن ئېتىنى چاپچىتىپ ھەمدۇلنى قوغلاپ يۈرەتتى . لېكىن، ئۇنىڭ غەزەپ بىلەن ئۇرغان قامچىسى ھاۋادا «ۋىنز، ۋىنز ···» ئاۋاز چىقىراتتىيۇ، ھەمدۇلغا تەگمەيتتى . ھېرىپ ھالى قالمىغان ھەمدۇل ئاخىر ئات باغلايدىغان موما ئارقىسىغا ئۆتىۋالدى . داۋۇتنىڭ ئۇرغان قامچىسى مومىغا يىلاندەك يۆگەشتى . ئۇ قامچىنى غەزەپ بىلەن تارتىۋىدى، قامچا دەستىسىگە يۆگەلگەن سىڭىرلار تارسىلداپ ئۈزۈلۈپ، سەككىز قات ئۆرۈلگەن تاسما

[1] جۇگۇ ـ جۇگۇ — قاتتىق يالۋۇرۇش مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆز .



مومىدا قالدى .

— سەلىم ، قارىڭا بۇ ھەيۋىنى ! — دېدى ئىدرىس مىيىقىدا كۈلۈپ .

— شۇنداق ، قامچا ئۇنىڭغا پەقەتلا تەگمىدى ، — دېدى سەلىم ۋە ئېتىنى دېۋىتىپ كېلىپ ، داۋۇتنىڭ ئالدىنى توستى .

— بولدى قىلىڭ ، داۋۇت ئاكا ، — دېدى سەلىم ئۇنىڭ ئېتىنىڭ ئالدىنى توسۇپ .

— بايىز ، — دېدى داۋۇت ھەممىگە ئاڭلىتىپ ، — يامانغا يانتاياق بولۇپ مەكتەپكە باستۇرۇپ كىردىڭ ! ھۆكۈمەت مەكتىپىنى چۇۋۇپ ، بۇ ئەبلەخقە سىنىپ ئېچىپ بەردىڭ . زادى سەن سالغا تېپشىڭنى كىمگە قاراتماقچىسەن؟ ماڭىمۇ ياكى ھۆكۈمەتكىمۇ ؟ ! ئۇنى ئاز دەپ كېلىنىڭنىمۇ سولاپ بېرىپسىنا ؟ سەندە نومۇس دېگەن نەرسە بارمۇ ، يوق؟ ۋۇي ئەركەك تۈكى يوق بەندە !...

— يوقسۇ ، بۇ ئىمانسىزغا ئىشەنگەنىكەنمەن ، ئوغلۇم ھارۇن تاغقا مال ھەيدەپ چىقىپ كەتكەن ... ۋاپاغا جاپا قىلدى بۇ ئىمانسىز ، ئەرخەپ ... ئەرخەپ ...

— پەخەس بول ، ئۆچكە ياغلىرىڭنى تولىمۇ ئېرىتىۋەتمە ، ئىچىڭدە بۆرە كۈچۈكلەپ كەتمىسۇن !

داۋۇتنىڭ ھەيۋىسى بىلەن دىنىي مەكتەپ تارقىتىۋېتىلدى . قاراڭغۇ ئۆيدە كۆزلىرى تورلىشىپ ، تىزلىرى ئۇيۇشۇپ كەتكەن بالىلار شۇ كۈنلا مەكتىپىگە قايتتى .لېكىن ، يەنە بىرقىسىم يايلاقلاردىكى قىزلار كەلمىگەنىدى . يىللىق ئىمتىھاننىڭ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن بىتاقە بولۇۋاتقان سەلىمنى كۆرگەن داۋۇت ئۇنى باشلاپ ئومشا ، قوغاق ، ئاتچان ، تېرىم قىشلاقلىرىنى ئارىلاپ ئالتە كۈن بولغاندا ، ئاندىن مەكتەپكە قايتتى .

— سەرۋەرنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ، — دېدى داۋۇت سەلىمگە ، — ھەمدۇلنىڭ قاپقىنى سېنىڭ ئىزىڭغا قويۇلدى . لېكىن ، قىز بالىدەك ياش تۆكۈپ يۈرمە ! بەردەمرەك بول ... بوران - چاپقۇنغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن تاش قورام بولالمايدۇ ...

# ھەمدۇلنىڭ قاپقىنى

سەلىم بىلەن قادىر ئىككى ھەپتىگىچە دەرستىن قالغان بالىلارغا دەم ئېلىش پۇرسەتلىرىدە ، كەچلىك مۇزاكىرىلەردە دەرس ئۆتۈپ ، ئۇلارنى ئاساسىي جەھەتتىن يېتىشتۈرۈۋالدى . لېكىن ، سېيىت ئۇستام ھە دېسىلا ئاشخانا ، ناۋايخانىغا بالا تەلەپ قىلاتتى . ئۇ بۇرۇنقىدەك ئوتۇن ياردىغان ، ئارىلاپ سۇ ئەكىرىدىغان ئىشلىرىنى پۈتۈنلەي تاشلاپ ، سەلىم بىلەن قادىرغا يۆلىنىۋالدى . سەلىم بىرنەچچە قېتىم : «ئۇستام ، بۇ ئىمتىھان ۋاقتى ، بىر ئاز غەيرەت قىلىپ بەرسىلە» دېگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ : «مەن تۇزچىنىڭ ئېشىكى ئەمەس ··· » دەپ ئاغزىنى بۇزدى ۋە ئارقىدىنلا : «بىز قارا قازاننىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ چىقالمىغان چۈمۈلىدەك يۈرگىنىمىز بىلەن ، شەھەردە ئەركىن بازار يولغا قويۇلۇپ جاھان كەڭرىپ كەتتى . مېنىڭ ئۆلۈكۈممۇ كۈنىگە بەش تەڭگىگە ئىشلەيدۇ . شتات بېرىمىز دەپ ئاغزىمغا سوسكا سالغىلى بىر يىل بولدى . ئەمدى شتاتنى چۆپ ئېتىپ ئىچىۋالسۇن ! » دەپ بىر كۈن كەچكىچە كوتۇلدىدى . شۇنىڭدىن باشلاپ سەلىم بىلەن قادىرنىڭ ئىشلىرى قوناق تۈكىدەك كۆپىيىپ كەتتى . ئۇلار ياستۇققا باش قويغاندا ، ئۇگە ـ ئۇگىلىرىنىڭ تېلىپ ئاغرىۋاتقانلىقىنى ، پۇت ـ قوللىرىنىڭ ئۇرۇپ تاشلىۋەتكەندەك بوشاپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىشاتتى . سەلىم سېيىت ئۇستامنىڭ ھەمدۇل بىلەن بولغان قۇلاق ياقتى گەپلىرى كۆپەيگەنسېرى ، غەيرىي ھۈنەرلىرىنىڭمۇ پەيدا بولۇۋاتقانلىقىغا ھەيران بولاتتى . لېكىن ، بۇ جاپاكەش مۇئەللىملەر «قوشتىن چىقىرىپ ساپانغا ، ساپاندىن چىقىرىپ قوشقا سالدى» دېگەندەك ، ئەتىدىن ـ كەچكىچە نۆۋەتلىشىپ ئاشخانا ، ناۋايخانىغا ۋە سىنىپقا يۈگۈرەيتتى . بالىلار بىلەن بىللە مەكتەپ ئىچىنى تازىلايتتى ، كېچىلىرى تاپشۇرۇق تەكشۈرەيتتى ، دەرس تەييارلايتتى ، بۇ ئىشلار بىلەن بەزىدە ھەتتا تاڭمۇ ئېتىپ كېتەتتى .

چولپان ۋەقەسىدىن كېيىن سەلىم ئورۇقلاپ قالدى. ئۇنى ھاقارەت، نومۇس، خىيال، جاپالىق تۇرمۇش ئۇپراتماقتا ئىدى. ئۇ بەزىدە يېرىم تۈن بىلەن ھويلىغا چىقىپ، گارغا يۆلەنگىنىچە قاپقاراڭغۇ سۈرلۈك تاغ چوققىلىرىغا، جىمىرلىشىۋاتقان سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلارغا قاراپ، شەھەرنىڭ قاياقتا ئىكەنلىكىنى مۆلچەر قىلاتتى. ئوقۇغان مەكتىپىنى، مېھرىبان ئۇستازى ئابدۇقادىرنى ياد ئېتەتتى. گۈلنار ئاتلىق دىلبىرى كۆز ئالدىدىن نېرى كەتمەيتتى. ياندىكى يامبۇنىڭ قەدرى بولمىغىنىدەك، سەلىم گۈلنارنىڭ گەپ قىلىشنى بىلىدىغان كۆزلىرىنىڭ، يۈرەكنى سۆيۈندۈرىدىغان بىر تاتلىق خۇلقلىرىنىڭ، ھەمىشەم پاكىز تۇرىدىغان رەڭگى ـ رۇخسارىنىڭ قەدرىگە يەتمەپتىكەن ـ دە!... شۇنداق! مۇھەببەتنىڭ سىرلىق تۇيغۇسى، شېرىن ۋە لەزىز ۋىسالى، تاقەتسىز سېغىندۇرۇشى پەقەت جۇدالىقتىلا ئۆز قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىكەن... مۇھەببەت ئېغىر جۇدالىقنى باشتىن كەچۈرگەندىلا پىشىپ يېتىلىپ، ھېس ـ تۇيغۇلارمۇ بالاغەتتە كامال تاپىدىكەن...

«ئاھ گۈلنار!... گۈلنار...»

ئۇ بەلكىم ھازىر غەمسىز، ئەندىشىسىز تاتلىق ئۇخلاۋاتقاندۇ. كىم بىلىدۇ، ئۇمۇ چۈشىدە سەلىمنى كۆرۈۋاتقاندۇ؟ بىر چاغلاردا سەلىمنى سۆيگەن ھال رەڭ لەۋلىرى نېمىلەرنىدۇر دەپ پىچىرلاۋاتقاندۇ!...

سەلىم شېرىن خىياللار يەلكىنىدە پەقەت بىردەملىكلا ئۆزەتتى. ئۇنىڭ بۇ تاتلىق ئەسلىمىلىرىنى مەكتەپتە يۈز بېرىۋاتقان ۋەھىمىلەر گويا بوراندەك ئۇچۇرۇپ كېتەتتى. ھەر شەنبە قويۇپ بېرىلگەن بالىلار يەكشەنبە قايتىپ كەلگەندە، بىر يىغلىق كۆتۈرۈپ كېلەتتى:

— ۋاي ئانىكام، چۆگۈننى گەپ قىلدۇرىدىكەن...

— قەستىنى قەستلىگەن ئادەمنىڭ ئۆزىگە ياندۇرىدىكەن... ئوقۇغۇچىلارغا تەسىر قىلغان ھەمدۇلنىڭ داخانلىقى بارا ـ بارا

سىنىپقا ئىقىپ كىرىپ، بىر ـ ئىككى قېتىم سەلىمنىڭ دەرسىدە سوئال تاشلاندى. سوئال بەرگەن ئوقۇغۇچى تېرىم قىشلىقىدىن كېلىدىغان سالچۇق ئىدى.

— مۇئەللىم، ئادەم نېمىدىن پەيدا بولغان؟

— بۇ ماتېماتىكىغا مۇناسىۋەتسىزغۇ.

— قادىر مۇئەللىمدىن سورىساق جاۋاب بەرمىدى.

سەلىم بىرھازا تېڭىرقاپ قالدى. جاۋاب بېرىش كېرەكمۇ، يوق؟ تېخى تونۇگۈنلا قادىر ھودۇققان ھالدا: ئۇلار جەننەت بىلەن دوزاخ بارمۇ؟ ... جىن ـ ئالۋاستى مەۋجۇتمۇ؟ ... دېگەندەك سوئاللارنى تاشلاۋاتىدۇ. ئاچچىقلاپ يېنىپ چىقتىم» دېگەنىدى. ئۇلارنى يەنە جاۋابسىز قالدۇرغاندا، نېمىدەپ ئويلاپ قالار ... بوپتۇ، يۈزەرەك بولسىمۇ چۈشەندۈرۈش كېرەك.

سەلىم بىر كىلىتكىلىق ھايۋانلارنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلارغا قەدەر بولغان تەدرىجىي تەرەققىيات، دەسلەپكى ياۋايى ئادەملەر ۋە ئىپتىدائىي جەمئىيەت توغرىسىدا ئۇلارغا ئاددىي، ئىخچام قىلىپ سۆزلەپ بەردى. سىنىپ ئىچى بىردىنلا ئادەم يوقتەك تىمتاسچىلىققا چۆككەنىدى.

سەلىم سىنىپتىن قايتىپ چىققاندا، قادىر دېرىزە ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ تاقەتسىزلەنگەنلىكىدىن سەلىمنىڭ قولىنى تۇتتى ـ دە، «ھەي ...» دېگىنىچە ئىشخانىغا ئەكىردى.

— قاراڭا سىزنى، بىر كاشىلىنىڭ قۇيرۇقى ئۈزۈلگۈچە يەنە بىر كاشىلا پەيدا قىلدىڭىز، — دېدى قادىر چېچىلىپ، — نېمىشقا بۇلارنى سۆزلەپ يۈرىسىز، بىلمەيمەن دېسىڭىز پۈتمىدىمۇ؟!

— بىلمەيمەن؟ — سەلىم ھەيران بولدى ۋە كۈلۈۋەتتى، — ئوقۇتقۇچىنىڭ ۋەزىپىسى ئوقۇغۇچىغا بىلمىگەننى بىلدۈرۈشقۇ.

— قاراڭ، نادانلىقىڭىزنى، سالچۇق ئاشۇنداق سوئال سورايدىغان بالىما؟ ئۇنىڭ دادىسى زاكىر غوجا ھەمدۇلنىڭ مۇرىتى، ئۇنىڭغا قول بەرگەن زاھىت!

— ھە، بۇ گەپچە! !...

— گەپ شۇ يەردە، ھەي ... قاپقانغا دەسسىدۇق. قاراپ تۇرۇپ قاپقانغا دەسسىدۇق، سىززە ...

قادىرنىڭ پەرىزى مۆلچەردىكىدىن ئېشىپ چۈشتى.

شەنبە كۈنى بالىلارنى قويۇپ بېرىش ئالدىدا، سەلىم يىللىق ئىمتىھانغا ئىككى ھەپتىلا ۋاقىت قالغانلىقىنى، ھەرقايسى پەنلەردىن چىقىرىلغان سوئاللار بويىچە تەكرار باشلىنىدىغانلىقىنى، ئارىلىقتا ئۆيگە قويۇپ بېرىلمەيدىغانلىقىنى ئوقۇغۇچىلارغا ئۇقتۇردى.

ئوقۇغۇچىلار قايتتى، ئەمما يەكشەنبە كۈنى تولۇق قايتمىدى. سەلىم سەيشەنبە كۈنىگە قەدەر يولغا قارىغان بولسىمۇ، كەلگەنلەرنىڭ سانى يىگىرمىدىن ئاشمىدى. ئۇ ئىنتايىن تەقەززا بولدى ۋە قولى زادى ئىشقا بارمىدى. ھازىر داۋۇت يوق، چارۋىدا ماڭقا كېسىلى پەيدا بولغانىدى، يۇقىرىدىن تۈز ھەل قىلىش ئۈچۈن كېتىپ قالغان، ئۇنىڭ قاچانلاردا كېلىشى نائېنىق...

ئىشخانىغا ژۇرنال قولتۇقلاپ قادىر كىرىپ كەلدى. ئۇ سەلىمنىڭ بىتاقەتلىكتىن سارغايغان چىرايىنى كۆرۈپ ئىچىندى. ئامال قانچە، چىچىلغان تېرىقنى تېرىۋېلىشقا بولىدۇ، لېكىن ئېغىزدىن چىققان گەپ ئېتىلغان ئوق - دە!

— قادىر ئاكا، مەن ھازىردىن باشلاپ بالا يىغىشقا ماڭىمەن.

— نېمە، بالا يىغىشقا؟ بولمايدۇ ...

قادىر چۆچۈپ سەلىمگە قارىدى. چۈنكى، ھازىر يايلاقلاردا تارقالغان سۆزلەردىن سەلىمنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى. قادىر يەنىلا ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ئۈندىمىدى. لېكىن، سەلىم ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، قادىر چېچىلىپ كەتتى:

— سەلىم، سىنىپتىكى پارتىلارغا دەرس ئۆتسەڭ ئۆتەيلى، ئەمدى بارماڭ، ھازىر يايلاقلاردىكى پىتنە - پاساتتىن سىزنىڭ خەۋىرىڭىز يوق ...

— بىلىمەن، «ئوقۇغۇچىلارغا كاپىرلىق تەربىيىسى بەردى» دېيىشىدىغاندۇ؟

— شۇنىڭ بىلەن كۇپايە قىلسا مەيلىدىغۇ ... ھەي ...

قورقۇنچلۇق گەپلەر جىق ...

— يەنە قانداق قورقۇنچلۇق گەپلەر ؟ — دېدى سەلىم . لېكىن ، ئۇ قادىرنىڭ جىم تۇرغىنىغا قاراپ جىملە بولۇپ ۋارقىرىۋەتتى ، — ئېيتمامسىز ؟ جېنىمنى جەھەننەمگە تاشلىسىمۇ ...

— ئۇلار ... «كاپىر ئەپەندىنى قوغلاش كېرەك» ، «ئات ئىزى دېگەن ئوقۇشنى ئۆتكەن ئەپەندىنى چالما ـ كېسەك قىلايلى» دېيىشىۋاتسا .

— «ئات ئىزى» دېگىنى نېمىسكەن ؟

— «ئاتېئىزم» دېگىنى ئوخشايدۇ .

سەلىم ئويلىنىپ قالدى . باللارغا ئاتېئىزم تەربىيىسى ئۆتمىگەنلىكى ئېنىق . پەقەت ئادەتتىكى سوئالغا جاۋاب بەرگەن . لېكىن ، ساددا چارۋىچىلار ، ھەتتا ھەمدۇلمۇ «ئاتېئىزم» دېگەن ئاتالغۇنى نەدىن بىلىدۇ ؟ ئۇلارغا كىم ئۆگىتىپ قويغان ؟ ...

— ھەيران بولۇۋاتىمەن ، — دېدى قادىر ، — «ئاتېئىزم» دېگەن گەپنى ئۇلار نەدىن ئاڭلىۋالغان ؟ ...

— مەن بارىمەن ، — دېدى سەلىم جىددىي ھالدا ، — ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئۇلارغا چۈشەندۈرىمەن ، ئۇلارمۇ ئادەمغۇ ؟

— تاش گەپ ئاڭلىسا ئاڭلايدۇكى ، بۇ جاھىل تاغلىقلار گەپ ئاڭلىمايدۇ ... ھەتتا ئۇلار داۋۇت بىلەن ھەمدۇلنىڭ ئوتتۇرىسىدا كونا ئاداۋەت بولغاچقا ، «داۋۇت خۇسۇمەت قىلىپ موللامنىڭ ئۇستىدىن گەپ تاپتى» دەپ بايىزنىڭ كېلىنى بىلەن بولغان ئىشنىمۇ ئاقلاۋاتسا !...

سەلىم شۇ كۈنلا ئىدىرىس توقۇپ بەرگەن ئاتنى مىنىپ چىقىپ كەتتى . خۇددى «ئالتۇنغا يېقىن يۇرسەڭ ، چېكى يۇقىدۇ» دېگەندەك ، تاغلىقلارنىڭ قورقماس ، قارام ، مەرد ، لېكىن جاھىل مىجەزى سەلىمگىمۇ تەسىرىنى كۆرسەتكەندى . ئۇ ئېتىنى جاھىللىق بىلەن قامچىلايتتى .

سەلىم بىر كۈن ئىچىدە قوشنا يايلاقلاردىن ئىككىنى ئايلىنىپ

چىققان بولسىمۇ ، ھېچقانداق كىشى ئۇنى ئۆيىگە كىرگۈزمىدى . ئۇ ياغاچ قاشالىق قورۇلارغا ، چېچەكلىرى ئېچىلغان پاختىدەك كۆرۈنىدىغان ئازغانلار بىلەن قورشالغان ھويلىلارغا يېقىنلاشقاندا ، ئۆي ئىگىلىرى غىپپىدە ئۆيىگە كىرىپ كېتەتتى ياكى ئۇنىڭغا تىل سالاتتى . سەلىم قاراڭغۇ چۈشكەندە ، ئومشا يايلىقىدىكى ھەمىشۋاننىڭ ئۆيىگە يېتىپ باردى . ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ ، ھويلا ئىچىگە كىرەلمىگەندىن كېيىن ، چىلە پۇراپ تۇرغان قوتانغا يامىشىپ چىقتى .

— ھوي كىمسەن ؟ — دېگەن خىرقىراق ئاۋازدىن كېيىن ، چاپىنىنى يېپىنچاقلىۋالغان كوسا ئادەم ئۆيدىن چىقىپ كەلدى ، — ھە ، سەنمىدىڭ ، چۈش قوتاندىن ، كىم دەپتىمەنيا ، بۇ خوتۇن تالاق كاپىرنى ...

سەلىم غىققىدە بولۇپ قالدى . ئۇ نە گەپ قىلىشنى ، نە قايتىپ كېتىشنى بىلمەي تۇراتتى ...

— تاغا ، مەن ...

— تاغاڭنى تېپىپ ، تاغا دە ، — دېدى كوسا ئادەم يەرگە تۈكۈرۈپ ۋە غودۇڭشىغانچە ئۆيىگە ماڭدى ، — ۋۇي مايمۇننى ئانام ، ئېيىقنى دادام دەيدىغان كاپىر ...

قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى . سەلىم نەگە بېرىپ ، نەدە تۈرۈشنى بىلمىگەن ھالدا ئېتىنى يېتىلەپ ماڭدى . ئۇ قانچىلىك يول ماڭغىنىنى ۋە تاشلارغا قانچە قېتىم پۇتلاشقانلىقىنى بىلمەيتتى . ئەتىگەندىن بېرى قاترىغان ئات چۇلۇۋۇرنى پات - پات سىلكىپ يوللاردىن ئوت يالمايتتى . سەلىم ئاتنىڭ ئېغىزدۇرۇقىنى كاراسلىتىپ ئوت چايناۋاتقانلىقىنى سەزگەندىلا ، ئاندىن ئۆزىنىڭمۇ ئەتىگەندىن بېرى ھېچنېمە يېمىگەنلىكىنى بىلدى . ئۇ تاغ ئارىلىقلىرىدىكى چىغىر يولنى تاشلاپ ، بىر پارچە يالاڭلىقتىكى يۇلغۇنلۇققا چىقىپ قالدى . قارنى ئېچىپ تارتىلىپ تۆشىغىرلىرى بوشاپ قالغان ئات سەلىمنى ئىختىيارسىز يۇلغۇنلۇققا سۆرەپ كىردى .

كېچە تولىمۇ قاراڭغۇ ئىدى . تاغ ئارىلىقلىرىدىكى چوقچايغان قورام تاشلار ، بوراندا سۇنغان تاغ تېرەكلىرى ، توپ ـ توپ چاققاق ئوتلار ، شاخاراپ كەتكەن سۆتلىگەنلەر قاراڭغۇ تىقىلغان قاپتاللاردا گويا چۆچەكلەردىكى دۆ ـ پېرى ، يەتتە باشلىق يالماۋۇزلاردەك سۈرلۈك شەكىللەر پەيدا قىلىپ ، ئادەمنىڭ تېنىنى ئەيمەندۈرەتتى .

ئاچىلىق ، هارغىنلىق ، ئاچچىق تىل ـ ئاھانەتلەر هالىدىن كەتكۈزگەن سەلىم قارايغان تاغ چوققىلىرىغا ، تىك چېقىل ئارىلىقلىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان كۆكۈچ ئاسمان روجەكلىرىگە ئېغىر نەزەر بىلەن باقتى . تۈن باغرىدىكى يوللار كۆرۈنمەيتتى ··· مەكتەپ قاتمۇقات تاغلار ئارقىسىدا قالغانىدى ··· شۇڭا ، مۇشۇ قوتاز قۇيرۇقىدەك پاخپايغان يۇلغۇنلۇقتا بىر كېچە تۈنەش ئۇنىڭ بېشىغا كەلدى .

سەلىم ئاتنىڭ ئېگەر ـ جابدۇقلىرىنى چۇشۇرۇۋەتمەكچى بولدىيۇ ، ئالىمادىس بىرەر ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرەپ چۇلۇۋۇرىنى يۇلغۇن غولىغا باغلىدى ۋە بىر قۇچاق شاخ ـ شۇمبىلارنى ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلاپ ، ئېغىزدۇرۇقىنى چىقىرىۋەتتى .

ئات پات ـ پات پۇشقۇرۇپ قويۇپ ئوتقا تۇتۇندى . سەلىممۇ قاچاندۇر قويچىلار ئوت قالاپ چارلاشتۇرۇۋەتكەن يۇلغۇن غولىغا يۆلەندى . ئۇ ئەتىگەن ئېلىۋالغان نېنىنىڭ يېرىمىنى ئەتىگە قالدۇرۇپ ، قالغىنىنى قۇرۇقلا چايناشقا باشلىدى .

تاغ چوققىسىغا قونغان ئاي گويا ئۆزىگە ئوخشاش يالغۇز ھەمراھسىنى تاپقاندەك ئۇنىڭغا يانتۇ قارايتتى . يىراق ، بەكمۇ يىراقلاردىن ئىتلارنىڭ قاۋىغان ئاۋازلىرى خۇددى يەر تېگىدىن كېلىۋاتقاندەك ئاڭلىناتتى . ئۇنىڭ ئايىغى تېگىدىلا نېمىدۇر شىتىرلىدى ـ دە ، لىپ قىلىپ بىر كۆلەڭگە ئۆتكەندەك بولدى . بەلكىم بۇ قويۇق چاتقالنىڭ كونا ھەمراھى — ياۋا توشقان بولسا كېرەك ، ئۇ ئۇركۇپ قاچقاندا ، يۇلغۇنلار ئارىسىدىن قانداقتۇر بىر قۇش ئۇيقۇلۇق چۇرۇقلىدى .

تاغ ئاسمىنىنى ئۇنچە ـ مەرۋايىت چاچقاندەك يۇلتۇزلار

قاپلىدى . تۇننىڭ سوغۇق شاملى سەلىمنىڭ دولىسىنى قورۇپ ، تىترىتىشكە باشلىدى . ئۇنىڭ كونا يۈتلى سەمەننى ئەسكە سېلىپ ، يەنە قوزغالدى .

سەلىم قايغۇ - ئەلەملىرىنى بىردەملىك بولسىمۇ ئۇنتۇش ئۈچۈن ، گۈلنار ۋە ئۇنىڭ جاننى سۆيۈندۈرىدىغان ئەركىلەشلىرى ، ئوقۇغان مەكتىپى ، ئاپتوموبىللار ئۈزۈلمەي ئۆتۈپ تۇرغان شەھەر ، ھەرخىل پاسوندا كىيىنىۋالغان قىز - يىگىتلەر ، دوستلىرى ، ئۇستازلىرى توغرىسىدىكى خاتىرىلەرنى ئەسلەشكە ئۇرۇنۇپ كۆردى ، لېكىن ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا يۈرەكنى زېدە قىلىدىغان كۆڭۈلسىز ۋەقلەر كېلىپ باستى .

زەڭگەر بۇلاقتىكى چولپان ۋەقەسىنىڭ قۇيرۇقى ئۈزۈلمەستىنلا سالچۇقتا گەپ ئۆگىتىپ «ئاتېئىزم»نى كۆتۈرۈپ چىققىشتى . بۇنىڭ ئاخىرى يەنە قانداق كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئەكېلەر ؟... تېخى سەرۋەر دورا ئېلىپ قايتقان كېچىسى ئۇنىڭ ئالدىنى پىچاق كۆتۈرۈپ توسۇش ۋەقەسىچۇ ! ... سەلىم داۋۇتنىڭ بۇ ۋەقە توغرىسىدىكى پەرەزلىرىنى ئاڭلىغاندا ، غەزەپتىن ئېتىلىپ كەتكۈدەك بولدى . نېمىدېگەن زەھەرخەندىلىك ! نېمىدېگەن سۇيىقەست - ھە !...

داۋۇت توغرا پەرەز قىلغان . ھەمدۇل سەلىم ئۇستىدىن ھەرخىل ئىغۋالارنى تېرىپ سەرۋەرنى ئېلىش نىيىتىگە يېتەلمىگەندىن كېيىن ، پەيلىنى بۇزغان ئۇ كېچىلەپماراپ سەرۋەر زەڭگەر بۇلاققا سۇغا ماڭغاندا ياكى بىرەر سەۋەب بىلەن سىرتقا چىققاندا ، ئۇنىڭ نومۇسىغا تېگىپ ، ئوغرىلانغان شەپكىنى تاشلاپ قويۇش ئارقىلىق جىنايەتنى سەلىمگە ئارتىپ قويماقچى بولغان . ئۇ چاغدا سەلىم تاغدىن قوغلىنىدۇ ، نومۇسى دەپسەندە قىلىنغان سەرۋەرگە ھېچكىم خېرىدار بولمايدۇ ... ھازىرلىخان بولسا ئۇنى ئىككى قوللاپ ھەمدۇلنىڭ ئېتىكىگە سېلىپ بېرىدۇ ...

داۋۇت بۇ ۋەقەنى ئېنىقلاش ئۈچۈن تاساي يايلىقىغا بېرىپ ، بايىزدىن ئۇ مەكتەپكە بېسىپ كىرگەن كۈنى قايتىپ كەلگەندە ،

ھەمدۇلنىڭ ئۆيىدە بار ـ يوقلۇقىنى سورۇشتە قىلدى . بايىزمۇ موللامنىڭ شۇ كۈنى سەھەردە پەيدا بولغانلىقىنى ، «مازار بېشىدا ئەرۋاھلارغا ئاتاپ تىلاۋەت قىلىپ» كەلدىم ، دېگەنلىكىنى ئېيتتى .

يۇلغۇن غولىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ سەلىمنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى . لېكىن ، ھايال بولمايلا : «موما ، موما» دېگىنىچە جۆيلۈپ ئويغىنىپ كەتتى ۋە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قارىدى . ئۇ چۈشىدە مومىسىنى ئاشكارا كۆرگەنىدى .

سەلىم كېچىنىڭ تاغ ئېغىزلىرىدىن ئۇرۇپ تۇرغان سوغۇق شامىلىدا دۈگدىيىپ يۇلغۇن غولىغا يۆلەندى . ئۇ ئوقۇتقۇچىلىق نەقەدەر جاپالىق ، مۇشكۈل ئىش ـ ھە ، دەپ ئويلايتتى . بىردىنلا كۆز ئالدىدا دادىسى قۇربان ئايان بولدى .

«ئوغلۇم ، ئوقۇتقۇچى — ھەسەل ھەرىسى ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەجرى بىلەن يىغقان نېمەتلىرىنى باشقىلارنىڭ قەلبىگە قۇيىدۇ ... ئوقۇتقۇچى — مېھىر بۇلىقى ، ئۇ تەشنا يۈرەكلەرنى قاندۇرىدۇ ... ئوقۇتقۇچى باھار يامغۇرىدەك تامچە ـ تامچە شىرنىلىرى ئارقىلىق يۇمران نوتا ، ياش مايسىلارغا جان ئاتا قىلىدۇ ... »

مانا بۇ قۇربان مۇئەللىمنىڭ ئۆلۈش ئالدىدا ئېيتقانلىرى ئىدى . سەلىم دادىسىنى ، قېرىغىنىدا ئوغلىنىڭ دەرد ـ پىراقىنى تارتىپ خورلۇق بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن مومىسىنى ، ئېسىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن ئانىسىنى ، قوشتوغراقنىڭ ياۋا قومۇش قاپلىغان چۆللىرىدە ئۆزىگە ئاتا بولغان ئەزىز مۇدىرنى ، دومچەيگەن دۆڭلۈكلەر ئارا دادىسىنىڭ ئىزناسىمۇ قالمىغان يالغۇز ، غېرىب قەبرىسىنى ئەسلىدى . ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قىزىل يۇلغۇن چېچەكلىرىدىن تۆكۈلگەن شەبنەمدەك كۆز ياشلىرى تۆكۈلۈپ چۈشۈشكە باشلىدى ...

# توققۇزىنچى باب

# زۇلمەتلىك يىللار

ھۆرمەتلىك كىتابخان ! سەلىم ئاشۇ سۇرلۇك ، قاپقاراڭغۇ تاغ جىلغىسىدىكى يۇلغۇنلۇقتا بىر كىچە تۈنەگەچ تۇرسۇن ··· مەن سىزنى زۇلمەتلىك ، بوران ـ چاپقۇنلۇق ، ئاپەتلىك يىللار قوينىغا ئەكىتەي ! ئەگەر ئاشۇ ئۆزىمىز بىلەن ئۆزىمىز ئىتتەك تالاشقان قانلىق دەۋرنى كۆرگەن بولسىڭىز ، دوستلىرىڭىزنىڭ ، قوۋم ـ قېرىنداشلىرىڭىزنىڭ ، ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ باشلىرىغا كەلگەن بالايىئاپەتنى يەنە بىر ئەسلەپ قالارسىز ··· ئەگەر ئۇ يىللارنى كۆرۈشكە نېسىپ بولمىغان بولسا ، شۇ دەۋر ئەۋلادىنىڭ ، بولۇپمۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ، ئادەم تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان ئاق تېررورلۇقنى (گەرچە يازغىنىم دېڭىزنىڭ تامچىسى بولسىمۇ ) سىزمۇ بىلىپ قېلىڭ !···

سەلىم تۇغۇلۇپ ئۈچ ياشقا كىرگەن چاغدا جانجان ئانا تۇپرىقىمىزنىڭ ئاسمىنىدا قارا بۇلۇتلار پەيدا بولۇپ ، زىيالىيلار تائىپىسىگە ئۇششۇك تەگكەنىدى . مانا بۇ ئۇششۇك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى قۇربانىنىمۇ ئالا قويمىدى . 1958 ـ يىلى كەڭ ئېچىلىپ سايراشتا ئۇنى تۇتۇپ كېتىشتى ···

سەلىمنىڭ ئانىسى بارار ـ تۇرار يېرى يوق يېتىم قىز بولغاچقا ، ئوغلىنى كۆتۈرۈپ ، قۇربانىنىڭ يېزىدىكى ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئەكەتتى . باراڭلىق ھويلا يىغا ـ زارغا تولدى ··· موماي نەۋرىسىنى باغرىغا بېسىپ ، مەڭزىلىرىدىن سۆيدى ···

مانا شۇنىڭدىن باشلاپ سەلىم مومىسىنىڭ قوينىدا پۇشۇلداپ ئۇخلايدىغان ، كۈندۈزلىرى ئۇنىڭ ئېتىكىدىن تۇتۇۋېلىپ زادىلا

ئـايـرىلمايدىغان بولدى . ئانىسى رابىگۇل بولسا ، يېرىم كېچىدە دولقۇنغا چىقىپ كېتىپ ، كۈن كۆتۈرۈلگەندە ئەتىگەنلىك تاماققا كـېـلـەتـتـى . ئۇ كېلىپلا بىلىكىنى قىپقىزىل بويىۋەتكەن تامغا ئىزلىرىنى ساناشقا باشلايتتى .

— قارىغا ئانا ، — دېدى رابىگۇل بىلىكىدىكى «ئەخمەت» دەپ بېسىلغان تامغىلارنى كۆرسىتىپ ، — ئەخمەتئاخۇن شياۋدۇيجاڭ دەپتىرىگە ئاتمىش يۇدۇم قىغ دەپ يېزىۋىدى ، ساناپ باقسام تامغا يەتمىش بىر يەرگە بېسىلىپتۇ ، ئون بىر يۇدۇم قىغنى كەم يېزىپتۇ .

— بوپتۇ بالام ، بىرەر ـ ئىككى نومۇر كەم ئالسىڭىز كارايىتى چاغلىق ، كۆڭلۈڭنىڭ تىنچلىقى ياخشى .

مومايىنىڭ بۇ سۆزىدە بىر يوشۇرۇن مەنە بارلىقىنى رابىگۇلمۇ سـېـزەتـتـى . چۈنكى ، ئۇ ئەترەتتە ئىشلەۋاتقان كۈنلەردىن بېرى ئـەخـمـەتـئـاخـۇن ئـىـكـكـى جاۋغىيى ئەتراپىدا قانات يايغان ئالا بـۇرۇتـلـىـرىـنـى سىلاپ ، رابىگۇلنىڭ سۈت ئالمىدەك بېجىرىم چىرايىغا ، شەھەر پاسونىدىكى لىپتىكلىك كۆكسىگە ، سىلىق ۋە ئـاپـئـاق بـىـلەكلىرىگە ئاچ كۆزلۈك بىلەن قارايدىغان ، يوغان ، سـاپـسـېـرىـق ئـاراچ چـىـشـلـىـرىـنى كۆرسىتىپ ھىجىيىدىغان بولۇۋالغانىدى .

كـۈنـلـەر ئۆتكەنسېرى موماي كېلىنىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە سـولـىـشـىـۋاتقانلىقىنى بايقىدى . ئۇ پات ـ پاتلا ئۇنىڭ يىغىدىن قـىـزىـرىـپ كـەتكەن كۆزلىرىنى كۆرىدىغان بولدى . بىر كۈنى رابـىـگـۈلنى ئېتىز ئۈستىدە كۈرەش قىلىنىۋاتىدۇ ، دېگەن گەپنى ئاڭلىغان موماي نەۋرىسىنى ھاپاش قىلىپ يېتىپ باردى . ئۇ ئاق تـوپـىـلاڭدا ئولتۇرۇشقان بىر توپ ئەزالار ئوتتۇرىسىدا بوينىنى ئـېـگـىـپ ، مىچىلداپ يىغلاپ تۇرغان كېلىنىنى كۆرۈش بىلەن سۆزلەۋاتقان شياۋدۇيجاڭنىڭ ئاياغلىرىغا يىقىلدى .

— جـېـنـىـم شياۋدۇيجاڭ ، ئالتۇن ئەخمەتئاخۇن ، بۇنىڭدىن كېيىن رابىگۇل ئىشقا كېچىكمىسۇن ، ۋەزىپىسىنى ئورۇندىسۇن ، ئۇنىڭغا رەھىم قىلسىلا ، بالام !

— بىلىپ قويۇش ، — دېدى ئەخمەت مومىسى بىلەن تەڭلا پۇتلىرىغا يېپىشقۇالغان سەلىمنى ئىتتىرىۋېتىپ ، — سەنلەر يەرلىك مىللەتچى دېگەن قالپىقنى ئۇنتۇپ قىلىشما ، موللىمۇشۇكتەك قۇيرۇقۇڭنى قىسىپ ، نېمە دېسەم ماقۇل دېيىش !...

— خوش ، خوش ... — دېدى موماي توپىدىلا تىزلىنىپ .

— سەن قېرىنىمۇ ، — دېدى ئەخمەت بىگىز قولىنى مومايغا تەڭلەپ ، — بۇنىڭدىن كېيىن خامان بېقىشقا ، قۇشقاچ قورۇشقا قويۇشقا بولمايدۇ . ئەتىدىن باشلاپ ئەترەت تەشكىلىگە بار .

ئەتىسى موماي ئەترەت تەشكىلىگە ، رابىگۈل يۈك - تاقلىرىنى كۆتۈرۈپ «ياپىلاق» بوز يەر مەيدانىغا ماڭدى . ئەخمەت بىر ئايمۇ ئۆتمەي «ياپىلاق»قا ئادەم ئەۋەتىپ رابىگۈلنى قايتۇرۇپ كەلدى - دە ، بىرنەچچە ئەزاغا قېتىپ ، ئۆزىمۇ ئۇلارغا قېتىلىپ «قۇمتۇغ» دەريا ئەمگىكىگە كەتتى . ئەزالار بىلەن ئەمگەكتە ، يېتىپ - قوپۇشتا ، تاماقتا بىللە بولغان رابىگۈل ئىككى ھەپتە بولغاندا قايتىپ كەلدى .

قوناقلارغا ئاخىرقى سۇ ئېلىنىۋاتقان كۈز كۈنلىرى ئىدى . ئەخمەت رابىگۈلنى ھىزباغ يارلىقىدىكى ئون بىر مو قوناقلىقنى سۇغىرىشقا ئەۋەتتى . ئەسلىدە زىرائەتلەرنى سۇغىرىش ، يەر ئۆرۈش ، قىغ چىقىرىشتەك ئىشلار ئەرلەرنىڭ ئىشى ئىدى . رابىگۈل ئەل ياتقۇ بىلەنلا چاچلىرى چۇۋۇلغان ، ئۆزى لايغا مىلەنگەن ھالدا قايتىپ كەلدى . موماي ئۇنىڭ تاتارغان يۈزىگە ، بىسەرەمجان كۆزلىرىگە قاراپ قورقۇپ كەتتى .

— نېمە بولدىلا قىزىم ، چىرايلىرى ئۆمسۈرۈنلىغۇ ؟

— ھېچنېمە ئانا ، ھارغان ئوخشايمەن ...

— بالدۇرراق ياتسىلا قىزىم ، ئالا كېچىدە دولقۇنغا داڭ ئۇرىدۇ .

— ئانا ، — دېدى رابىگۈل ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ئاھۇزارىنى بىلىندۇرمەسلىككە تىرىشىپ ، — بۈگۈن كېچە

سەلىمنى قوچاقلاپ يىتىۋالسام …

— نېمە دەۋاتىلا قىزىم، — دېدى موماي يۈرىكى بىردىنلا ئېغىپ.

— ياق ئانا، باشقىچە ئويلاپ قالمىسىلا، — دېدى رابىگۈل غەلىتىلا كۈلۈپ، — ئەتە ـ ئۆگۈن ئۆستەڭ قورۇلۇشىغا ماڭغۇدەكمىز …

ئوغلى سەلىمنى بىر كېچە باغرىغا تېڭىپ ياتقان ياش ئانا ئەتىسى ئەتىگەندە ئەترەت تەشكىلى ئالدىدىكى تەتۈر سۆگەتتە ئېسىلىپ تۇراتتى …

مومايىنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن يەرلىك مىللەتچىنىڭ ئانىسى دېگەن قالپاق ئۇنى يەككە ـ يېگانە، تەنھا ياشاشقا نېسىپ قىلغانىدى. بۇ قالپاقنىڭ تۈگىمەس ـ پۈتمەس تاپا ـ تەنىسىگە چاق تويغان، قايغۇ ـ ھەسرەتلىك زەرداپ سۈيىنى تويغۇچە ئىچكەن رابىگۈل ئاخىر ياش ھاياتىغا خاتىمە بەرگەنىدى. ئەمدى مومايىنىڭ بىردىنبىر كۆڭۈل خۇشلۇقى، ئوغلىنىڭ ۋە كېلىنىنىڭ ئۆتىنى باسىدىغان ئەرمىكى سەلىم بولۇپ قالغانىدى. ئۇ نەۋرىسىنى بوينىدىكى تۇماردەك ئەتىۋارلاپ دۈمبىسىگە چاپلاپ يۈرەتتى.

موماي خۇدانىڭ كۈنى سەھەر تۇرۇپ ئەترەت تەشكىلىگە يېتىپ كېلەتتى ـ دە، مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ، ئەترەتنىڭ ئارغامچا ئېشىدىغان بوز يىپلىرىنى، گىلەم توقۇيدىغان يۇڭلىرىنى ئېگىرەتتى. ئوغلى قۇربان بار چېغىدا ئۇنىڭ خۇنۇك كۆزلىرى شام چىراغتەك يېنىپ تۇراتتى. چىت كۆڭلەك ئىچىدە زەئىپ ئۇرۇۋاتقان يۈرىكى بولسا پۈتۈن ئىدى. ھازىر خۇددى ئوت قېلىپىغا چۈشكەن ئەلگەك تاختىسىدەك ئېگىلىپلا قالدى. مەشۇتتەك يۇمشاق چاچلىرى سۇۋارى ئاقاردى.

سەلىم يەتتە ياشقا كىرەر ـ كىرمەيلا يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئالدىغا بېرىۋالىدىغان بولدى. موماي ئۇنى نەچچە قېتىم سۆرەشتۈرۈپ، زار ـ زار يىغلىتىپ قايتۇرۇپ ئەكەلگەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ھەر كۈنى مەكتەپ قورۇسىنىڭ رېشاتكىسىغا

ئېسلىپ ، سىنىپنىڭ ئىشىكلىرى تۇۋىدە مۆگدەپ قالاتتى .

خەيرىيەت باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ياشانغان مۇئەللىمىنىڭ ياردىمى بىلەن سەلىم بىرىنچى سىنىپنىڭ ئەڭ ئالدىدىكى پارتىدىن ئورۇن ئالدى . موماي تولا چاغلاردا مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا قىسىماقتەك مۆكچىيىپ ئولتۇرۇپ كۈتۈپ سەلىمنى بىللە ئەكېتەتتى . ئۇ دەپتەر خالتىسىنى بوينىغا ئېسىۋالغان نەۋرىسىگە قاراپ ئىچىدە : «بوپتۇلا ، مۇشۇ كىچىك مەكتەپتە ئوقۇۋالسۇن ، كېيىنچە چىقىرىۋالامدىم ، ئوقۇغان ئادەمنىڭ كۆنى شۇ بولسا !» دەپ پىچىرلايتتى . سەلىمۇ دۇنيادا مۇشۇ كەم سۆز ، مۇلايىم ، دوڭغاق مومايدىن باشقا مېھرىبان ئادەم يوقتەك ئۇنىڭ يېنىدىن پەقەتلا ئايرىلالمايتتى . كېچىلىرى يېنىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ، كونا پاختا ، سېسىق يۇڭلارنى تىتىشىپ بېرەتتى . ئۇ بىر كۈنى پاختا ساۋاۋېتىپ :

— موما ، شياۋدۇيجاڭ سىزنى تىللىدىما ؟ باللار شۇنداق دەيدىغۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— مەيلى بالام ، بىركىم بىركىمنى بىھۇدە تىللىسا ، گۇناھىنى يۇدۇۋالىدۇ .

— ئۇلار بىزنى نېمىشقا تىللايدۇ ؟

— قالپىقىمىز بار ، بالام ...

— ئۇلار تالاشقاندىن كېيىن ، ئۇ قالپاقنى بېرىۋەتسىڭىز بولمامدۇ ؟

مومايىنىڭ كۆزلىرىدە غىل - غىل ياش ئەگىدى . دەرۋەقە روچىۋىندەك بولۇپ قالغان بۇ مومايىنىڭ ھېچكىمگە بىرەر زىيىنى تەگمىسىمۇ ، يەنىلا تىل - ئاھانەتتىن ، يەكلەشلەردىن خالىي ئەمەس ئىدى . مەسىلەن ، ئەزالار ئىشقا چىقمىسىمۇ ، ئېتىزلىقتىن بىرەر باشاق قوناق ياكى قاپاق يوقاپ كەتسىمۇ ، يىغىندا ئۇنىڭ ئېتىنى ئاتاپ تىللايتتى ۋە ئالدىغا ئاچىقىپ ئۆرە تۇرغۇزۇپ قوياتتى . مانا شۇنىڭ بىلەن سىنىپىي كۈرەش تۇتۇلۇپ ، ئەزالار غىڭ - پىڭ قىلماي ئىشقا ماڭاتتى . شۇڭا ، موماي شامۇ سەھەرلەردە جايناماز دا

ئولتۇرۇپ ، قاق سۆڭەك بولۇپ قالغان قاتمال قوللىرىنى كۆتۈرۈپ خۇدادىن كىشىلەرگە ئىنساپ تىلەيتتى …

كۈنلەر ئۆتكەنسېرى موماي يىگىلىگەن خەمەكتەك بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ ئەتىسى ـ ئاخشىمىغا كۆزى يەتمەيدىغان ، جايىنامازدىن قوللىرىغا تايىنىپ تەستە قوپىدىغان بولۇپ قالدى ، مەڭگۈ كەتمەيدىغان بىر بەلغەم ئۇنى خىرقىرىتاتتى . ئۇ خۇدادىن ئۆزىگە قارا يېتىم بولۇپ قالغان نەۋرىسىنى دادىسىغا تاپشۇرغۇچىلىك ئۆمۈر تىلەيتتى ، تۇنلەپ ـ تۇنلەپ جايىنامازنى ھۆل قىلاتتى ، تاڭلار ئاپئاق ئاتقۇچە كۆز ياشلىرىدا ياستۇقىنى يۇيايتتى . خۇدامۇ مومايىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدىكى تىلاۋىتىنى مەقبۇل ئەتتىمۇ ، ئىككى ئالەم شادلىقىغا تېگىشمەيدىغان بىر خۇشاللىق ئۇنى ھوشىدىن كەتكۈزدى . قىسقىسى ، زۇلمەتلىك كېچە بىلەن قۇياشلىق كۈندۈز ئالمىشىپ تۇرغىنىدەك ، ھەربىر قايغۇ ـ ھەسرەتتىن كېيىن شادلىق ، ھەربىر جاپالىق رىيازەتتىن كېيىن بىر مېۋە ، يۈرەكنى زارىقتۇرغان بىر جۇدالىقتىن كېيىن شېرىن ۋىسال بولىدۇ … سەلىم ئۈچىنچى سىنىپقا ئەلا كۆچكەن يىلى قۇربان مۇئەللىممۇ تۈرمىدىن چىقتى .

سەلىم دادىسىنى داۋاملىق ئۆزىنىڭ باشلانغۇچتىكى قېرى مۇئەللىمىدەك كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى . ئۇنىڭ دەپتەر ، قەلەم ، بور تۇتقاندىكى تىترىگەن قوللىرىغا ، باللارغا مۇلايىم قارايدىغان ، چاناقلىرىنى قورۇق بېسىپ كەتكەن كۆزلىرىگە قاراپ ، «مېنىڭ داداممۇ ئەنە شۇنداق» دەپ ھېس قىلاتتى . لېكىن ، ئۇ ئېگىز بوي ، ئورۇق ، تال ـ تال چاچلار چۇشۇپ تۇرغان كەڭ پېشانىلىرى تاتارغان ، ئات يۈزلۈك ئادەمنى كۆرۈپ مومىسىغا چاپلاشتى …

قۇربان مۇئەللىم تۈرمىدىن چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇنى مائارىپ ئىدارىسىگە چاقىرتتى . بېشىدا «يەرلىك مىللەتچى» قالپىقى بار ، يېتىلەككە كۆنۈك بۇ ياۋاش كالىنى قانداقلا ئىشقا سالسا بولاتتى . باشلىق ئۇنىڭغا : «باغچى گۇڭشې ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى كەمچىل ، شۇڭا ياللانما

ئوقۇتقۇچى قىلىپ بەلگىلىدۇق ، بۇ خىزمەتتىن سىرت ھەپتىدە بىرىم كۈن گۇڭشې بويىچە بارلىق باشلانغۇچ مەكتەپ مۇئەللىملىرىگە ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسىدىن دەرس ئۆتىسىز » دەپ ئۇقتۇردى .

بۇ خەۋەر ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان مومايىنى بىئارام قىلىۋەتتى . نەۋرىسى سەلىمنى قانداق قىلسام مەكتەپتىن چىقىرىپ ، مۇزدۇزلۇق ، ياغاچچىلىقمۇ ياكى كۆنچىلىكمۇ ، ئىشقىلىپ كۈننى ئالغۇدەك بىرەر ھۈنەرگە بېرىشنى نىيەت قىلىپ يۈرگەن مومايىنىڭ ئۈنى ئۈزۈنغچە ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى ... لېكىن ، ئۇ ئەترەتتە قالپىقى بارلارنىڭ كۆرۈۋاتقان كۈننى ئويلىغاندا ، يەنە ئىككى تايىن بولۇپ قالدى . بۇنداق ئارىسالدىلىق تاكى تىنىقى توختىمىغۇچە ئۇنىڭ كۆڭلىدىن كەتمىدى . موماي ئەمدىلا قىرو ئۇششۇكى چۈشۈۋاتقان بىر سەھەرلىكى جان ئۈزدى . ئۇ قۇربانىنىڭ قۇچىقىدا يېتىپ تۇرۇپ :

— بالام ، سەلىم يېتىمچىلىكتە ئاجىزراق چوڭ بولدى ، ئۇنى مۇئەللىم قىلغۇچى بولما ، سەن تارتقان ئازابلارنى ئۇ تارتالمايدۇ . مۇئەللىم دېگەن ئېگىز ئۆسكەن سەگە تېرەككەن ، بورانلار چىقسا ئەڭ ئاۋۋال ئۇنىڭغا تېگىدىكەن . مېنى گۆرۈمدە تىنچ ياتسۇن دېسەڭ ، ئۇنى ھەرگىز ئوقۇتما ، ھۈنەرگە بەر ! — دېدى .

سەلىم ھېلىھەم بۇ خاتىرىلەرنى گويا مانانلار ئارىسىدا قالغان يىراقتىكى يۇلتۇزدەك تۇتۇق ، چۈشىدىكىدەك غۇۋا كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ . پەقەت ئۇنىڭ يۇمران قەلبىدە تاشقا مۆھۈر باسقاندەك قالغان قارا ئىزلارنى مەدەنىيەت ئىنقىلابى قالدۇرغاندى .

سەلىم باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈش ئىمتىھانى بېرىۋاتقان مەزگىللەر ئىدى . شەرقتىن كۆتۈرۈلگەن قارا بوران شىددەت بىلەن نەرە تارتىپ پۈتۈن يەرنى قاپلىدى . دېڭ تو ، ۋۇ خەن ، لياۋ موشانى پىپەن قىلىش قويۇنى ئىلىم - مەرىپەت بۇلاقلىرىنى كۆمۈپ ، مەكتەپلەرنى چۆللۈككە ئايلاندۇردى . قەلەم ئىگىلىرى تەقىپ ئاستىغا ئېلىندى .

بىر كۈنى مەكتەپنىڭ بوغالتىرى ھۆشۈر قۇرباننى ئۆيگە چاقىردى . ھۆشۈر ئەسلى قۇربان بىلەن ئۇزۇن يىللىق ئاغىنە ھەم خىزمەتداش ئىدى . قۇربان شەھەردىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىشلەۋاتقان ۋاقىتتا ھۆشۈرمۇ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى ئىدى . 1958 ــ يىلىدىكى ھەرىكەتتە قۇربان قولغا ئېلىنغاندا ، ھۆشۈر «يەرلىك مىللەتچى» دېگەن قالپاق بىلەن باغچى ئوتتۇرا مەكتىپىگە ھەيدەلگەنىدى .

— بۇ قېتىمقى بوران ئەڭ ئالدى بىلەن يەنە ئىككىمىزگە كېلىدىغان بولدى ، — دېدى ھۆشۈر ، — چۈنكى ئىككىمىزنىڭ قاشقىمىز بار ـ دە .

— «خەي رۇينىڭ مەنسەپتىن قالدۇرۇلۇشى»نى ئېغىزغا ئېلىپ قىلىشتى ، ھەرىكەت شۇ گەپ بىلەن باشلىنىۋاتىدۇ ، بۇ گەپنىڭ تېگىدە بىر سىر بار ، — دېدى قۇربان ئېغىر خورسىنىپ .

— قانداق سىر ؟

— ھازىرچە بىرنېمە دېيىش تەس ، مەركىزىي كومىتېت ئىچىدە ئېغىر ئىختىلاپ بولسا كېرەك .

— ئۇنداقتا ، نەزەرىيە بىلەن شۇغۇللانغۇچى زىيالىيلار يەنە ئەدىپىنى يەيدىكەن ـ دە !

— ھازىرقى داغدۇغىدىن قارىغاندا ، بۇ ئەدەپلىنىش مۆلچەردىكىدىن ئېشىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن .

باغچى ئوتتۇرا مەكتەپتە يىللىق ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىش ، يەنە بىر تەرەپتىن پاش قىلىش ئۆگىنىشلىرى راسا قىزىپ ، مۇئەللىملەرگە قارا چېكىت قويۇلۇۋاتقان پەيتتە گۆڭشېنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار بوستان كەنتىگە ئورمىغا ماڭدى . يېرىم كۈن ئورما ئورۇش ، يېرىم كۈن ۋەھىمىلىك پاش قىلىش بولۇپ ، بۇ ئىش ئون كۈن داۋاملاشتى . ئون بىرىنچى كۈنى ئەتىگەندە ياغاچ دەرىخى تېگىدە ئۆتكۈزۈلگەن كۆرەش يىغىنىدا ئوقۇتقۇچىلار ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا تارتىپ چىقىرىلدى . مومىسى قازا قىلغاندىن بېرى دادىسىنىڭ سايىسىدەك بولۇپ قالغان

سەلىم دادىسى بىلەن بىللە دوڭغايتىپ قويۇلغان يىگىرمە سەككىز ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەڭ بېشىدا تۇراتتى . ئۇ قورقۇپ كەتكەنلىكىدىن قۇربانىنىڭ قولىغا چىڭ يېپىشىپ ، سۇ يېغى ئارىلاشتۇرۇلغان قازان قارىسىنى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يۈزىگە سۈۋاۋاتقان ھەمىدخان ۋە ئىمىن مۇئەللىملەرگە چەكچىيىپ قارايتتى . ئادەتتە مەكتەپ بويىچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىكرى ھەممىدىن كۆپ ، تەشكىللەش ، دەرس ئۆتۈش قابىلىيىتى يوق ، لېكىن ناۋايخانىدىن نان ئالسا داۋاملىق بىلىتىنى بەرمەيدىغان ، مەكتەپنىڭ يەل - يېمىش ، كۆكتاتلىرىنى پۇل تۆلىمەي ئەكېتىدىغان بۇ مۇئەللىملەرنىڭ بۈگۈن باشلىق بولۇپ قالغىنىغا ئۇنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى . ھەمىدخان بىلەن ئىمىن خىزمەتكە چىققىنىغا بىر يىلمۇ توشمىغان ئۈچ ئوقۇتقۇچى ۋە بىرقانچىلىغان چوڭ ئوقۇغۇچىلارنى ئارقىسىغا توپلاپ ، ئۇلارغا بۇيرۇق قىلاتتى ، بىرىنى قازان قارىسىغا ئەۋەتسە ، بىرىنى ئارغامچا ئەكەل دەيتتى ، يەنە بىرىگە گۈڭشېغا تېلېفون بېرىشنى جېكىلەيتتى .

بوستان يولىدا توپا - چاڭ ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى . دۇمباقلار ئىلگىرى - كېيىن گۇمبۇرلەپ ، ئالتە يۈزدەك ئوقۇغۇچى تىزىلىپ كەلمەكتە ئىدى . ئەڭ ئالدىدىكى ئىككى ئوقۇغۇچى قولى باغلانغان قۇربانىنى دوڭغايتىپ كېلەتتى . دادىسىغا سوڭدىشىپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان سەلىم توختىماي : «دادا ، دادا» دەپ ناله - پەرياد كۆتۈرۈپ ، قۇربانىنىڭ بويىندىكى تاختىغا قارايتتى . ئۇنى ھەر قېتىم دوڭغايتقاندا ، تاختىنىڭ گىرۋىكى ئاغزىغا تېگىپ كالپۇكلىرى قانىغان ۋە قان تاختىنى بويىۋەتكەنىدى . ئۇنىڭ ئارقىسىغا ھۇشۇر ، ئەزىز مۇدىر ، ئابدۇكېرىم مۇئەللىملەرنىمۇ باغلاپ ئېلىپ ماڭغان بولۇپ ، بويۇنلىرىدا تاختا بار ئىدى . قالغان تارتىپ چىقىرىلغان يىگىرمە تۆت ئوقۇتقۇچىنىڭ بويىنىغا تاختا ، كونا داس ، تۆشۈك لېگەنلەر ئېسىلغان بولۇپ ، يۈزلىرى قاپقارا بويالغاچقا ، كۆزلىرىنىڭ ئېقىلا چەكچىيىپ تۇراتتى .

ھەمىدخان ھەر قېتىم شوئار توۋلاپ بولۇپ «ۋاي جېنىم» دەپ

پچىرلاپ ، كۆپكۆك ئېگىزلاپ قالغان ساقىلىنى سىلاپ قوياتتى . تۆشۈكلىرىدىن شۇرقىراپ قۇم قۇيۇلۇۋاتقان سېتكىلىك بەتىنكىسىگە يالاڭلا سېپىۋالغان ئاياغلىرىنى قىسىپ دەسسەپ ، بەللىرىنى تولغاپ ئارقىسىغا قاراپ قوياتتى . ئىمىنىنىڭ بولسا ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن يېپىلمايدىغان يوغان كالپۇكلىرى يەر سۈپۈرىدىغاندەك ساڭگىلىغان ، ئالا گەدەنلىرى قىزارغان هالدا توپىنىڭ بىر ئالدىغا ، بىر كەينىگە يۈگۈرۈيتتى .

مەكتەپتە ئېلىپ بېرىلغان دەهشەتلىك كۈرەش ، سازايى قىلىش ، ئۇرۇش ـ قىيناش ئوقۇتقۇچىلارنى ئىت يېگەن تېرىدەك قىلىۋەتتى . ئىتتىپاق ياچپىكا ئۆيىنىڭ دېرىزىلىرى كېسەكلەر بىلەن ئېتىلىپ ، بۇ ئۆيگە قۇربان ، هۇشۇر ، ئەزىز مۇدىر ، ئابدۇكېرىملەر سولاندى . بۇ كۈنلەردە هەمىدخان بىلەن ئىمىن مەكتەپتىكى سىنىپ سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنى هەر كۈنى نەچچە قېتىم يىغىپ يىغىن ئاچاتتى . ئۇلارنىڭ تەكرارلايدىغىنى «مەيدانىڭلار مۇستەهكەم ، بايرىقىڭلار روشەن بولسۇن . ئارقىغا قارىتىپ نەيزە ئۇرۇڭلار ، سىلەر بولساڭلار سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى ، يەنە بىر يىلدىن كېيىن خىزمەتكە چىقىسىلەر ، باشلانغۇچ مەكتەپتە كۈندە بالا يىغىپ ، ئائىلىگە سۆهبەتكە بېرىپ جاپا چەككەن ياخشىمۇ ياكى ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىم بولغان ياخشىمۇ ؟ » دېگەندەك گەپلەر بولغاچقا ، بىرقىسىم ئوقۇغۇچىلار قورقۇپ ، ئۇلارنىڭ سىزىقىدىن چىقمايدىغان بولدى .

هەمىدخان جۇغراپىيە مۇئەللىمى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا هەر يىللىق دەرس ئۆزلەشتۈرۈشى ئون پىرسەنتتىن ئاشمايتتى . لېكىن ، ئۇنىڭ سىلىق ـ سىپايىلىكى ، قاپاقلىرىنى سۈزۈپ ، تۇمشۇقلىرىنى بىر چىرايلىق ئۈچلاپ (سۈرەتلىمەك بىر ئاز تەس بولۇۋاتىدۇ ) ، ئاۋازىنى تولىمۇ نازۇك چىقىرىپ (تېخى سۆز ئارىلىقلىرىدا «ۋىيەي جېنىم» دەپ بارمىقىنى چىشلەپ قويىدىغان ئادىتىمۇ بار ) سۆزلەشلىرى ، بىرقىسىملا دەسسەپ ، بەل تولغاشلىرى ، بىركىمگە مۇراجىئەت قىلغاندا «هوي ··· » دەپ

كېتىشلىرى ئۇنىڭغا «ئىككى تايىن» دېگەن لەقەمنى ئاتا قىلغان . بۇ لەقەم قىزىقچى ئابدۇكېرىمنىڭ بىر قېتىملىق ئولتۇرۇشتا ئېيتقان «خۇدايىم ھەممىدىن ئاشۇرالمىدى پەرىشتىلەر بىلەن بولغان پاراڭدا دىققىتى چېچىلىپ كېتىپ ‹ئىككى تايىن ›، يارىتىپ قويغان» دېگەن چاقچىقىدىن كەلگەن ۋە ئۇنىڭغا پىچىپ تىككەن كىيىمدەك سىڭىپلا قالغانىدى .

ئىمىننىڭ مەكتەپتە بەرمىگەن دەرسى ، قىلمىغان ئىشى يوق ئىدى . ئۇ ئوقۇغان ۋاقىتلىرىدا ئىجتىمائىي پەننى «قۇرۇق گەپ سېتىش» دەپ قىزىقماپتۇ ، تەبىئىي پەنلەرگە بولسا بېشى ئاغرىپتۇ . تازىلىق دېسە ئىچى پۇشۇپتۇ . شۇڭا ، بىر كۈنلەردە بېشى تولا قىچىشىدىغان بولۇپ قاپتۇ . قىچىشسا تاتىلاپتۇ ، تەلپىكىنى چۆكۈرۈپ كىيىپتۇ ، يەنە قىچىشسا يەنە تاتىلاپتۇ ، ئاخىر شاپاق يارىسى چىققان باھانە بولۇپتۇ ـ دە ، بېشىنى سۈۋارى قاقاچ باغلاپتۇ ... شۇنىڭدىن بېرى ئۇنى ئاغىنىلىرى ئىمىن «ئالا گەدەن» دەپ ئاتايدىغان بولۇپتۇ .

ئىمىن ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان يەتتە ـ سەككىز يىل ئىچىدە ھېچقانداق پەندىن دەرس ئۆتەلمىگەندىن كېيىن ، خوجىلىق بۆلۈم ئۇنى مەكتەپ كۆكتاتلىقىغا مەسئۇل قىلىپ قويدى ، ئۇ بۇنىمۇ قامداشتۇرالمىدى . تاماق ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قويدى ، نورمىسىز تاماقنى تولاپ يەپ ، ئېشى ئارتىپ جېنىدىن ئايرىلغىلى تاسلا قالدى . شۇڭا ، مۇدىر خوجىلىقتىكىلەرگە : «ئىمىن مەكتەپ مەيدانىغا ئوتۇن دۆۋىلەپ ئۈستىگە بىر تاۋاق پولۇ قويۇپ تۆت تەرەپتىن ئوت قويۇۋەتسە ، ئوتقا قارىماي پولۇغا يۈگۈرىدىغان نەرسە تۇرسا ، شۇنىمۇ ئاشخانىغا قويغان بارمۇ ؟» دەپ ئاچچىقلىدى . ئاخىر ئىلمىي مۇدىر ئۇنىڭغا بىرىنچى يىللىقلارنىڭ تەنتەربىيە دەرسىنى ئارتىپ قويغاندىن كېيىن ، قولاق تىنچىدى . ئۇ بالىلارغا توپنى تاشلاپ بېرىپ ، دەرەخ سايىسىدە ئالا گەدىنىنى قاشلاپ ئولتۇرىدىغان بولدى .

مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ بورانلىرى گەندە ئىچىگە كۆمۈلۈپ

قالغان بۇ ئىككى ئالتۇننى كولاپ چىقاردى . مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشى بويىچە ، 1966 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى پۈتۈن ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى شەھەردىكى مەشھۇر ساراي باشلانغۇچ مەكتەپكە توپلاندى . يۇك ـ تاقىنى يۇدۇۋالغان قۇربان ئۆزى بىلەن كىچە ـ كۈندۈز بىللە سولانغان ئوغلى سەلىمنى يېتىلەپ مەكتەپ ئىچىگە كىرگەندە ، هويلا ئىچىنى ئادەم تېنى ئەيمەنگۈدەك دەرىجىدە سۈر قاپلىغانىدى . گەرچە نۇرغۇنلىغان ئوقۇتقۇچىلار توپلانغان بولسىمۇ ، هەر يىلى ئېچىلىدىغان ئوقۇتقۇچىلار كۈرسىدىكىدەك ئۆزئارا هال ـ ئەھۋال سورىشىدىغان ، ئۇچرىشىش خۇشاللىقىدا قاقاقلاپ كۈلۈشىدىغان ئىشلاردىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى . هەممىلا ئادەم بىر ـ بىرىگە يات نەزەردە ئىشەنچسىز قارىشاتتى . سەلىم بىنا تاملىرى ، دەرەخلەر ، گار ياغاچلىرى ، ئىشىكلەرگە چاپلىنىپ كەتكەن «جىن ـ شەيتانلارنى تارتىپ چىقىرايلى» ، «دېڭ تو ، ۋۇ خەن ، لياۋ موشالارنىڭ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىدىكى گۇماشتىلىرىنى تازىلايلى !» ، «يوقالسۇن سېسىق توققۇزىنچىلار» دېگەن شوئارلارنى كۆرۈپ ، قورقىنىدىن دادىسىغا قاراپ قويدى .

ساراي باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئىككى كۆتۈرمە بىناسىدىكى پارتىلار ئۆرۈكلۈك باغقا دۆۋىلەندى . سىنىپلار كېچىسى ياتاق ، كۈندۈزى كۈرەش مەيدانى بولدى . خىزمەت گۇرۇپپىسى چۈشۈش بىلەن گۇرۇپپىلاردىن كېلىشتۈرۈلگەن شوئار ئاۋازلىرى شەھەرنىڭ چوڭ رەستىلىرىگىمۇ ئاڭلىنىدىغان بولدى . باغچى ، يۇلتۇز ئوتتۇرا مەكتەپلىرى گۇرۇپپىسىغا خىزمەت گۇرۇپپىسىدىن ئىككى كىشى مەسئۇل بولدى . ئۇلارنىڭ بىرى ئەر بولۇپ ، ئۇنى «مەي بۇجاڭ» ، يەنە بىر ئايالنى بولسا «ئا جۇرېن» دەپ ئاتىشاتتى . بۇ ئەمەل ئاتالغۇلىرى گويا بۇ ئىككىسىنىڭ ئەزان قىچقىرىپ قويغان ئىسمىدەك ، هەممە كىشى ئۇلارنى «مەي بۇجاڭ» ، «ئا جۇرېن» دەپ تىلغا ئالغاچقا ، ئۇلارنىڭ ئەسلىي ئىسىملىرىنى هېچكىم سۈرۈشتۈرۈپمۇ ئولتۇرمىدى .

مەي بۇجاڭنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان گېپى «ھەي نەشكەش» ئىدى ، ئاجۇرىن بولسا «قۇيرۇقۇڭنى دىڭگايتىۋېلىشما» دېگەن سۆزنى كۆپ ئىشلىتەتتى . بۇ ئىككى باشلىق ھەممىدىن بىلەن ئىمىنغا كۇرەشنى باشلاشنى ئىشارە قىلغاندىن كېيىن ، ئۇزۇن بەندىگىدە ئولتۇرۇپ نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىشاتتى ، خىرقىرىشاتتى ، ھەتتا قىزىپ كەتسە بىر ـ بىرىنىڭ بىقىنلىرىنى چىمدىشىپمۇ قوياتتى . مەي بۇجاڭ كۇرەش مەيداندا ئۆزىنى تەكشۇرۇۋاتقان كىشىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا قانداق سوئال قويغانلىقىغا قۇلاق سالماي ، پات ـ پاتلا بېشىنى كۆتۇرۇپ : «ھەي نەشكەش ، تۇزۇك سۆزلە !» دەپ قويسا ، ئاجۇرىنمۇ پۇرۇشتۇرۇپ : «قۇيرۇقۇڭنى دىڭگايتىۋالماي ، ياۋاش بول !» دەپ قوشۇپ قوياتتى .

باغچى مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ئەزىز مۇدىر ، ھۇشۇر ۋە ئابدۇكېرىملەر بىرقۇر ساۋىلىپ ، قۇربان ئىككىنچى قېتىم كۇرەش قىلىنغان كۈنى مەي بۇجاڭ خىلىلا قايناپ كەتتى :

— ھەي ، نەشكەش ئەپەندى ، — دېدى ئۇ چوقۇر يۇزىنى پۇرۇشتۇرۇپ ، — ئەدەبىيات كېچىسى ئۆتكۇزدۇم دەپ گوركىيدەك شىۋجېڭجۇيىچىلارنىڭ باشلىقىنىڭ رەسىمىنىمۇ سىزدىڭما ؟ تېخى «قىزىل يۇلغۇن» دەپ ماقالىمۇ ئوقۇپسەنغۇ ؟ بۇنىڭ تېگىدىكى زەھەرنى ئېنىق سۆزلە ... يۇلغۇن دېگەن چۆلدە ئۆسىدىغان قاقشال ئوتۇن تۇرسا !...

— تېخى بۇ ، — دېدى ئىمىن ۋارقىراپ ، — «بىر ئادەمنىڭ پىچاق سېتىۋېلىشى» دېگەن زەھەرنىمۇ سۆزلەپ بەرگەن .

— سۆزلە ، قۇيرۇقۇڭنى دىڭگايتىۋالماي ...

قۇربان بىر ئۆزبېكنىڭ پىچاق سېتىۋېلىشى ھەققىدىكى لەتىپىنى سۆزلەپ بېرىۋىدى ، كۆپچىلىك پىخىلداپ كۇلۇۋەتتى . جىن ـ شەيتانلار قورققىنىدىن ئېغىزلىرىنى تۇتۇپ جىم ئولتۇرغان بولسىمۇ ، يۇلتۇز ئوتتۇرا مەكتەپىدىكى بىر جىن ـ شەيتان مۇئەللىم ھىجىيىپ قويدى . ئۇ ھىجايغاندا ، ئاغزىدىكى بىر ئالتۇن

چىشى پارقىراپ كەتتى .

— ھەي جىن ـ شەيتان ، — دېدى سىفەن سىنىپىدىكى ھەببۇل قولىنى ئۇنىڭغا شىلتىپ ، — ئالتۇن چىشلىرىڭنى پارقىرىتىپ نېمىگە ھجىيىپ كەتتىڭ ؟

— جۆيلۈمە ، — دېدى يەنە بىر ئاكتىپ ھەببۇلغا ئالىيىپ ، — ئۇ ئالتۇن ئەمەس ، مىس !...

جىن ـ شەيتاننىڭ چىشىنى ئۇقماي ماختاپ سالغان ھەببۇل قورقۇپ كەتكەنلىكىدىن دەھشەتلىك ئىزتىراپقا چۈشۈپ : «مەن خاتالاشتىم ، مەن جۆيلۈپتىمەن» دەپ تاتىرىپ كەتتى . ئەلۋەتتە ، جىن ـ شەيتاننىڭ ئاغزىدا ئالتۇن نېمە ئىش قىلسۇن ؟ !...

ئەتىسى تاڭ قاراڭغۇلۇقى كەتمەستىن بۇرۇنلا ، ئاۋۋال مەكتەپ ھويلىسىدا ، ئاندىن كارىدور بويلاپ ئەنسىز ئۇشتەك ئاۋازى ياڭرىدى . ئالدىراپ چالا ـ بۇلا كىيىنگەن ئەر ـ ئايال ئوقۇتقۇچىلار ھويلىغا يىغىلىشتى . ئۇلار يەنە قانداق قورقۇنچلۇق ئەھۋال يۈز بېرىدىكىن دەپ ، ئۆزى ياكى قانداقتۇر شورى قۇرۇغان بىرىنىڭ قوللىرىنىڭ قايرىلىپ ، توپىلارغا يۇمىلىنىپ ئالدىغا سۆرەپ چىقىرىلىشىدىن ئەنسىرەپ ، بىر ـ بىرىگە قاراشقىنۇ ، ھەتتا ئىشەنچلىكرەك نەپەس ئېلىشقىمۇ پېتىنالمايتتى . ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى ئاچالمايۋاتقان سەلىم دادىسى قۇربان مۇئەللىمگە چىڭ چاپلىشىپ تۇراتتى .

— جىددىي خەۋەر ، — دېدى مەي بۇجاڭ قاتتىق بىر ئەسنىۋېتىپ ، — دەرياغا كەلكۈن كېلىپ ، ئەتراپتىكى كەنت ۋە تېرىلغۇ يەرلەرنى سۇ بېسىپ كېتىپتۇ . ھەممىمىز كەلكۈن مۇداپىئەسىگە ئاتلىنىپ ، خىزمەت كۆرسىتىشىمىز كېرەك . بۇ بولۇپمۇ جىن ـ شەيتانلارنىڭ جىنايىتىنى يۇيۇشى ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت !

ئوقۇتقۇچىلار يېنىككىنە تىن ئېلىشتى ، ھەتتا تاشقى دۇنيانى كۆرۈش ئىستىكىدە بىردەملىك بولسىمۇ تىل ـ ئاھانەت ، تاياق ـ توقماقتىن خالىي بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ خۇشاللىنىشتى . ئۇلارنىڭ

سولغۇن ، تاتىراڭغۇ يۈزلىرىگە كۆلكە يامىشىپ ، نۇر كەتكەن كۆزلىرى چاقنىدى .

نەچچە يۈزلىگەن ئوقۇتقۇچى دەريا بويىغا يېتىپ كەلگەندە ، ئۇ يەردە دېھقانلار ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋاڭ ـ چۇڭ تاش سىلىنغان كۆتىرۈپ ئىشلەۋاتاتتى . تاش دۆۋىلەۋاتقانلار ، توپا ـ شېغىل توشۇۋاتقانلار ، يىرتقۇچتەك ھۆركىرەپ قىرغاقلارنى چېقىۋاتقان سۇغا چۇراڭلارنى (سىمدا توقۇلغان خالتا )لارغا تاشلاۋاتقانلار دەريا ۋادىسىنى قايناق جەڭ قاينىمىغا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى .

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىرقىسمى شاخ توشۇشقا ، بىرقىسمى چۇراڭ توقۇشقا ، كۆپلىرى بولسا تاش دۆۋىلەشكە ئايرىلدى . جىن ـ شەيتانلار دەريا ئوتتۇرىسىدىكى چوقچىيىپ تۇرغان ئاراللاردىن چوڭ تاشلارنى كۆتۈرۈپ بۇ قاتقا توشۇيتتى . ئۇلار غاز قانىتى بولۇپ ، دەريانىڭ تېيىز يەرلىرىنى ئىزدەپ تىمىسقىلاپ ماڭاتتى . يىغقان تاشلىرىنى چۇراڭلارغا سېلىپ ، قايناملىق ئېقىنلارغا يۇمىلىتاتتى . سەلىم دەريانىڭ بۇ قانىتىدا تۇرۇپ دادىسىنىڭ يوغان تاشلارنى تىرناقلىرىدا تاتىلاپ قومۇرۇۋاتقانلىقىغا ، دەريا كېچىپ ماڭغاندىكى ئەلەڭ ـ سەلەڭ ھەرىكەتلىرىگە قاراپ تۇراتتى . ئۇنىڭ يۈرىكى سىيرىلىپ كېتىۋاتاتتى . دادىسى بۇ قاتقا ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا سەلىم ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈيتتى . دادىسىنىڭ تاشنى يەرگە قويۇپ كۆكرىكىنى يېنىك مۇجۇپ قويۇشلىرىنى كۆرگەن ھامان ئۇنى قورقۇنچ باساتتى .

— سەلىم ، — دېدى قۇربان مۇئەللىم ئوغلىنىڭ ئاقىرىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ ، — سەن ئاياللار چۇراڭ توقۇۋاتقان يەرگە بېرىپ ياردەملەش ، قارا ، سۇ بۇ قىرلارنى ھېلىدىن ـ ھېلىغا غۇلىتىۋاتىدۇ .

سەلىم ئاياللار چۇراڭ توقۇۋاتقان يەرگە كېلىپ ، بىردەم تېڭىرقاپ قالدى . چۈنكى ، ئايالالار تولىمۇ غەمكىن بولۇپ ، ئۈنچىقماي ئىشلەۋاتاتتى . ئۇلارنىڭ بارماقلىرى ۋە ئالىقانلىرىنى تېڭىۋالغان كونا لاتا ، قول ياغلىقلىرىدا قان قېتىشىپ قالغانىدى .

— خانىم، مەنمۇ ياردەملىشەيمۇ؟

— ياق، — دېدى مىسكىن چىراي ياشانغان ئايال ئوقۇتقۇچى، — قوللىرىڭ يۇمران، قانتىۋالىسەن، ئېتىڭ نېمە؟

— سەلىم.

— نەچچە ياشقا كىردىڭ؟

— ئون ياشقا.

ئايال يانچۇقىدىن بىر پارچە ناننى ئېلىپ سەلىمگە تۇتقۇزدى ـ دە، جىمىپ كەتتى. سەلىم ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى ئەتراپىدىكى ئىنچىكە تارتىلغان قورۇقلىرى ئۈستىدىن يۇملاپ چۈشۈۋاتقان يوغان ـ يوغان ياش تامچىلىرىنى كۆرۈپ قالدى.

— خانىم، يىغلاۋاتىسىزغۇ؟

— ياق، ھېچنېمە ... ئۆزۈمچىلا ... مېنىڭ ئەڭ كىچىك ئوغلۇم بۇ يىل ئون ياشقا كىرىپ قالدى ...

چۈشلۈك نان تارقىتىلدى. سەلىم دادىسى بىلەن تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ قاچىسىدىكى تېخى سوزۇلمىغەن سۇنى ئوتلىغاچ ئىشتىھا بىلەن نان يېيىشكە باشلىدى. لېكىن، قاياقتىندۇر پەيدا بولغان ئىمىن كۆلگەنچە تاشلارنى شاراقلىتىپ يېتىپ كەلدى.

— قۇربان مۇئەللىم، نان يەۋاتامسىز؟

ھەرىكەت باشلانغاندىن بۇيان چىرايىدىن ۋەھشىيلىك، تىلىدىن زەھەر تېمىپ تۇرغان ئىمىننىڭ ئاغزىدىن بۇنداق چىرايلىق سۆزنىڭ چىقىشى قۇربانىدا گويا شۇۋىرغان ھۇۋلىغان باغدا چېچەك كۆرگەندەك، مۇز ئۈستىدە گۈل ئېچىلغاندەك بىر تۇيغۇنى ئويغاتتى.

— ھەئە، بالىنىڭمۇ قورسىقى ئېچىپ قالدى ...

— قۇربان مۇئەللىم، — دېدى ئىمىن گېلىدىكى ناننى تەسلىكتە يۇتۇپ، — مەن بىر چاغدا بىرنەرسە ئاڭلىغان. بۇ ھېكايىمۇ ياكى ماقالىمۇ، بىلمەيمەن. بۇ بۇرۇن بىر شەھەرگە ئالۋاستىمۇ، جىنمۇ ئەيتاۋۇر بىرنەرسە چۈشۈپتىكەنمىش، كېيىن ئېنىقلىسا ئۇنداق ئەمەسمىش.

— بۇ «ھەرقانداق مەسىلىنى تەكشۈرۈپ ، ئاندىن بىر خۇلاسىگە كەل» دېگەن مەنىدە ئېيتىلغان بىر تەمسىل ، — دېدى قۇربان كۈلۈپ قويۇپ ، — بۇرۇن پالانى يەرگە ئەجدىھا چۈشۈپتۇ دېگەن گەپ تارقىلىپتۇ . خان بۇنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىپتۇ . ناھىيىنىڭ ئامبىلى : «مېنىڭ ئاڭلىشىمچە ، ئۇ ئەجدىھا ئەمەس ، ناھايىتى زور بىر يىلانمىش» دەپتۇ . يۈز بېشى : «ئۇنچىۋالا يوغان ئەمەسمىش» دەپتۇ . تەكشۈرگۈچىلەر ئەللىكبېشىدىن سوراپتۇ . ئۇ : «چۇقۇ مەھەللىدىكى ئونبېشىنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇ ئادەتتىكى يىلان ئوخشايدۇ» دەپتۇ . تەكشۈرگۈچىلەر سۈرۈشتە قىلىپ ئاخىر بىر ھويلىغا كىرىپ بىر قېرى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ . بۇ قېرى : «كېلىنىم سامان تاسقىغىلى سامانخانىغا كىرىپ تۇيۇقسىزلا چىرقىرىۋەتتى ، يۈگۈرۈپ كىرسەم ئۇ : «ۋاي خۇدايىم ، بىر نەرسە سەكرەپلا چىقىۋىدى ، يىلانمىكەن دەپتىمەن ، قارىسام چاشقانكەن دەيدۇ» دەپتۇ . بۇ ۋەقە كېيىن خەلقنىڭ ئاغزىغا چىققاندا ، چاشقان يىلانغا ئايلىنىپ ، يىلان كېيىن ئەجدىھاغا ئايلانغان ...

— ئادەم ئۆلدى !... ئادەم ! ! !...

تۇيۇقسىزلا چۇقان - سۈرەن كۆتۈرۈلدى . دەريانىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن نەچچە يۈزلىگەن ئوقۇتقۇچى قىر ياقىلاپ يۈگۈرۈپ كەلمەكتە ئىدى . ئۇلارنىڭ قوللىرىدا ئارغامچا ، تاياق قاتارلىقلار بار ئىدى .

— دادا ، قارا !...

قۇربان مۇئەللىم سەلىم كۆرسەتكەن قايناملىغا قاراپلا چۆچۈپ كەتتى . بۇرۇقتۇم بولۇپ پىرقىراپ ئېقىۋاتقان لاتقا سۇدىن تارىمۇشتەك كىرىشىپ كەتكەن بىر مۇشت كۆتۈرۈلۈپ چىقتى - دە ، يەنە غايىب بولدى .

— ئارقاڭغا قايت ، دەرھال قايتىش !...

تاش دامبىدىن سەكرەپ چۈشكەن مەي بۇجاڭ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئالدىنى توستى . بۇ ئارىلىقتا بىلىكىدە قىزىل پەتىسى بارلاردىن

بـــرنەچچىسى يېتىپ كەلدى ـ دە ، ئوقۇتقۇچىلارنى ۋارقىراپ ـ تىللاپ دەريادىن يىراقلاشتۇرۇپ ، يار ئۈستىگە قوغلىدى .

— ئېـيقىپ كەتكەن كىمكەن ؟ — دېدى قۇربان يېنىدىكى ئابدۇكېرىمگە پىچىرلاپ .

— ئېـيقىپ كەتمىگەن ، ئۆزىنى سۇغا تاشلىغان ، — دېدى ئابدۇكېرىم قۇربانغا قارىماي ، — بۇ يېڭىئاۋات گۇڭشې ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى ئەينىدىن ...

— ئەينىدىن ؟ !...

— شۇنداق ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە بىر خانىممۇ ئۆزىنى تاشلىغانىكەن ، ئۇنى تۇتۇپ باغلاپ ئەكەتتى ...

— تۆتىن تىزلىش ! دەرھال قايتىمىز ...

بىــر سەپدىشىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلغان ئوقۇتقۇچىلار روھى سۇنغان ھالدا قىزىل قوغدىغۇچىلارنىڭ قاتتىق تەقىپ قىلىشى بىلەن مەكتەپكە قايتىپ كەلدى . ئۇلار ياتاقلىرىدا چېلەكلەردە سوۋۇپ ئۇيۇپ قالغان سۇيۇقئاشنى ئەمدىلا قاچىلارغا تەقسىمەپ تۇرغىنىدا ، كارىدوردا ئىمىننىڭ «يىغىلىڭلار !» دەپ قاتتىق ۋارقىرىغىنى ۋە ئارقىدىن چىرقىراق ئۈشتەك ئاۋازى ئاڭلاندى .

چىرايلىرى تۇپا ، كۆزلىرىنىڭ خۇنى قالمىغان ئوقۇتقۇچىلار كـارىـدورغـا يـىـغـىلدى . ماغدۇرسىزلىقتىن ئۇلارنىڭ تىزلىرى تــىــترەيتتى . سورۇن ئوتتۇرىسىدا بولسا كۆزلىرى قان ھىدىنى ئالغان يىرتقۇچنىڭكىدەك چەكچەيگەن ئىمىن تۇراتتى . ئۇ پات ـ پاتلا ئـارقـىسىدىكى مەي بوجاڭ ، ئا جۇرېنلارغا قاراپ نېمىدۇر دەپ پىچىرلاپ قوياتتى .

— دىققەت قىلايلى ! — دېدى ئىمىن چىڭقىلىپ ، — بۈگۈنكى دەريا ئەمگىكىدە يەرلىك مىللەتچى قۇرباننىڭ ئەكسىيەتچى خورىكى ئــېشــىپ ـ تېشىپ تەشۇىقات ئەترىتىمىزگە ، ئىنقىلابىي ئاممىغا زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلدى .

ئىمىننىڭ سۆزى ئاياغلاشمايلا قىزىل قوغدىغۇچىلار قۇرباننىڭ قوللىرىنى قايرىپ ئوتتۇرىغا ئاچىقىپ بولدى .

— دادا !...

سەلىم قىزىل قوغدىغۇچىلارنىڭ ئاياغ ئاستىدا سۆرۈلۈپ ئۆمىلەپ، پۇتلىرىغا - قوللىرىغا ئېسىلاتتى. ئۇنىڭ يۈزى ياش ۋە لاي بىلەن بۇلغانغانىدى. ئىمىن سەلىمنى گەۋدىسىدىن قاماللاپ تۇتۇپ توپ ئارىسىغا ئىتتىرىۋەتتى. سەلىم ئورنىدىن تۇرغانچە دادىسىغا ئۆزىنى ئېتىۋىدى، ئەزىز مۇدىر ئۇنى قۇچاقلىۋالدى.

— هوي يولداشلار، — دېدى ھىمىدخان ئالىقانلىرىغا ئۇرۇپ، — بىز سىنىپىي كۆرەشنى ھەرگىز ئۇنتۇمايلى. سىنىپىي كۆرەش دېگەن تاماق يېسەك چوكىمىزنىڭ ئۇچىدا، ماڭساق سايىمىزدە، ھەتتا بىر تامچە سۇدىمۇ سىنىپىي كۆرەش ئەكس ئېتىدۇ...

— دادامغا رەھىم قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن، ئۇ كېسەل، بۈگۈن دەريا بويىدا ئۇنىڭ يۈرەك كېسىلى تۇتتى...

ئەزىز مۇدىر بۇلجۇنۇپ دادىسىغا ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇرغان سەلىمنى سۆرەپ دېگۈدەك ھويلىغا ئاچىقىپ كەتتى. سەلىم يىغلاپ ۋارقىراپ كېتىۋېتىپ ئىمىننىڭ «بىزنىڭ تەشۋىقات كادىرلىرىمىزغا ئەجدىھادەك ھەيۋىسى بولغان بىلەن، چاشقاندەك قورقۇنچاق، دەپ ئاشكارا ھۇجۇم قىلدى، پرولېتارىيات دىكتاتورىمىزنى چاشقاندەك ئىشنى ئەجدىھادەك كۆرسىتىدۇ دەپ دارىتمىلاپ قارىلىدى» دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قالدى.

«ئارام ئالدۇرۇش»[①]تىن ھالسىزلانغان قۇربان مۇئەللىم يېرىم كېچە بولغاندىلا ئورنىغا ياتقۇزۇلدى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىگە قاراپ تۇرغان ئەزىز مۇدىر، ھوشۇر، ئابدۇكېرىم، رەھىموپلارغا باش لىڭشىتىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ياسىغاندىن كېيىن، سەلىمگە: «قورقما بالام، ھېچ ۋەقەسى يوق» دەپ شىۋىرلىدى.

— «تازغا ئەمەل تەگسە، چاپمىغان دۆڭى قالماپتۇ» دېگەندەك، — دېدى يۇلتۇز ئوتتۇرا مەكتېپنىڭ پېشقەدەم

① «ئارام ئالدۇرۇش» — كېچىدە تويۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ قىيناققا ئېلىش.

ئوقۇتقۇچىسى رەھموف ، — ئەمدى ئۇنىڭ دەيدىغان يالغانلىرى ، تۆھمەتلىرى تۈگەپ ، يېڭى ھۈنەرگە كۆچۈپتۇ ـ دە ، ۋۈي ، ئىت يالىقى ...

— تىنچ ، — دېدى ئەزىز مۇدىر ئوڭ ـ تەتۈر ئۆزىنى تاشلاپ ئۇخلاۋاتقانلارغا قاراپ ، — ھازىر تام ، دېرىزە ، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قۇلىقى بار ، ئۇنتۇپ قالمايلى !...

ھەممە ئۇيقۇغا چۆكتى . دادىسىنى قۇچاقلاپ ياتقان سەلىمنىڭ زادىلا ئۇيقۇسى كەلمىدى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ، دادىسىنىڭ بېشىدا چوقچايدى ـ دە ، ئۆزىنىڭ ئايىغىدىلا كالپۇكلىرىدا بىرنېمىنى پۇۋلەۋاتقاندەك ئۇخلاۋاتقان رەھموپقا قارىدى . دېرىزىدىن قىيپاچ چۈشكەن ئاي نۇرى ئۇنىڭ قورۇق باسقان مېھرىبانلىق ئەكس ئېتىپ تۇرغان يۈزىنى يورۇتۇپ تۇراتتى .

سەلىمنىڭ بۇ قېرى مۇئەللىمگە تولىمۇ ئىچى ئاغرىيتتى . رەھموف يۈلتۈز ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ، سۆزگە چېۋەر ، قىزىقچى ، ماقال ـ تەمسىللەرنى كۆپ ئىشلىتىدىغان ياۋاش ـ يۇمشاق ، تىلى چۈچۈك ئادەم ئىدى . «رەھموفنىڭ زەھەرلىك سۆزلىرى» دېگەن تېمىدا مىڭ تۈرلۈكتەك ماقال ـ تەمسىللەر چوڭ خەتلىك گېزىت قىلىپ چاپلانغان كۈنى كەچتە ھەببۇل ۋە يەنە بىر ـ ئىككى قىزىل قوغدىغۇچى ئۇنى ئېشەك قىلىپ مىنىپ ئوينىدى ، يوتقان ـ كۆرپىلىرىنى چەيلىدى ، ھەر قىسما سەت قىلىقلار بىلەن ئۇنى زاڭلىق قىلدى . سەلىم رەھموفنىڭ ئۆملەشلىرىنى ، يوتقان ـ كۆرپىلىرىنى چەيلىگەندە ، بىر چەتتە مۆكۈلۈنىپ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ، ھېلىقى قىزىل باسمىچىلارنى ئېغىز چىشىغا ئېلىپ پۇركۈۋەتكۈسى كەلدى . لېكىن ، پۈتكۈل ئۆمرىنى باللار بىلەن ئۆتكۈزۈپ ، ئۆزىمۇ بالا كۆڭۈل بولۇپ قالغان بۇ ئادەم ئالدى — ئارقىسىنى ئويلىمايلا پۇسۇق ـ پۇسۇق گەپ قىلىپ تاشلايتتى . مانا بۈگۈنمۇ ئۇ غەزىپىنى باسالماي ، بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلىۋەتتى . ئەگەر ئىمىن ئۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قالسىلا ئەتىلا

بىرەر باھانە ـ سەۋەب بىلەن ئۇنى «ئارام ئالدۇرۇشى» تۇرغان گەپ ئىدى .

سەلىمنىڭ ئەنسىرىشى بىكار بولۇپ چىقمىدى . ئەتىسى ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن رەھموف ئوتتۇرىغا چىقىرىلدى . ئۇ «جىنايىتىنى» ئەمدىلا سۆزلىشىگە ئىمىن «ئەڭ ئالىي يولىيورۇق» نى ئوقۇمايلا سۆز باشلىغۇەتتىڭ دېگەن باھانە بىلەن ئۇنى ئۇرۇپ كالپۇكلىرىنى قانىتىۋەتتى .

— سۆزلە قېرى بۇزۇق ، — دېدى گەدەنلىرى قىزىرىپ كەتكەن ئىمىن ، — سېنىڭ تارقاتقان زەھەرلىرىڭ دېڭ تو ، ۋۇ خەنلەرنىڭ «كەچلىك پاراڭلىرى» بىلەن بىر مال ئەمەسمۇ ؟

— ھوي... — دېدى ھەمىدخان سۆزىنى بىر غۇلاچ سوزۇپ ،— ئۇچ دەۋرنىڭ قالدۇقى ، ئۆزگەرمەيدىغان گرانىت كاللا ، قاقۋاش ، مونەك باش گاداي ، دېڭ تو ، ۋۇ خەن ، لياۋ موشالار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭنى سۆزلە ، ياۋاش بولمىساڭ ئاقىۋىتىڭ يامان بولىدۇ ...

— بۇ... بۇ... — دېدى رەھموپ كالپۇكىدىكى قاننى قولىنىڭ ئارقىسىدا سۈرتۈۋېتىپ ، — ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ ھەممىسىنى مەن ئويدۇرۇپ چىقارمىدىم ، بۇ... دېگەن خەلقنىڭ... كىم چىشتى ، غېرىب چىشتى ، يەرنى يىرىپ چىشتى ، دەپ ھەممىنى ماڭا ئارتىپ قويىسا بولماس ...

— نېمە ، نېمە ؟ — ئىمىن چاچراپ تۇردى ، — كىم چىشتى ، غېرىپ چىشتى ، يەرنى يىرىپ چىشتى ! ياز كاتىپ ! بۇ ئەبلەخ يەنە بىر زەھەر تارقاتتى ...

غەزەپلىك ۋارقىراشتىن چىرايى ئۆپكىدەك ھال رەڭ تۇسكە كىرگەن ئىمىن رەھموفنى پاق ـ پۇق قىلىپ ئۇرۇپ كەتتى . ھەببۇلمۇ يەڭلىرىنى تۇرۇپ ئۇنىڭغا مۇشت سالدى . چىرايى سۇتتەك ئاقىرىپ كەتكەن سەلىم دادىسىنىڭ بىلەكلىرىنى تۇتۇپ تۇگۇلۇپلا قالغانىدى . دادىسى ئۇنى ئىشارەت بىلەن چىقىرىۋەتتى .

سەلىم كارىدورغا چىقىپلا ھەربىر سىنىپتىن كېلىۋاتقان شوئار

ئاۋازى ، دەھشەتلىك ۋارقىراشلاردىن چۆچۈپ ، ھويلىغا يۈگۈردى . ئۇ مەكتەپ مەيدانىدىكى بورىدا ياسالغان ئىگىز ـ پەس چوڭ خەتلىك گېزىت سەھىپىلىرىنىڭ ئارىلىقلىرىدىن ئۆتۈپ دەرۋازا ئالدىغا كەلدى . ساراي باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ قوش دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا بىرنەچچە ئادەم پوستا تۇراتتى . سەلىم بىرىنچى دەرۋازىدىن چىقىپ بىرنەچچە قەدەم ماڭمايلا ، «قۇربان» ، «يەرلىك مىللەتچى» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ قالدى ۋە ئارقىدىنلا قولىغا قىزىل پەتتە باغلىغان بىر كىشى ۋارقىرىدى :

— ھەي مىللەتچىنىڭ كۈچۈكى ، نەگە بارىسەن ؟ ئۆت بۇياققا !

قىزىل پەتتىلىك كىشى سەلىمنى گەجگىسىدىن قاماللاپ ھويلا ئىچىگە قاتتىق ئىتتىرىۋىدى ، ئۇ دەرۋازا بوسۇغىسىغا پۈتلىشىپ كېتىپ ، ئالدىدىكى سىپسىق سۇ توختاپ قالغان ئېرىققا چۈشۈپ كەتتى ...

كۈرەش باشلىنىپ ئىككى ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئەر ـــ ئايال بولۇپ ئۈچ ئوقۇتقۇچى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن ، دەرۋازىلار قاتتىق قامال قىلىنغانىدى ، ھەتتا بالىلىرىغا تاماق ئەكېلىدىغان ئاتا ـ ئانىلارنىڭمۇ دەرۋازا ئالدىغا كېلىشى چەكلەنگەنىدى .

سەلىم سۇرۇلۇپ كەتكەن تىزىنى ئۇۋۇلاپ ، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى كۈرەش ئېلىپ بېرىۋاتقان كۆتۈرمە بىنانىڭ كارىدورىغا كىردى . كارىدور سىنىپلاردىن كېلىۋاتقان ۋەھىملىك شوئار ئاۋازلىرى ، «گەپ قىل !» ، «ياۋاش بول !» ، «بېشىڭنى ئېگىپ تۇر !» دېگەندەك ۋارقىراشلار بىلەن تولغانىدى . تېڭىرقاپ قالغان سەلىم دەھشەتلىك چىرقىرىغان ئاۋازدىن چۆچۈپ ئالدىدىكى ئىشىكى قىيا ئېچىلغان سىنىپقا قارىدى . ئۇ ئىشىك يوچۇقىدىن سىنىپ ئىچىگە قاراپ ۋارقىرىۋەتكىلى تاسلا قالدى . سىنىپنىڭ پولىدىلا بىر ئايال تىزلىنىپ ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ چاچلىرى چۇۋۇق ، يۈزلىرى قان ، پولغا تايىنىۋالغان قوللىرىمۇ قان ئىدى . ئايالنىڭ ئالدىدا دېۋەيلەپ تۇرغان قىزىل قوغدىغۇچىنىڭ چاڭگىلىدا

بىر تۇتام چاچ تۇراتتى . سەلىم توۋلىۋەتكىلى تاسلا قالدى . كۆرەش قىلىنىۋاتقان ئايال دەريا ئەمگىكىدە ئۆزىگە نان بەرگەن ئوقۇتقۇچى ئىدى .

قورقۇنچلۇق مەنزىرىلەردىن يۈرىكى سىلىپ كەتكەن سەلىم ئارقىسىغا ياندى . ئۇنىڭ قورسىقى ئىچىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ھىلىدىن - ھىلىغا كۆڭلى ئاينىيتتى . ئۇ ھويلىغا چىقتى . كۆز ئاچقىلى بولمايدىغان نېپىز بۇلۇتلار ئارىسىدا بىر پارچە ئاق داغدەك يورۇپ تۇراتتى . سەلىم كەچلىك تاماقچە ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بورىلارغا چاپلانغان چوڭ خەتلىك گېزىتلەرنى ئوقۇشقا باشلىدى . ئۇ ھەرخىل ئەكسىيەتچى تەشكىلاتلارنىڭ ئىسىملىرىنى كۆرۈش بىلەن دادىسىنىڭ «سىياسىي يانچۇقچىلار — ئەڭ رەزىل ئادەملەر» دېگەن سۆزىنى ئەسلىدى .

كەچكى تاماق ۋاقتىدا سەلىم دادىسى بىلەن داق يەردىلا ئولتۇردى . يېرىم چېلەك سۇيۇقئاش سەككىز قاچىغا تەقسىم قىلىندى . ئىمىن ئادىتى بويىچە ھەربىر جىن - شەيتاننىڭ قاچىسىدىكى گۆشلەرنى تېرىپ ئۆزىنىڭ قاچىسىغا سالغاندىن كېيىن ، ئاندىن باشقىلار تاماققا تۇتۇش قىلدى .

— ئاڭلاپ قويۇش ! — دېدى ئىمىن قىزىق ئاشنى ئاغزىدا ئايلاندۇرۇپ ، — تاماقتىن كېيىن رەستىدە كۆرەش قىلىنىدىغان جەمئىيەت جىن - شەيتانلىرىدىن ئىبرەت ئالغىلى چىقىمىز . بىر گۇرۇپپىغا ئىككى ئادەم مەسئۇل بولىدۇ . ھەر بىرىڭنىڭ قالايمىقان ھەرىكەت قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ .

قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن كوچىلاردىن ھەرخىل دۇمباق ۋە جاڭلارنىڭ ئاۋازى كېلىشكە باشلىدى . گۈلباغ رەستىسى ئۈستىدىن تارتىلغان ئۆمۈچۈك توردەك سىملاردا ساڭگىلاپ تۇرغان لامپۇچكىلار ئايرىم - ئايرىم كۆرەش سورۇنلىرىنى يورۇتۇپ تۇراتتى . ھەربىر سورۇندا تىزلاندۇرۇپ قويۇلغان قاسساپ ، ناۋاي ، باققال ، ياماقچى ، سېتىقچىلاردىن ئىبارەت بولغان ئەر - ئايال جىن - شەيتانلار يالىڭاچ دېگۈدەك تۇراتتى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ يالىڭاچ بەدىنى قارا ، سېرىق ، يېشىل ، كۆك بوياقلار بىلەن

يول - يول بويالغان بولسا، بەزىلىرىنىڭ پېشانىسىدىن پۇتىنىڭ ئۇچىغىچە يېرىم بەدىنى قارىغا، يېرىم بەدىنى يېشىلغا بويالغانىدى. ئۇلارنى بىر - بىرلەپ سۆرەپ چىقىپ، قولىنى قايرىپ مەيداننى نەچچە قېتىم ئايلاندۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن «جىنايىتى»نى سۆزلىتەتتى.

— ئۇلارنى ھەقىقىي جىنغا ئوخشىتىپ بوياپتۇ، — دېدى ئابدۇكېرىم يېنىدىكى قۇربان مۇئەللىم ۋە ئەزىز مۇدىرلارغا پىچىرلاپ.

— ئۇلار ھەرقانچە رەڭۋازلىق قىلغىنى بىلەن، — دېدى قۇربان مۇئەللىم، — ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ بىلىمسىز، ساۋاتسىز، چارىسىز بەندىلەر ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلايدۇ، خالاس.

— شۇ! بۇمۇ پادىشاھ يېڭى كىيىم كىيدىم دەپ ئۆزىنى ئالدىغاندەك بىر ئىش، — دېدى ئەزىز مۇدىر مەنىلىك كۈلۈپ.

— كۇسۇرلاشما، — ۋارقىرىدى ئىمىن كۆزىنى ئالايتىپ، — قېنى بۇ ياققا مېڭىش!

گۈلباغ رەستىسى ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان بولسىمۇ، ھەربىر توپ سورۇندىن كېلىۋاتقان شوئار، تىللاش ئاۋازلىرىنى، ئاياغچىلىق چىرقىراشلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەممىلا كىشى چىرايىدىن قان كەتكەن ھالدا ئۈندىمەي، ۋەھىمىلىك سۈكۈنات ئىچىدە باش ئېگىپ تۇراتتى. پەقەت ئۇياقتىن - بۇياققا چېپىپ، قىيقاس - چۇقان كۆتۈرۈپ يۈرگەنلەر بىلىكىدە قىزىل پەتىسى بارلار ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرلىرى سەلتەنەت تاجىسى كىيىش ئالدىدا تۇرغان شاھتەك كۆكرىكىنى كېرىپ، ئاغزىدىن كۆپۈك چاچرىتىپ، كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۈدەك ۋارقىرىسا، يەنە بەزىلىرى ئىنئام ئالماقچى بولغان جاللاتلاردەك، ئالىيېشىل بويالغان بىچارىلەرنى بىر - بىرلەپ سۆرەپ چىقىپ، سورۇن ئىچىدىلا يۇملىتىپ تېپەتتى، ئۇراتتى ياكى باشلىرىغا قاپقارا بوياقلارنى قۇياتتى. ھايا، نومۇس، ئىنسانلىق ھوقۇقى دەپسەندە قىلىنغان بۇ سورۇنلاردا دىر - دىر تىترىشىپ ئولتۇرۇشقان ئەر — ئاياللار ئۆزىنىڭ نازۇك يەرلىرىنى ئالىقانلىرىدا،

بىلەكلىرىدە، چۇۋۇلغان چاچلىرىدا يوشۇرۇپ، خۇددى يالماۋۇزنىڭ تۆمۈر قەپەسىدىكى ئادەملەر «مەن ئورۇق، ئۇ سېمىز» دېگەندەك، بىر - بىرىگە مۆلدۈرلەپ قارىشاتتى.

ئىمىن قۇربان مۇئەللىم، ئەزىز مۇدىر، ھۇشۇر، ئابدۇكېرىم ۋە رەھىموفلارنى يەنە بىر سورۇن ئالدىغا ھەيدەپ كەلدى. سەلىم توپ ئارىسىغا قىسىلىپ كىرىپ، تۇيۇقسىزلا «دادا» دەپ ۋارقىرىۋەتتى. قۇربان ئۇنىڭ قولىدىن تارتقانچە قۇچاقلىۋالدى. دەرۋەقە سورۇندا ئادەم تېنى ئەيمەنگۈدەك ۋەقە يۈز بېرىۋاتاتتى.

سەپەن سىنىپىدىكى مايمۇنە بىر قىزنىڭ قاپقارا ئۆرۈم چاچلىرىنى بىلەكلىرىگە ئوراپ قاماللىۋالغانىدى. قىزنىڭ كىيىملىرى سالدۇرۇۋېتىلگەن بولۇپ، بېشىدىن قۇيۇلغان قانداقتۇر پارقىراق، شىلىمشىق قارا بىر نەرسە ئۇنىڭ يۈزىنى پۈتۈنلەي قاپلىۋالغاچقا، ئۇنىڭ چوڭ كۆزلىرىنىڭ ئېقىلا پارقىراپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قىزنىڭ پۇتلىرى يالاڭ ئاياغ ئىدى. ئۇ پۈتۈنلەي يىرتىلىپ بەدەنلىرى كۆرۈنۈپ قالغان ئىچ كۆڭلەكتىن خىجىل بولغاندەك، بويىندا ئېسىقلىق تۇرغان ھەرخىل كىتابلارنى ئۆزىگە دالدا قىلاتتى.

قۇربان مۇئەللىم «چەت ئەل كىتابلىرىنى ساقلىغان ئەكسىيەتچى ھۆرنىسا سالاھىدىن» دېگەن ئىسىمنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇ سورۇن ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئۈن چىقارماي بۇقۇلداپ يىغلاۋاتقان ئاق روماللىق ھاجى ئايىمنى كۆرگەندىلا، ئاندىن بۇ قىزنىڭ راستتىنلا ھۆرنىسا ئىكەنلىكىگە ئىشەندى.

قۇربان مۇئەللىم شەھەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان مەزگىللەردە ھۆرنىساغا دەرس بەرگەنىدى. ھۆرنىسا مەنىۋى ئوزۇقتا شەيدا بىر قىز بولۇپ، ئۇنىڭ تولۇن ئايدەك چىرايىدا ئېقى ئاق، قارىسى قارا، قىزىلى قىزىل رەڭلەر كۆزگە ياققال تاشلىنىپ تۇراتتى. ھۆرنىسا قۇربان مۇئەللىمدىن داۋاملىق كىتاب ئارىيەت ئېلىپ ئوقۇيتتى. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ساقلىغان كىتابلىرىمۇ نۇرغۇن ئىدى.

ئىبرەت ئېلىش سورۇنلىرىدىن ئەمدىلا قايتىپ كەلگەن

ئوقۇتقۇچىلار ئورۇنلىرىنى سىلىشىپ تۇرۇشىغا، كارىدوردا ئۇشتەك قاتتىق چىلىنىپ، ئىمىنىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ھەممىڭ كارىدورغا چىقىش، تېز بولۇش!...

كەڭ كارىدورنىڭ ئىچى ئادەملەر بىلەن تولدى. جىن ـ شەيتانلار سۇر ـ توقاي قىلىنىپ، قاتىرىسىغا قويۇلغان ئىككى ئۇستەل ئەتراپىغا كەلتۈرۈلدى. نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى بىلەلمەي دەھشەتلىك ئىزتىراپقا چۈشكەن ئوقۇتقۇچىلار پولغا دۈۋىلەپ قويۇلغان خىشلارغا قارىشىپ قوياتتى. ئىمىن جىن ـ شەيتانلارنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، بىردىنلا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ۋارقىرىدى:

— ھۇشۇر، ئەكسىيەتچى خوتۇنۇڭ سەلىمە قېنى؟

— ئۇ ئاغرىپ قالغاندى...

— بولمايدۇ... جىن ـ شەيتانلارغا رەھىم قىلىش، پرولېتارىيات دىكتاتورىسىغا ئاسىيلىق قىلغانلىق!

ئاي ـ كۈنى يېقىنلىشىپ قالغان سەلىمە مۇئەللىم مەيدانغا كەلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئاق يۈزى تاتارغان، چوڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان بولۇپ، بىر چاغلاردا ناھىيە بويىچە ئەدەبىيات دەرس ئۆتۈش مېتودىدىن تەجرىبە سۆزلىگەندىكى جەڭگىۋار قىياپىتىدىن ھازىر ئەسەرمۇ كۆرۈنمەيتتى.

— بۈگۈن رەستىدىكى ئىبرەت ئېلىش كۈرەش مەيدانىدا، — دېدى ئىمىن كالپۇكلىرىنى يالىۋېتىپ، — قۇربان، ئەزىز، ھۇشۇر، ئابدۇكېرىملەر «ئىنقىلابىي ئاممىغا قانداق تاقابىل تۇرۇش كېرەك» دەپ مەخپىي كۇسۇرلاشتى. شۇڭا، ھازىر بۇ ئەكسىيەتچىلەرنى ئارام ئالدۇرىمىز...

قۇربان، ئەزىز، ھۇشۇر، ئابدۇكېرىملەر قوللىرى قايرىلىپ، ئۇستەل ئۈستىگە چىقىرىلدى. ئۇلارنىڭ تۈپتۈز كېرىلگەن قوللىرىنىڭ ئالىقانلىرىغا ئۇستى ـ ئۇستىلەپ خىش قويىدى، ئۆزلىرىنى ئىككى يۈز ۋاتلىق لامپۇچكىغا قارىتىپ قويىدى. ئۆپكىدەپ يىغلاۋاتقان سەلىمىنى رەھىمسىز قوچاقلاپ تۇراتتى. كېرىلگەن قوللار تىلىپ ئاغرىپ، يۈزلەردىن چېلەكتە قۇيغاندەك

تەر تۆكۆلمەكتە ئىدى .

— بىز ئەكسىيەتچىلەرنى قانچە كۆپ يوقاتساق ، — دېدى ئىمىن ۋارقىراپ ، — ئۇلار شۇنچە ئارام تاپىدۇ ؛ ئۇلارغا قانچە قاتتىق زەربە بەرسەك ، ئۇلار شۇنچە ئارام تاپىدۇ ... سەنلەرنىڭ ياۋاش بولۇشۇڭغا رۇخسەت ، قۇيرۇق كۆتۈرۈۋېلىشىڭغا رۇخسەت يوق ؛ ئىقرار بولۇشىڭغا رۇخسەت ، جاھىللىق قىلىشىڭغا رۇخسەت يوق ؛ ھەئە دېيىشىڭگە رۇخسەت ، «ياق» دېيىشىڭگە رۇخسەت يوق ...

قۇربان مۇئەللىمنىڭ سول كۆكرىكىگە قانداقتۇر پىچاق سانجىلغاندەك بىرنەرسە قادىلىپ ئۆتتى ... ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا ئاقىرىپ ، قولىدىكى خىش چۈشۈپ كەتتى . غەزەپلەنگەن ئىمىن قۇرباننىڭ ئالقىنىغا خىشتىن ئاۋۋالقىدىنمۇ ئارتۇقراق قويدى . قۇربان مۇئەللىم ئاستىنقى كالپۇكلىرىنى غەزەپ بىلەن چىشلىدى . ساقىپ چۈشكەن قان تەر بىلەن قوشۇلۇپ بويۇنلىرىغا كىرىپ كەتتى .

— دادا ! ... — ئېتىلىپ كەلگەن سەلىم قۇرباننىڭ پۇتلىرىنى قۇچاقلىدى . ئۇ ئۆمىلەپ يۈرۈپ ئىمىننىڭ ، ھىمىدخاننىڭ قوللىرىغا ئېسىلىپ يالۋۇردى . بۇ ۋەھشىيانە كۆرۈنۈشلەر ۋە ھۇشۇرنىڭ گويا ھېلىلا چانىقىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك پولتىيىپ چىققان كۆزلىرىنى كۆرگەن سەلىمە ئايلىنىپ يىقىلدى .

— ھوي ، — دېدى ھىمىدخان ئالىقانلىرىغا ئۇرۇپ ، — يونۇمىغان توغراق ، يېرىق كاساك ، چۈگمەش پاچاق ، باداڭ قورساق ، بىز ئىنقىلابىي جەڭچىلەرگە ھۆرداقلىق قىلىپ ئۆلۈكۈڭنى ساتماقچىمۇ ؟

— دادا ! ... — سەلىم ئۇستەلدىن ئاغدۇرۇلۇپ چۈشكەن قۇرباننىڭ ئۇستىگە ئۆزىنى ئاتتى ...

سەلىم كىچىك دادىسىنىڭ پېشانىسىگە ھۆل لۆڭگە قويۇپ ئۇنىڭ قېشىدا ئولتۇردى . سەلىمنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى . ھەر كۈنى تەكرارلىنىپ تۇرغان قاباھەتلىك سۆزلەر ، بىر - بىرىگە تۆھمەت قىلىشلار ، ھەتتا ھېچ ئەيمەنمەي

ئۇرۇش ، تۇكۇرۇشلەر ، ئارقا ـ ئارقىدىن بىر ـ بىرىنى تارتىپ چىقىرىشلار ، چېقىمچىلىق ، قىزارماي ـ تاتارماي يالغان ئېيتىشلار سەلىمىنىڭ يۇمران قەلبىدە كىمگىدۇر نىسبەتەن ، ئۇنىسىز قارشىلىق ۋە چەكسىز بىر نەپرەتنى ئويغىتىپ ، مومىسىنىڭ چۆچىكىنى ئېسىگە سالاتتى . چۆچەكتىكى ئادەم يەيدىغان يەتتە باشلىق يالماۋۇز ۋە «مەن ئورۇق ، ئۇ سېمىز» دەپ بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىپ يالماۋۇزغا يالۋۇرۇۋاتقان تۆمۈر قەپەس ئىچىدىكى ئادەملەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلەتتى .

سەلىم ئويلا ـ ئويلا ئادەملەرنىڭ نېمە ئۈچۈن بىر ـ بىرىگە مۇنچىۋالا بىرەھىم ، تاش يۈرەك ، ۋاپاسىز بولىدىغانلىقى ، ئىمىنغا ئوخشاش بەتنىيەت ، قارا كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن پايدا تېپىپ ، ياخشى ئادەملەرنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇنداق كۈنلەرگە قالىدىغانلىقىنىڭ تېگىگە يېتەلمەيتتى . شۇنداق ، ئۇ دادىسىنىڭ ۋە ئەزىز مۇدىر ، ھۇشۇر ، ئابدۇكېرىم ، رەھىموپلارنىڭ ئىنتايىن ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىنى ئۆزىنىڭ بەش قولىنى بىلگەندەك بىلىدۇ . ئەمىسە باشقىلار نېمە ئۈچۈن ئۇلارغا ئىشەنمەيدۇ؟ سەلىم ئوچۇق بىر نېمە دېيەلمىسىمۇ ، بالىلىق كۆڭلىدە شۇ نەرسىنى غۇۋا ھېس قىلاتتى ، يەنى بۇ گۈزەل دۇنيادا ئىنسانلار بىر ـ بىرىگە ئىشەنمەيدىكەن .

سەلىمىنىڭ كۆزى ئەمدىلا ئۇيقۇغا ئىلىنىۋىدى ، ئەزىز مۇدىرنىڭ : «سەلىم ، ئۇخلاپ قالمىغىن ، بىرەر ئۆزگىرىش بولسا باشقىلارنى ئويغاتقىن» دېگەن سۆزى بىلەن چۆچۈپ كۆزىنى ئاچتى .

— سىز نەگە بارىسىز؟

— سەلىمە خانىم ياتقىدىن چىقىپ كېتىپتۇ ...

تاڭ ئېتىش بىلەن سەلىمەنى مەكتەپ بېغىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى قۇرۇق چاتقال قاپلاپ كەتكەن قورايلىقتىن تېپىشتى . ئۇ پۈتۈنلەي قانغا بويالغان بولۇپ ، ئايىغىدىلا ئۆلۈك بىر بوۋاق ياتاتتى ...

ھۇشۇر بىلەن ئەزىز مۇدىر ئىككى قوغدىغۇچىنىڭ نازارەت قىلىشى ئاستىدا بوۋاقنى كۆمۈپ قويدى .

سەلىمە ئۈچ كۈن ئۆتكەندە ھوشىغا كەلدى . سىنىپ ئىچى

تىمتاسچىلىق ئىدى، ھەتتا كارىدور ۋە ھويلىلاردىمۇ نە شوئار ئاۋازى، نە چىرقىرىغان، ۋارقىرىغان ئاۋازلار ئاڭلانمايتتى. سەلىمە جەينەكلىرىگە تايىنىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ دېرىزە ئارقىلىق ئاسمانغا قاراپ، كۆتۈرۈلۈۋاتقان قاپقارا ئىسنى كۆردى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ قالدى. ئىس ھېلىدىن ـ ھېلىغا ئۇلغىيىپ، قانداقتۇر كۆيۈندىلەرنى ئاسماندا ئۇچۇرتۇپ يۈرەتتى. سەلىمە تام ياقىلاپ، تەمتىرەكلەپ يۈرۈپ ئەرلەر ياتىقىغا چىقتى. ياتاق ئىچى جىمجىت بولۇپ، پەقەت قۇربانلا بىر بۇلۇڭدا ئىنجىقلاپ ياتاتتى.

— قۇربان ئاكا، — دېدى سەلىمە ئىشىك تۈتقۇچىغا ئېسىلىپ.

— سەلىمە، سىز ... سىز ... نېمىشقا ئورنىڭىزدىن تۇردىڭىز؟

— ئۇلار قېنى، ئۇ ... ئۇ ... نېمە ئىش؟

— ھەممىسى كىتاب كۆيدۈرۈشكە كەتتى ...

— كىتاب كۆيدۈرۈش ...

— شۇنداق، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆيلىرىنى ئاختۇرۇپ يىغىپ كەلگەن كىتابلار ...

— كىتابلار؟ ... مېنىڭ كىتابلىرىم ...

كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن سەلىمە دېرىزىدىن يىراقلارغا قارىدى. ئاسمان قەھرىدە پارچە قەغەز، قارا كۆيۈندىلەر پىرقىرىشاتتى. قارا دېۋىدەك تولغىنىپ چىقىۋاتقان ئىسلار ئارا قىپقىزىل ئوت يالقۇنلىرى زەھەرلىك تىللىرىنى ھەر تەرەپكە سوزاتتى.

— مېنىڭ كىتابلىرىم!...

سەلىمەنىڭ ئىشىك تۈتقۇچىدىن بوشاپ كەتكەن قوللىرى ئاستا ـ ئاستا سىيرىلىپ، ئۆزى بوسۇغىغىلا يىقىلدى ...

1966 — يىلى 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى مەشھۇر ساراي مەكتىپىنىڭ قوش دەرۋازىسى سۈر بىلەن ئېچىلدى ... بۇ كۈن قاراقۇرۇم باغرىدىكى مېھرى ئىللىق بۇ قەدىمىي كىچىك شەھەرنىڭ كوچىلىرىدا قاراڭغۇچىلىق، قىستاڭلىق، بوران ھۆكۈم

سۇرەتتى ... كوچا - كويلاردا قالايمىقان ئۇچۇپ يۈرگەن خازانلار توپا - چاڭ بىلەن ئاسمانغا كۆتۈرۈلەتتى ۋە يەنە شىددەت بىلەن يەرگە ئۇرۇلاتتى ... قان - ياش بىلەن كۆۋەجەپ ئېقىۋاتقان يۇرۇقچاش دەرياسىنىڭ بويلىرى مانالاشقانىدى .

ساراي مەكتەپ ئالدى ئادەم بىلەن تولغان بولسىمۇ ، ھېچبىر چۇقان - سۈرەن ئاڭلانمايتتى . ھەممە كىشى تىمتاسلىق ئىچىدە تاقەتسىزلىك بىلەن كۆزلىرىنى غارىلداپ ئېچىلىۋاتقان سۇرلۇك دەرۋازىغا تىكەتتى .

— ۋاي بىچارە بالام ، ۋاي بىچارە بالام ، مەكتەپتىمۇ ئوقارسەنمۇ ، ئەپەندىمۇ بولارسەنمۇ ! — دەپ شىۋىرلىدى بىر بوۋاي ئۆچتەك ئاقارغان ساقاللىرىنى تىترىتىپ ، — ئەمدى قوشتوغراقتا سۈرگۈن قىلىنساڭ ، قانداقمۇ چىدارمەن ؟...

— سىلىنىڭ باللىرىمۇ مۇئەللىم ئوخشىمامدۇ ؟ — دېدى بىر ئايال قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىدە بوۋايغا قاراپ .

— خوش خېنىم ، — دېدى بوۋاي مۇرىسىدىكى خۇرجۇننى ئۆرىدەپ قويۇپ ، — بىر ئوبدان يىكچىلىك ھۈنىرىم بار ئىدى . ئۆگىتىپ قوياي ، ھۈنەر دېگەن ئۆلمەيدۇ دېسەم ، «ئوقۇيمەن» دەپ ، قارىماملا بېشىغا تېپىۋالغان بالا - قازانى ... بۇ زاماندا ئەپەندىنىڭ كۈنى كۈنمۇ ؟ !...

— تارتىپ چىقىرىلغانلارنىڭ ھەممىسىنى قوشتوغراقتا سۈرگۈن قىلمايدىكەن ، تەڭ ياتىسىنى مەكتەپلەردە رېجىم ئاستىدا ئۆزگەرتىدۇ ، دېگەن گەپ بار . بەلكىم باللىرى سۈرگۈن قىلىنىدىغانلار ئىچىدە يوقتۇ ...

— خۇدا ئېيتقانلىرى بولسۇن خېنىم ، قارىسىلا ، ئۆلارمۇ چىقىۋاتىدۇ ...

يۈك - تاقلىرىنى يۈدۈشكەن ، چىرايلىرىدىن قان ، تەنلىرىدىن مادار ، كۆزلىرىدىن نۇر كەتكەن بىر يۈز ئون توققۇز نەپەر ئەر - ئايال مەرىپەت قۇربانى بىر - بىرىنى يۆلىشىپ ، ئەتراپتىكى قوغدىغۇچىلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا چىقىپ كېلىشتى . شىددەتلىك بوران ئۆلارنىڭ چۇۋۇلغان چاچ ، كىرلەشكەن كىيىملىرىنى



ئۇچۇرتاتتى ··· ئەتراپتىن «دادا» ، «بالام» ، «ئانا» ، «ئاچا» ، «ئۇكام» دېگەن ئېچىنىشلىق ئاۋازلار ۋە قوغدىغۇچىلارنىڭ غەزەپلىك ۋارقىرىشى ئاڭلىناتتى . ئاق چاچلىق ئانىلار توپىلارغا پۇچىلىنىپ يىقىلاتتى ··· تارام ـ تارام ياشلار ئاپئاق ساقاللار ئۈستىدىن يۇمىلىنىپ چۈشەتتى . كىگىز بىلەن كۆرپىنى دۈمبىسىگە ئارتىۋالغان سەلىم ئابدۇكېرىمنىڭ پېشىنى تۇتۇۋالغانىدى . ئابدۇكېرىم قۇربان مۇئەللىمنىڭمۇ بىرقىسىم نەرسىلىرىنى قوشۇپ كۆتۈرگەچكە ئىنجىقلاپ ئاران كېتىپ باراتتى . يۈكلىرىنى قولدىماش قىلىۋالغان ئەزىز مۇدىر ، ھۆشۇرلار قۇربان مۇئەللىمنى قولتۇقلىۋالدى .

— ئەزىز !

توپ ئىچىنى يېرىپ كەلگەن ۋىجىككىنە ئايال مۇدىرنىڭ باغرىغا تاشلاندى .

— خەيرىنسا ، ئۆزۈڭنى بېسىۋالغىن ! قارا ، ئارقاڭدا كىم كېلىۋاتىدۇ ؟

— سەلىم بالام ، — خەيرىنسا سەلىمنى باغرىغا تېڭىپ بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى ، — يۈر بالام ، مەن بىلەن كەتكىن !

— ياق كىچىك ئانا ، — دېدى سەلىم يەرگە قاراپ ، — دادام كېسەل ھەم يالغۇز ، ئۇنىڭغا سۇ ، نان ئەكېلىپ بېرىدىغان ئادەم يوق ···

— ئۇنداق دېمە ، بالام كېتەيلى ، شۇنچە ئادەملەر تۇرغىنىدا نېمىشقا ئەنسىرەيسەن ، قۇربان مۇئەللىم ، — دېدى خەيرىنسا ئاستا ـ ئاستا سىلجىۋاتقان توپقا ئەگىشىپ ، — سەلىمنى ئەكېتەيمۇ ؟ كىچىك بالا ، ئېزىلىپ كەتمىسۇن !

— سەلىم ، — خەيرىنسا كىچىك ئاناڭ بىلەن كەتكىن ، — دېدى قۇربان ئارقىغا قايرىلىپ ، — سەن ··· سەن ··· مەندىن ئەنسىرىمە ···

— قارا ، ئاڭلىدىڭمۇ قوزام ، — دېدى خەيرىنسا ئۈمىدلىك كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ ، — باشقىلار بولغاندىكىن ، داداڭدىن

ئەنسىرىمە !
— خاپا بولىماڭ، كىچىك ئانا، — دېدى سەلىم يىغلامسىراپ، — دادام باشقىلارغا ئېغىرلىق سېلىشنى خالىمايدىغان ئادەم!...

— چەتكە ئۆتۈش، — ۋارقىرىدى قوغدىغۇچىلار بار ئاۋازى بىلەن ۋە ئەتراپتىكى ئاتا ـ بالا، ئەر ـ خوتۇن، قوۋم ـ قېرىنداشلارنى ئىتتىرىپ، گەجگىلىرىگە مۇشتلاپ ھەيۋە قىلىشقا باشلىدى.

قاتتىق تەقىپ قىلىشلار، دوق بىلەن ئېيتىلغان سەت تىللار، ئۇرۇش ـ دۆشكەلەشلەر ئالىمانغا تەسىر قىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇلار سۈرگۈندىلەرگە ئەگىشىپ چەكسىز شال ئېگىزلىقلىرىنى ئارقىغا قالدۇرۇپ تاكى قوشتوغراققا ئېلىپ بارىدىغان ئېگىز ـ پەس دۆڭلۈكلەر، ئۆمۈچۈك تورىدەك گىرەلەشكەن تىكەنلىك چىغىر يوللار، تارام ـ تارام قارا سۇ ئېقىۋاتقان سازلىقلارغىچە بىللە كېلىشتى...

...

ئون بىرىنچى ئاينىڭ ئاخىرلىرى بولۇپ قالدى. قوشتوغراقنىڭ ئاسمىنى پات ـ پاتلا قارا بۇلۇتلار بىلەن قاپلىنىپ، قار ئۇچقۇنداپ ئۆتەتتى. ناۋادا كۆن ئېچىلغان تەقدىردىمۇ چەكسىز چۆل چۆش مەزگىلىدىلا لېپپىدە ئېلىيتتى ـ دە، قۇياش قىيىلىش بىلەن يەنە سوغۇق شامال سارغايغان ياۋا قومۇش غوللىرىنى شالدىرلىتىپ، قوشتوغراق مەھبۇسلىرىنىڭ يەر ئاستى گەمىلىرىنى توپىغا تولدۇراتتى.

— تېز بولۇش، تېز... تېز، كىمكى بوگۈنكى ۋەزىپىنى ئورۇندىيالمىسا تامىقى بېرىلمەيدۇ...

ئۈچ قىرلىق كالتەك تۇتقان «خەلق ئەسكەرلىرى» كېسەك تۇشۇۋاتقان مەھبۇسلار ئەتراپىدا پات ـ پات ۋارقىراپ قوياتتى. كېسەك قاچىلانغان تاغارلىرىنى قولدىماس قىلىپ، ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈن تىزىلىپ كېلىۋاتقان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۈچ كىلومېتىر

ئارىلىقتىن خۇمدان كېسەكى توشۇۋاتقىنىغا بىر ھەپتە بولۇپ قالغانىدى.

ئالتە - يەتتە كېسەكنى دۈمبىسىگە ئارتىۋالغان سەلىم ھېلىدىن - ھېلىغا دادىسىغا قاراپتتى. قۇربان مۇئەللىمنىڭ دۈمبىسىنى بېسىپ بارغانسېرى ئېغىرلىشىۋاتقان كېسەك مۇرىسىدىن، قولتۇقىدىن ئۆتكۈزۈلگەن ئارغامچىلارنى سىڭىردەك چىڭىتىپ، ئۇنىڭ گۆرەن تومۇرلىرىنى ھېلىلا ئېتىلىپ كېتىدىغاندەك كۆپتۈرۈۋەتكەنىدى. تەر توختىماي تۆكۈلۈۋاتقان يۈزى خۇددى سۇغۇرۇلغان تۆمۈردەك كۆكىرىپ، كۆزلىرى پولتىيىپ چىققانىدى.

— قانداق، روھىي دۇنيارىڭغا تاقالدىما، — دېدى قىزىلكوس بىر خەلق ئەسكىرى، — گەپ قىلمايسەنغۇ؟

قۇربان مۇئەللىم بېشىنى ئارانلا لىڭشىتتى. لېكىن، غەزىپى بىردىنلا ئۆرلەپ قالغان قىزىلكوس كالتىكىنى كۆتۈرۈشكە ئەزىز مۇدىر ئۇنىڭ ئالدىنى توستى.

— ھەي، ھەي، ئۇكام، رەھىم قىل، جانغا تاقىلىۋاتسا، روھىي دۇنياغا تاقالماي قالامتى؟ قۇربان بىرنەچچە كۈن بولدى كېسەل ...

— قارا بۇنىڭ خورىكىنى، — دېدى قىزىلكوس تۆكلۈك قوللىرىنى شىلتىپ، — «ھەئە» دەپ زۇۋانىنى ئاچماي، ئاقتا ئاتنىڭ بىر نېمىسىدەك بېشىنى گىلدىڭلاتقىنىنى ...

دەرۋەقە قۇربانىنىڭ سۆز قىلىشقىمۇ ماجالى يوق ئىدى. ئۇنىڭ سول كۆكرىكى خۇددى تۆگمەن تېشى ئېسىپ قويغاندەك ئېغىر ئىدى. ئۇ گەمە كولاش، يېرىم كۈنلۈك يىراقلىقتىكى توغراق ئورمانلىقىدىن ياغاچ كېسىش، توشۇش، گەملەرنى يېپىش ئەمگەكلىرىدە كېسىلىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغانىدى، بولۇپمۇ بۈگۈن ئۇ ئوغلى سەلىمگە قارىغانسېرى ئۇنىڭ ئاجىز، ئالاڭغۇ ئۇرۇۋاتقان يۈرىكى ئاجايىپ قايغۇ - ئەلەم، ھەسرەت، ئەندىشە تاغلىرى ئاستىدا مۇجۇلاتتى. شۇنداق، بۇ ئوغلى

تـوغۇلۇپ قانچىلىك خوۋلۇق كۆردى؟ ئۇ ئاتىلىق بۇرچىنى ئادا قىلالىدىمۇ؟ ياق ، ئۇنىڭ ئوغلى دادىسىنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىگە ، دەرد ـــ ھەسرەتلىــرىگــە شېرىك بولۇش ئۇچۇنلا بۇ دۇنياغا تۆرەلگەنىكەن . سەلىمنىڭ قانغۇدەك كۈلگەن كۈنلىرىمۇ بولمىدى . ئۇ باشقا كىچىك بالىلاردەك ئاتا ـ ئانىسىغا ئەركىلەپمۇ باقالمىدى ، قەغىشلىكمۇ قىلالمىدى . بۇ ئىشلارغا زادى كىم سەۋەبچى؟ ئاتىمۇ ياكى زامانىمۇ؟ ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچى بولۇشى شۇنچىۋالا بەختسىزلىكلەرنىڭ سەۋەبچىسىمۇ؟

قۇربان ئېغىر تىن ئېلىپ ، قارىچۇقلىرى تارتىلغان كۆزلىرى بىلەن مەنزىلگە قارىدى .

— دادا ، — دېدى سەلىم يانداپ كېلىپ ، — مەن ئېغىشىپ تۇراي ، تاغىرىڭىزنى مېنىڭ دۈمبەمگە يۆلەپ ، سەل دېمىڭىزنى ئېلىۋالامسىز؟ تاغار بەك پەسكە چۈشۈپ كېتىپتۇ .

— ياق بالام ، يېتىپ بارالايمەن ...

قۇربان مۇئەللىم سەلىمنىڭ ئۇمچەيگەن ھارغىن چىرايىنى كۆرۈپ يەنە ئويغا پاتتى . ئەگەر ئۇ تۇيۇقسىزلا ئۆلۈپ كەتسە ، سەلىم قانداق قىلار؟ قوشتوغراقنىڭ چۆللىرىدە باشپاناھسىز قالارمۇ؟ بۇ ... بۇ ... توغرۇلۇق بالدۇرراق ئەزىز مۇدىر بىلەن سۆزلىشىپ قويۇش كېرەك ئىدى ...

— قوپ دەيمەن ئالۋاستى ، نېمە ھۆرداقلىق قىلىسەن؟!

قىزلىكوسىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى قۇربان مۇئەللىمنى چۆچۈتۈۋەتتى . ھەممە بىردەك كەينىگە قاراشتى ... ئەڭ ئاخىردا كېلىۋاتقان ئايال ئوقۇتقۇچى يىقىلغانىدى . دۈمبىسىدىكى كېسەك قاچىلانغان تاغار ئۇنى بېسىپ تۇراتتى . ئىشتان پۇچقاقلىرىدىن ئېقىپ چىقىۋاتقان قان پۇتلىرىنى ۋە بېسىپ كەلگەن ئىزلىرىنى قىپقىزىل بوياۋەتكەنىدى . بۇ ئايال دەريا ئەمگىكىدە سەلىمگە نان بەرگەن مۇئەللىمە ئىدى .

— ئاچا ، — دېدى سەلىم يىغلامسىراپ ، — مەن كېسىكىڭىزنى كۆتۈرۈشۈپ بېرەي ...

— ھەممىمىز ، — دېدى ھوشۇر كۆپچىلىككە قاراپ ، — ئايال ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىرنەچچىسىنىڭ كېيىكىنى بۆلۈشۈپ كۆتۈرۈۋالايلى ، ئۇلار بۇ ئوقۇتقۇچىنى كۆتۈرۈپ گەمىگە ئەكەتسۇن !

كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلار قۇرۇلۇش سېلىنىۋاتقان مەيدان باشقارمىسىغا يىغىلدى . ناھىيىدىن ئوقۇتقۇچى مەھبۇسلارنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن باشلىق مەيداندا ھېجىيىپ تۇراتتى . باشلىقنىڭ ئاغزىنى قاپلاپ تۇرغان ئاق ھەم سېرىق رەڭدىكى تۈچ چىشلار ياخشى سېلىنمىغانمۇ ، ئۇنىڭ ھەر ئىككىلا كالپۇكى ئارقىغا ئۆرۈلۈپ دوردىيىپ تۇراتتى . مەيداندىكىلەر بۇ باشلىقنىڭ ئىسمىنى بىلمەيتتى . پەقەت ئۇنىڭ بىر يەردە جىم تۇرالماي غىلدىرلاپلا يۈرگىنىگە قاراپ ، ئۇنىڭغا «قىل يورغا» دەپ ئات قويىغانىدى . ئۇ باشقىلارغا ئوخشاش ئايال ئوقۇتقۇچىلارنى «ئالۋاستى» ، ئەر ئوقۇتقۇچىلارنى «جىن ـ شەيتان» دەپ چاقىرمايتتى . پەقەت سىلىققىنا قىلىپ : «قېنى ، ئايال قارا يىپلار بۇياققا ، ئەر قارا يىپلار ئۇياققا سەپكە تىزىلىڭلار !» دەپ ھېجىيىپ قوياتتى .

— ئەتە ئەتىگەن ، — دېدى قىل يورغا چوڭ كالپۇكلىرىنى يالىۋېتىپ ، — شىۋەرلىككە قومۇش ئورۇغىلى بارىمىز . قۇرۇلۇشلىرىمىز تېزرەك پۈتسە ، زەي گەمىلەردىن قۇتۇلىسىلەر . شۇڭا ، كېسەل ـ پېسەلگە مەن ئىگە ئەمەس ، ھەممىمىزنىڭ ۋەزىپىسى بار .

— مۇز قاتمىغان تۇرسا ؟ — دېدى ئابدۇكېرىم ئۆسۈپ قالغان ساقاللىرىنى تاتىلاپ ، — قومۇش دېگەننى مۇز قېتىپ ئادەم كۆتۈرگۈدەك بولغاندا ئورۇيدۇ دەپ ئاڭلىغانمەن .

— ئۇغۇ شۇنداق ، — دېدى قىل يورغا پەرۋاسىزلا ، — لېكىن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ، قۇربان بېرىشتىن قورقماي ، قۇرۇلۇشنى پۈتتۈرۈش مۇھىم . شۇنداق بولسۇن ـ ھە ··· ئەمىسە تارقىلىڭلار ···

قوشتوغراقنىڭ كۆكۈچ ئاسمىنىنى يۇلتۇزلار قاپلىدى . چەكسىز چۆل قاراڭغۇلۇقىدىن كېلىۋاتقان سوغۇق شامال تەننى تىترىتەتتى . ناگان ـ ناگاندا يىراق ـ يىراقلاردىن غەلىتە ئاۋازلار ئاڭلىنىپ قالاتتى . لېكىن ، بۇ چۆل سۈكۈناتىغا جان كىرگۈزۈپ تۇرغان گەمىلەر بۇنداق كېچىلىرى ئاۋات ئىدى . پىلىلداپ تۇرغان شام يورۇقىدا رەھىموپىنىڭ چاقچاقلىرىغا قاقاقلاپ كۈلۈش بىر كۈنلۈك هارغىنلىقنى ئۇنتۇلدۇرۇپ ، ئۇلارنى بىردەملىك بولسىمۇ غەم ـ غۇسسىلاردىن نېرى قىلاتتى .

— بىز قوشتوغراقتا مېڭىشتىن بىر كۈن بۇرۇن ، — دېدى ئابدۇكېرىم ئالدىغا چىقىپ ، — هىمىدخان : «هەي دوزاخ شوتىسى ئابدۇكېرىم ، سىركۆل پاچاق ، ئۆمۈچۈك پاچاق ، سەن خوشى بەنجاڭ[①]بولغاندا ئاشخانىدىن گۆرۈچ ، مايلارنى ئاچىقىپ تاماق ئېتىپ يېگەن خىيانىتىڭنى تۆلىۋەتمەمسەن ؟ » دەيدۇ . مەنمۇ : «توغرا هىمىدخان ، شۇ چاغدا تاماقنى سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە ئەتتۇق ، سىزمۇ بىر قاچا پولۇ يېدىڭىز» دېيىشىمگە ، هىمىدخان : «هە مۇنداق دېگىن ، ئەمىسە بۇ هېسابنى ئۆچۈرۈۋەتسەك بولار ، ۋاي جېنىمەي ···» دەپ كېتىپ قالدى .

ئابدۇكېرىمنىڭ گەمە ئىچىدە هىمىدخاننى دوراپ مېڭىشلىرى قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈۋەتتى . قۇربان مۇئەللىممۇ ياستۇق ـ چاپانلىرىغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى .

— كۈلدۈرۈۋېرىپ ، — دېدى يۇلتۇز ئوتتۇرا مەكتەپتىكى نۇرەخمەت دېگەن ئوقۇتقۇچى بېشىنى تۇتۇپ ، — بېشىمدىكى سەللەممۇ چۇۋۇلۇپ كەتتى ، قېنى تېڭىپ قويە .

ئابدۇكېرىم نۇرەخمەتنىڭ داۋاملىق تېڭىقلىق تۇرىدىغان لاتىسىنى يېشىپ قايتىدىن تېڭىپ قويدى . ئۇنىڭ بېشى خۇددى چەمبەر كىيگۈزۈپ قويغاندەك جاراھەت ئىدى .

— ئاكا ، بېشىڭىزغا نېمە بولغان ؟ — دېدى سەلىم هەيران بولۇپ .

---

① خوشى بەنجاڭ — تاماق باشقۇرۇش باشلىقى .

— ئىچىگە شېغىل تولدۇرۇلغان كولا بېشىمدا توختىمىغاندىن كېيىن، ئۇنى بېشىمنىڭ تېرىسىگە تىككۈچ بىلەن مىخلىغان!

— كولا دېگەن نېمە ئۇ؟

— قەغەز قالپاق، ئۇزۇنلۇقى بىر غۇلاچ كېلىدۇ.

— قەغەز قالپاقنى بېشىڭىزغا دەپتەر تىكىدىغان تىككۈچتە مىخلىدىما؟

شۇنداق، مىخ سۆڭەككە ئۆتمەي تېرىدە مىخلىنىپ قالدى!

سەلىم قوشتوغراقتا كەلگەندىن كېيىن، ھەر كۈنلۈكى ئوقۇتقۇچىلاردىن «چاشقاننىڭ تۆشۈك تېشىشى»①، «تاۋۇز چېكىش»②، «ئايروپىلاندا ئۇچۇرۇش»③ قاتارلىق قىيناش ئۇسۇللىرىنى ئاڭلاپ تۇراتتى، لېكىن بېشىغا مىخ قاققانلىقىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى.

— ھەيران بولما ئۇكا، — دېدى ئىسلام دېگەن بىر مۇئەللىم ئورنىدىن سىلىۋېتىپ، — تېخى «تىكەنگە يۇمىلىتىش»، «ئىلەڭگۈچ ئۇچۇرۇش»، «قىغقا كۆمۈش» دېگەن جازا ئۇسۇللىرىمۇ بار...

سەلىم ئىسلام مۇئەللىمگە تىكىلىپ قاراپ قالدى. بۇ ئوقۇتقۇچى ئادەتتە كۆپ گەپ قىلمايتتى. گەپ قىلسىمۇ سۆزلەر چىشسىز ئاغزىدىن پىشىلداپ چىقاتتى. ئۇ كۈرەش مەيدانىدا ئۇرۇپ چۈشۈرۈلگەن بىرنەچچە تال چىشىنى يىپ بىلەن باغلاپ بوينىغا تۇماردەك ئېسىۋالغاچقا، ئوقۇتقۇچىلار ئۇنى «چىش تۇمار» دەپ چاقىراتتى ۋە شۇنداق چاقچاق قىلاتتى.

تۈن نىسپى بولۇپ قالدى، گەپلەر تىنچىدى. ئېغىر ئەمگەك، روھىي قىسىلىشتىن ھالسىزلانغان ئوقۇتقۇچىلار ئۇيقۇغا كېتىشكەندى. پەقەت چۆلنىڭ ھارماس بورىنى چۆل قومۇشلىرىنى شىلدىرلىتىپ، گەمە ئىشىكىگە تارتىلغان كىگىزلەرنى گۈپۈلدىتىپ ئۇرغاندا، قەيرىنىڭدۇر قاتتىق سانجىپ ئاغرىشىدىن ئويغىنىپ

---

① چاشقاننىڭ تۆشۈك تېشىشى — ئىككى بارماقنىڭ ئۇچىنى بوغۇۋېتىپ ئوتتۇرىغا مەدەك تىقىش.
② تاۋۇز چېكىش — چېچىنى قىرقىۋېتىپ چىۋىق بىلەن بېشىغا ئۇرۇش.
③ ئايروپىلاندا ئۇچۇرۇش — بىر تال چەڭزىگە ئىككى قولىنى كېرىپ باغلاپ يۆگۆرتۈش.

كەتكەن ئوقۇتقۇچىلار ئۇيقۇلۇق ئىگرايتتى ...

دادىسىنىڭ يوتقىنى ئىچىدە ياتقان سەلىم خىياللار ئىلكىدە ئۇخلىيالمىدى . ئۇ ئۆزى چۈشەنمەيدىغان نۇرغۇن - نۇرغۇن مەسىلىلەر ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى قاچۇرغانىدى . پەقەت قەغەز ، قەلەم ۋە كىتابلارنىلا ئۆزىنىڭ بىردىنبىر بايلىقى ھېسابلايدىغان مۇئەللىملەر نېمە ئۈچۈن «سېسىق توققۇزىنچى» بولىدىغاندۇ ؟ «سېسىق توققۇزىنچى» دېگىنى زادى نېمىسى ؟ يەنە سەككىز سېسىقى كىملەردۇ ؟ دادىسى قۇربان مۇئەللىم ، ئەزىز مۇدىر ، ھۇشۇر ، ئابدۇكېرىم ، رەھىموفلاردەك دىلى يۇمشاق ، مېھرىبان ئادەملەرمۇ «سېسىق توققۇزىنچى» بولامدۇ ؟ ياق ، ياق ، ئۇلار ھەرگىزمۇ سېسىق ئەمەس ، ئۇرۇپ چىشى تۆكۈۋېتىلگەن «چىش تۇمار» ، بېشى مىخلانغان مۇئەللىم ، قولى سۇنۇپ دوناي تۇتۇپ قالغان مۇئەللىم ، ھېلىقى ئايال مۇئەللىملەرنىڭ ھەممىسى سەلىمگە ئامراقلىق قىلىدىغۇ ! بۇ ئۇلارنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا بولغان مېھىر - مۇھەببىتىنىڭ يىلىنجىغان ئۇچقۇنى ، چاقنىغان زەررىلىرى ئەمەسمۇ ! ئۇلار ھەر دائىم ئۆزىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىنى ، ئوقۇغۇچىلىرىنى چوڭقۇر مېھىر بىلەن ئەسلىشىدۇ ، سۆزلىشىدۇ ، ھەتتا قايسىدۇر ئوقۇغۇچىسىنىڭ يازغۇچى ، دوختۇر ، ئىنژېنېر ، ئۇچقۇچى بولۇپ چىقىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەيدۇ . ئۆز ئەجرىنىڭ مېۋە بەرگەنلىكىنى ھېس قىلغان كىشى بەختلىك كىشىدۇر . مانا ، ئەنە شۇنداق بەختتىن تېنىگە مادار ، قەلبىگە شادلىق ، كۆزىگە نۇر تولىدىغان ئەڭ ئۇلۇغ كىشىلەر — ئوقۇتقۇچىلاردۇر . ئوقۇتقۇچىلار ئۆزىدىكى گۆھەر ، ئۈنچە - مەرۋايىتلار بىلەن باشقىلارنى زىننەتلەيدۇ ، لېكىن ئۆزلىرى بىر ئۆمۈر رىيازەت چېكىپ ، بۇ دۇنيادىن داۋراڭسىز ئۆتۈپ كېتىدۇ . ئوقۇتقۇچىلار خۇددى پىلە قۇرۇتىدەك ئۆز تېنىدىكى ھاياتلىق شىرىنىسى بىلەن باشقىلار ئۈچۈن يىپەك ئىشلەپ بېرىدۇ .

سەلىم سىرتقا چىقىش ئۈچۈن بېشىغا قويغان چاپىنىنى ئېلىپ كىيىپ ، بىر - بىرىگە تېگىشىپ تۇرغان پۇتلار ئارىسىدىن ئاۋايلاپ

دەسسەپ ئۆتۈپ، گەمە ئىشكىنىڭ كىگىزىنى قايرىدى. ئۇ گەمىدىن تېخى كۆپ ئۇزاقلىماي تۇرۇپ، بىر توپ ياۋا قومۇش ئالدىغا كەلگەندە، كىمنىڭدۇر ئاۋازىنى ئاڭلاپ قېلىپ، قورقۇپ ئارقىسىغا داجىدى. ياۋا قومۇش ئارقىسىدا بىر قارا گەۋدە تىزلانغىنىچە بىر خىلدا گەپ قىلىۋاتاتتى. سەلىم ئۇنىڭ بەگىبىرىق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ «مۇگداش» دەپ ئاتىلىدىغان ئوقۇتقۇچىسى ئىسكەنلىكىنى بىلدى. بۇ ئوقۇتقۇچى ساراي مەكتىپىدە ئىلىپ بېرىلغان تۆت - بەش ئايلىق كۆرەش جەريانىدا ھېچكىمگە دەپ باقمىغان، باشقا كىشىلەر بىلمەيدىغان، نېمە دېگەنلىكىنى ئۇققىلى بولمايدىغان تۇگمەس - پۈتمەس بىرنېمىلەرنى پىچىرلايتتى. بەزىدە خۇددى بىر كىم بىلەن مۇگدىشىۋاتقاندەك، تولىمۇ ئەستايىدىل ھالدا قوللىرىنى شىلتىپ، نەلەرنىدۇر كۆرسىتىپ، يەرلەرگە قانداقتۇر شەكىللەرنى سىزىپ چۈشەندۇرەتتى، ھەتتا ئۇ كۈرەش قىلىنىپ تاياق يەپ يەردە يىقىلىپ قالغاندىمۇ، يىقىلغان يېرىدىن قوپماي، ئۆزىنىڭ ئاخىرى يوق سۆزلىرى بىلەن كىملەر بىلەندۇر مۇگداشقاندى ... قوشتوغراقتا كەلگەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ بىرەر كىشىگە گەپ قىلغىنىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. باشقىلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، بۇ ئوقۇتقۇچى ئۆمۈر بويى كىتاب يىغقانىكەن. ئۇ ھەر ئايلىق مائاشى چىققان ھامان شەھەرگە يۈگۈرۈيدىكەن، ھەتتا بىر ئاخۇنۇمدىن ئالغان كىتابى ئۈچۈن ئۇنىڭغا مائاشىدىن بۆلۈپ پۇل تۆلەپ بىر يىلغىچە تۇرمۇشنى ناھايىتى غورىگىل ئۆتكۈزۈپتۇ. بۇ ئوقۇتقۇچى بىرەر كىم ئۇرۇمچىگە ياكى پالانى ۋىلايەتكە بارىدىكەن دەپ ئاڭلىسا، ئۆزى تونۇمىسىمۇ شۇ كىشىنى ئىزدەپ - سوراپ بېرىپ، ئۇنىڭغا بىرمۇنچە يوللۇق تۇتۇپ كىتاب ئەكەلدۇرىدىكەن. شۇڭا، ئۇنى بەزىلەر: «كىتاب سارىڭى، ئون نەچچە يىلدىن بېرى دولىسى يېڭى كىيىم، گېلى ياخشىراق تاماق كۆرمىدى. كىيىۋالغان نەرسىلىرىنىڭ ياماق چۈشمىگەن يېرى يوق» دېيىشەتتى.

ئىنقىلاب باشلانغان دەسلەپكى كۈنلەردە بىلىكىگە قىزىل پەتتە

باغلىغان گوٛگشي خەلق ئەسكەرلىرى ئۇنىڭ ئۆيىگە بېسىپ كىرىپ ، ئۈچ تاغاردىن كۆپ قولىيازما ماتېرىياللىرىنى بۇلاپ ئەكەتتى . بۇ ئوقۇتقۇچى گوٛگشي كادىرلىرىغا يالۋۇرۇپ ، ئىشخانا بوسۇغىسىدىن نېرى كەتمىدى . بىر كۈنى گوٛگشي شۇجىسى ئۇنىڭغا قاتتىق كايىپ كەتتى :

— قانداق ئەكسىيەتچى نېمىسەن ؟ يازغىنىڭ ئادەمشۇلاسلىق[1] دەمدۇ ، ھە راست پېداكوتا[2] ، كايلوپ[3] ، ماكاركۇ[4] دېگەندەك غەلىتە شيۇجېڭجۇچىلارنىڭ گەپ كالىچى . ئەگەر بۇ ئىشلار يۇقىرىنىڭ سەمىگە چۈشۈپ قالسا ، سىلىشتۇرۇپ باھالاشتا بىزنىڭ گوٛگشي نېمە بولماقچى ... مەن نېمە بولماقچى ... ھەي زىيالىي ، زىيالىي ! قىلغان ئىشى خىيالىي ...

— شۇجى ، بۇ ... بۇ ... ئۆمرۈم بويى داغ سۇ ئىچىپ ، قۇرۇق نان يەپ ، داق يەردە يېتىپ ، تېنىم قاقشال بولۇپ قالغۇچە يازغان ئىلمىي ئەسەر ... ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ پېداگوكىسى ...

— بولدى ، بولدى ، بۇنداق بىمەنە ئىشلارنى قىلغۇچە بىر سېۋەت تېزەك تېرىپ ئەترەتكە ئۆتكۈزۈپ بەرسەڭ ، ئوغۇت كىنىشكاڭغا بەش نومۇر يازدۇرۇۋالامسەن !...

گوٛگشي شۇجىسى : «بۇ بىرنېمىلەرنى دەرھال كۆزدىن يوقىتىڭلار» دەپ كېتىپ قالدى . بىرنەچچە خەلق ئەسكىرى ماتېرىياللارنى تەرەتخانىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ئوغۇت توپلايدىغان يەرگە تۆكۈپ ئوت قويۇۋەتتى ... بۇ ئوقۇتقۇچى ئۆزىنى پەرۋانىدەك ئوتقا ئۇرۇپ كۆللەرگە پۇچىلاندى ، يۈز - قوللىرى چاۋۇرۇپ چىقتى ، چاچلىرى كۆيۈپ كەتتى ، لېكىن بىر ئۆمۈر رىيازەت بىلەن يازغان مېھنىتىنى قۇتقۇزۇپ قالالمىدى . ئۇ شۇنىڭدىن بېرى ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەيدىغان ، ئالدىغا دەرەخ ، تېلېگراف تۈۋرۈكى ياكى بىرەر تام ئۇچراپ قالسىمۇ ، بىر كۈن كەچكىچە شۇنىڭ بىلەن

① ئادەمشۇلاسلىق — ئادەمشۇناسلىق .
② پېداكوتا — پېداگوگىكا .
③ كايلوپ — كايرۇف .
④ ماكاركۇ — ماكارىنكو .

مۇڭدىشىدىغان بولدى. شۇڭا، ئۇنى ئوقۇتقۇچىلار «مۇڭداش» دېگەن نام بىلەن چاقىرىشاتتى. بۇ نام ئۇنىڭغا سىڭىشىپلا قالغانىدى.

سەلىم «ئۇ مۇڭ تۆكۈۋاتقان ۋاقتىدا بىرەر كىم كاشىلا قىلسا، قولىغا نېمە چىقسا ئاتىدۇ» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغانىدى. شۇڭا، شەپە چىقارماي ئارقىغا قايتتى ...

ئەتىسى تاڭ يورۇشى بىلەن ئوقۇتقۇچىلار شىۋەرلىككە يېتىپ كېلىشتى. ئەزىز مۇدىر، ھۇشۇر، ئابدۇكېرىملەرگە ئۆز ئېغىرلىقىنى سېلىشنى خالىمىغان قۇربان مۇئەللىم ئۇلارنىڭ توسقىنىغا قارىماي، قومۇش ئورۇغىلى كەلدى. رەھىموف بىلەن ھۇشۇر ئورغاقلىرىنى ئېلىپ بىرنەچچە قەدەم مېڭىۋىدى، مۇز پاراسلاپ سۇنۇپ ئۆتۈكلىرى سۇغا تولدى.

— نېمىگە ھاڭقىيىپ تۇرىمىز؟ — دېدى قىزىلكوس ۋارقىراپ، — بۇرژۇئازىيىنىڭ قارا ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىپ قىزىللىشىشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى بۇ، قېنى تېز بولىلى!...

بىردەم تېڭىرقاپ قالغان ئوقۇتقۇچىلار ئابدۇكېرىم بىلەن ئەزىز مۇدىرنىڭ ئۆتۈكلىرىنى سېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كەينى - كەينىدىن ئاياغلىرىنى سېلىشتى. تاپاندىن ئۆتكەن مۇزنىڭ سوغۇقى مېڭىگە چىقتى. لېكىن، مۇز سۇنۇپ پۇتلار قارا پاتقاقتا پاتقاندا، بۇلتۇرقى قومۇش قىيىندىلىرى سانجىلىپ قارا سۇ قىزىل قانلار بىلەن قوشۇلۇپ قوڭۇر تۇسكە كىرىشكە باشلىدى.

ئوقۇتقۇچىلار قومۇش ئورۇشقا كىرىشىپ كەتتى. مۇزلار پاراسلاپ سۇناتتى، توڭلاپ قېتىپ كەتكەن كىيىملەر شالدىرلايتتى. بىرقانچە ئوقۇتقۇچى ئايلىنىپ يىقىلدى. ئۇلار تىكەن يوپۇرماقلىق قۇرۇق ئوت قاپلىغان قىرغا ياتقۇزۇپ قويۇلدى. تېنى كۈچلۈك، ساغلام ئوقۇتقۇچىلارنىڭمۇ كۆزى قاراڭغۇلىشىپ، بېشى ئايلىناتتى. لېكىن، ئۇلار دەرھال قومۇشلارنى تۇتاملاپ بىرنەچچە مىنۇت جىم تۇرۇۋالاتتى - دە، خەتەرلىك ئەھۋالدىن ئۆتۈپ كېتەتتى...

سەلىم دادىسىنىڭ ئەلەڭ - سەلەڭ سەنتۈرۈلۈپ يۈرۈپ

قومۇش ئورۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يىغلىۋەتتى . لېكىن ، شۇ ئەسنادا ئەزىز مۇئەللىم قۇرباننىڭ ئورۇغان قومۇشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنى يېتىلەپ قىرغا چىقتى .

— قۇربان بولدى ، سەن ئەمدى كىرمە ، پۇتۇڭنى يۇيۇپ ئايىغىڭنى كىيىۋال . قالغىنىنى بىز ئورۇپ چىقىمىز .

سەلىم دادىسىنىڭ پۇتلىرىنى يۇيۇپ ، ئايىغىنى كىيگۈزۈپ بولۇپ تۇرۇشىغا باشقىلارمۇ قىرغا چىقىشتى . بىر قۇچاق قومۇشنى قولتۇقلاپ چىققان ئابدۇكېرىم هۇشۇرنىڭ قىزىرىپ كەتكەن پۇتلىرىغا قاراپ چاقچاق قىلىپ قويدى :

— مۇبارەك بولسۇن هۇشۇر ئاكا ، تىزىڭىزغىچە قىزىلىلىشىپسىز ...

— ئاغزىڭنى يىغ ! — دېدى قىزىلكوس تاماكا قىستۇرۇلغان بارماقلىرىنى چېنەپ ، — سىياسىي ئاتالغۇلارنى ئۇنداق چاكىنىلاشتۇرۇشنىڭ ئۆزى بىر جىنايەت . سوغۇق سۇدا قىزىرىپ كەتكەننى قىزىللاشتى دېگىلى بولامدۇ ؟

— ئۇنداقتا ئوتتا قىزىللاشساقمۇ بولىدىغاندۇ ؟ — دېدى «چىش تۇمار» سۇنغان قومۇش پارچىلىرىغا ئوت تۇتاشتۇرۇۋېتىپ .

توپ ئارىسىدا پاراققىدە كۆلكە كۆتۈرۈلدى . بۇ ئەسنادا سۇنى شالاپلىتىپ كېچىپ ، پۇتلىرىغا پۇتلىشىۋاتقان قومۇشلار بىلەنمۇ چاتىقى يوق ، بىر تۇتاملا قومۇشنى قولتۇقلاۋالغان مۇڭداش نېمىلەرنىدۇر دېگەچ قاپقارا پاسكىنا سۇنى چاچرىتىپ قىرغاققا يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى . ئۇنىڭدىن ھەممە كىشى تەپ تارتتى ...

— قىزىل... قىپقىزىل... چىتتەك قىزىل... گۈلمۇ قىزىل... ئوتمۇ قىزىل... قانمۇ قىزىل... — دېدى قىرغاققا چىقىپ ۋە بىردىنلا قىزىلكوسنىڭ بىلىكىدىكى قىزىل پەتتىنى كۆرۈپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى ،— سەنمۇ قىزىل ، ئۆپكەمدەك قىزىل ... بۇرنۇڭمۇ قىزىل... بىلىكىڭدىكى لاتىمۇ قىزىل... مېنىمۇ قىپقىزىل ئوتقا تاشلىۋەت... مېنىڭمۇ كۆڭلىرىم ئاسماندا ئۇچۇپ كەتسۇن ... بوراندا توزۇپ كەتسۇن !...

مۇڭداش ئورغاق ۋە قومۇشلىرىنى تاشلاپ قىزىلكوسقا ئېتىلدى . ئادەتتە بىركىم چىشىغا تەگمىسە ئۆز «مۆكى »نى تۆكۈپ جىمجىت يۈرىدىغان مۇڭداشنىڭ نېرۋىسىغا يالاڭ ئاياغ مۇز كېچىپ يۈرۈش تەسىر قىلدىمۇ ياكى ئابدۇكېرىمنىڭ «قىزىللىشىش» ھەققىدىكى چاقچاقلىرى ئۇنىڭ كونا يارىسىنى قوزغاپ قويدىمۇ ، ئىشقىلىپ ئۇ قىزىلكوسنىڭ بىلىكىدىكى قىزىل پەتتىنى كۆرۈپلا ئەسەبىيلىشىپ كەتكەنىدى .

— مۇڭداش ... مۇڭداش ... ماڭا قارىغىنا ، — رەھىموف ئۇنى قۇچاقلىۋالدى ۋە چىرايلىق گەپلەر بىلەن ئالداپ قاياققىدۇر ئەكەتتى ... قىزىلكوسنىڭ رەڭگى ئۆچۈپ يۈزىدە ھال رەڭ داغلار پەيدا بولغانىدى . بۇ ئەھۋالدىن نە كۈلۈشنى ، نە خاپا بولۇشنى بىلمىگەن ئوقۇتقۇچىلار بىر - بىرىگە قارىغىنچە ھۆل پايتىمىلىرىنى ئېلىپ پۇتلىرىنى ئوتقا قاقلىدى . لېكىن ، كۆپ ئۆتمەي پۇتىنى ئوتقا قاقلىغان ئوقۇتقۇچىلار ئاغرىق ئازابىدىن تىكەنلىك قىر ئۈستىدە يۇمىلىنىشقا باشلىدى . ئۇلار ۋارقىرايتتى ، كۆزلىرى چىقىپ كەتكۈدەك چىڭقىلاتتى ... بەزىلىرى پۇتلىرىنى قۇچاقلاپ تۈگۈلۈپلا قېلىشتى ... مۇڭداشنى پەسكارىغا چۈشۈرۈپ قايتىپ كېلەگەن رەھىموف ئوتقا قاقلىنىش ئۈچۈن كېلىۋاتقانلارغا ۋارقىرىدى :

— ئاغىنىلەر ، بۇ قانداق قىلغىنىڭلار ؟ «خۇدا ئۇرغاننى خۇادبەردى قوشلاپ ئۇردى » دېگەندەك ، ئۇنىڭسىزمۇ تارتىۋاتقان ئازابىڭلار ئازمىدى ؟ يىلىك توڭلاپ قالغاندا ئوتقا قاقلىسا ، سۆڭەكنىڭ ئاغرىقى يۈرەككە ئۆتۈپ كەتمەمدۇ ؟ ئەڭ ياخشىسى پۇتۇڭلارنى سوغۇق سۇدا يۇيۇپ ئايىغىڭلارنى كىيىۋېلىڭلار ! پۇت ئاستا - ئاستا ئۆزى ئىللىسۇن ...

ئوقۇتقۇچىلار قومۇشلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ يولغا چىقىشتى . قۇربان مۇئەللىمنىڭ قەدىمى بارغانسېرى ئاستىلاپ قالدى . ئارقىدىكىلەر بىر - بىرلەپ ئۆتۈپ كېتىپ ، ئۇ سەلىم بىلەن ئارقىدا قالدى . قۇربان مۇئەللىم قومۇش كۆتۈرۈۋالغان ئوغلىغا قاراشقىمۇ

پېتىنالمايتتى . چۈنكى ، ئۇ ئۆز ئەھۋالىنىڭ بارغانسېرى ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزەتتى . ئۇنىڭ سول كۆكرىكىگە ھېلىدىن ـ ھېلىغا نېمىدۇر سانجىلاتتى ، ھەر قېتىم سانجىلغاندا ، نەپەس ئېلىشمۇ قىيىنلىشاتتى .

مەيدان باشقارمىسى ئەمدىلا قارا كۆرۈم كۆرۈنۈشكە باشلىغاندا ، قۇربان ئايلىنىپ يىقىلدى . باشقىلار ئۇنى كۆتۈرۈپ گەمىگە ئەكەلدى .

گەمە ئىچى كەچ كىرگۈچە ئۇپۇر ـ توپۇر بولدى . ئاسماندا تۇنجى يۇلتۇزلار كۆرۈنۈپ ، كەچكى گۇگۇم پەردىسى يېيىلغاندا ، قۇربان ھوشىغا كەلدى . يىغلاپ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن سەلىم دادىسىنى قۇچاقلاپ ، ئۇنىڭ ساقال باسقان يۈزىگە يۈزلىرىنى ياقتى .

— جېنىم دادا ، ئەمدى ھەرگىز مۇئەللىم بولماڭ ، سىزنىڭ گەپلىرىڭىزگە ئىشىنىمەن ··· مۇئەللىملەر ياخشى ئادەملەر ··· لېكىن مۇئەللىم بولماڭ ···

— بالام ، ئەتىياز پەسىللىرى چىقىدىغان سېرىق بوراننى كۆرگەنمۇسەن ؟

— ھەئە ، مومام ئىككىمىز كۈندۈزىمۇ چىراغ يېقىپ ئولتۇرغاندۇق .

— ھەببەللى ، بۇ سىياسىي ھەرىكەتمۇ خۇددى ئاشۇ سېرىق بوراندەك ئۆتۈپ كېتىدۇ .

— بولدى قۇربان ، سەن گەپ قىلما ، بىردەم تىنىچ ئارام ئال ! — دېدى ئەزىز مۇدىر چاپىنىنى قۇرباننىڭ پۇتلىرىغا يېپىۋېتىپ .

گەمىنىڭ كىگىزلىرى قايرىلىپ ، قىل يورغا ئېڭىشىپ كىرىپ كەلدى . ئۇ قول ياغلىقنى بۇرنىغا تۇتقاچ سورىدى :

— ئاق يىپ بارمۇ ؟ كۆڭلىكىمنىڭ تۈگمىسى ···

— بۇ يەردە ئاق يىپ نېمە ئىش قىلسۇن ؟ — دېدى ئەزىز مۇدىر قەھرى بىلەن ، — بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى قارا يىپ ···

قىل يورغا چىقىپ كېتىشى بىلەن گەمىنى كۆلكە قاپلىدى . قۇربانمۇ ئەزىز مۇدىرنىڭ مىخ قاققاندەك يۇمۇرلۇق زەربىسىنىڭ نەق جايىغا تەگكەنلىكىنى كۆرۈپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى .

ئوقۇتقۇچىلار ئابدۇكېرىمنىڭ قىزىق چاقچاقلىرىنى ، رەھىموفنىڭ كۈلكىلىك لەتىپە - يۇمۇرلىرىنى ئاڭلاپ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايلا قالدى . باشقا گەمىدىن قۇربان مۇئەللىمنى يوقلاپ كۆرگىلى كىرگەنلەرمۇ بىر - بىرلەپ چىقىپ كېتىشتى . گەمىدىكىلەر پۇرقىراپ توپا ئۆرلەپ تۇرغان يوتقان - كۆرپىلىرىنى سىلىشىپ يېتىشقا باشلىدى . ھۇشۇر بىلەن ئەزىز مۇدىر قۇربان مۇئەللىمنىڭ قېشىغا كەلدى .

— بايا بىرنېمە دەپ ئىشارە قىلىشىدىڭ ، بىرەر گېپىڭ بارمىدى ؟ — دەپ سورىدى ھۇشۇر پىچىرلاپ .

— ئىككىڭلار مېنى يۆلەڭلار ، سىرتتا بىردەم ئولتۇرۇپ ھاۋالىنىپ كېلەي ...

— دادا ! — دېدى سەلىم بېشىنى كۆتۈرۈپ .

— سەن يېتىپ ئۇخلا ، بىز بىردەمدىلا قايتىپ كىرىمىز ...

ھۇشۇر بىلەن ئەزىز مۇدىر قۇرباننى يۆلەپ كۆزدە گەمە كولىغاندا توپا دۆۋىلىنىپ تەبىئىي ھاسىل بولۇپ قالغان دۆڭنىڭ ئارقىسىغا چىقىپ ئولتۇرۇشتى . ئۇلار بىرھازا گەپ قىلىشماي ، ئاسماننىڭ ئېگىز بىر جايىدا يالغۇز نۇر چېچىپ تۇرغان ئورغاقتەك ئايغا ، غۇۋا پىلىلدىشىۋاتقان سان - ساناقسىز يۇلتۇزلارغا قاراشتى . شىمال تەرەپتە بىر يۇلتۇز سىرىق ۋە يېشىل رەڭدە نۇر قۇيرۇقى قالدۇرۇپ كۆچتى ...

— يۇلتۇز كۆچتى ، — دېدى قۇربان مۇئەللىم پىچىرلاپ ، — كىچىكىمدە ئانام : «ھەربىر ئادەمنىڭ يۇلتۇزى بولىدۇ ، كىمنىڭ رىزقى تۈگىسە ، شۇنىڭ يۇلتۇزى كۆچىدۇ» دەيدىغان . مېنىڭمۇ يۇلتۇزۇم كۆچىدىغان كۈنگە ئازلا قالدى ...

— ئۇنداق دېمە ! — دېدى ھۇشۇر ئاچچىقلىغاندەك قىلىپ .

— بىر ئوبدانلا بولۇپ قالدىڭغۇ ، — دېدى ئەزىز مۇدىر .

— سىلەر ئىلمىي ئادەملەر ، مەن سىلەر بىلەن ئوچۇق - يورۇق سۆزلەشمەكچىمەن ، — دېدى قۇربان مۇئەللىم كۆكرىكىنى مۇجۇپ ، — مەن كېسىلىمنى ئۆزۈم بىلىمەن ··· مەن ··· مەن ئۆزۈمدىن ئەنسىرەۋاتقىنىم يوق ، ئۆلمەيدىغان كىم بار ، لېكىن ···
— بولدى سۆزلىمە ، — دېدى ھۇشۇر ئارامسىزلىنىپ ، — سېنىڭ بالاڭ — مېنىڭ بالام ، مېنىڭ بالام — سېنىڭ بالاڭ . مەن ··· مەن ··· سەلىمنى بويۇن قىستۇرمايمەن ···
— يامانلىقنى ئويلىماي ياخشىلىققا يەتكىلى بولمايدۇ ، — دېدى ئەزىز مۇدىر بىمەھەل ئاقىرىپ كەتكەن ساقىلىنى سىلاپ ، — سەن چوقۇم ياخشى بولۇپ كېتىسەن ··· بۇنداق گەپلەرنى قىلما ··· سەلىمدىنمۇ ئەنسىرىمە ! ئۇ ··· ئۇ ··· ھازىر ئۆز بالامدەك بولۇپ قالدى ··· خەيرىنسامۇ ···
ئەزىز مۇدىرنىڭ گېپى ئۈزۈلۈپ بوغۇلۇپ قالدى . قۇربان مۇئەللىم ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتتى . ئەزىز مۇدىرنىڭ قوشتوغراققا كەلگەندىن بېرى تىغ تەگمىگەن ئاق ساقاللىرىدىن يوغان - يوغان ياش تامچىلاپ يۇمىلاپ چۈشۈۋاتاتتى .
ئەزىز مۇدىرنىڭ ئايالى خەيرىنسا تۇنجى تۇغۇتىدا ئوپېراتسىيە قىلىنىپ ، بالا قورساقتىن ئۆلۈك ئېلىنغاندىن بېرى تۇغمىغانىدى . ئۇلار كېيىن بىر بالا بېقىۋالغان بولسىمۇ ، بالىنىڭ ئاتا - ئانىسى بەش يىل ئۆتكەندە دەۋا قىلىپ بالىنى ئەكەتكەن . شۇڭا ، بالىغا زار بۇ ئايال داۋاملىق سەلىمنى ئۆيىگە ئەكىرىپ ، تاماق بېرىپ ، كىيىم - كېچەكلىرىنى يۇيۇپ ، ياماپ بېرەتتى .
ئەزىز مۇدىر بىلەن ھۇشۇر قۇربان مۇئەللىمنى يۆلەپ تۇرغۇزغاندا ، دۆڭ ئارقىسىدىن بىر شەپە ئاڭلانغاندەك بولدى ۋە دەرھال يوقاپ كەتتى . قۇربان مۇئەللىم يوتقانغا كىرىپ سەلىمنىڭ پۇت - قوللىرىنىڭ مۇزلاپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ ھەيران قالدى . لېكىن ، دادىسىنى تويۇقسىز قۇچاقلىۋالغان سەلىم بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى .
تۆت كۈن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان قۇربان مۇئەللىم

بەشىنچى كۈنى قىل يورغىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئىشقا چىقتى . بۇ چاغدا مەيدان باشقارمىسىغا قورۇلۇش سىلىنىۋاتاتتى . قۇربان مۇئەللىم كېتىپ ئارىدىن بىر سائەتمۇ ئۆتمەي ، ئوقۇتقۇچىلار ئۇنى كۆتۈرۈپ كېلىشتى . جازا ئۇستىدە لاي كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقاندا ، ئۇنىڭ كېسىلى قوزغىلىپ قالغانىدى . ئەزىز مۇدىر ئۇنىڭ بېلىدىكى ئارغامچىنى يېشىپ ، پاختىلىرى تىتىلىپ كەتكەن چاپىنىنى ئاۋايلاپ سالدۇردى .

قۇربان مۇئەللىم كۆزىنى ئېچىپ ، سەپداشلىرىنى كۆرۈپ كۆزىگە ياش ئالدى . ئۇ ئۆزىنىڭ خېلى ياخشى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ، باشقىلارنى خاتىرجەم قىلغاندىن كېيىن ، ئەزىز مۇدىر بىلەن قالدى .

— ھوشۇر قېنى ؟ — دېدى قۇربان مۇئەللىم زەئىپ ئاۋازدا .

— ناھىيىدىن بىر باشلىق چىقىپتىكەن ، شۇنىڭ كىچىك ماشىنىسىدا سېنى دوختۇرخانىغا ئەكىرىشنى سۆزلىشىش ئۈچۈن مەيداندا قالدى .

— ئەمدى بەرىبىر ، — دېدى قۇربان مۇئەللىم ئەزىز مۇدىرنىڭ كۆزىگە ئۇزاقتىچە تىكىلىپ ، — ئەزىز ! ...

سىرداش كىشىلەرنىڭ سۆزى ئەمەس ، ھەتتا مەنىلىك كۆز بىلەن بېقىشىمۇ كۇپايە ، ئەزىز مۇدىر ھەممىنى چۈشەندى ...

— خاتىرجەم ... بول ... لېكىن ئۈمىدسىزلەنمە ... مەن ... مەن ... مەيدان باشقارمىسىغا باراي ... سېنى دەرھال شەھەرگە يۆتكەش كېرەك !

دەرۋەقە ئاتا — بوۋىلىرىمىز توغرا ئېيتقان : باياشات ، موھتاجسىز شارائىتتا تەڭلەنگەن مىڭ تىللا كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ . تەڭقىسلىقتىكى بىر تىيىن ئاشۇ مىڭ تىللانى بېسىپ چۈشىدۇ ... تىنچ شارائىتتا ، كۆكۈل خۇش چاغدا تېپىشىپ ئىزدەشكەنلەردىن كۆرە ، بوران - چاپقۇن ئىچىدە تونۇشۇپ ھەمدەم بولغانلار مىڭ مەرتىۋە ساداقەتمەن كېلىدۇ . ئەزىز مۇدىر بوراندەك ياش تۆكۈپ چىقىپ كەتتى .

سەلىمنىڭ چىرايى سۇتتەك ئاقىرىپ، قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەنىدى. ئۇ قارىغانسېرى دادىسى بىردە تولىمۇ يىراقلاپ ۋە كىچىكلەپ كەتسە، بىردە ئاجايىپ زور گىگانت ئادەمدەك بولۇپ كۆرۈنەتتى.

— سەلىم ... ئوغلۇم ... بېشىمنى سەللا كۆتۈرۈپ قوي ...

— ماقۇل ... ماقۇل ... مانا ھازىر، — سەلىم دادىسىنىڭ بېشىغا چاپىنىنى تۆت قاتلاپ قويۇپ بېرىپ تۇيۇقسىز يىغلاپ ئۇنىڭغا تاشلاندى ...

— جېنىم دادا، ئەمدى مۇئەللىم بولماڭ ... بىز مومامنىڭ يېزىدىكى ئۆيىگە كېتەيلى ... مەنمۇ ئوقۇماي ... دېھقان بولاي ...

— بالام، ئۇنداق دېمە ... سەن ... سەن مېنى خۇشال قىلىمەن دېسەڭ ئوقۇ، ئوقۇغىن ! — دېدى قۇربان گۇنىسىز كۆزلىرىنى سەلىمگە تىكىپ، — ئەزىز مۇدىر سېنى ئوقۇتىدۇ ... ئاخىرغىچە ئوقۇتىدۇ.

— ئوقۇساممۇ مۇئەللىم بولمايمەن ...

— ئوقۇتقۇچىلىقنى ھاقارەت قىلما، ئۇنداق دېسەڭ، مەن سەندىن رازى ئەمەس، — دېدى قۇربان مۇئەللىم دەممۇدەم ھاسىراپ، — ئوقۇتقۇچى — ھەسەل ھەرىسى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەجىر بىلەن يىغقان نېمەتلىرىنى باشقىلارنىڭ قەلبىگە قۇيىدۇ !... ئوقۇتقۇچى — مېھىر بۇلىقى، ئۇ تەشنا يۈرەكلەرنى قاندۇرىدۇ !... ئوقۇتقۇچى باھار يامغۇرىدەك تامچە - تامچە شىرنىلىرى ئارقىلىق يۇمران نوتا، ياش مايسىلارغا جان ئاتا قىلىدۇ ...

— دادا !... دادا !...

— ئوغلۇم، — قۇربان مۇئەللىم كۆزلىرىنى تەستە ئاچتى ۋە بەكمۇ ئاستا شىۋىرلىدى، — ھەرقانداق مىللەتنىڭ گۈللەپ - ياشنىشى ياكى خاراب بولۇشى — تەرەققىي تېپىشتا ! تەرەققىي تېپىشنىڭ ئاساسى — مائارىپ. مائارىپنى، ئوقۇتقۇچىلارنى نەزەر دائىرىسىدىن چەتتە قالدۇرغان مىللەت تەرەققىي تاپالمايدۇ.

تەرەقىقىي تاپالمىغان مىللەت مەڭگۈ ئالغا باسالمايدۇ. ئۇ باشقىلارنىڭ تاپانلىرى ئاستىدا دەسسىلىپ يانجىلىپ، خارلىنىپ تۈگەيدۇ ...

قۇربان مۇئەللىمنىڭ كۆزلىرى ئوچۇق پېتى قېتىپ قالدى. نېمە قىلارىنى بىلمىگەن سەلىم تېخى سوۋۇشقا ئۈلگۈرمىگەن جەسەتنى مەھكەم قۇچاقلىۋالغانىدى.

1967 - يىلىنىڭ تۇنجى باھارى! ... باھار ئاپتاپ چۈشكەن قىرلارغا يايپېشىل ئوتلارنى سوۋغا قىلغانىدى. چۆل تورغايلىرى بىر - بىرىنى قوغلىشىپ، چۇرۇقلىشىپ بەس - بەستە سايرىشاتتى. ئۆز ماكانلىرىغا ئىلگىرى - ئاخىر قايتىشىۋاتقان ئوقۇتقۇچىلار «ئەكسىيەتچى سىياسەتنىڭ زىيانكەشلىكى» دېگەن شوئار ئاستىدا ئازاد قىلىندى. ئاتا - ئانىلار، ئەر - خوتۇنلار، قوۋم - قېرىنداشلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇن ۋاقىت كۆرمىگەن كىشىلىرىنى ئەكېتىش ئۈچۈن ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇراتتى.

دۆڭلۈكتە قىپقىزىل تاۋلىنىپ تۇرغان يۇلغۇن تۈۋىدىكى قەبرە ئالدىدا ئۈچ كىشى تۇراتتى. ئۇلار قۇربان مۇئەللىم بىلەن خوشلاشقىلى كەلگەن ئەزىز مۇدىر، ئايالى خەيرىنىسا ۋە سەلىم ئىدى. سەلىم قوشتوغراقنىڭ چۆللىرىدە يالغۇز - يېگانە قېلىۋاتقان بۇ غېرىب قەبرىنى قۇچاقلايتتى، ئۇنىڭدىن ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى ... يىغلاپ ئۇنى پۈتۈپ كەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭ ئاۋازى چىقماس بولۇپ قالغانىدى. پەقەت ئۇنىڭ قەبرىگە تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرىلا تېخى ئەتىيازنىڭ يۇمشاق ئوتلىرى بىلەن قاپلىنىشقا ئۈلگۈرمىگەن تۇپراقنى ئۇنسىز نەمدەيتتى...

## ئونىنچى باب

# خورلۇق

ھۆرمەتلىك كىتابخان! ئەمدى بىز ئارقىمىزغا يانايلى. ئېسىڭىزدە بولسا كېرەك، بالا يىغقىلى چىققان سەلىم قاتمۇقات تاغ ئوتتۇرىسىدىكى قورقۇنچلۇق جىلغىدا تۈنەپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ھالى نېچۈك، بىلمىدۇق ... تاڭمۇ ئاتاي دەپ قاپتۇ، تېزرەك ئۇنىڭغا ھەمراھ بولايلى... ئۇنى بوگۈن يايلاقلار ئارا يەنە قانداق قىسمەتلەر كۈتۈۋاتىدىكىن، كۆرۈپ باقايلى!...

سەلىم تاڭ سۇزۇلۇشى بىلەن ئېتىغا مىنىپ تېرىم قىشلىقىغا يېتىپ كەلدى. بۇ كەنتنىڭ جىلغا ئارىلىقلىرىغا تېرىلغان تاختا ـ تاختا ئارپىلىرى كۆكىرىپ تۇراتتى. سەلىم سالچۇقنىڭ تاش تاملىرىغا تېزەكلەر چاپلىنىۋېتىلگەن قورۇسى ئالدىغا كېلىپ، ئۇزەڭگىدە ئۆرە تۇرۇپ ھويلىغا قارىدى. ئۆي ئالدىدا ھەمدۇل تەرەت ئېلىۋاتاتتى. ئۇ سەلىمنى كۆرۈش بىلەن ئالمان ـ تالمان قۇم چۆگۈننى تاشلاپ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى. سەلىم قادىرنىڭ «زاكىر خوجا ھەمدۇلنىڭ مۇرىتى، ئۇنىڭغا قول بەرگەن زاھىت» دېگەن سۆزىنى يادىغا ئالدى. «ۋۇي ئەبلەخ! تاسايدىن قوغلىنىپ، زاكىر خوجىنى تېپىۋاپتىكەنسەن ـ دە! قادىر ئاكام بىكار ئېيتمىغان، سالچۇقنى سوئال سوراشقا قۇتراتقان سەن بولماي كىم بولاتتى؟» دەپ تىللىدى ئىچىدە.

— سالچۇق!...

ئۆيدىن يۇزلىرى مايلاشقان، شالاڭ ساقاللىرى مەيدىسىدە چېچىلىپ تۇرغان پاكار بويلۇق بىر كىشى ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن خۇددى سېرىق ماي قاچىلىغان تۇلۇمغا ئوخشاش بوينى يوق، ئېگەك

گۆشلىرى قاتلام - قاتلام سالپىيىپ، يىلىمدە ئۆرۈلگەن چاچلىرى دىڭگىيىپ تۇرغان بىر ئايال گويا پاكار ئېرى ئالدىدا ئېگىز بويى بىلەن تەنتەنە قىلىۋاتقاندەك كەڭ كۆڭلەك ئىچىدە لىغىرلاپ چىقىپ كەلدى. سەلىم ئاتتىن چۈشۈپ، ئۇلارغا سالام قىلدى.

— خوش، نېمە گەپ؟ — دېدى زاكىر خوجا يوغان كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ.

— سالچۇقنى ئالغىلى كېلىۋىدىم...

— سالچۇق ئوقۇمايدۇ ...

— زاكىر ئاكا، بۇ؟ ...

— هەي ئەپەندى، — دېدى ئايال قوللىرىنى شىلتىپ، — زاكىرئاخۇن دېگىن. تېخى بۆشۈكىنى تەۋرىتىپ بەرگەندەك قىلغان گېپىگنى قارا !...

— نېمىگە قاراپ تۇرسەن؟ ماڭمامسەن يولۇڭغا! «ئات ئىزى» دېگەن بىرنېمەڭ بىلەن باللارغا جەدىتلىك، مۇرتەتلىكتىن ساۋاق بېرىسەن ... بىزنى ئۇ ئالەمگە پاكراق كەتكىلى قوي ...

— زاكىرئاخۇن ئاكا ... بۇ ... بۇ ئوقۇشماسلىق، ئۇنداق دەيدىغان ئوقۇشمۇ يوق ... بۇ ...

— ماڭ، ماڭ ... سەن بىلەن مىتەۋىلىشىپ ئولتۇرمايمەن. تېخى ئۆملىگۈچى هايۋاندىن ئادەم پەيدا بوپتىمىش. ئۆملەيدىغان هايۋانلار ئازمىدى، تۆلكىدىن بۆرىگىچە، بۆرىدىن ئېيىققىچە هەممىسى ئۆملەيدىغۇ! قايسىبىرى ئادەمگە ئايلىنىپ بېقىپتۇ؟...

— ئەجەب بىزەڭ نېمىكەنيا بۇ، ئالدىڭغا دەسسە! — دېدى ئايال ئېڭىكىنى ئۇچلاپ.

ئەر - خوتۇن ئىشىكنى جاققىدە يېپىپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. لېكىن، سەلىم ئىشىك زەنجىرىنى تاراقلاتقىلى تۇردى. بۇ چاغدا ئايالنىڭ «يولۋاس»، «تۆت كۆز» دەپ ۋارقىرىغىنى ئاڭلاندى. قاياقتىندۇر تاملاردىن ئارتىلىپ چۈشكەن تۇكلۈك ئىتلار سەلىمگە ئېتىلدى. سەلىم قامچىنى شىلتىغانسېرى سىرتىدىن ياۋاش

لالمىدەك كۆرۈنىدىغان بۇ تاغ ئېتلىرى خۇددى ئادەمنى يەۋېتىدىغاندەك ئەلپاز بىلەن ئېتىلاتتى. بىرلا يەردە پىرقىراپ ھاسىراپ كەتكەن سەلىمنىڭ «جارتلا» قىلىپ چاپىنىنىڭ يېڭى يىرتىلدى، پاقالچىقىنىڭ قەيىرىدۇر ئېچىشتى...

— يولۋاس، تۆت كۆز، — ھويلىدىن چىقىپ كەلگەن ياش يىگىتنىڭ غەزەپلىك ئاۋازى كېلىش بىلەن ئىتلار ئارقىغا ياندى.

— خاپا بولمىسىلا ئەپەندىم، دادام ئەسلى مۇنداق ئەمەس ئىدى، — دېدى يىگىت سەلىمنىڭ قولىنى قول ياغلىقىدا تېڭىۋېتىپ، — قىزىل ئىشتان كۆرسىمۇ نەپسى تاقىلدايدىغان بۇ ئوغرى كۆز موللا ئۇنىمۇ ئالچىپار قىلىۋەتتى.

يىگىت سەلىمنى ئاتقا مىندۈرۈپ قويغاندىن كېيىن: «بۇ ئىشلارنى كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا، مەن كېيىنچە سالچۇقنى ئۆزۈم ئاپىرىپ قويىمەن» دەپ ئۆزرە سورىدى.

سەلىم تاغ ئارىلاپ پېشىن بىلەن تاساي يايلىقىدىكى چولپاننىڭ ئۆيىگە كەلدى. ھويلا جىمجىت ئىدى. سەلىم بىرنەچچە قېتىم ۋارقىرىغاندىن كېيىن، ئارقا ھويلىدىن «ئو» دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ گۈس - گۈس دەسسىگەن ئاياغ تىۋىشى كەلدى. تېخى تاغدىن چۈشكىنىگە ئىككى كۈنلا بولغان بايىزنىڭ ئوغلى ھارۇن سەلىمنى كۆرۈش بىلەنلا ھۇرپىيىپ مۇشتلىرىنى تۈگدى.

— سىز چولپاننىڭ ئاكىسى بولىسىزغۇ دەيمەن...

— ...

— بايىز ئاكام بارمۇ؟ مەن چولپاننى...

— چولپان؟! ۋۇي شەھەرلىك سولتەك...

قارس قىلىپ تەگكەن تەستەكتىن سەلىمنىڭ كۆزلىرى ئوت ئالدى. سەلىم ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە ئارقا - ئارقىدىن چۈشۈۋاتقان تېپىك ۋە مۇشتلار ئۇنى يەردە يۇمىلاتتى... ئەگەر بايىز چىقىپ ۋارقىرىمىغان بولسا، ھارۇن توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. بۇ ئارىلىقتا يىغىلىپ قالغان بىرنەچچە كىشى سەلىمنى يۆلەپ تۇرغۇزدى. ئۇنىڭ قاپاقلىرى ئىششىغان، چېكىسىدىن تامغان قان

بۇرۇنلىرى ئۈستىدىن سىرغىپ ئېگىزلىرىنى بويىۋەتكەنىدى .
قۇياش ئېگىز تاغلارغا باش قويدى . كۈنچىقىش تەرەپتىن ئېغىر يامغۇر بۇلۇتلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن سۈرۈلۈپ تاغ چوققىلىرىنى ، يانباغىرلارنى تۇتاش مانانلاشتۇردى . سوغۇق شامال ئىسىپ تۇراتتى . ئەتىگەندىن بېرى نانىڭ ئۇۋۇقىنىمۇ ئاغزىغا سالمىغان سەلىم ئات ئۈستىدە مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ ، بەزىدە ئېگەرگە چاپلىشىۋېلىپ زەئىپ ئىڭرايتتى . ئۇنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ ، يۆتىلىمۇ كۈچىيىشكە باشلىدى .
باشقۇرغۇچىسىز قالغان ئات يول پۇراپ تاغ قاپتاللىرىدا كېتىپ باراتتى . ئاتنىڭ بوينىنى قۇچاقلاپ ئېگەردە يېتىپ قالغان سەلىم ئوت ـ كاۋاپ بولۇپ قىزىپ كەتكەن بولسىمۇ ، جالاقلاپ تىترەۋاتاتتى . تۇيۇقسىز تاغ قاپتىلىدىن «ئو» دېگەن ئاۋاز كېلىش بىلەن ، ياۋا ئالما يەۋاتقان كۆل رەڭ ئېيىق گولدۇر ـ غالاپ قىلىپ توقاي ئىچىگە كىرىپ كەتتى . بۇنىڭدىن ئۈركۈگەن ئات «پارتلا» قىلىپ قاچتى . سەلىم ئاتتىن يىقىلىپ يول چېتىدىكى ئوتلاققا ئۇچۇپ چۈشتى ...

## جاراھەت ئۈستىگە سېپىلگەن تۇز

— قادىر مۇئەللىم ! هاي قادىر مۇئەللىم ، قېنى سىلى ؟ ...
يامغۇرلۇق كېچىدە بېشىغا تاغار ئارتىۋالغان ئىدرىس كاتىپ ۋارقىرىغىنىچە مەكتەپكە كىرىپ كەلدى . سىنىپتا باللارنىڭ كەچلىك مۇزاكىرىسىگە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان قادىر ئىدرىسنىڭ ئەنسىز ئاۋازىدىن ئەندىكىپ يۈگۈرۈپ چىقتى .
— سەلىم مۇئەللىم كەلمىدىمۇ ؟
— ياق ، تۈنۈگۈن سەھەر چىقىپ كەتكەنچە .
— ئاپلا ، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق ؟ سەلىم مىنگەن ئات قايتىپ كەلدى . سومكىسى ئېگەر بېشىدا ئىلىقلىق تۇردۇ ، ئىچىدە يېرىم نانمۇ بار ...

ئىدرىسنىڭ غاراڭ ـ غۇرۇڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان بالىلار يۈگۈرۈشۈپ چىقىشتى . گۈلسۈمە ، ھۆرلىقا ، نودەرلەر يىغلىۋەتتى .

— ئىزدەيلى مۇئەللىم ! — دېدى سەرۋەر تاقەتسىزلىكتىن قوللىرىنى چىشلەپ ، — چاپسانراق بولايلى …

— قادىر مۇئەللىم بىلەن ئىككىمىز ، — دېدى ئىدرىس يۈزىدىكى يامغۇرنى ئالىقىنىدا سىيرىۋېتىپ ، — تېرىم ، قىشلاق ، ئومشا ، تاسايلارغا بارايلى . سىلەر بالىلار ، سىنىپىڭلارغا كىرىپ ئوقۇۋېرىڭلار .

— ياق ، بىزمۇ بارىمىز ، — سەمەن ، تۇمەن نودەر ، ھۆرلىقا ، گۈلسۈمە قاتارلىق قىز ـ ئوغۇللار بىردەك چۇرقىراشتى .

— بىز ، — دېدى سەرۋەر ئىدرىس بىلەن قادىر كەتكەندىن كېيىن ، — ئۈچكە بۆلۈنەيلى ، سەمەن ، سەن چاقار سايلىقى بىلەن ماڭ ، تۇمەن قوتانلىق مەھەللىسى ئارقىلىق ئايلانسۇن ، نودەر ، سەن تاساي جىلغىسىغا كېتىدىغان يول بىلەن ئىزدە ، ھەممىمىز يامانبۇكتە ئۇچرىشىمىز .

— سىز قايسى گۇرۇپپا بىلەن ماڭىسىز ؟ — دېدى بالىلاردىن بىرى .

— مەن خان ئانامغا ئەھۋالنى ئېيتىپ قويۇپ ، ئارقاڭلاردىن يېتىشىمەن .

بالىلار بۇ يامغۇرلۇق كېچىلەردە لايلارغا مىلىنىپ ، تېيىلغاق تاشلاردىن يىقىلىپ «مۇئەللىم … مۇئەللىم …» دەپ چۇرقىراشقىنىچە قاراڭغۇ تاغ جىلغىلىرىنى ، تىك چېقىللارنى زىلزىلىگە سالماقتا ئىدى . سەرۋەرمۇ خان ئانىسىغا ئەھۋالنى ئېيتىپ ، ئۆيدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتى . ئۇ بالىلار كەتكەن يول بىلەن ماڭماي ، تار ھەم تىك چىغىر يوللاردا كېتىپ باراتتى . ئۇ يىلتىزلارغا ئېسىلىپ تاشلارغا سەكرەيتتى ، چاتقاللار كۆكلەكلىرىنى ئىلاتتى ، يۈزىگە تىكەنلەر سانجىلاتتى . بۇ تاغ قىزىنىڭ چاققان ، تېز ، چەبدەس ، چېچەن ھەرىكەتلىرى خۇددى

قاراڭغۇ تاغنىڭ ئىپار كېپىكىنى ئەسلەتتى ... ئۇ ئىچىدە : «مۇئەللىم ... مۇئەللىم ...» دەپ ئۆزمەي پىچىرلايتتى ...

چىلىق - چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەن سەرۋەر بۇ يامغۇرلۇق تۈندە سەلىمنىڭ ئىسمىنى ياد ئېتىپ كېتىۋاتقىنىدا، خۇددى مۇردىدەك تاتىرىپ كەتكەن سەلىم ئىككى تاغ ئوتتۇرىسىدا چوقچايغان قورام تاشلار ۋە چاتقاللار ئارىسىدىن سەنتۈرۈلۈپ كېلىۋاتاتتى. كۆزلىرى گۆردەك ئولتۇرۇشقان، ئېغىر قىزىتما ۋە ئاچلىق زەربىسىدە پۇت - قوللىرىدىن ماغدۇر كەتكەن، پېشانىسىدىكى جاراھەتتىن ئاققان قان يامغۇر سۇلىرى بىلەن قوشۇلۇپ يۈزلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان سەلىم يىقىلىپ - قوپۇپ، قورام تاشلارنى قۇچاقلاپ ئىلگىرىلەيتتى. بەزىدە ھوشىدىن كېتەتتى ۋە يامغۇر سۇلىرىنىڭ تارىسلداپ يۈزىگە ئۇرۇلۇشى بىلەن كۆزىنى ئاچاتتى. ئۇ قىشلىق تەتىلدە سەمەن، تۇمەنلەر بىلەن توشقان قوغلىغان جىغانلىققا يېتىپ كەلگەندە، زادىلا بولالمىدى. ئۇ يامىشىپ چىقىۋاتقان تار يولدىن پەسكە دومىلاپ چۈشتى - دە، تاش ئۈستىدە پۇت - قوللىرىنى تاشلاپ، خۇددى ئارام ئېلىۋاتقاندەك يېتىپ قالدى ...

تىغ ئۆتمەيدىغان زۇلمەت قاراڭغۇلۇق! ئارقا - ئارقىدىن دەھشەت چېقىلغان چاقماقنىڭ كۆكۈچ سىرلىق نۇرىدا بىر - بىرىگە مىنگەشكەن ئاجايىپ ھەيۋەتلىك قورام تاشلار گويا يۈزلىگەن دىۋىلەردەك يالت - يۇلت چاقناپ قورقۇنچلۇق ئىزنالارنى پەيدا قىلماقتا ئىدى. كۆڭلەكلىرى سەرۋىدەك نازۇك بەدەنلىرىگە چاپلىشىپ، قاپقارا چاچلىرى يۇمران بويىنىغا يۆگىشىپ، گويا سەرمەردىن ئويۇلغان مەبۇدىگىلا ئوخشاپ قالغان سەرۋەر چىغىر يوللارنىڭ ئىزناسىمۇ كۆرۈنمىگەن تاغ باغىرلىرىدا ئەسەبىيلەرچە توۋلاپ يۈرەتتى. ئۇ بىردىنلا قاراسلاپ چېقىلغان چاقماقنىڭ ئۆتكۈر نۇرىدا پەس سايلىقتىكى قورام تاش ئۈستىدە يامغۇر ئوقلىرىغا يەم بولۇپ ياتقان ئاپئاق بىر گەۋدىنى ئايدىلەڭ كۆرۈپ قالدى ۋە تېيىلىپ - مۇدۇرۇپ، يىقىلىپ - قوپۇپ يۈگۈردى.

— مۇئەللىم ! ··· مۇئەللىم ! ! ! ···

سەرۋەر سەلىمگە تاشلىنىپ يىغلىۋەتتى ··· ئەمدىلىكتە سەلىمنىڭ يۈزىگە چۈشۈۋاتقىنى يامغۇر تامچىلىرى بولماي، ئىسسىق كۆز ياشلىرى ئىدى .

— سەر ··· ۋەر ! ···

— مۇئەللىم ! ··· مۇئەللىم ! ! ··· مۇئەللىم ! ! ! ···

سەرۋەر بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى . سەلىم ئۇنىڭ مەرمەردەك سۈزۈك يۈزىگە، نازۇك بويىنىغا قاراپ، تەرتىپسىز چاپلىشىپ كەتكەن قۇندۇزدەك چاچلىرىنى كۆردى ··· ياش تامچىلىرى يامغۇر بىلەن قوشۇلۇپ ئۇنىڭ يۇمران ئېڭەكلىرىدىن ئاقماقتا ئىدى ···

— يىغ ··· لىماڭ ··· سەر ··· ۋەر ···

— ئېيىم — ··· سەرۋەر ئۇچۇن بۇ ئىلتىجا ئۇستازىنىڭ بۇيرۇقى ئىدى . ئۇ ئالمان - تالمان باش لىڭشىتىپ ياشلىرىنى سۈرتتى . لېكىن، بەئۋاش كۆز ياشلىرى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۈزۈلمەي تۆكۈلۈپ تۇردى . ئۇ سەلىمنى قارشىلىق قىلغىنىغا قارىماي، دەس يۇدۇۋالدى .

سەرۋەر سەلىمنى ئۆيگە ئەكىرگەندە، ھازىلخان تېخى ئۇخلىمىغانىدى . ئۇ سەرۋەرنىڭ بويىنىغا گىرە سالغان سەلىمنى، سەلىمنىڭ بەللىرىدىن قامالالاپ يۆلەپ كىرگەن سەرۋەرنى كۆرۈپ ھەيران بولمىدى . چىرايىدىن خاپا بولغاندەكمۇ ئالامەت كۆرۈنمىدى، ھەتتا «ۋاي بىچارە، ۋاي بىچارە» دەپ ئىچ ئاغرىتتى .

— قىزىم، — دېدى ھازىلخان ياستۇقنى تاشلاپ بېرىپ، — كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، جۇۋا بىلەن قىپچاپ يۆگەپ قوي، ئوبدان تەرلىسۇن !

— يا ··· ياق، — دېدى سەلىم ئەندىكىپ . لېكىن، ھازىلخان ئۇنىڭ ئوتتەك يېنىپ تۇرغان بىسەرەمجان كۆزلىرىگە، قان قۇيغاندەك قىزىرىپ كەتكەن يۈزىگە قاراپ، تاغلىقلارغا خاس مەردلىك بىلەن :

— نېم قوق، مەن سېنىڭ ئاناڭ، تارتىنما، ھەمدۇل دېگەن

قوتاز سالجىسى ئەمدى بوسۇغامغا دەسسەپ كۆرسۇن ! سىنىڭ سەرۋەر ئۇچۇنلا مۇشۇنداق جاپالارنى چەككەنلىكىڭنى بىلىمەن . ئۆتكەندە سەرۋەرنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىڭ ئۇچۇن خۇدادىن ئۆمرۈڭنى تىلىدىم . ئۇ مېنىڭ بىر تالىلا گۆھىرىم ئەمەسمۇ... — دېدى .

ئۆيگە بوراندەك ياش تۆكۈپ بالىلار كىرىپ كېلىشتى . ئۇلار يۈگەپ قويۇلغان ئوقۇتقۇچىسىنى چۆرىدەپ ئۇنىڭ تېڭىلغان پېشانىسىنى ، قان داغلىرى كەتمىگەن قولاق ، ئېڭەكلىرىنى سىلاپ بوغۇلۇپ - بوغۇلۇپ يىغلىشاتتى . سەمەن ، تۇمەن ، ھۆرلىقا ، گۈلسۇمەلەر كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاۋېرىپ يۇزلىرىنى مەينەت قىلىۋەتكەندى . ھازىلخاننىڭ تەسەللىسى ئۇلار ئۇچۇن بىر چېقىلدۇرغۇچ بولدى . بالىلار ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتتى .

— سەمەن ... تۇمەن ... ھۆرلىقا ... نودەر ... بالىلار ، — دېدى سەلىم گۈلسۇمەنىڭ بېشىنى سىلاپ ، — يىغلىماڭلار ... مەن ياخشىغۇ ... سىلەر جاپا چەكتىڭلار ... ئارام ئېلىڭلار ! ...

كۆز ياشلىرىدا رومىلىنى ھۆل قىلىۋەتكەن ھازىلخان بالىلارنى ئالداپ - سىلاپ قايتۇردى . ئوقۇغۇچىلار ئىشىك تۈۋىدە كۆزى قىيمىغان ھالدا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن قايتىشتى .

سەرۋەر سەلىمگە دورا ئىچكۈزگەندىن كېيىن ، ئۇنى قايتا يۈگەپ قويۇپ ، قارا چىراغنى مورا ئۇستىگە ئېلىپ قويدى . قىزىنىڭ كىر يۇيۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ھازىلخان ئۇخلاپ قالدى . سەرۋەر مورا ئالدىدا سەلىمنىڭ كىيىملىرىنى يۇيۇپ ئېسىۋەتكەندىن كېيىن ، تىزلىرىنى قۇچاقلاپ مورا تېمىغا يۆلەنگىنىچە سەلىمگە قارىدى ...

سەرۋەر ئەزەلدىن سەلىمگە تىكىلىپ قاراپ باققان ئەمەس . قىزنىڭ بۇ قارىشىنى ئەلۋەتتە تاتلىق تۇيغۇلارنىڭ نازۇك قەلبىدە بىخ ئۇرغانلىقىدىن ، دېسەك ئاشۇرۋەتكەن بولىمىز . ئىپپەت - نومۇس ، ھۆرمەت مۇجەسسەملەنگەن بۇ تاغ گۈزىلىنىڭ قارا كۆزلىرى ھېچقانچاق غەيرىي خىياللار ئىلكىدە يانغان ئەمەس .

ئەمىسە نېمە ئۈچۈن ئۇ داۋاملىق سەلىمدىن كۆزلىرىنى قاچۇرىدۇ؟ ئۇستازىدىنمۇ تارتىنامدۇ؟ دەپ سورىشىڭىز تۇرغانلا گەپ. توغرا ئۇ ئوقۇغۇچى! ... لېكىن ئۇ رەسىدە بولۇپ قالغان، ھۆسنى، بەدىنى تولۇپ يېتىشكەن قىز ... ئۇنىڭ ھازىرقى يېشىدا قەلبىدە قىزلاردا بولىدىغان نازۇك ھېس - تۇيغۇلار چېچەك ئاچقان بولىدۇ ...

تەكچىدە رەتلىك تىزىلغان دوختۇرلۇققا ئائىت كىتابلارغا قارىغىنىسېرى، سەرۋەر سەلىمدىن كۆڭلىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يەرلىرىدىن سۆيۈنەتتى. ئۇ كىتابلارنى سەلىم شەھەردىن ئەكەلدۇرۇپ بەرگەن. سەرۋەر كېچە - كېچىلەپ، بەزىدە تاڭ يورۇغۇچە بۇ كىتابلارنى ئوقۇپ خاتىرە قالدۇرغاندا، ئۇلارنىڭ ھەربىر بېتىدە سەلىمنىڭ سىيماسى كۆلۈمسىرەپ تۇراتتى ...

سەرۋەر خۇشال بولۇشقا ھەقلىق ئىدى. سەرۋەرنى مەكتەپكە قوبۇل قىلىپ، ھەمدۇلنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزغىنى، شەھەرگە كىرگۈزۈپ ئوقۇتۇپ، دوختۇر دېگەن نامغىمۇ ئىگە قىلغىنى، ھېلىقى قورقۇنچلۇق كېچىدە ھاياتىنى، تەقدىرىنى ساقلاپ قالغىنى مانا شۇ يىگىت ئەمەسمۇ! ۋاي ياق ... مۇئەللىم ... شۇنداق، سەلىم مۇئەللىم ...

سەرۋەر بىر ئىشقا تولىمۇ ھەيران بولاتتى. سەلىم شەھەردىن تاغقا قايتىدىغان ئەتىگەنلىكى سەرۋەر خان ئانىسىغا ئاتاپ ئۇنىڭغا بىر بولاق ناۋات بەرگەنىدى. لېكىن، سەرۋەر قايتىپ كەلگەندە خان ئانىسى ئۇنى سۆيۈپ تۇرۇپ: «قىزىم، سەن ئەۋەتكەن تور رومالنى كۈندە باغرىمغا تېڭىپ ياتىمەن، خۇيمۇ ئىش قىپسەن! ناماز ئوقۇغاندا ئارتىدىغان ئۇزۇن رومىلىم يوق ئىدى، سەلىم مۇئەللىم گۈلسارىخانغا بىرنى ئالغاچ كەپتۇ. بولمىسا مەن تەلمۈرۈپ قالىدىكەنمەن» دېدى. سەرۋەر بۇ رومال ئۈچۈن خان ئانىسىدىن تاكى ھازىرغىچە رەھمەت ۋە دۇئالارغا نائىل بولۇۋاتىدۇ ...

سەرۋەر سەلىمنىڭ مۇشۇنداق خەيرخاھلىقى، جان پىدالىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ بىرەر تال كۆڭلىكىنى يۇيۇپ بەردىمۇ؟ چېيىنى

قايننتىپ بىرەلىدىمۇ ؟ ياق ! ... پەقەت ئۇنىڭ ئورنىغا ھەسرەت ـ نادامەت ، قايغۇ ـ ئەلەم ، جەبىر ـ جاپا ، يەنى بۇگۈنكىدەك پاجىئە ۋە كۆلپەتلەرنى كەلتۈرۈپ بەردى .

سەرۋەرنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ كۆز ياشلىرىنى تۇتۇۋالالمىدى . ئۇ خان ئانىسىنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئاستا مىچىلداپ يىغلايتتى . سەلىمنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ جۆيلۈپ ياتاتتى . «ئۇلار كەلدى ! ... » ، «تۈگىدى ... تۈگىدى ... ھەممىسى تۈگىدى ... » ، «داۋۇت ئاكا ... داۋۇت ئاكا ! ... » دەپ ئاشكارىلا گەپ قىلاتتى ئۇ . سەلىم ئىڭرىدى ۋە كالپۇكلىرىنى تامشىپ : «سۇ ... سۇ ... » دېدى . سەرۋەر قوشۇق بىلەن ئۇنىڭغا چاي ئىچكۈزۈۋاتقاندا ، سەلىم ئۆزىنىڭ يۈزىگە تامچىلاپ چۈشۈۋاتقان ئىسسىق ياش تامچىلىرىدىن كۆزىنى ئاچتى . ئۇنىڭ كۆزلىرى كېيىن يەنە يۇمۇلۇپ قالدى . ئۇ ، شۇ تەرىقىدە خېلى ئۇزاق جىمىپ كەتكەندىن كېيىن ، تۈيۇقسىز : «گۈلنار ... گۈلنار ... » دەپ پىچىرلىدى ...

ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئىدرىس بىلەن قادىر سەلىمنى مەكتەپكە ئەكەتتى . ئۇلار يايلاقلاردا يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىغانىدى . سەرۋەر سەلىمگە كۈنىگە ئىككى قېتىم ئوكۇل ئۇرۇپ تۇردى . كەچكە يېقىن ئۆزىنى خېلىلا ئوبدان سەزگەن سەلىم ياستۇققا يۆلىنىپ ، قادىردىن ژۇرنالنى سورىدى . قادىر تەستە ئۇزاتقان سىنىپنىڭ يوقلىما ژۇرنالىنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلدى :

— ئون يەتتە بالا دەرسكە قاتنىشىپتۇ ـ دە ...

— ...

— قادىر ئاكا ، — دېدى سەلىم قادىرنىڭ جىمىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ، — سېيىت ئۇستامغا دەپ بىرەر قاچا سۈيۈقئاش ئەتكۈزۈپ بەرسىڭىزچۇ ؟

— مەن ... مەن ئېتىپ بېرەي ، — دېدى قادىر ئالدىراپ .

— سېيىت ئۇستام ... ئۇ ؟ !

— ئۇ ... ئۇ ... ئاخشام قېچىپ كېتىپتۇ، ئەسكى - تۇسكىلىرى قاپتۇ ... بۈگۈن باللار بىر ۋاخلىق سۆيۈقئاش ئىچتى .

سەلىم ئۆزىنى ياستۇققا تاشلىدى . ئۇنىڭ كالللىسى ئىشلىمەيتتى ... مانا ئۇنىڭ ئاجىز تېنىگە يەنە بىر تاغ بېسىپ چۈشتى . قادىر دېرىزە تەرەپكە قارىۋالغانىدى . ئۇنىڭ مۈرىلىرىنىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەۋاتقانلىقىدىن كۆڭلىنىڭ بىر يېرى ئېچىشىۋاتقانلىقى مەلۇم بولۇپ تۇراتتى ...

ئىشخانىغا ئالدىراپ ئىدرىس كىرىپ كەلدى . ئۇ سەلىمدىن ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن، ساقىلىنى تاتىلاپ قويۇپ كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى .

— سەلىمجان، شەھەردىن تېلېفون كەپتىكەن، ماڭا دېگىلى ئۇنىمىدى، سىز بارمىسىڭىز بولمىغۇدەك .

— قادىر ئاكا، سىز بېرىڭ، بەلكىم يىللىق ئىمتىھان سوئالى چىقىرىلغاندۇ !

— ۋۇي، — دېدى ئىدرىس ھەيران بولۇپ، — دەرسنى ھەرقايسىلىرى ئۆتكەندىن كېيىن، سوئالنىمۇ ئۆزلىرى ...

— يىللىق ئىمتىھان سوئاللىرى باش مەكتەپتىن بىر تۇتاش چىقىرىلىدۇ . قائىدە بويىچە، بىرەر ئوقۇتقۇچى ئەۋەتىش كېرەك ئىدى . قارىغاندا، ئۇلارمۇ ئالدىراش ئوخشايدۇ .

— ھە راست، سىزگە خۇش خەۋەر، — دېدى ئىدرىس يانچۇقىدىن لىپاپلىق خەتنى ئېلىپ، — ئەسلىدە تۈنۈگۈن سىزنى بىر خۇشال قىلىۋېتەي دېگەن، لېكىن سىز ...

قادىر بىلەن ئىدرىس چىقىپ كەتتى . سەلىم ئورنىدىن تۇرۇپ لىپاپنىڭ سىرتىدىكى «گۈلناردىن» دېگەن ئىسىمنى كۆردى، ئۇنىڭ كۆڭلى بىردىنلا يورۇپ قالدى . گويا گۈلنارنىڭ ئىللىق ھىدى ئۇنىڭ تېنىنى سۆيۈندۈرۈپ، ئىسسىق نەپىسى يۈزلىرىنى غىدىقلىغاندەك بولدى . سەلىم خەتنى ئاچقاندا قوللىرى تىترەپ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك تىپىرلاپ كەتتى ...

«سالام ...

سەلىم ، مېنىڭ قىشلىق تەتىلدە ئاكامدىن ئەۋەتكەن خېتىمگە جاۋاب بەرمىگىنىڭىزدىن كېيىن ، قايتا خەت يازماسلىق قارارىغا كەلگەنىدىم . لېكىن ، سېيىت ئۇستامنىڭ ئاكامغا ئەۋەتكەن خېتىدىن سىزنىڭ نېمە سەۋەبتىن قاراڭغۇ تاغقا شۇنچە ئاشىق - بىقارار بولۇپ كەتكىنىڭىزدىن خەۋەر تاپتىم . دەسلەپتە ئازابلىنىپ نەچچە كۈنگىچە گېلىمدىن تاماق ئۆتمەي ، كۆزۈمدىن ئۇيقۇ قاچتى . كېيىنچە : «ئەخمەقسەن ، ئەخمەق ، ياۋايىلار ئارىسىدا بۈيۈك ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ، يۈكسەك ھېس - تۇيغۇلىرىنى ، ئۇلۇغ غايىسىنى ئاچچىق تېزەك تۈتۈنلىرىدە بۇلغىغان بىر ئادەمگە نېمانچە شەيدا بولىسەن ؟ » دەپ ئۆزۈمگە ئۆزۈم كايىدىم . راست ئەمەسمۇ ، سىز ئۇچۇن ئاسمىنى كەڭرى تاغ ، كىشىلەر كۆزىدىن نېرى پىنھان زەڭگەر بۇلاق تۇۋى ساددا ، نادان ، ياۋاش تاغ قىزلىرىنى بىر - بىرىگە ئۇچراشتۇرماي كۆڭۈل سەيلىسى قىلىدىغان ئورۇن بولغان ...

نومۇسسىز ! ... »

سەلىم خەتنى مىجىقلىۋەتتى . لېكىن ، ئۇنىڭ چىرايى تېخىمۇ تاتىرىپ بورۇن ئۇچلىرىدا ، سۇزۇك سارغايغان پېشانىلىرىدە ئۇششاق تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى . ئۇ ئۈستەل تارتمىسىدىن تاماكىدىن بىرنى ئالدى - دە ، ئالدىراپ تۇتاشتۇردى ۋە قېقىلىپ يۆتىلىپ كەتتى . سەلىم ئۆزىنى بىرئاز بېسىۋالغاندىن كېيىن ، پۇرلىشىپ كەتكەن خەتنى ئۈستەلگە قويۇپ تۈزلىدى - دە ، خەتنىڭ داۋامىغا كۆز تاشلىدى :

«... سەلىم مەندىن ئاغرىنماڭ . مەن بۇ ئاخىرقى

خېتىمدە ئاچچىق ۋە غەزەپتىن تارسىدا، يېرىلىپ كەتكۈدەك بولغان قورسىقىمنى بوشىتىۋالماقچىمەن. كىشىلەر: ‹كۆڭۈلدىن يوگۇرۇك ۋە ئۇلۇغ نەرسە يوق› دېسە چۈشەنمەيتىكەنمەن. ھازىر ئويلايمەنكى، ئۇلار راست ئېيتىپتىكەن. ئېسىڭىزدىمۇ، قىشلىق تەتىلدە سىز يېتىلەپ كەلگەن ھېلىقى تېزەك پۇراپ تۇرىدىغان تاغلىق قىز سەرۋەر (كەچۈرۈڭ، جانانىڭىزنى ئەيىبلەپ سالدىم) ‹كىرپىكلىرىڭىز نېمانچە ئۇزۇن، خۇددى يېلىم چېپىپ ئۆرۈپ قويغۇدەك› دېگەنىدىم شۇ چاغدىلا كۆڭلۈم بەزى نەرسىلەرنى تۇيغانىدى ... مەن ھازىر شۇ چاغدىكى ئەخمەقلىقىمگە ئېچىنىمەن. سىز يۆتكىلىش ئىلتىماسىنى يېزىپ بولۇپ، نېمە ئۈچۈن جۇيجاڭغا بەرمىگەنلىكىڭىزنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى چۈشەندىم ...»

— تۆھمەتخور، — دېدى سەلىم غەزەپ بىلەن، ئۇنىڭ ھازىر كىمنى تىللاۋاتقانلىقى ئۆزىگىمۇ ئايان ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا سېيىت، ھەمدۇل، گۈلنار، مۇدىرلار ھىجىيىپ تۇرغاندەك بىلىندى. سەلىم خەتنىڭ داۋامىغا كۆز تاشلىدى:

«سەلىم، شەھەرگە كىرىپ قالسىڭىز، ئەڭ ياخشىسى مەكتەپكە قەدەم ئالماڭ ... ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا كۇسۇر - كۇسۇر قۇلاق ياقتى گەپلەر تېرىقتەك چېچىلىپ كەتتى، ھەتتا ئۇلار، سەرۋەر، نىسا، چولپان دېگەن قىزلارنىڭ ئاتا — ئانىلىرىنىڭ قوۋم - قېرىنداشلىرىنى باشلاپ مەكتەپكە ئاتلىق بېسىپ كىرىپ، سىزنى سىنسىپمۇسىنىپ، تاغمۇتاغ، جىلغىمۇجىلغا، سور - توقاي قىلىپ قامچىلاپ بىھوش قىلىۋەتكەنلىكىنى، بۇ جېدەل ھازىرغىچە بېسىقماي،

سىنىپنى يالغۇز بېشىڭىزغا كىيىپ قالغانلىقىڭىزغا قەدەر بولغان «گۈزەل» ھاياتىڭىزنى ھېكايە قىلىپ يۇرۇشىدۇ ...»

«ئىپلاسلار! ... دۇنيادا پىتنىخور، دەيدەيچى، چېقىمچى، غەيۋەتچى ئادەملەردىنمۇ قاباھەتلىك مەخلۇقلار بارمىدۇ؟»

سەلىم بۇ ئەۋرەز يۇندىسىدەك پاسكىنا، تاپ ھىدىدەك سېسىق، زەھىرى ھىلالدەك ئاچچىق خەتنىڭ ئاخىرقى سەھىپىلىرىگە خۇشياقمىغاندەك نەزەر تاشلىدى ـ دە، بىردىنلا يىگىتلىك غۇرۇرى زەرەرلەنگۈدەك قۇرلارغا كۆزى چۈشۈپ قالدى.

«سەلىم، ئادەم دۇنياغا بىر قېتىم كېلىدۇ! ... شۇڭا ھاياتنى قەدىرلەپ، جاپا چەكمەي، ئۆمۈر بوستانىنى كۆكلىتىپ، ئۇنى ھەرخىل چېچەكلەر بىلەن بېزەپ ياشاش كېرەك! ... چۈنكى جاپا چەككەنمۇ، ھالاۋەت كۆرگەنمۇ بەربىر ئىككى غۇلاچ سوغۇق يەر ئاستىدا چىرىيدۇ! ... شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئاۋارىگەرچىلىكى تولا ئوقۇتقۇچىلىقتىن ئالماشتىم (بىر جاپادىن قۇتۇلدۇم). تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سۇلتان (مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر تويدا تونۇشۇپ قالغان) نىڭ تەكلىپ ۋە يول مېڭىشى بىلەن تەشكىلات بۆلۈمىگە ئورۇنلىشىپ كاتىپلىق خىزمىتىنى ئۆتەۋاتىمەن. كۆڭلىرىم كۆڭۈللۈك ھەم خاتىرجەم ... مەنمۇ سىزنىڭ ئالا كۆڭۈللۈك قىلماي پاتراق ئۈچ قىزنىڭ بىرىنى تاللىشىڭىزغا تىلەكداشمەن ... قالغانلىرىنى كۆڭۈل خۇشلۇقىڭىز ئۈچۈن زاپاسقا قويامسىز؟ ...»

سەلىم خەتنى پۇرلەپ تاشلىۋەتتى. ئۇ ئۇستەلگە دۈم ياتقىنىچە ئېغىر نەپەس ئالاتتى. كەچكە يېقىن سەرۋەر ئوكۇل سېلىپ چىقىپ

كەتكەندىن كېيىن ، داۋۇت ، ئىدرىس ، قادىرلار كىرىپ كېلىشتى .
— داۋۇت ئاكا ، — دېدى سەلىم ئورنىدىن تۇرۇپ ، لېكىن ئۇ سەنتۇرۇلۇپ كەتتى .
— بولدى ، بولدى ، ئورنۇڭدىن قوزغالما ، — دېدى داۋۇت ئۇنى جەينەكلىرىدىن يۆلەپ كارىۋاتقا ئولتۇرغۇزۇپ ، — ئىدرىس بىلەن قادىردىن ھەممە ئەھۋالنى ئۇقتۇم . ئېتىمنىڭ تەرىنى قۇرۇتمايلا ئۇ يىرتقۇچلارنىڭ ئەدىپىنى بىرىشكە ماڭماقچىدىم ، لېكىن سېنى يوقلىماي ئۆتۈپ كېتىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمىدى .
— ئۇنداق ... ئۇنداق قىلماڭ ، داۋۇت ئاكا ! قاننى قان بىلەن يۇغىلى بولامدۇ ؟ ...
— ياق ، بۇ قېتىم بولدى قىلغىلى بولمايدۇ . بىزدە «ياۋاش بولساڭ ئاسىدۇ» بوزەك بولساڭ باسىدۇ ، دېگەن بىر مەسەل بار .
داۋۇت ئۆيدىن قاڭقىغان توپتەك يۇگۇرۇپ چىقىپ كەتتى . ئىدرىس بىلەن قادىر ئۇنى ھويلىدا تۇتۇۋالدى . داۋۇتقا يالۋۇرغانسىرى ، ئۇنىڭ جەھلى قېتىپ ، چىرايلىرى كۆكىرىپ ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقنايتتى :
— مېنى توسما ، سەلىمگە ئۆتكەن تاياق ھارۇنغا ئۆتمەمدىكەن ؟ زاكىرغا ئۆتمەمدىكەن ؟ قانۇن دېگەن قانۇن ! قانۇنغا ئۆزۈم جاۋاب قىلىمەن !
جالاقلاپ تىترەۋاتقان داۋۇت قولىنى بىرلا سىلكىپ ئىدرىس بىلەن قادىرنى ئارقىسىغا داجىتىۋەتتى . بۇ قېتىم داۋۇت ئۆتكەنكىدەك ھەيۋە كۆرسىتىش بىلەنلا كۇپايىلەنمەي ، بەلكى ئۇلار بىلەن قامچىسى قانغا بويالغۇچە ئېلىشماقچىدى .
— جېنىم داۋۇت ئاكا ، — دېدى قادىر ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ ، — مەن خۇش بولۇپ كېتەي ، ئىش يوغىناپ كەتمىسۇن ! ...
— دادۇيجاڭ ، — دېدى ئىدرىس قادىرنى ئىتتىرىۋېتىپ كېتىۋاتقان داۋۇتنى قۇچاقلىۋېلىپ ، — بۇ قېتىم مۇشۇ بىرلا قېتىم گېپىمىزنى ئىلىك ئالسىلا ! ...

— داۋۇت ئاكا ... — دېدى سەلىم ئىشىك تۇتقۇچىنى تۇتۇۋېلىپ، — مەن ... مەن ... سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي ...
— ھەي ...
داۋۇت قولىدىكى قامچىسىنى «قارسلا» قىلىپ سۇندۇرۇپ يەرگە ئۇردى - دە، تاش ئۇستىگە چىقىپ ئولتۇردى ۋە ئېغىر - ئېغىر تىنىپ يۇشۇلداشقا باشلىدى.

## ئۇششۇككە دۇچ كەلگەن كۆچەت

ئىككى كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ھېچقانداق ئىش خۇشياقمايۋاتقان سەلىم ئوڭدىسىغا يېتىپ تورۇسقا تىكىلدى. ئۇنىڭ بىر چېكىتكە تىكىلگەن كۆزلىرىدە تاقەتسىز بىر سوئال قېتىپ قالغانىدى.
«قانداق قىلىشىم كېرەك؟!»
سەلىم تاغقا كەلگەندىن كېيىن، قانچىلىك قۇربانلارنى بەردى؟ ئۇنىڭ سالامەتلىكى ناچارلاشتى ... گۈلناردىن ئايرىلدى! ... ئىززەت - ھۆرمىتى يەرگە ئۇرۇلدى! ... تاياق يېدى، قېقىلدى - سوقۇلدى! كىشىلەر بوسۇغىلىرىدىن ھەيدەلدى ... ئاشۇ قورقۇنچلۇق تاغ ئېغىزلىرىدا ھاياتىنى دوغا تىكىپ تۇردى! ... سەلىم قىلمىغان يەنە نېمە قالدى؟ پارتىلار سۇنسا ياغاچچى بولدى. ئاشخانىغا كىرسە ئاشپەز، ناۋايخانىغا كىرسە ناۋاي، قىسقىسى ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەم ئاتىسى، ھەم ئانىسى ۋە سىردىشى بولدى. ئۇ بۇلارنى كىم ئۈچۈن قىلدى؟ نېمە ئۈچۈن قىلدى؟ ئاقىۋەت قانداق بولدى؟! ... شۇنداق، ئۇنىڭ ھەربىر جان پىدالىقىنىڭ ھەققى ئۈچۈن بىر قايغۇ - ئەلەم كەلدى. ئۇ خورلاندى! ... تاغدەك ئېغىرچىلىقلار ئۇنىڭ يەلكىسىنى قاتمۇقات باستى. راسا قاتلاڭچىلىق بىر پەيتتە سىبىت قېچىپ كەتتى ... سىنىپتا بولسا باللارنىڭ تەڭدىن تولىسى يوق! ... شەھەردىن يىللىق ئىمتىھان سوئاللىرى ئاللىقاچان چۈشۈرۈلگەنىدى. ھازىرقى بار باللارنىڭ ھەممىسى ئەڭ يۇقىرى نومۇر ئالغان بىلەنمۇ بىكار.

ئوقۇغۇچىلار سانىغا چاچقاندا ، ئورتاق نومۇر قىرىققا يەتمەيدۇ ! ... ئۇ ئوقۇتۇش سۇپىتى ، سىنىپ كۆچۈش دېگەنلەرگە قانداق كاپالەتلىك قىلىدۇ ؟ ... ئابدۇرېشىت ھاكىمغا ، جۇيجاڭغا ۋە مەكتەپ رەھبەرلىكىگە قانداق جاۋاب بېرىدۇ ؟ ... سەرۋەر ، نىسا ، چولپانلار توغرۇلۇق تېرىلىپ كەتكەن ھاياسىز سۆز - چۆچەكلەرنى قانداق قىلىپ يىغىۋالالايدۇ ؟ ! ... تاغ خەلقى ئالدىدا ئۆزىنى قانداق ئاقلايدۇ ؟ ئۆز كەتمىنىنى ئۆزى چاپقان ئادەمگە كىممۇ ئىشىنىدۇ ؟ ! ...

كېتىش كېرەك ! كېتىش كېرەك ... بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ھاكىمغا دەپ ، ئەمدى قايتىلاپ كەلمەسلىك كېرەك ... لەنىتى كۆڭۈلسىزلىكلەر مۇشۇ ئېگىز تاغلار ئارىسىدا قالسۇن ! ! ...

سەلىم چامادانىنىمۇ ئالماي ، تۇرمۇشتا مۇھىم بولغان ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلىرىنى ، خاتىرە دەپتەرلىرىنى سومكىغا تىقتى . ئۇ چامادانىدىن كىيىم - كېچەكلىرىنى ئېلىۋاتقاندا ، ئۇنىڭ يۈرەك تارىلىرىنى تىترىتىپ ، ئالما ئۇرۇقى ئەتلەستىن تىكىلگەن كۆڭلەك ، بىر چىمەن دوپپا ۋە ئالتۇن زەنجىرلىك مېدالىئون چىقتى . ئۇ بۇلارنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا تەتىللەردە مەكتەپ قۇرۇلۇشلىرىدا ئىشلەپ پۇل تېپىپ ، تۇرمۇش پۇللىرىنى تېجەپ يۈرۈپ گۈلنارنىڭ تويىغا ئاتاپ ئالغانىدى . سەلىم بۇ نەرسىلەرنى پۈرلەپ قايتا چامادانغا سېلىۋەتتى ...

تالا قاراڭغۇ بولۇپ ، شامال چىقىۋاتاتتى . ئۆزلىرىنىڭ تامىقىنى ئۆزلىرى ئېتىپ يېيىشكەن ئوقۇغۇچىلار بالدۇرلا يېتىپ قالغانىدى . ھازىر مەكتەپ ئىچى بۇرۇنقىدەك قاينام - تاشقىنلىق ئەمەس ئىدى . ئەتىسى - ئاخشىمى بولىدىغان كۆڭۈللۈك مەيدان تاماشىلىرى ، داپ ، راۋاب ، نەي ، ناخشا سادالىرى ئاڭلانمايتتى . مەكتەپ مەيدانىدا خۇشال قوغلىشىپ ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرىدىغان باللار ، ياتاقلاردا بەس - بەستە دەرس يادلىشىدىغان تىرىشچان ئوقۇغۇچىلار گويا چۆلدىكى يانغىن ئۈستىگە يامغۇر قۇيۇلغاندەك ،

بىردىنلا جىمىپ كەتكەنىدى .

قول چىرىغىنى مۇرىسىگە ئېسىپ ، سومكىسىنى كۆتۈرۈۋالغان سەلىم چىغىر يول بويلاپ كۆلا كۆۋرۈكىگە يول ئالدى ... ئۇ كېتىپ ئاز ئۆتمەيلا ئوكۇل سېلىش ئۈچۈن كەلگەن سەرۋەر ئىشىكنى بىرنەچچە قېتىم چېكىپ جاۋاب بولمىغاندىن كېيىن ، مۇئەللىم ئۇخلاپ قالغان بولسا كېرەك ، دېگەن ئوي بىلەن ئىشىكنى ئاچتى . گۆركىرەپ كىرگەن شامال ئۈستەل ئۈستىدىكى ئاپئاق بىرنەرسىنى ئۇچۇرۇپ كارىۋات ئاستىغا ئەكىرىپ كەتتى . سەرۋەر قول چىرىغىنى يېقىپ ، ئالىقاندەك چوڭلۇقتىكى قەغەزنى قولىغا ئالغاندا ، ئۇنىڭ قولىغا غىجىمدالغان كالىلەك قەغەزمۇ بىللە ئۇرۇندى .

سەرۋەر قول چىرىغىنى قەغەزگە تۇتۇپ كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى :

«قادىر ئاكا ، مەن كەتتىم . سىز مەن بىلەن بىر يىلدەك جاپا ــ مۇشەققەتتە بىللە بولدىڭىز ... سىزگە ئۆز ئاكامدەك كۆنۈپ قالغانىكەنمەن . ئايرىلىش نەقەدەر ئازابلىق بىلىنىسىمۇ ئامالىم يوق ! مەن ئۈچۈن داۋۇت ئاكامدىن ئەپۇ سوراپ قويۇڭ ... ھەربىر ھەرىكىتىدىن ، چاقچاقلىرىدىن بىر ئىللىق شەپقەت تېمىپ تۇرغان بۇ ئادەم مەندەك ئاتا ـ ئانا مېھرىگە قانمىغان بىر يېتىم ئۈچۈن ھەقىقىي ئاتىلىق شاپائىتى ئاتا قىلغانىدى ... قادىر مۇئەللىم ، كۆز قارىچۇقلىرىم بولغان باللار — سەمەن ، تۇمەن ، نودەر ، ھۆرلىقا ، گۈلسۇمە ، ھەممە ـ ھەممىسى مېنىڭ يۈرەك پارىلىرىم ئىدى ... ئۇلارنى سىزگە تاپشۇردۇم ... ھەرگىز كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويماڭ ... مەن تۇنجى قېتىم كۆڭۈل ئارزۇيۇمغا قارشى مېڭىۋاتىمەن ... ئامالىم قانچە ؟ دىل رىشتىم باغلانغان بۇ يەرنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇم ... »

سەرۋەر گۈلنارنىڭ خېتىنى تاتىرىپ تۇرۇپ نەپرەتلىنىپ ئوقۇدى . ئۇ «كەچۈرۈڭ ، جانانىڭىزنى ئەيىبلەپ سالدىم» دېگەن قۇرلارنى ئوقۇغاندا ، تاغ لەيلىسىدەك قىزىرىپ كەتتى ··· بولۇپمۇ شەھەر مەكتەپتە تارقالغان سەرۋەر ، نىسا ، چولپان ۋەقەلىرىنىڭ ھەددىدىن تاشقىرى مۇبالىغە قىلىنغانلىقى ، گۈلنارنىڭ يۈزسىزلىك بىلەن سۇلتان ھەققىدە يازغانلىقى ۋە ئاخىردا «ئۈچ قىزدىن بىرنى تاللىشىڭىزغا تىلەكداشمەن» دېگەن تېتىقسىز گەپلىرى سەرۋەردە گۈلنارغا نىسبەتەن نەپرەت ئويغاتتى .

سەرۋەر خەتنى قاتلاپ يانچۇقىغا سالغاندىن كېيىن ، ئىشىكتىن ئېتىلىپ چىقتى . ئۇ سەلىمىنىڭ ئىزىدىن قوغلاپ كەتتى . بۇ چاغدا سەلىم كۆلا كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ ، قاراچېقىل باغرىدىكى تار ھەم قىستاڭ يوللاردا ئاستا كېتىۋاتاتتى . ئۇ بەزىدە بىرنەرسىسى ئۇنتۇلغان ئادەمدەك تېگىرقاپ ئارقىغا قارىغانچە بىرھازا تۇرۇپ كېتەتتى ۋە ئون ـ ئون بەش قەدەم ئالار ـ ئالمايلا ئارقىغا ياناتتى ـ دە ، يەنە توختاپ ئالدىغا قەدەم ئالاتتى .

سەلىمنىڭ بۇنداق ئىككىلىنىشى ھەرگىز تۈننىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن قورققانلىقى ئەمەس ئىدى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن تۈرلۈك ـ تۈمەن مەنزىرىلەر تۈرنىدەك تىزىلىپ ئۆتۈپ ، ئۇنى ناگىھان بىر ھالەتتە قىينىماقتا ئىدى .

«··· ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ گۈللەپ ـ ياشنىشى ياكى خاراب بولۇشى تەرەققىي تېپىشقا باغلىق . تەرەققىي تېپىشنىڭ ئاساسى — مائارىپتا . مائارىپنى ، ئوقۇتقۇچىلارنى نەزەر دائىرىسىدىن چەتتە قالدۇرغان مىللەت تەرەققىي تاپالمايدۇ ··· »

··· بۇ كىمنىڭ ئاۋازى ؟ ! توغرا ، بۇ سەلىمنىڭ دادىسى قۇربانىنىڭ ئاۋازى ، ھازىر ئۇ : «مەن سەندىن رازى ئەمەس» دېگەندەك ، ئۇنىڭغا ئالىيىپ قاراۋاتىدۇ ···

«··· ۋەتەن تۇپرىقىدا مۇنداق بىر ئاق چېكىتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ھەربىر ۋىجدان ئىگىسىنى ئېچىندۇرىدۇ ··· »

ئەنە ، قاراڭغۇ تاغ شۆبە سىنىپىنى قەلبىگە پۈككەن ئاپئاق

چاچلىق ئابدۇرېشىت ھاكىم ئۇنىڭغا قاراپ تۇرىدۇ ...

ئەنە ، ئاپئاق ساقاللىرىدىن يوغان - يوغان ياش تامچىلىرى دومىلاپ چۈشۈۋاتقان جەپەر بوۋاي : «گۆھەر قىزىم مەكتەپ ، مۇئەللىم دېسە مىڭ ئۆلۈپ بىر تىرىلەتتى ... ئەگەر شۇ مۇئەللىم قاچىمىغان بولسىمىغۇ دەپ ئارمان قىلىمىز ... » دەپ ناله قىلىۋاتىدۇ ...

سەلىم ئۈچۈن ھەممە بالا - قازاغا ئۆزىنى تىكىپ قويغان داۋۇتچۇ؟ ! ئۇ گەپ قىلماي ، يوغان گەۋدىسىنى تىك تۇتۇپ ، كۆزلىرىنى قىسىپ ، سەلىمنىڭ ئۆزىگە ئەمەس ، نەق قەلبىگە تىكىلىۋاتىدۇ .

سەلىم ئارقىسىغا ياندى . ئۇ كولا كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋاتقاندا ، ئۇنىڭ ئاستىدىكى جەھەننەمدىن ئاڭلىنىۋاتقان گۈرۈلدەش ئاۋازى ئۇنىڭغا : «چىق بۇياققا ، شەھەرلىك پاھىشىۋاز ئەپەندى ! » دەۋاتقاندەك ، «ۋۇي سولتەك ، چولپاننى نېمە قىلدىڭ ؟ » دېگەندەك ئاڭلىنىپ كەتتى . سەلىم يەنە قاراچېقىلغا قاراپ يول ئالدى . لېكىن ، ئۇ ئارقىسىغا قايرىلىپ قارىغىنىدا ، پەسلىكتە تاغنىڭ يانباغرىدا گويا چولپان يۇلتۇز كۆچۈپ چۈشكەندەك ، دېرىزىلىرى گاز لامپا يورۇقىدا ئاپئاق يورۇپ تۇرغان مەكتەپنى كۆردى . ئۇنىڭغا سەمەن ، تۇمەن ، نودەر ، ھۆرلىقا ، گۈلسۈمە قاتارلىق باللارنىڭ تەلمۈرۈپ تۇرغان چىرايلىرى ، ئىشخانا ئالدىدىن ئەگىپ كېتەلمەيۋاتقانلىقى ، ئۇلارنىڭ يىغلاپ قىزىرىپ كەتكەن قاپقارا كۆزلىرى كۆرۈنۈپ كەتتى . سەلىم يەنە ئارقىسىغا ياندى ...

سەلىم خۇددى قەدىمىنى سانىغاندەك ئاستا كېتىۋاتاتتى . ئۇ تويۇقسىزلا ئاڭلانغان شالدىرلاشتىن چۆچۈپ ، تېخى قىزىرىپ ئۈلگۈرمىگەن زىخنىڭ ئىرغاڭلاۋاتقان شاخلىرىغا قارىدى . بۇنداق شەپە قاراچېقىلدا ، كولا كۆۋرۈك بويىدىمۇ سېزىلگەنىدى .

— كىم سەن ؟

— مەن ... — نازۇك ئاۋاز بىلەن تەڭ سەرۋەرنىڭ تال چىۋىقتەك بەرنا قەددى زىخ ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلدى .

— سىز ؟ ! ...

— ...

سەرۋەرنىڭ ئىز بىسىپ ئارقىسىدىن كەلگەنلىكىنى چۈشەنگەن سەلىم نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي يەرگە قارىدى . سەرۋەر دۇدۇقلىغىنىچە يىغلىۋەتتى .

— مۇئەللىم ، سىز كەتمەڭ ... زادى كەتمەڭ ... ئۆتۈنۈپ قالاي ... مەن ... مەن ... مەكتەپتىن چىقىپ كېتەي ... ھەممە بالا ـ قازا مېنىڭ سەۋەبىمدىن بولۇۋاتىدۇ ...

— سەرۋەر ، نېمىلەرنى دەۋاتىسىز ... ئەمدى «چىقىپ كېتىمەن» دەپمۇ چىقىپ كېتەلمەيسىز ... مەنمۇ سىزنى قويۇپ بەرمەيمەن . يۈرۈڭ ، قايتايلى ! ...

— ئەكېلىڭ ، سومكىڭىزنى مەن كۆتۈرۈۋالاي ...

ئۇلار مەكتەپ ئالدىغا كەلگۈچە گەپ قىلىشمىدى . سەلىمنىڭ مەكتەپ ھويلىسىغا ئېلىپ بارىدىغان دۆڭدىكى چىغىر يولغا ماڭماي ، پەسلىكتىكى ئوتلاق يولغا قايرىلغانلىقىغا قاراپ ، سەرۋەر «مېنى ئاپىرىپ قويىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئۇنچىقمىدى . سەلىم زەڭگەر بۇلاققا يېتىپ كەلگەندە ، يۈز ـ قوللىرىنى يۇيۇپ سۇ ئىچتى . ئۇ ھۆل قوللىرىنى شىمىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قول ياغلىقىنى تاپالمىغاندىن كېيىن ، سەرۋەرگە قارىدى . سەرۋەر دەرھال قولياغلىقىنى ئۇزاتتى .

— سەرۋەر ، بۇ بۇلاقنىڭ سۈيى ئاجايىپ راھەت ـ ھە ! ؟

— شۇنداق ، بۇ بۇلاق مەن تۇغۇلسامۇ بار ئىكەن ! ...

سەلىم ھازىر ھېچ نەرسىدىن قورقۇپ قالمىدى ، ئېھتىيات بىلەن ئالدى ـ ئارقىسىغا قارىمىدى ... گويا بۇ سېھىرلىك بۇلاق سۈيى بۇگۈنكى جىمجىت كېچىدە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ھەممە ئەنسىرەش ، قورقۇش ، ئېھتىياتچانلىق ۋەم غەم ـ ئەندىشە يۈكلىرىنى بىر يولىلا ئېقىتىپ كەتكەندەك ، يېپيېنىك بولۇپ قالدى . سەلىمنىڭ ئاۋازىنىڭ تەبىئىي ، نورمال چىقىۋاتقانلىقىدىن كۆڭلى يورۇغان سەرۋەرمۇ ئۆزىنى ئەركىن تۇتتى .

شۇنداق ، سەلىم ئۆزىنىڭ پۇتۇنلەي ئويلىمىغان ئىنتايىن يامان بىر دەھشەتلىك يولغا قەدەم باسقانلىقىنى سەرۋەرنىڭ «ھەممە بالا ــ قازا مېنىڭ سەۋەبىمدىن بولۇۋاتىدۇ» دېگەن سۆزىدىن چۈشىنىۋالدى . ياق ! ھەمدۇلنىڭ يايلاقلار ئارا تەنتەنە قىلىشىغا يول قويۇشقا بولمايدۇ . سەلىم كەتسە قاچقان بولمامدۇ ؟ ! ... ھەمدۇل ئويدۇرۇپ چىقارغان تۆھمەتلەر چىنلىققا ئايلانمامدۇ ؟ ! ئۇ چاغدا ئۇ يەنە قانچىلىك يالغانلارنى توقۇپ چىقىرار ـ ھە ؟ ! ... ھازىلخاندەك جاھىل ، مۇتەئەسسىپ بىر ئايال سەلىمنى چۈشىنىپ يەتكەن يەردە ، تاغلىقلار ئۇنىڭ قەدرىگە يەتمەسمۇ ؟ !

— خوش ! — دېدى سەلىم سەرۋەرنىڭ ئۆيى ئالدىغا كەلگەندە .

— توختاپ تۇرۇڭ ، — دېدى سەرۋەر ۋە ئۆيگە كىرىپ كېتىپ ، ھايال ئۆتمەيلا داستىخانغا ئورالغان بىر نەرسىنى كۆتۈرۈپ چىقتى .

— سىز نەگە بارىسىز ؟ — دېدى سەلىم ئۆزى بىلەن بىللە كېتىۋاتقان قىزغا قاراپ .

— زەڭگەر بۇلاققىچە !

— خان ئانىڭىز ؟ ...

— ئېيتىپ قويدۇم ... ھازىل خان ئانام ماڭا بەكمۇ كۆيۈنىدۇ ، سىزنىمۇ چۈشىنىدۇ ... — دېدى سەرۋەر يانچۇقىدىن خەتلەرنى ئېلىپ ، — مۇئەللىم ، بۇ ... خەتلەرنى ...

— كۆيدۇرۇۋېتىڭ ...

— گۇلنار ئاچامنىڭ خېتىچۇ ؟ ! ...

— بەرىبىر ...

سەلىم سەرۋەرنى ئۆيىگە قايتا ئاپىرىپ قويغاندىن كېيىن ، ياتىقىغا قايتىپ كېلىپ داستىخاننى ئاچتى . سىڭىپ پىشقان ئارپا نېنى بىلەن بىر كاللەك سوغۇق گۆشنى كۆرگەن سەلىم قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتى . ئۇ بىر چىنە سوغۇق سۇ بىلەن راھەتلىنىپ تاماقلا تۇتۇش قىلغاندا ، تاگورنىڭ «ئۆزۈمنىڭ ئۆزۈمچە راھەتلىنىش ئۇسۇلۇم بار» دېگەن سۆزىنى ئەسكە ئالدى ...

# كۆرەرمىز

يىللىق ئىمتىھانغا قاتناشقان ئون يەتتە نەپەر ئوقۇغۇچى يازلىق تەتىلگە قويۇپ بېرىلدى. سەلىم شەھەرگە كىرىش ئۈچۈن نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، سىنىپ، ياتاق، ئاشخانىلارنى بىرقۇر تەكشۈرۈپ بولۇشىغا داۋۇت ئات يېتىلەپ كەلدى. ئۇ سەرۋەردىكى خەتلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ھەممە ئىشتىن خەۋەر تاپقانىدى، بولۇپمۇ قادىرغا قالدۇرغان خېتى داۋۇتنى خېلىلا تەسىرلەندۈرۈۋەتتى. ئۇ خەتنى قايتا - قايتا ئوقۇغانسېرى چىن كۆڭلىدىن سەلىمگە ئېچىندى ۋە خەيرخاھلىق قىلدى. لېكىن، گۈلنارنىڭ خېتى سەلىم ئۈچۈن قانچىلىك زور يوقىتىش ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ سەلىمنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن:

— مەكتەپكىمۇ كىرەمسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ياق!

— كىرىۋەرگىن، مۇدىر بىلەنمۇ كۆرۈشكىن. مەن ھەممە ئىشنى جاي - جايىغا توغرىلىۋەتتىم.

داۋۇت چارۋىغا تۇز ھەل قىلىش ئۈچۈن گوڭشېغا بارغاندا، ئابدۇرېشىت ھاكىم بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشكەنىدى. ھاكىم ئۇنىڭغا: «ۋاقتىڭ بولسا، بۈگۈنلا بىر ئامال قىلىپ ماڭا يولۇققىن!» دېگەچكە، ئۇ يۇڭ يۆتكەپ چىققان ماشىنىدا كېچىلەپ شەھەرگە كىردى ۋە ھاكىمدىن سەلىم توغرۇلۇق شەھەر مەكتەپتە تارقالغان ئىغۋالارنى ئاڭلاپ ئاچچىقلاپ قالدى. ئەتىسى ئابدۇرېشىت ھاكىم بىلەن جۇيجاڭ مەكتەپكە كېلىپ، پۈتۈن ئوقۇتقۇچىلار ئالدىدا داۋۇتنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى. سەلىمنىڭ بىر دىنىي تونغا ئورىنىۋالغان موللا بىلەن بولغان توقۇنۇشى ۋە شۇ جەرياندا تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرى، چاپلانغان بوھتانلار، خورلۇقلار، ھاياتنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىدىن قورقماي ئوقۇغۇچىلارنى

قـوتـقـۇزغانلىقىغا قەدەر جەرياننى ئاڭلىغان ئوقۇتقۇچىلار ئىبىر خورسىنىش بىلەن مۇدىرغا قاراشتى . خوتۇننىڭ كەينىگە كىرىپ ئـۆتكۈزگەن سەۋەنلىكىگە ئېچىنغان مۇدىر تىكەنگە يۇمىلانغاندەك ئازابلاندى .

— رەھمەت ، داۋۇت ئاكا ، — دېدى سەلىم قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان مېھىر بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ ، — لېكىن مەن بىر قارارغا كېلىپ بولدۇم ...

— مەن سىنى ئەيىبلىيەلمەيمەن ، كۆپ رىيازەت چەكتىڭ . ئەگەر ئۇلار قوشۇلسا... — دېدى داۋۇت ئىبىر خورسىنىش بىلەن ، — بۇ يەردىكى ئىشلارنى ئۆزىمىز بىر تەرەپ قىلىۋالارمىز ...

— مېنىڭ سۆزۈمنى باشقىچە چۈشىنىپ قالماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن ...

سەھەردە يولغا چىققان سەلىم ئىبىر ياتقۇ بىلەن گۇڭشېغا يېتىپ كەلدى ـ دە ، ھامۇدۇن شوجى بىلەن بىر كېچە مۇڭدىشىپ ، ئەتىسى سودا كوپىراتىپىنىڭ ماشىنىسى بىلەن شەھەرگە كىرىپ كەتتى . ئۇ يېزىدىكى خەيرىنىسا كىچىك ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ھەپتە تۇرغاندىن كېيىن ، شەھەرگە كېلىپ جۈيجاڭ بىلەن كۆرۈشتى .

— مۇدىر بىلەن كۆرۈشتۈڭمۇ ؟ — دېدى جۈيجاڭ سەلىمنىڭ سولغۇن چىرايىغا قاراپ .

— ياق ، ئانچە زۆرۈرىيىتى يوق ...

جۈيجاڭ بېشىنى ئىرغىتقىنىچە ئۇستىلىنى تاكىلدىتىپ ئويلىنغىنىچە گەپ قىلمىدى . ئۇ مۇدىرنى قېينىسىڭلىسىنى ئوغرىلىقچە يۆتكەش ئارقىلىق پارتىيە ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلغانلىقى ، سىيىتنىڭ خېتىنى تەكشۇرۈپ ـ تەتقىق قىلماي ئىشخانىدا ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ، شۇنداقلا خوتۇنىنىڭ سىڭلىسى گۈلنارنى سەلىمدىن يالتايتىش ئۈچۈن تارقاتقان ئىغۋالىرىغا قۇلاق يوپۇرۇپ ، بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئابرۇيىغا داغ چۈشۈرگەنلىكى ئۈچۈن ، پارتىيە ئەزالىرى ئىچىدە ئۆزىنى تەكشۈرۈشكە سالغانىدى .

سەلىم بۇ ئىشلارغا ئانچە قىزىقىپ كەتمىدى. جويجاڭ سەلىمنىڭ دوكلاتىنى تەپسىلىي ئاڭلىغاندىن كېيىن، يىللىق ئىمتىھانغا ئون يەتتە بالا قاتنىشىشتەك ئەھۋالدىن چۆچۈدى. ئۇ سەلىمنى باشلاپ ئابدۇرېشىت ھاكىمنىڭ ئۆيىگە ئاپاردى.

— بۇ ئىنتايىن نازۇك ئىش، — دېدى ھاكىم سەلىمگە چاي قۇيۇۋېتىپ، — قاراڭغۇ تاغ ۋەتەننىڭ ئەڭ يىراق چېگرىسىغا جايلاشقان چارۋىچىلىق رايونى. تارىختىن بۇيان قاتناش قولايسىزلىقىدىن ھۆكۈمەت ئۇ يەر بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولالماي كەلگەن. ئۇ يەرنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەن. تاغلىقلارنىڭ دىنغا بولغان ئېتىقادى كۈچلۈك، بۇنداق شارائىتتا ھەمدۇل ئۇلارنىڭ ئېڭىدا چوڭقۇر ئورۇنلىشىۋالغان.

— ئۇنداقتا قانداق قىلىش كېرەك؟ — دېدى جويجاڭ تېرىككەندەك قىلىپ، — ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىش كېرەكمۇ؟

— ياق، مېنىڭ سۆزۈمنىڭ ئۇرانىدىن سىنىپنى ھەمدۇلغا تاشلاپ بېرەيلى، دېگەن مەنە چىقمايدۇ، — دېدى ئابدۇرېشىت ھاكىم جىددىي قىلىپ، — ھەمدۇلدىن ئاۋام خەلقنىڭ ئۆزى سەسكىنىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنىڭ ئالدامچىلىق، ساختىلىق، ھىيلىگەرلىك ئىكەنلىكىنى خەلققە تونۇتۇش، تونۇتقاندىمۇ دەلىل ـ ئىسپات بىلەن تونۇتۇش لازىم...

— بۇ... بۇ... تەسرەك بولارمىكىن، — دېدى جويجاڭ، — خەق ئۇنى ئەۋلىيا، داخان، موللا دەپ چوقۇنۇۋاتسا، ئۇلار تەشۋىقاتقا ئىشىنەرمۇ؟

— ئەمىسە تاساي، بۇغاقاچتى يايلاقلىرىغا ئۇ نېمە ئۈچۈن قەدەم ئالالماس بولۇپ قالدى؟ — دېدى ھاكىم كۈلۈپ، — ئۇنىڭ رەزىل تەرەپلىرى ئۇ يەرلەردە پاش بولۇپ قالدى ـ دە...

— مېنىڭچە، قانۇن بويىچە ئۇنىڭ ئەدىپىنى بەرگىلى بولماسمۇ؟ — دېدى سەلىم ئورنىدىن تۇرۇپ.

— قانۇن بويىچە؟ — ھاكىم كۈلۈۋەتتى، — ھەي بالا، ئۇنداق قىلماق ئاسان، ئەمما خەلقنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمىسە يەنە

بەربىر بىكار ـ دە ! ... ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ ئادەم ئۆلتۈرگەن ، ئوت قويغان ، زەھەر تاشلىغانغا ئوخشاش دەلىل ـ ئىسپاتلىق قانۇنىي جىنايىتى بولمىسا ...

سەلىمنىڭ بىردىنلا سولىشىپ روھى چۈشكەنلىكىنى كۆرگەن ھاكىم ئۇنىڭ مۈرىلىرىدىن تۇتۇپ ، ئۇنىڭغا چەكسىز ئىشەنچ بىلەن تىكىلدى ۋە قالغان ئوقۇغۇچىلارنى چىڭ تۇتۇش ، ئۇلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ يايلاقلار ئارا تەشۋىقاتنى كۈچەيتىش ، پەيتى كەلگەندە ھەمدۇلنىڭ ئاجىز نۇقتىلىرىنى خەلققە ئاشكارىلاش ھەققىدە سۆزلىدى .

— قانداق ، مەكتەپتە قىرائەتخانا ئاچتىڭلارمۇ ؟ — دېدى ھاكىم سەلىمگە قاراپ .

— ئۆي بولمىغاچقا ، كىتاب ـ ژۇرناللارنى تېخى ئەۋەتەلمىدۇق ، — دېدى جۇيجاڭ خىجىل بولۇپ .

— مانا ، مانا ، بۇ بولماپتۇ ... مەن سىلەرگە نەچچە قېتىم تاپىلىدىمغۇ ؟ ...

— مىنىڭچە ، سەلىم داداۋيدىن بولامدۇ ، شەخستىن بولامدۇ ، ياغاچ سېتىۋېلىپ ھۆججىتىنى ئېلىپ قويسا ، تەتىلدىن كېيىنلا ئۇستا ئەۋەتسەك ، قىرائەتخانا ئۈچۈن ئۆي سالدۇرساق ، — دېدى داۋيجاڭ ھاكىمغا مەسلىھەت سالغان قىياپەتتە .

— ئاشپەزنى قانداق قىلىمىز ؟ — دېدى سەلىم جۇيجاڭغا .

— ئۆتكەندە سېيىت قېچىپ كەلگەندىلا ، مەن بۇ ئىشنى مۇدىرغا تاپشۇرغان ، — دېدى جۇيجاڭ تاماكا تۇتاشتۇرۇۋېتىپ ، — لېكىن مەكتەپتىكى ئاشپەزلەرنىڭ بىرىمۇ ئۇياققا بېرىشقا ئۇنىماپتۇ . باشقا يەردىن بولسا تاپالماپتۇ . مىنىڭچە ، تاغدىن بىرەر ئادەمنى ياللاپ ئىشلىتىپ مائاش رەسمىيىتىنى ھەل قىلىپ بەرسەك قانداق بولىدىكىن ؟

— بۇمۇ بولىدۇ ، يەنە بىر مۇھىم ئىش — مائارىپ نازارىتىدىن ئەۋەتمەكچى بولغان ئون ئالتە مىللىيچىتېرلىق كىنو ئاپپاراتى كەلدىمۇ ؟ — دېدى ھاكىم جۇيجاڭغا ، — كەلگەن ھامان

ماتورى بىلەن بىللە قاراڭغۇ تاغ شۆبە سىنىپقا بېرىڭلار . ئۇلار شەنبە ، يەكشەنبە كۈنلىرى ۋە بەزى كەچلىرى ياپلاقلار ئارا كىنو قويىسۇن ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ داۋالىنىش راسخوتىنىمۇ كۆپرەك ئاجرىتىپ بېرىڭلار !

سەلىم ھاكىم ، جۇيجاڭلار بىلەن خوشلىشىپ ، تاشقىرىغا چىقتى . ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى غەم - قايغۇلار يۈيۈلۈپ كەتكەندەك ، خېلى يېنىكلەپ قالغانىدى . ئۇ رەستىلەر ئارا ئايلىنىپ گۈلباغقا كەلگەندە ، مەدەنىيەت سارىيى بىناسى ئالدىغا توپلىشىۋالغانلار ئارىسىدىن كىمدۇر بىرى ئۇنى چاقىردى ، كىشىلەر ئارىسىدىن ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى ساۋاقدىشى مۇختەر چىقىپ كەلدى .

— ۋاي — ۋۇي ، مۇنۇ تاغلىقنى كۆر ! — دېدى مۇختەر سەلىمنى قۇچاقلاپ ، — قېرىپلا كېتىپسەنغۇ ، قارىداپ كەتكىنىڭنى قارا ! ... قاچان كەلدىڭ ؟ ... قورسىقىڭ قانداق ؟ ...

— ھەپتىدىن بېرى يېزىدىكى ئۆيدە بولدۇم . تېخى بۈگۈنلا شەھەرگە كىرىشىم .

— يۈر تانسىغا كىرىمىز ، مەندە بىر بېلەت ئارتۇق .

— مەن كىرمەي ئاداش ، كىرگىنىم بىلەنمۇ ئوينىمايمەن ...

— قۇرۇق گەپنى قوي ، شۇنچە يىللار چەكلەنگەن بۇ ئويۇن ئەمدىلا يولغا قويۇلغان تۇرسا !

سەلىم قانچە تىرەجەپ تۇرۇۋالغان بولسىمۇ ، مۇختەر ئۇنى ئىتتىرىپ يۈرۈپ زالغا ئەكىردى . يۇملاق زالنىڭ كەڭ - ئازادە دېرىزىلىرى ئېچىۋېتىلگىنىگە قارىماي ، قىز - يىگىتلەرنىڭ يۈزى ئاناردەك قىزىرىپ ، مونچاق - مونچاق تەرلەپ كەتكەنىدى . ئۇلار بىكار ئورۇندۇق تېپىپ ئولتۇرۇشتى .

— سەلىم ، گۈلنار بىلەن نېمە بولۇشتۇڭلار ، بىر - ئىككى قېتىم سەن توغرۇلۇق چاقچاق قىلسام ، دىمىغىنى قاقىدىغۇ ؟

— ئۇ ئىشلارنى سورىما ، تۈگەشتى ...

— تۈگەشتى ؟ ! ھىم مۇنداق دە ... شۇڭا ، سۇلتان سىلىڭنى تېپىۋالغانىكەن - دە ...

— سۇلتان سىلىڭ دېگىنىڭ كىم؟

— بىر چاغلاردا يەرلىك تەشكىلاتنىڭ سىلىڭى بولۇپ، چاپان چۆرۈپ يۈرگەن سېرىقچۇ؟ ئۇ ھازىر تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولدى ئەمەسمۇ!

مۇختەر تانسىغا چۈشۈپ كەتتى. سەلىم بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردى ـ دە، تانسا ئوينىۋاتقانلارنى تاماشا قىلدى. ھەرخىل شەكىل چىقىرىۋالغان چاچلار ... پارقىراپ تۇرغان يۈزلەر ... ھاياجان ئىلكىدە قىزىرىپ كەتكەن قىز ـ يىگىتلەر بىر ـ بىرىگە تەبەسسۇم بىلەن بېقىپ پىرقىرىشاتتى ... ئۇلارنىڭ ھەرخىل پاسوندىكى كىيىملىرى رەتلىك، پاكىز بولۇپ، كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىدىن غەم ـ ئەندىشىسىز بىر خىل تىنچ ھاياتنىڭ ئالامىتى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. سەلىم تۇيۇقسىزلا گۈلنارنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ تېگى كۆك، ئاق يوللۇق نېپىز مايكا كىيگەن بولۇپ، تار يوپكىسى ئۇنى ئىنچىكە، ئېگىز كۆرسىتىپ تۇراتتى. سەلىم سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئۇ مۇختەر بىلەن خوشلىشىپ كېتىش ئۈچۈن پېشايۋان سۇپىسىغا كېلىپ ئولتۇرۇۋىدى، ئۇيا ـ ئەگلىكنى بولدى دېگۈچە سۈرتكەن، كۆز جىيەكلىرىنى نىل بىلەن كۆكەرتىپ، تەرگەن ئىنچىكە قاشلىرىنى قاپقارا بويىۋالغان گۈلنار يىگىتى بىلەن چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭدىن ئەتىر، يۈز مېيى ۋە چاچ مېيى پۇراقلىرى گۈپۈلدەپ ئۇرۇپ تۇراتتى.

— سەلىم، ياخشىمۇسىز؟! ...

— ياخشىمۇسىز؟! ...

— سۇلتان، بۇ ياق مەن سىزگە دەپ بەرگەن ساۋاقدىشىم سەلىم بولىدۇ ...

— تونۇشۇپ قويايلى، مەن تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مەسئۇللۇق خىزمىتىنى ئۆتەيمەن. سىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ قاراڭغۇ تاغ شۆبە سىنىپىدا ئىشلەيسىزغۇ دەيمەن ...

سۇلتاننىڭ «شۆبە» دېگەن سۆزنى ئالاھىدە سوزۇپ خىڭىلداپ ئېيتىشى، سەلىمنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردى. ئۇمۇ تەئەددى بىلەن:

— شۇنداق بوُجاڭ ، شۇبه سىنىپىدا ئىشلەيمەن ، — دېدى .
بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئالدىدا ئۆز ئەمەلىنى پەش قىلىپ ، بىلىمسىزلىكىنى چاندۇرۇپ قويغان سۇلتان ئوڭايسىز ھالەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن : «گۇلنار ، مەن كېرەكچ تۇراي» دېدى - دە ، زالغا ئۆزىنى ئۇردى . سەلىم ھاكاۋۇر ، مەمەدان ، ئۆزىنىڭ ئىش ئورنى ۋە مەنسىپىنى پەش قىلىۋاتقان سۇلتانغا ۋە ئۇنى كۆز - كۆز قىلىپ كۆرسەتكىلى ئاچىققان گۇلنارغا ئىچ - ئىچىدىن نەپرەتلىنىپ ، يىگىتلىك غۇرۇرىنى يوقاتمىغان ھالدا قەد كېرىپ تۇراتتى . گۇلنارمۇ دومسىيىپ كېلىپ سەلىمگە گۆلەيدى :
— تاغلىقلارنىڭ قوپاللىقى سىزگىمۇ يۇقۇپتۇ - دە ! قوتازدەك ھۆركىرەۋاتقىنىنى ... شۇنچىمۇ ئۆزگىرىپ كېتەمدۇ كىشى ؟ ...
— سىزمۇ ئۆزگىرىپسىز ، — دېدى سەلىم كۈلۈپ تۇرۇپ ، — خۇددى ئاشلىغان تېرىدەك سىزدىن ئارپا خېمىرتۇرۇچنىڭ پۇرىقى كېلىۋاتىدۇ ...
— سىز ... سىز ... — گۇلنار قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى ، — تاغدا يەنە بىر يىللا تۇرسىڭىز ، ئادەملىك سىياقىدىن چىقىپ ياۋايىلىشىپ ، پۈتۈن ئىستىقبالىڭىزدىن ئايرىلغۇدەكسىز ...
— كۆرەرمىز ! ...
سەلىم ئەتىسى قاراڭغۇ تاغ گۆشىنىڭ تراكتورىغا چىقىپ مەكتىپىگە يۈرۈپ كەتتى ...

## ئون بىرىنچى باب

# سىرلىق گاچا

تاڭ ... تاڭ ... تاڭ ...

يامانبۇك ئورمانلىقىدىن كېلىۋاتقان پالتا ئاۋازى توكتوكچى ، سىيرىسقۇشچاق ، جىگدىچى ، سوپىسوپىياڭغا ئوخشاش جاڭگال قۇشلىرىنى ئۈركۈتۈپ ، ياۋا توشقانلارنىمۇ قاچۇرۇۋەتتى . سەلىم شەھەردىن چىقىپ بىر كۈن ئاش - ئوزۇق تەييارلاپ ، پالتىسىنى بىلىگەندىن كېيىن ، يامانبۇككە كېلىپ ياغاچ كەسمەكتە ئىدى . ئۇ يىقىلغان تاغ تېرەكلىرىنى پۇتاپ ، خە ، بالا ، تۈۋرۈك ، ۋاسا ، ۋادەك بولىدىغان ياغاچلارنى خىلى بىلەن رەتلىك تىزىۋاتاتتى . قەيەردە تۈز ئۆسكەن ، لېكىن كۆلەڭگىدە قالغان دەرەخ بولسا ، ئۇنى يىقىتىپ شاخ - شۇمبىلىرىنى چاتاپ ، ئارغامچا بىلەن سۆرەيتتى . بەزىلىرىنى مۈرىسىدە كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ بىر يەرگە توپلايتتى . سەلىم ئەتىگەنلىكى بىرنەچچە تال ياغاچنى گىرەلەشتۈرۈپ چۆگۈننى ئاساتتى - دە ، چاي قاينىتىپ نان يەۋالاتتى . چۈشلۈك تامىقى بىرقەدەر «ئالىي» بولاتتى . ئورمان ئىچىدىن سېمىز ئوت ، تاغ پىيىزى ، يۇمشاق لويلا قاتارلىق ياۋا كۆكتاتلارنى تېرىپ كېلىپ ، بىر پارچە قورۇتقان گۆش بىلەن چۆگۈنگە سالاتتى ۋە ئۇ پىشقۇچە كىتاب كۆرەتتى . ئاچ قورساقنى غىدىقلاپ شورپىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى كەلگەن هامان ، ئۆزى كەسكەن ياغاچلارغا يۆلەنگىنىچە هوزۇرلىنىپ تاماقنا تۇتۇش قىلاتتى . تاماقتىن كېيىن بولسا ، بىر تال تاماكا چېكىۋېلىپ ئىشقا كىرىشەتتى .

بىر ياغاچنى سۆرەپ كەلگەن سەلىم ئۇنى «گۇپ» قىلىپ يەرگە تاشلاپ ، ئورمان ئارىلىقلىرىدىن قىيپاچ چۈشكەن قىپقىزىل

نـۇر يـوللىرىغا زوقلىنىپ تاغ تەرەپكە قارىدى . بىر كۆن كەچ كىرگۈچە يەر - زېمىننى قىزدۇرغان قۇياش هاردۇق يەتكەندەك كەچكە يېقىن تاغ ئارقىسىغا قىيسايدى . يېقىلغان گۈلخان پاراسلاپ كۆيۈپ كۆتۈرۈلگەن ئىس ئورمان ئىچىگە تەڭ يېيىلماقتا ئىدى . قۇياش بىر پارچە قىزىل چوغقا ئايلىنىپ غايىب بولغاندىن كېيىن ، تاغ ئاسمىنى توق قىزىل بىنەپشە رەڭ ، سۆسۈن رەڭلەر بىلەن بويالدى . سەلىم ئۈچۈن ئورمان كېچىسى قورقۇنچلۇقراق بولغىنى بىـلـەن ، كـۆڭـۈللۈك ئىدى . ئۇ ئوقۇپ بولغان «ئوقۇتقۇچى» رومـانـىـنـى سومكىسىغا سالغاندىن كېيىن ، «تاغ بالىلىرى»نى ئۈيقۇسى كېلىپ تاكى كۆزلىرى ئېچىشقۇچە ئوقۇدى .

ســەلىمنىڭ بەللىرى تېلىپ ئاغرىپ ، قايرىپ قان چىقىپ كەتكەن ئالىقانلىرى ئېچىشىشقا باشلىدى . ئۇ قورۇتقان گۆشنىڭ بىـر قـەۋەت مـېيىنى شىلىپ ئوتقا قاقلاپ قولىغا سۈرتكەندىن كـېـيـىـن ، ئىككى دەرەخ ئوتتۇرىسىغا باغلىۋالغان سەگەنچۈككە چۈشۈپ خۇددى بۆشۈكتىكى بوۋاقتەك بولۇپ ياتتى . بۇ سەگەنچۈك يـەردىـن ئـىككى غۇلاچ ئېگىزلىكتە بولغاچقا ، سەلىم خاتىرجەم ئىدى .

يـامـانـبـۇك ئـورمانلىقى تۈندە ئەنسىز ئىدى . يىراقلاردىن بۆرىلەرنىڭ سوزۇپ - سوزۇپ هۇۋلىغىنى ، ئورمان قۇشلىرىنىڭ ۋىـچـىـرلـىـغـان ، چۈكۈلدىغان ۋە قاقىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتـى . سـەلـىـم ئـۇزۇنـغىچە ئۇخلىيالمىدى . ئۇنى خىيال قـايناملىرى قاياقلارغىدۇر ئەكەتتى ... ئۇ كىچىكىدە دادىسى ۋە ئـۇنـىـڭ كـەسـىـپـداشـلـىـرىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرنى كـۆرگـەچكىمۇ ، «هەرگىز ئوقۇتقۇچى بولماسمەن» دېگەن ئويغا كەلگەنىدى . لېكىن ، دادىسى — قۇربان مۇئەللىم ، بولۇپمۇ ئۆزىنى بـېـقـىـپ قاتارغا قاتقان ئەزىز مۇدىرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق هەققىدە ئـۇنـىڭغا ئېيتقانلىرى ناهايىتى كۆپ بولدى . سەلىم بارا - بارا دادىسىنىڭ ئىزىنى دەسسەشكە بەل باغلىدى . لېكىن ، ئۇ ئارزۇ قـىـلـغـان ئـوقـۇتـقۇچىلىق ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدا يوپيورۇق

يـورۇتـۇلـغان ھەيۋەتلىك سىنىپلار ، پاكىز ، رەتلىك كىيىنگەن بـالىلار ... ئايئاق خالاتلارنى كىيىۋېلىپ تەجرىبە ئۆتكۈزۈۋاتقان سەلىم ... ماشىنا ئاۋاز يېنىپ تۇرىدىغان كارىدورلار ، كۇلۇبلار ... مەكتەپ باغچىلىرى بىلەن باغلانغانىدى . لېكىن ، رېئاللىق ئۇنداق بولۇپ چىقمىدى . غايە دېگەن ئاسماندىكى يۇلتۇز ، كۆھىقاپتىكى گۆھەر ، دېڭىز تېگىدىكى ئىنجۇ ئىكەن . ئۇنىڭغا يەتمەك ئۈچۈن بىر ئۆمۈر تەر ئاققۇزۇشقا توغرا كېلىدىكەن ...

سەلىم سەھەر تۇرۇپ كەتتى . ئۇ ناشتا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ، قان قېتىشىپ قالغان قوللىرىدا پالتىنىڭ دەستىسىنى تۇتالمىدى . لېكىن ، ئاخشام كەسكەن دەرەخلەرنى تۇزلەش كېرەك ئىدى . شۇڭا ، قان داغلىرى بويىۋەتكەن پالتا دەستىسىنى كۆزنى يۇمۇپ تۇرۇپ بىرلا تۇتۇۋىدى بارماق ئارىلىقلىرىدىن قان تەپچىقىپ چىقتى . ئورمان ئىچىدە يەنە پالتا ئاۋازى ياڭراشقا باشلىدى .

— ھاي ، ھاي ، كىمسەن ؟ ! ...

سەلىم باش كۆتۈرۈپ ئورماننىڭ ئۇ چېتىدىكى تاشلىق سايدا ۋارقىراۋاتقان بىر ئاتلىقنى كۆرۈپ قالدى . ئاتلىق ئادەم جاۋاب بولمىغاندىن كېيىن ، ئېتىنى قامچىلاپ يېتىپ كەلدى .

— سەلىم ! ...

— ...

داۋۇت ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ يۈگۈرۈپ كەلدى . سەلىمۇ ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئاتتى . داۋۇتنىڭ يوغان ئالىقانلىرى ئۆز مەيدىسىنى ئىسسىق نەمدەۋاتقان باشنى سىلىماقتا ئىدى . سەلىمنىڭ قىپقىزىل بويىلىپ كەتكەن ئاق كۆڭلىكىنىڭ يىرتىلغان مۇرىلىرىنى كۆرگەن داۋۇت ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم كۆز چاناقلىرىدىكى لىغىلداپ تۇرغان ياشلارنى باشقۇرالمىدى .

— سەلىم ... سەلىم ... سەلىم ...

داۋۇت توختىماي پىچىرلايتتى ، پىچىرلىغاچ بۇرنىنى تارتىپ قوياتتى ...

ئۇلار كېسىلگەن ياغاچنا يانمۇيان ئولتۇرغاندىلا ، داۋۇت ئۇنىڭ

لاتىلاردا ئورىۋالغان ئالىقانلىرىنى يوغان پەنجىسىگە ئالدى . ئۇ سەلىمنىڭ شەھەرگە ماڭىدىغان كۈنى «بىر قارارغا كېلىپ بولدۇم» دېگەن سۆزىنى ئۆزىچە ھەرخىل پەرەز قىلغانىدى . لېكىن ، ئۇنىڭ شۇنچە ياغاچلارنى كېسىۋەتكىنىگە قاراپ ، پىلانىنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا كۆزى يەتتى …

— قاچان كەلدىڭ ، بۇ ياغاچلارنى نېمىگە كەستىڭ ؟

— ياغاچ كېسىۋاتقىنىمغا تۆت كۈن بولدى ، شەھەردىن چىققان كۈنىنىڭ ئەتىسى كەلگەن …

— ئۆزۈڭ يالغۇزلا قىلغىنىڭ نېمىسى ؟ قادىرغا دېمىدىڭمۇ ؟ ! — دېدى داۋۇت گىرە ياغاچقا ئېسىلغان چۆگۈن ، شامالدا پۇلاڭلاپ تۇرغان سەگەنچۈككە قاراپ ، — پەخەس بول ، بۇ يەرگە بەزىدە يايلىلىق سۇر بۆرىلەر كېلىدۇ .

— قادىر ئاكام بالىلىرىنى ئېلىپ قوماتلەنگەردىكى قېينانىسىنىڭكىگە كېتىپتۇ .

— يۇر ، مەن بىلەن كەتكىن ، سەرۋەر مۇرىلىرىڭنى تېڭىپ قويسۇن ، قارىغىنا ، قوللىرىڭنىڭ بولۇپ كەتكىنىنى …

— نەدىن كېلىشىڭىز ؟

— قىسىلدىن كېلىشىم ، ھازىر يايلاقلاردا يازلىق دارامەت تارقىتىش بولۇۋاتىدۇ ، ئەتىلا ئومشاغا ماڭىمەن .

داۋۇتنىڭ ئايۋان سارىيىدا بىر كېچە مۇڭداشقان سەلىم ئەتىسى ئەتىگەندە تۇمەن ، سەمەن ، سەرۋەرلەرنى ئېلىپ يامانبۇككە ماڭدى . ئابدۇرېشىت ھاكىمنىڭ يولىيورۇقىنى ۋە مەكتەپكە بەرمەكچى بولغان كىنو ئاپپاراتىنى ئويلىغانسېرى خۇشال بولۇۋاتقان داۋۇتمۇ ئېتىغا مىنىپ ئومشا يايلىقىغا يۈرۈپ كەتتى .

ھەرە ، پالتا ۋە ئارغامچىلارنى كۆتۈرۈشكەن سەلىم ، سەرۋەر ، سەمەن ، تۇمەنلەر يامانبۇككە يېتىپ كېلىپلا ئىشقا كىرىشىپ كەتتى . سەلىم داۋۇتنىڭ بەلگىلەپ بەرگەن ئۆلچىمى بويىچە ياغاچلارغا بەلگە ئۇردى . تۇمەن ، سەمەنلەر ھەرە تارتىپ كېسىشكە باشلىدى . سەرۋەر بولسا ئۇلارغا تاماق تەييارلىماقتا ئىدى . قايناق

ئەمگەك، قىزىق چاقچاق، كۈلكىلەر بىلەن ئۇلار كۈننىڭ ئولتۇرۇپ كەتكىنىنى بىلمەيلا قالدى. «ھوش ـ ھوش» دېگىنىچە تۆت قوتازنى يېتىلىگەن ئىدرىسمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇلار سەرۋەرنىڭ ئەتكەن ئۇگرە ئېشىنى نان چىلاپ ھۇزۇرلىنىپ ئىچىشتى.

— سەرۋەر، — دېدى ئىدرىس ھىجىيىپ، — خېمىرنى ئېتەكلىرىدە يايدىلىمۇ، شىغىل ئۇستىدىمۇ؟ ھۆم مانا ...

— شۇنىمۇ بىلمەيدىكەن! — دېدى سەرۋەر بىر چىرايلىق دومسىيىپ، — ئاخشام مۇئەللىمدىن يامانبۇككە بارىدىغانلىقىمىزنى ئاڭلاپ، يېيىپ قۇرۇتۇپ قويغان.

— راست، — دېدى تۇمەن كالپۇكىغا چاپلىشىپ قالغان بىر تال چۆپنى تىلىدا يالاپ، — مەن سەمەننى چاقىرغىلى چاقارغا ماڭغان ۋاقتىمدا يېيىپ قالغانىدى.

— سەلىمجان، — دېدى ئىدرىس پېشانىسىدىكى تەرنى شاپاق دوپپىسىدا سىيرىۋېتىپ، — ئۆزلىرى ئوقۇش باشلانغاندا بەدەشقاننى قۇرۇپ تۆردە ئولتۇرۇپ بەرسىلە، بالىلارنى غىلتاڭ ئۆزۈم يىغىپ بەرمىسەم، تونۇرغا چوقال بولۇپ كېتىمەن دېسىلە، ھۆم مانا ...

سەلىم ئىدرىسنىڭ ياغاچتەك تۈز كەتكەن مىجەزىگە، ئانچە ـ مۇنچە لاپ ئارىلاشقان پولۇڭ ـ پولۇڭ گەپلىرىگە ئامراق بولغاچقا، ئۇنىڭ بەزىدە سىزلەپ، بەزىدە سەنلەپ، خۇشلۇقى تۇتۇپ كەتسە سىلىلەپ كېتىشلىرىنى ئېغىر ئالمايتتى.

— ئىدرىس ئاكا، ئۆزلىرى چوقال تۇرۇپ يەنە قانداق چوقال بولماقچىدىلە؟ ...

بالىلار پاراققىدە كۈلۈشتى. قىزىق گەپلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇلىشىپ، ۋاڭ ـ چۇڭ، كۈلكىلەر خېلىغىچە داۋاملاشتى.

تۆت قوتازغا ياغاچلار ئارتىق قىلىپ ئارتىلغاندىن كېيىن، ئىدرىس بىلەن سەرۋەر ئۇلارنى ھەيدەپ كېتىشتى. سەلىم گۈلخان يېقىۋەتتى. مۇئەللىمى بىلەن قالغان بالىلار قىن ـ قىنىغا پاتماي

خۇشال بولۇشۇپ كەتتى . ئۇلار سەلىمنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ، ئۇنى ھېكايە ئېيتىپ بېرىشكە قىستىدى .

— بولىدۇ ، — دېدى سەلىم كىگىزلەرنى سىلىپ ئورۇن تەييارلاۋېتىپ ، — ھېكايە ئېيتقاندا ، ئۇخلاپ قېلىشقا بولمايدۇ ، كىم ئۇخلاپ قالسا ، يۈزىگە كۈيە سۈركەيمىز …

— ئۇخلىمايمىز ، ئۇخلىمايمىز ، لېكىن سىز ئوتتۇرىدا ياتىسىز .

سەلىم ياستۇق ئورنىدا تۈرتەكلەپ قويۇلغان چاپانغا جەينەكلىگىنىچە جىمىپ كەتتى . ئۇ كۆڭلىدە بالىلارغا نېمىنى ئېيتىپ بېرىش كېرەك ، دەپ ئويلايتتى . ئوقۇغان كىتابلىرىغۇ كۆپ . لېكىن ، بالىلارنىڭ سەۋىيىسى كۆتۈرەلىشى كېرەك ـ دە توغرا ، گوركىينىڭ «كىشىلەر ئىشىكىدە»نى سۆزلەپ بېرەي …

— كەلدى ، كەلدى ، — دېدى تۇمەن سەلىمنىڭ ئىللىق كۆلۈمسىرىشىدىن خۇشال بولۇپ .

— نېمانچە ئۇندەرەيسەن ، — دېدى سەمەن تۇمەنگە ئالىسىپ ، — مۇئەللىم قورسىقىدا ئەڭ ياخشىلىرىنى سەيلەۋاتىدۇ …

سەلىم ھېكايىسىنى يۇمشاق ئاۋاز بىلەن سىرلىق ۋە مۇڭلۇق باشلىدى …

— ئالىكسەينىڭ ئانىسى ئۆلۈپ بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ،— دېدى سەلىم خۇددى شۇۋىرلىغاندەك ئاستا ئاھاڭدا ،— ئۇنىڭ جاھىل بوۋىسى : «ئالىكسەي ، سەن مېنىڭ بوينۇمغا ئاسىدىغان مېدال ئەمەس ، جايىڭنى تاپ ، ئۆز تىرىكچىلىكىڭنى قىل !» دېدى . مانا شۇنىڭدىن باشلاپ ئالىكسەي كىشىلەر بوسۇغىسىدا يالىنىپ ئىشلەشكە باشلىدى .

ئاسماندا تولۇن ئاي سەيلانە ئۈزمەكتە ! ئوتنىڭ نۇرى پاراسلاپ كۆيۈۋاتقان ئىسلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئورمان ئىچىنى كۆكۈچ چاڭغا پۈركىگەن … ئېگەك تىرەپ ھەممىنى ئۇنتۇغان بالىلار سەلىمنىڭ تولىمۇ سىرلىق ، مۇڭلۇق ئاۋازىغا مەھلىيا بولۇپ ، ئۇنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلارغا تولغان ھېكايىسىنى ئاڭلىماقتا . ئەنە



ئالىكسەي كىيمە پرىستانلىرىدا قوپال كىشىلەر ئارىسىدا ئىشلەۋاتىدۇ ... ئۇ ئوقۇغان كىتابنىڭ تەسىرىدىن پاراخوت ئاشپىزى يىغلاپ سالدى ! ... ئەنە موزدۇز خوجايىنى ئۇنىڭغا توۋلىماقتا : «ئالىكسەي ، ئوتۇن يار ... ئالىكسەي ، بالىنى باق ، چىراغلارنى ياندۇر ...» ئاچ قورساق ئالىكسەي يۈگۈرۈپ يۈرمەكتە ، پاسكىنا ئاياغلارنى تازىلىماقتا ... ئىدىشلارنى تولدۇرماقتا ... تۈن ... ئالىكسەي قاڭالتىرلىق ئۆگزە ئاستىدا يىغىۋالغان شام ساقىندىلىرىغا پىلىك سېلىپ كىتاب كۆرمەكتە ... ئەنە موزدۇز خوجايىنى غەزەپ بىلەن كىتابلارنى يىرتىۋاتىدۇ ... ئالىكسەي ئۇنىڭ پۇتلىرىغا يامىشىپ يالۋۇرۇۋاتىدۇ ... شامسىز قالغان ئالىكسەي ئاق رو قاچىنى ئايغا تۇتۇپ ئۇنىڭدىن چۈشكەن ئاي شولىسىدا كىتاب كۆرۈۋاتىدۇ .

سەلىم جىمىپ قالدى ... بالىلار ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ سەلىمنىڭ تورۇلگەن قوشۇمىلىرىغا ، ئوتتەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىكىلگىنىچە قېتىپ قېلىشتى ...

— موزدۇز خوجايىن ، — دېدى سەلىم بىرھازادىن كېيىن ، — بالىلىرىنى ئېلىپ مېھمانغا كەتتى . ئۇنىڭ بۇيرۇغان چاچتىن تولا ئىشلىرىغا ئۇلگۈرەلمەي ھالىدىن كەتكەن ئالىكسەي چەينەكنى ساماۋار ئالدىغا قويدى ـ دە ، جوغىسىنى ئاچتى ...

— ئاندىن كېيىن نېمە بولدى ؟ — دېدى تۇمەن قورقۇپىراق .

— ئالدىرىما ، — پىچىرلىدى سەمەن سەلىمدىن كۆزىنى ئۈزمەي .

— خوجايىن كەلگەندە ، ئالىكسەي ئولتۇرغان يېرىدە ئۇخلاپ قالغانىدى ، — دېدى سەلىم ئېغىر تىنىپ ، — چەينەكتىن تېشىپ چىققان قايناق سۇنىڭ پولنى ھۆل قىلىۋەتكەنلىكىنى كۆرگەن خوجايىن ئۇنى قوغلاپ يۈرۈپ شۇنداق ئۇردىكى ، پەقەت ئۆزى ھارغاندىلا توختىدى . لېكىن ، قىپقىزىل قانغا بويالغان ئالىكسەي ھوشىدىن كەتكەنىدى .

— ئالىكسەي ئۆلۈپ قالدىما ؟ — دەپ سورىدى سەمەن .

— ياق ، — دەپ جاۋاب بەردى سەلىم ئۆزىنىڭ تاساي يايلىقىدا قانغا بويالغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ ، — مىرشاپلارنىڭ سوروشتە قىلىشىدىن ئەنسىرىگەن خوجايىن ئۇنى هارۋىغا سېلىپ دوختۇرغا ئېلىپ ماڭدى . خوجايىن يولدا : «ئالىكسەي ... ئالىكسەي ... مەن سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي ، ئۇ يەرگە بارغاندا يىقىلىپ چۈشتۈم دېگىن ، سەن مەندىن نېمە تەلەپ قىلساڭ بېرەي ...» دېدى .

— هە ؟ ! — دېدى ئالىكسەي زەئىپ ئاۋازدا ئىڭراپ .

— ساڭا پۇل لازىممۇ ، زادى نېمە لازىم ؟ ئېيت ، مەن ھەممىنى بېرەي ...

— خو ... جا ... يىن ، — دېدى ئالىكسەي كۆزىنىمۇ ئاچالماي ،— ما... ڭا... هېچ نەر... سە... لازىم ئە ... مەس ... پەقەت كىتاب ئوقۇشقا رۇخسەت قىلىسىڭىزلا ... بولدى ...

ئېگەك تىرەپ ياتقان سەمەننىڭ كۆزلىرىدىن ئۇششاق ياش تامچىلىرى تۆكۈلدى . تۆمەن بولسا دۈم يېتىپ يىغلىۋەتتى .

— مانا شۇنداق قىلىپ دوختۇر ئالىكسەينىڭ بەدىنىنىڭ قىرىق ئىككى يېرىدىن ياغاچ قىيىندىلىرىنى ئالدى ...

— مۇئەللىم ، — دېدى سەمەن ئاستاغىنا ، — بىزمۇ ئەنە شۇنداق كىتابلارنى قاچان ئوقارمىز ؟

— بىز بۇ ياغاچلارنى نېمىگە كېسىۋاتىمىز ، بىلەمسەن ؟

— قىرائەتخانا سالىمىز ، — دېدى تۆمەن ئالدىراپ .

— راستىمۇ ؟

ئەتىسى سەلىم باللار بىلەن ئۈچ تۈپ دەرەخنى كېسىپ ، ئۇنىڭ قوۋزاقلىرىنى سويۇپ ، ئاقارتىپ تۇرغۇزدى ، سەرۋەر داستىخانغا ئوراپ قىيما كۆمەچ ئەكەلدى . قورسىقى ئاچقان باللار راسا ئىشتىها بىلەن يەۋاتقاندا ، يىراقتىن بىر ئاتلىق باللىنىڭ ۋارقىراپ كېلىۋاتقانلىقى كۆرۈندى .

— نودەر ، — دەۋەتتى سەمەن ئورنىدىن تۇرۇپ .

— مۇئەللىم ! ...

نودەر بىرلا ئىرغىپ ئاتتىن بىرنەچچە قەدەم ئالدىغا سەكرىدى .

ئۇ قوللىرىنى كېرىپ يۈگۈرۈپ كېلىپ ، سەلىمنى قۇچاقلىۋالدى .

— بىزنىڭ بۇ يەردىلىكىمىزنى قانداق بىلدىڭ ؟ — دېدى سەلىم نودەرنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ .

— مەن سىزنى تايىنلىق شەھەردىن چىقمىدى ، داۋۇت ئاكامغا بولسىمۇ ئېيتاي دەپ كېلىۋىدىم ، ئىدرىس ئاكام سىلەرنىڭ مۇشۇ يەردە ئىكەنلىكىڭلارنى ئېيتىپ بەردى .

— نېمىدى ئۇ سېنى شۇنچە ھاسىرىتىۋەتكەن ؟

— ھەمدۇل موللا يالغانچىكەن ... ئۇ بىزنى ئالداپتىكەن ...

— قېنى ، ئۆزۈڭنى توختىتىۋېلىپ سۆزلىگىنە !

تۈنۈگۈن كەچ نودەرنىڭ دادىسى نىياز ئاكىنىڭ بىر تۇغقىنىنىڭ ئۆيىدە ھەمدۇل داخانلىق قىلىۋاتقاندى . ئۇ شۇ كۈنى كېچىسى قوقاس ئۈستىگە ئۈچ تال ياڭاقنى قويۇپ نېمىلەرنىدۇر ئوقۇپ ياڭاققا ھۈرگەندىن كېيىن ، تۇيۇقسىزلا ياڭاقلار دومىلاپ بىر - بىرىگە ئۇرۇلغان . بۇنى كۆرگەن نودەرنىڭ ئۆكىسى ئۆمرىدە بىرەر قېتىممۇ ياڭاق يەپ باقمىغاچقا ، كېچىسى موللامنىڭ خۇرجۇنىدىن بىرنى ئوغرىلاپ چىقىپ چاققانىكەن ، ئىچىدىن چالا ئۆلۈك بولۇپ قالغان يوغان قارا قوڭغۇزدىن بىرى چىقىپتۇ .

— دادام قوڭغۇزنى كۆرۈپ ، — دېدى نودەر كۆزلىرىنى ئۇۋىنىپ ، — دەسلەپتە ئاغزىنى يوغان ئېچىپ كۈلۈپ كەتتى . كېيىن : «ۋۇي ساختىپەز تۈلكە ، قوڭغۇزنىڭ ئۆلۈكىنى بىر پاقلان ، ئىككى توخۇ ،ئون تەڭگىگە سېتىپسەن - دە» دەپ يەرگە تۈكۈرۈۋەتتى ...

ئولتۇرغانلار قاقاقلىشىپ كۈلۈشمەكتە ئىدى . ئۇلار كۈلكىلىرىنى توختىتالماي ، كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى . سەلىم ئابدۇرېشىت ھاكىمنىڭ «ھەمدۇلدىن ئاۋام خەلقنىڭ ئۆزى سەسكىنىشى كېرەك» دېگەن سۆزىنى ئەسلىدى .

— مۇئەللىم ، — دېدى نودەر ھاياجانلىنىپ ، — ھەمدۇل بۈگۈن كېچە غوجۇۋۇللانىڭ ئوغلى خالىنى ئوقۇماقچى ... ئۇ ... ئۇ چەينەكنى گەپ قىلدۇرۇپ چاپلاشقان جىننى تاپىدىكەن .

— جىنىى ؟ — دەپ سورىدى سەلىم .

— ھەئە ، خالىنىڭ يۈرىكىنى ئەسىر قىلىۋالغان جىنىى قوغلارمىش …

سەلىم ئابدۇرېشىت ھاكىمنىڭ «ھەمدۇلنىڭ ئالدامچىلىق ، ساختىلىق ، ھىيلىگەرلىكىنى دەلىل ـ ئىسپات بىلەن خەلققە تونۇتۇش كېرەك» دېگەن سۆزىنى يەنە بىر قېتىم ئەسلىدى ـ دە ، كۆڭلىدىن ئىنتايىن نازۇك بىر خىيال خۇددى قىلدەك ئىز قالدۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتى …

— سەرۋەر ، — دېدى سەلىم ، — بۇ ياغاچلارنى كېسىپ ئاقلاپ ، تەييار قىلىپ تۇرۇڭلار ، ئىدرىس ئاكام كەلگەن ھامان ھەممىڭلار قايتىڭلار . مېنىڭ قىسلىغا بارىدىغان ئىشىم چىقىپ قالدى .

— قاچان كېلىسىز ؟

— ئەتە تاماق ۋاقتى بىلەن يېتىپ كېلىمەن .

سەلىم نودەرنىڭ ئېتىغا مىنگىشىپ تاغ قاپتاللىرىدا بىردەمدىلا غايىب بولدى . ئۇ قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كەتكەن ئاتنى قامچىلاپ پېشىن بىلەن قىسىل يايلىقىنىڭ قارىسىنى ئالدى . ئۇلار ئىككى ئېدىر ئوتتۇرىسىدىكى جىلغىدىكى بوك سۆگەتلىكنى ۋە نىياز ئاكىنىڭ قارىيىپ تۇرغان ئۆيىنى كۆرگەندە ، يولدا كەلگۇچىلىك قىلىشقان مەسلىھەتلىرىنى ئەسلەپ ، مەمنۇن بولغان ھالدا كۈلۈمسىرەشتى … قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەن نىياز ئاكىنىڭ ئۆيىدىن ئۇچ كىشى چىقىپ كەلدى . ئۇلار جىلغا باغرىدا يىلاندەك تولغىنىپ ياتقان يوللار بىلەن غوجۇۋۇللانىڭ ئۆيىگە كېتىپ باراتتى .

— دادا ، كېچىكىپ قالمىغاندىمىز ؟ — دېدى نودەر دادىسىغا قاراپ .

— ياق بالام ، ھەمدۇل خۇپتەندىن كېيىن ئىككى رەكەت نەپلى ناماز ئوقۇپ ، ئاندىن باشلايدۇ ، — دېدى نىياز يېنىدا جىمجىت كېلىۋاتقان قاپقارا ساقاللىق ، بېشىدا سالۋا تەلپەك ، پور رەڭ چېبەرقۇت يەكتىكى ئۈستىدىن شايە پۇتىنى قىيپاچ باغلىغان

كىشىگە قاراپ قويۇپ. نىياز ئاكا يولدا ئۇچرىشىپ سالاملاشقانلارغا: «بۇ كىشى ئاكامنىڭ ئايالىنىڭ ئىنىسى بولىدۇ، بۇغا قاچىتىدىن كەلگەن، تىلى ئاجىز» دەپ قوياتتى. مەسە كالاچ كىيىۋالغان بۇ كىشىمۇ غەلىتىلا ھىجىيىپ «ئە ··· ئۆ ··· بە ··· بە ···» دېگەندەك كىشى ئۇقمايدىغان بىرنېمىلەرنى كالدىرلايتتى.

نىياز ھويلىغا يىغىلغان بىرنەچچە كىشى بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن، غوجۇۋۇللا بىلەن قول ئېلىشتى. نىياز ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر خىل ئېچىنىش ۋە نارازىلىق ئالامىتىنى سەزدى بولغاي:

— مولامىنىڭ ھەققىياتىغا بىرنېمە بەرگەنسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ھەي ··· بەرمەي قۇتۇلغىلى بولامدۇ؟ ئەتە ئېغىز چىشىمنى سۇغۇرغاندەك بىر موي جۇۋا، بىر ياشلىق موزىيىمنى زاكىر خوجىنىڭ ھويلىسىغا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان بولدۇم.

— ئۇ يەرگە نېمىشقا ئاپىرىپ بېرىسەن؟

— موللامنىڭ ھەربىر يايلاقتا ماللىرىنى بېقىپ بېرىدىغان ئادەملىرى بار ئەمەسمۇ ··· ھە راست نىيازئاخۇن، خالىزىم بولۇپ سورىماپتىمەن، بۇ كىشى كىمىڭ بولىدۇ؟

— بۇغاقاچىتىدىن كەلگەن ئاكامنىڭ ئىنىسى بولىدۇ، تىلى يوق ···

— تىۋا، تىۋا، ياپياشلا ئادەمكەن، موللامغا ئوقۇتۇپ كۆرمىدىڭمۇ؟ — دېدى غوجۇۋۇللا قارا ساقاللىق گاچىنىڭ سالۋا تەلپەك تېگىدىكى ئارانلا كۆرۈنۈپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ.

— ئوقۇشقا قايسى ئۆينى تەييارلىدىڭ؟ ئادەملەر سىغارمۇ؟

— يۇرگىنە، بىر كۆرۈپ باق.

نىياز ئاكا، قارا ساقاللىق گاچا ۋە نودەرلەر ئۆينى بىرقۇر كۆزدىن كەچۈردى. بولۇپمۇ گاچا ئۆينىڭ مورا، كۇلۇك، گۈلدار يۇڭ پالازلىرىغىچە سەپسالماقتا ئىدى.

— ئە ··· ئۆ ··· بە ··· بۆ ··· چە ··· چ ··· چىچا، — دەۋەتتى گاچا قوللىرىنى ھەرخىل ئىشارىلەرگە شىلتىپ.

— نېمە دەيدۇ بۇ ، نىيازئاخۇن ، ھېچ ئۇقالمىدىميا ؟ — دېدى غوجوۋۇللا تېكىرقاپ .

— گەپ قىلىدىغان چەينەكنى نەگە قويىدىكەن ؟ دەيدۇ .

— مانا ، مانا ، مۇشۇ مورا ئىچىدىكى كان ئوچاقنىڭ ئىچىگە …

ئۇلار قايتىپ چىقىشى بىلەن جايناماز كۆتۈرگەن ھەمدۇل غوجوۋۇللانى ئىشارە بىلەن چاقىرىپ نېمىلەرنىدۇر دەپ كۇسۇرلىغاندىن كېيىن ، ئۆيگە كىرىپ ئىشىككە ئىچىدىن ئىلغۇرنى سالدى .

— موللام ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇۋالغاندىن كېيىن ، باشلايدىغان بولدۇق ، — دېدى غوجوۋۇللا نىيازغا پىچىرلاپ ، — مەن باشقىلارغا خەۋەر قىلاي .

غوجوۋۇللانىڭ ئايۋان سارىيى ئادەم بىلەن تولدى . مورا تەكچىسىدىكى پىلدىرلاپ كۆيۈۋاتقان قارا چىراغ كۇلۇك ئالدىغا تۆگىدەك سايە چۈشۈرۈپ ، ئۆينى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى . قانداقتۇر سۇر باسقان ، ساقاللىق ، ساقالسىز ، يوغان سالۋا تەلپەكلەرنى چۆكۈرۈپ كىيىشكەن بۇ كىشىلەر گويا مورا ئىچىدىن ھېلىلا ئاجايىپ - غارايىپ جىنلار تولغىشىپ چىقىپ كېلىدىغاندەك ، ئارانلا كۆرۈنۈپ تۇرغان چەينەككە قارىشاتتى . مورىدىن بىر غۇلاچ يىراقلىقتا جايناماز ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان ھەمدۇل ئۇك - سوك مۇرىلىرىگە ھۆرۈپ ، نېمىلەرنىدۇر ئوقۇيتتى ۋە سۈرىسىدىن ئازغاندەك مورىغا خېلىلا يېقىن ئولتۇرغان تەلپەكلىك بالىغا ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى قارا ساقاللىق گاچىغا كۆز تاشلاپ قوياتتى . چەينەكنى «قاچان گەپ قىلىدىكىن» دەپ قورقۇپ ئولتۇرغان كىشىلەر ئۇنلۇكرەك نەپەس ئېلىشتىنمۇ قورقاتتى . موللام ئىككىنچى قېتىم بالىغا قارىدى . لېكىن ، بالا مۈگدەپ قالغانىدى … ئۇزۇن جىملىقتىن كېيىن ، موللام تاغلىقلار ئۇقالمايدىغان بىرمۇنچە سۆزلەرنى قىلغاندىن كېيىن ، ئالدىغا تىكلەپ قويغان ئەينەككە قارىدى - دە ، چۆچۈپ كەتتى … چۈنكى

ئۇ ئەينەكتىن ھەرخىل جىنلارنى كۆرۈۋاتاتتى ...

— دۆمۇسەن ، پىرىمۇسەن ، ئەسكى تامنىڭ قوقىقى ، كونا تۆگمەن جىنلىرى ... ئىيت ! ...

ھەمدۇلنىڭ تۇيۇقسىزلا ۋارقىرىشى بىلەن ئولتۇرغانلار دىڭگىدە چۆچۈپ كەتتى ۋە ئالدىدىكى سانجىلغان خەنجەرگە نىمىلەرنىدۇر دەپ سۆپكۈچ قىلىشۋاتقان ھەمدۇلغا قاراشتى .

«چىرىق ... چىرىق ... چىرىق ، چىرىق ... » چەينەك چىرىقلىدى .

قارا ساقاللىق گاچا قورقۇپ كەتتىمۇ ياكى ھەيران قالدىمۇ ، قوللىرىنى يەڭلىرىگە تىقىپ ئىگىشىپ ئولتۇرغان ھەمدۇلدىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى .

— ھە... ھە... ھۇم... شۇنداق... — دېدى ھەمدۇل ئاۋازىغا سۈرلۈك تۈس بېرىپ ، — مىكىجىن... ھە... ھە... مىكىجىن[1]...

تاتىرىپ ئاقىرىپ ، ئۆمسۈرۈن بولۇپ كەتكەن چىرايلار بىر - بىرىگە قارىشىپ : «غوجۇۋۇللانىڭ ئوغلىغا مىكىجىن چاپلىشىپتىكەن - دە ... » ، «شۇنداق ، خالىغا مىكىجىن چىپلىپتۇ» دېيىشىپ پىچىرلىشاتتى .

«چىرىق ... چىرىق ... چىرىق ، چىرىق ... » چەينەكنىڭ ئاغزى توختىماي چىرىقلاشقا باشلىدى . لېكىن ، كۈتۈلمىگەندە ئۇخلاپ قالغان بالىنىڭ تەلپىكى مورا كۆلۈڭگىغا چۈشۈپ كەتتى . ئالمان - تالمان كۆزلىرىنى ئاچقان نودەر كۆلۈڭگىدىكى سوغۇق كۈلنى تاتىلىغىنىچە تەلپىكىنى ئېلىۋىدى ، چەينەكنىڭ ئاغزى بىللە سۆرىلىپ كەلدى ...

— ھاي بەتبەخت ، ۋۇي ھارام ئۆلگۈر ... — ھەمدۇل ۋارقىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ...

— مەن ... مەن ... چەينەكنىڭ ئاغزىنى قىلدا باغلاپ قويغانلىقىڭىزنى نەدىن بىلەي ؟ — دېدى نودەرمۇ بوش كەلمەي .

ئادەملەر گۈركىرىشىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كەتتى . ئۇلار

---

① مىكىجىن — چىشى جىن مەنىسىدە ئىشلىتىلدى .

بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى سىرلىق ئىشقا ئەقلىنى يوقاتقان ھالدا قاراپتى ...

— قى ... قا ... قۇ ... ۋە ... ۋە ... ۋۇ ... ھىيا... — دېدى گاچا چەينەككە باغلانغان قىلنى ۋە ھەمدۇلنىڭ بارمىقىنى كۆرسىتىپ ...

كىشىلەر ھەمدۇلنىڭ ھىيلىسىگە ، گاچىنىڭ كالدىرلىشىغا ھەيرانۇ ھەس بولغان ھالدا نىيازغا قارىدى .

— ئىنىمىزنىڭ دەۋاتقىنى ، — دېدى نىياز ئاچچىقى بىلەن ، — ئاتىنىڭ قۇيرۇقىنى چەينەكنىڭ ئاغزىغا باغلاپ ، بىر ئۇچىنى قولغا يۆگەپ چەينەكنى گەپ قىلدۇرۇش كىچىك بالىنىڭ قولىدىنمۇ كېلىدىغۇ ، دېگەن گەپ ...

نىيازنىڭ بۇ ئۆزۈن تەرجىمىسى ئۆي ئىچىدە بىردىنلا كۈلكە كۆتۈرۈۋەتتى . كۈلكە دەسلەپتە يېڭىدە تۇمشۇقىنى ئېتىۋېلىشتىن «خىرت ـ خىرت»قا ئۆزگەردى ، ئاخىردا ئۆينى ئۆرۈۋەتكۈدەك دەرىجىدىكى قاقاقلاشقا ئايلاندى . ئاسمان ئېگىز ، يەر قاتتىق بىلىنگەن ھەمدۇل شۇ تاپتا توپ ئوتتۇرىسىدا تۈگۈلۈۋېلىپ ، يا ئۆزىنى ئاقلاشنى ، يا قېچىپ كېتىشنى بىلمەي تۇراتتى .

— مي... مي... مە... ئا... غىغا... ھا... ھا... ھا...

— مەن ئارغامچىدا باغلىۋېلىپ ئېشەكنىمۇ ھاڭرىتالايمەن ، دەيدۇ ، — دەپ تەرجىمە قىلدى نىياز ئۆزىمۇ كۈلۈۋېتىشتىن قورقۇپ .

ئۆي ئىچىدە دەھشەتلىك قىيقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈلدى . گاچا باشمالتىقىنى كۆرسىتىپ غوجۇۋۇللاغا كالدىرلىدى :

— غى ... غۇ ... غا ... ۋېي يا ، ھې ... ھې ... ھۇ ... — گاچا قوللىرىنى سانغاندەك بىر قىسىملا ئىشارەتلەرنى قىلدى . ئۆزىنىڭ ئالدام خالتىغا چۈشكەنلىكىدىن تىت ـ تىت بولۇۋاتقان غوجۇۋۇللا گاچىنىڭ سەدەپتەك ئاپئاق چىشلىرىغا ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇراتتى ...

— بولدى ئىنىم ، — دېدى نىياز گاچىغا قاراپ ، — ئېچىشقان

يەرگە تۈز سەپمەڭ، غوجۇۋۇللا سىز دىگەندەك ياخشى ئادەم، لېكىن بۇ قېتىم بىر قارا بىسىپتۇ ... مۇسۇلمان ئادەم بۇنداق يالغان نەرسىلەرگە ئىشەنسە، خۇداغا شەك كەلتۈرگەنلىك بولىدۇ ئەمەسمۇ! ...

— چىق قوتۇر ئېشەك، ۋۇي ئەۋرەز پاقسى، — غوجۇۋۇللا بىردىنلا چاچراپ كېلىپ ھەمدۇلغا ئېسىلدى. ئۆي ئىچى بىردىنلا پاتىپاراقچىلىققا ئايلاندى. خورجۇننى كۆتۈرگەن ھەمدۇل قاقاقلاپ كۆتۈرۈلگەن كۈلكە، ئاچچىق تىل - تەنىلەر ئاستىدا ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى.

نىياز، گاچا، نودەر كۈلۈۋېتىشتىن قورقۇپ، ئېغىزلىرىنى تۇتقان ھالدا ئۆيگە ئارانلا يېتىۋالدى. دەھلىزگە كىرگەن ھامان ئۇلار قاقاقلاپ كۈلكىنى باشلىۋەتتى. گاچا تەلپەك، ساقال - بۇرۇتلىرىنى ئېلىپ تاشلىۋىدى، كۈلكە تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى ...

— ۋاي مۇئەللىم، ۋاي مۇئەللىم — ... دەيتتى نىياز قورسىقىنى تۇتۇپ، — گاچىنى مۇنچىۋالامۇ ئوخشاتقان بارمۇ ... ھا ... ھا ... ھا ...

— نىياز ئاكا، قالتىس تەرجىمانكەنسىز ... ھا ... ھا ... ھا ... گاس - گاچىلار مەكتىپىنىڭ تەرجىمانى بولسىڭىز ئوخشاتقۇدەكسىز ... ھا ... ھا ... ھا ...

— ھەمدۇلنىڭ قاچقىنىنى دەيمىنا ... ھى ... ھى ... ھى ...

— ئاكامنىڭ ئىنىسى دىگىنىڭىزچۇ تېخى ... ھا ... ھا ... ھا ...

## سەلىمنىڭ جاسارىتى

قىسىلدىكى گاچا ۋەقەسىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. مەكتەپ ھويلىسىدا سەلىم، قادىر، تۇمەن، سەمەن، نودەر، سەرۋەر قاتارلىق ئون ئىككى كىشى كۇندە سەھەر تۇرۇپ كېسەك قۇيماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سۇغا، بەزىلىرى لايغا مەسئۇل

بولدى ، ئالتە كىشى مەخسۇس تۇتۇپ كېسەك قۇيدى . مەكتەپ هويلىسىنىڭ دەسسىگۇدەك يېرى قالمىدى . سىنىپ ، ياتاق ئالدىغا يامانبۇكتىن ئەكەلگەن ياغاچلار دۆۋىلەندى ۋە داۋۇت گۇڭشېدىن ئەكەلگەن ياغاچچى ئۇستام بالا ، خە ، تۇۋرۇك ، ۋاسىلارنى سىلىقداپ ، ئىشىك - دېرىزىلەرنىڭ تۇرۇم ، تۆشۈكلىرىنى تەييارلايتتى : قۇرۇغان كېسەكلەر بىر چەتتىن تامغا ئېلىنىپ ، ئورنىغا كېسەكلەر تۆكۈلەتتى . مەكتەپنىڭ ئەتراپىمۇ كېڭىيىشكە باشلىدى . سەلىم هازىر بىرئاز ياداپ قارىدىغان بولسىمۇ ، كۆڭلى خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى . چەينەك ۋە تاسايدىكى سېمىز كېلىن ۋەقەلىرىدىن كېيىن يايلاقلار ئارا هەمدۇلنىڭ ئىناۋىتى چۈشۈپ ، مەسخىرىلىك گەپلەر تۇماندەك تارىلىشقا باشلىدى . هازىر سەلىم خۇددى تۇنجى ئوۋنىڭ تەمىنى تېتىپ ، ئەتراپىغا ئۆتكۈر كۆزلىرىنى تىكىۋاتقان ئىكتى[1]نىڭ ئۆزى بولۇپ قالدى . ئۇ يايلاقلاردىن كېلىدىغان ئوقۇغۇچىلىرىغا ۋە كۆڭلى يېقىن ئاتا - ئانىلارغا هەمدۇلنىڭ هەرىكىتىنى كۆزىتىشنى ، بىرەر سىرلىق هەرىكىتى سېزىلگەن هامان دەرهال خەۋەر قىلىشنى تاپىلىدى .

قىسىلدىكى گاچا ۋەقەسىدىن كېيىن داۋۇتنىڭ هېس - تۇيغۇلىرى دولقۇنلىنىپ كەتكەنىدى . ئۇ هازىرقىدەك خۇشال بولغان ئەمەس . ئۇ نىيازدىن بۇ ۋەقەنى يېپىدىن - يىڭنىسىغىچە ئاڭلىغاندىن بېرى ، كېچىلىرى ئويغىنىپ كەتسىمۇ كۈلۈپ كېتەتتى . يايلاقلار ئارا ئات ئۈستىدە كېتىۋېتىپمۇ كۈلەتتى ۋە سەلىمنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە ئىچىدە ئاپىرىن ئوقۇيتتى . بولمىسا هەمدۇل چەينەك ۋەقەسىنى هەرخىل پەتىۋالار بىلەن يىغىشتۇرغانمۇ بولاتتى ، لېكىن گاچا سورۇندا بۇنىڭغا يول قويمىغان ، قاتمۇقات زەربە بىلەن ئۇنى ئېغىز ئاچالماس قىلىپ قويغان ...

داۋۇت هازىر ئازراقلا بىكار ۋاقتى بولسا مەكتەپ مەيدانىغا كېلىپ يالىڭاچلىنىۋېلىپ ، يوغان تۈكلۈك پاقالچاقلىرى بىلەن لاي پىشۇراتتى ، گۇپۇلدىتىپ كېسەك قۇياتتى ، قوتازلاردا تاش

① ئىكتى — بالا بۈركۈت .

توشۇۋاتقان ئىدرىس ۋە ئات باقارلارغا چاقچاق قىلاتتى . ئۇ ئالدىغا بىر پارچە پالازنى تارتىۋېلىپ ، كېسەك قويۇۋاتقان سەلىمگە قاراپ : «بۇنى قانداقمۇ شەھەرلىك زىيالىي دېگىلى بولسۇن ... شۇنداق ... يېتىمچىلىكتە ئۆسكەن باللار قورام تېشىدەك چىڭ بولىدۇ» دەپ پىچىرلايتتى . داۋۇت بوگۇن ئەتىگەن مەكتەپ قورۇلۇشىغا بورا ھەل قىلىش ئۈچۈن گوڭشېغا مېڭىش ئالدىدىمۇ : «سەلىم ، ئۆزۈڭنى قاتتىق ئۇرۇپ كەتمە ، زىڭلى بولۇپ قالىسەن» دەپ ئەسكەرتىپ قويۇپ كەتتى .

قۇياش تىك كۆتۈرۈلۈپ ، سايىلەر تاپانغا يىغىلغان چىڭقى چۈش ۋاقتىدا سەرۋەر ئاشخانىنىڭ دېرىزىسىدىن ۋارقىرىدى :

— باللار ، قولىرىڭلارنى يۇيۇڭلار ، شورپا تەييار بولدى ... ئىدرىس ئاكامنىڭ دۆلىتىنى كۆرۈڭلار .

— ئىدرىس ئاكا ، قادىر ئاكا ، — دېدى سەلىم بېلىدىكى پەشتامنى يېشىۋېتىپ ، — قېنى ئۇستام ، سىلىمۇ قوللىرىنى يۇسىلا ، «قورساق توق ، كۆڭۈل شوخ» دېگەن گەپ بارغۇ !

ھەممەيلەن شورپىلىرىغا نان چىلاشتى . ئالدىراپ كەتكەنلەر گۆشلىرىنى بالدۇرراق قوللىرىغا ئېلىۋېلىپ ، سۆڭەكلىرىنى غاجىلاشقا باشلىدى . سەرۋەر بىر قاچا شورپىنى سەلىمگە تۇتتى ۋە :

— نانىنى ئۆزۈم چىلاپ قويدۇم ، تويمىسىڭىز يەنە بار ، — دېدى - دە ، ئۇنىڭ ئاپتاپتا كۆيگەن دولىسىغا قاراپ قويدى .

— سەرۋەر ، — دېدى سەلىم شورپىدىن ئوتلاۋېتىپ ، — بۇ قېتىم شەھەردىن ئەكېلىپ بەرگەن كىتابلارنى كۆرۈپ چىقتىڭىزمۇ ؟

— «كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەر» دېگەن كىتابنى كۆرۈپ چىقتىم ، بەكمۇ ياخشىكەن ، خاتىرە يېزىپ يادلاۋاتىمەن . لېكىن ، ئايالللارغا ئائىت ، — دېدى سەرۋەر ھۇپپىدە قىزىرىپ ، — ئەجەب بىر كىتاب ئىكەن ...

— نېمە ؟ !
— يا ··· ياق ، ئاخشاملىقتا ··· كۆرۈپ چىقىمەن .
— ئۇ بىر بىلىم ، بىلىمگە نىسبەتەن بۇنداق پوزىتسىيە تۇتىسىڭىز بولمايدۇ ···
سەلىمىنىڭ ئاچچىقى كەلگەنلىكىنى سەزگەن سەرۋەر ئۆزىنىڭ خاتا سۆزلەپ قويغانلىقىنى بىلدى ـ دە ، شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى . ئۇ دۇدۇقلىغىنىچە :
— چوقۇم كۆرىمەن ··· ياخشى ئۆگىنىمەن ··· خاتىرجەم بولۇڭ ! — دېدى ۋە ئارقىدىن ئاستاغىنا قوشۇپ قويدى ، — خان ئانام سىزنى سورىغانىدى ، ئالدىراش دەپ قويدۇم .
— كەچتە قادىرنىڭ ئانىسىنى يوقلىغاچ خان ئانىڭىزنى كۆرۈپ كېلىمەن .
— قىسىلدىكى ، — دېدى سەرۋەر باشقىلارنىڭ دىققەت قىلمىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ ئاستا پىچىرلاپ ، — چەينەك ۋەقەسىنى خان ئانامغا سۆزلەپ بەرسەم ، بىر كۈلدۇ ، بىر قارغايدۇ . ئۇ تېخى پېشىن نامىزىدا سىزگە ئاتاپ ئالاھىدە دۇئا قىلدى .
— سەلىمجان ، گېلىمدىن ئۆتمىدى ، بۇ لوق گۆشنى بىر يەۋېتىڭىنە ! — دېدى ئىدرىس قاچىسىدىكى گۆشنى سەلىمىنىڭ كورىسىغا سېلىپ قويۇپ ، — ھۆم مانا ···
— ھاي ، ھاي ، سەلىم ئەپەندىم بارمۇ ؟ — دېدى نىياز ئىشىكتىن چۇشەي ، — نېمانداق ھويلىنى ئەرەختەم ـ پەرەختەم قىلىۋەتتىڭلار ؟
— دادا ، — دېدى نودەر قاچىسىنى كۆتۈرگەنچە ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ .
— نىياز ئاكا ، — دېدى سەلىم ئۇنىڭ ئىشىكنىڭ چۇلغۇرىنى قولىغا ئېلىپ ، — ياخشى مېھمان تاماق ئۈستىگە ، دەپتىكەن ، راسا ۋاقتىدا كەلدىڭىز .
— پوھۇي ، شورپىكەنىيا ؟ قىسىلدىلا بۇرنۇمغا پۇرىۋىدى ···

نىياز ئاكانىڭ بۇ تۇيتۇزلا چاقچىقىدىن باشقىلار پاراقلاپ كۈلۈشتى .

— قىنىي سەرۋەر ، نىياز ئاكامغا شورپىنىڭ يۈزىدىن ، گۆشىنىڭ لوقىدىن ئۇسۇپ كېلىڭ ! چۈنكى ، بۇ ئادەم ئۇلۇغ تەرجىمان ...

كۆپچىلىك يەنە قاقاقلاپ كۈلۈشتى .

نىيازنىڭ مۇھىم بىر خەۋەر ئەكەلگەنلىكىنى بىلگەن سەلىم ئۇنى كېسەكلىرى يىغىۋېتىلگەن خامانغا ئاچىقتى .

— ئەپەندىم ، — دېدى نىياز قاچىسىنى يەرگە قويۇپ ، — ھەمدۇل ھازىر قوغاق يايلىقىدىكى مەنسۇر خاننىڭ ئۆيىدىكەن .

— بىزدە ئوقۇيدىغان نىسانىڭ ئۆيىدىمىكەن ؟ نېمانچە يىراققا بېرىۋالغان ؟

— ھەببەللى ، نىسانىڭ ئاچىسىنىڭ مەيدە ئاغرىقى كېسىلى بار ئىكەن ، ھەمدۇل مەنسۇرخانغا : «قىزىڭىزغا مەلۇم بىر يىگىت بىر قورچاقتا جۇدى قىلىپ مازارغا كۆمۈپتۇ ، بۇ جۇدىنى تېپىپ ياندۇرمىساق ، قىزىڭىز كۈندىن - كۈنگە قورۇپ تۈگەيدۇ» دەپ پەتنۇا چىقىرىپتۇ .

— مازارغا كۆمۈپتۇ ؟ ! — سەلىم ئويلىنىپ قالدى ، — ئۇ يەردە نەچچە مازار بار ؟

— ئەۋلىيا مازىرى بار ، توغراق مازىرى يىراقراق .

— قاچان ئوقۇيدىكەن ؟ ...

— ئۆگۈنلۈككە پىرە ئوينىتىپ ، جۇدىنى تاپقاندىن كېيىن ، جۇدىنى كەينىگە ياندۇرۇش ئۈچۈن يەنە بىر كېچە ئوقۇيدىكەن .

— مەن ھازىرلا بىرنەچچە بالىنى ئېلىپ يولغا چىقاي !

— نېمە قىلماقچىسىز ؟

— مەن ئۇنى مازارنىڭ نەق ئۆزىدە مات قىلماقچىمەن ...

— ئۆلگۈرەلەمسىز ؟

— بۈگۈن بىرىم كۈن ، بىر كېچە ، ئەتە بىر كۈن ، — دېدى سەلىم ھېسابلاپ ، — ئەتە قاراڭغۇ چۈشۈشتىن ئىلگىرى نودەر ،

سەمەن ، تۇمەنلەرنى باشلاپ ئەۋلىيا مازىرىغا ئۇلگۇرۇپ بارىمەن .
— ئادەمنى نېمانچە جىق ئالىسىز ، بىرنىلا ئالسىڭىز بولمىدىمۇ ؟
— ياق ، ئىككى مازارغا بۆلۈنىمىز . بىرى كۆزىتىش ، بىرى خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن كېرەك بولىدۇ .
— ئادەمغۇ چىدايدۇ ، ئاتلار چىدىيالماسمىكى ··· مۇنداق قىلايلى ، قىسىلدا ئاتلارنى يەڭگۈشلەيلى . مەن تۆت ئات تەييارلاپ قوياي ! ···
سەلىم نىيازنى يولغا سېلىۋېتىپ ، قادىر بىلەن ئىدىرىسقا ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى . ئىدىرىس ئات باقارنى چاقىرىپ تۆت ئات تەييارلاشنى بۇيرۇدى .
هايال بولماي ، سەلىم ئوقۇغۇچىلىرىنى ئېلىپ يولغا چىقتى . تاشلىق سايلار ، قېلىن ئوت باسقان ئېدىرلار ، قويۇق جاڭگاللار ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا قالماقتا ئىدى . تاشقا ئۇرۇلغان ئات تۇياقلىرىدىن يالت - يۇلت ئۇچقۇنلار چاچرايتتى . سەلىم بالىلارنىڭ ئات ئۇستىدە ئۇخلاپ قالماسلىقى ئۈچۈن يول بويى قىزىق ، هاياجانلىق هېكايىلەرنى ئېيتىپ ماڭاتتى ۋە پات - پات : «سەمەن ، تۇمەن ، نودەر» دەپ ۋارقىراپ قوياتتى . هېكايىگە قىزىقىپ كەتكەن بالىلارمۇ ئاتلىرىنىڭ باشلىرىنى قايرىپ بەس - بەس بىلەن سەلىمنىڭ يېنىغا ئىنتىلاتتى . بىر - بىرىدىن يول تالىشىپ قىزغىنىۋاتقان ئاتلارمۇ قۇلاقلىرىنى يوپۇرۇپ هەمراھىغا خىرىس قىلاتتى .
ئۇلار تاڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن قىسىل يايلىقىدا ئاتلارنى ئالماشتۇردى . يىرىم كۈن ، بىر كېچە يول بويى توپا - توزان كۆتۈرۈپ ماڭغان ئاتلار ئوتقىمۇ مەيلى تارتماي ، بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېرىلگەن هالدا پۇشقۇرۇشاتتى ···
ئۇلار يولغا چىقىش ئۈچۈن پۈتلىرىنى ئەمدىلا ئۈزەڭگىگە ئېلىۋىدى ، يىراق تاغ قاپتىلىدا بىر ئاتلىق كۆرۈندى . ئۇ قىسىلغا قاراپ كەلمەكتە ئىدى . ئات ئۇستىدىكى كىشىنىڭ شامالدا

لەپىلدەۋاتقان رومىلى ۋە كۆڭلىكىنىڭ كۆپۈپ تۇرۇشىدىن ئۇنىڭ ئايال ئىكەنلىكى بىلىنىپلا تۇراتتى .

— ۋۇي بۇ سەرۋەرغۇ ؟ — دېدى نىياز ئاتلىق يېقىنلاپ كەلگەندە ...

ئېتىنى تاراسلىتىپ يېتىپ كەلگەن سەرۋەر ئاتتىن چۈشۈپلا سەلىمنىڭ تۇرۇلگەن قوشۇمىلىرىنى كۆرۈپ يەرگە قارىۋالدى . باللارمۇ مۇئەللىمنىڭ جىددىيلەشكەن چىرايىدىن ئەيمىنىپ ، ئۈن - تىنسىز جىم بولۇشتى ...

— سىز ... سىز زادى نېمىشقا كەلدىڭىز ؟ ...

— ...

— گەپ قىلىڭ دەيمەن ! ...

— بولدى مۇئەللىم ، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ ! سەرۋەر مېنىڭ ئېتىمنى مىنىپ كەتسۇن ، مەن بىر يەردىن ئات تېپىپ تاغقا يېقىن ئۇلگۇرۇپ بارىمەن ، — دېدى نىياز ئېتىنىڭ بويىنىنى شاپىلاقلاپ .

— ھەي ، — دېدى سەلىم ئېتىغا مىنىۋېتىپ ، — بىز سەيلىگە چىقىۋاتقىنىمىز يوق - دە ! ...

...

قوغاق يايلىقىنىڭ پەس ئېدىرلىقلىرى كۆكۈم پەردىسى بىلەن قاپلىنىپ ، پىنھان مەھەللىلەر قاراڭغۇلۇققا پاتقانىدى . قوغاقنى ئىككىگە بۆلۈپ ئېقىۋاتقان تاغ سۈيى كۈمۈش ئېرىتمىسىدەك يالتىراپ تۇرغان بىر پەيتتە ، بەش ئاتلىق ئېگىز دۆڭلۈكتىكى ئەۋلىيا مازىرىغا يوشۇرۇن كىرىپ كەلدى . ئۇلار ئاتلارنى پەسلىكتىكى ئوتلاققا قوزۇق قېقىپ باغلىغاندىن كېيىن ، بىر قەبرە ئارقىسىغا ئۆتتى .

— نودەر ، سەن بۇ يەرنىڭ ئويمان - چوڭقۇرىنى بىلىسەن ، — دېدى سەلىم ئاستا شىۋىرلاپ ، — شۇڭا سەن سەمەننى ئېلىپ توغراق مازىرىغا بېرىپ يوشۇرۇنغىن ، بىرەر ئادەم كۆرۈنگەن ھامان ھەرىكەتكە سەپسىلىڭلار ، لېكىن چاندۇرۇپ قويماڭلار ، ئىشنى بۇزۇپ قويىسىلەر !

سەلىم ھەمدۇلنىڭ ئىككى مازارنىڭ بىرىگە چوقۇم كىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى . چۈنكى ، ھەمدۇل كۈندۈزى كەلسە بىرەر ئادەمنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالىدۇ . ئۇ چاغدا باشقىلار ئۇنىڭ تىلسىمىدىن گۇمانلىنىپ قالىدۇ ...

سەلىم تۇمەن بىلەن سەرۋەرگە كەنت تەرەپنى كۆزىتىشنى ئېيتىپ ، ئۆزى قەبرىلەر ئارا يۇرۇپ كەتتى . ئۇ قەبرىستانلىقنىڭ قاراڭغۇلۇق تىقىلغان ئۇ چېتىگە قارىدى . ئەلمىساقتىن تارتىپ قوغاق چارۋىچىلىرىنى يەپ تويمىغان بۇ مازارلىق مەزگىلسىز سەمرىپ كەتكەن يىرتقۇچتەك بولۇپ كۆرۈنۈپ ، كەڭ بوشلۇقتا يېيىلىپ ياتاتتى . سەلىمنىڭ كۆڭلىدىن : «ئەگەر ھەمدۇل مازارنىڭ ئۇ بېشىدا ھەرىكەت قىلسىچۇ ؟» دېگەن ئوي ئۆتتى . ئۇنىڭ يۈرىكىنى تاقەتسىزلىك ۋە ئەنسىرەش قاماللىۋالدى . سەلىم ئېگىز — پەس تۆپىلىكلەرنى ئايلىنىپ سەرۋەر بىلەن تۇمەن يوشۇرۇنغان قەبرە قېشىغا يېنىپ كەلدى .

— سەرۋەر ، — دېدى سەلىم پىچىرلاپ ، — سىز تۇمەن بىلەن مازارلىقنىڭ ئۇ بېشىدا كۆزىتىڭ ، بولمىسا ...

— تۇمەن ئۇخلاپ قالدى ، — دېدى سەرۋەر قەبرە تېشىغا يۆلەنگىنىچە ئۇيقۇغا كەتكەن تۇمەننى ئىما قىلىپ .

— ئەگەر ھەمدۇل ئىشنى ئۇ تەرەپتە تۈگەتسە ، پۈتۈن پىلانىمىز سۇغا چىلىشىدۇ ...

— بولىدۇ ، مەن باراي ...

— نېمە ؟ ئۆزىڭىز يالغۇز ؟ قورقارسىزمىكىن ؟ ئەمىسە مەشەدە تۇمەن بىلەن قېلىڭ ...

— ياق مۇئەللىم ، بۇ يەر كەنتكە يېقىن مۇھىم جاي ، ئۆزىڭىز تۇرۇڭ ...

سەرۋەر شارتلا ئورنىدىن تۇرۇپ بىلىدىكى كەمەرنى چىڭىتتى . سەلىم سەرۋەرنىڭ تاغلىقلارغا خاس قورقۇمسىزلىقىغا ئىچىدە زوقلاندى . ئۇ سەرۋەرنى باشلاپ مازارلىقنىڭ ئۇ بېشىدىكى بىر تەرىپى گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن گۈمبەز يېنىغا كەلدى .

— سەرۋەر ، ئېھتىيات قىلىڭ ! — دېدى سەلىم ھاياجاندىن تىترەپ ، — بىرەر ئادەم كېلىپ قايسى قەبرىنىڭ قېشىدا ھەرىكەت قىلسا ، شۇ قەبرىنىڭ توپىسىغا چوڭ قىلىپ قوشۇش بەلگىسىنى سىزىپ قويۇپ ، مېنىڭ قېشىمغا كېلىڭ !

— بولىدۇ ...

— قورقامسىز ؟ ...

— ياق ...

سەرۋەر قەبرىلەر ئارا ئېگىشىپ دېگۈدەك كېتىپ بارغان سەلىمنىڭ قارىسى يوقالغاندىن كېيىنلا ، ئالدىدىكى گۈمبەزنىڭ گۆمۈرۈلۈپ چۈشكەن قاپقاراڭغۇ تۆشۈكىگە قارىدى . ئۇنىڭ تېنى ئەيمىنىپ كەتتى . دېمىسىمۇ ئاستى جەسەتلەر بىلەن تولغان بۇ مازارلىق تۈندە سۈرلۈك ئىدى . تۆغ - ئەلەملەر باغلىنىۋېتىلگەن خادىلار ، ئۇ يەر - بۇ يەردىكى قاقشال توغراقلاردا ساڭگىلاپ تۇرغان قوتاز قۇيرۇقى ، ئېچىگە سامان تىقىلغان تۇلۇملار ، شامالدا قارسىلداۋاتقان ئالىيىشىل «جىنكۆچتى» لاتىلىرى ، قەبرىلەر ئۈستىگە قويۇلغان كوزا سۇنۇقلىرى ، قوشقار مۈڭگۈزلىرى جىمجىت كېچىدە ئاجايىپ قورقۇنچلۇق كۆرۈنەتتى . ناگان - ناگاندا «ھۇۋ ، ھۇۋ ، ھۇۋ» قىلىپ سايراۋاتقان ھۇۋقۇشنىڭ شۇم ئاۋازى ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركۈندۈرەتتى . لېكىن ، سەرۋەر سەلىمنىڭ مۇشۇ قەبرىستانلىقنىڭ قەيرىدىدۇر بىر يېرىدە بارلىقىنى ئويلىغىنىدا ئۇنىڭ بەرنا قەددىگە ، قىزلىق يۇمران يۈرىكىگە ئالەمچە كۈچ — قۇۋۋەت تولغاندەك بولاتتى . لېكىن ، سەرۋەردىن ئەنسىرەۋاتقان سەلىم كەتتى كۆزەتكەچ ھېلىدىن - ھېلىغا ئۇ تەرەپكە قارايتتى ۋە پات - پاتلا ئەسنەيتتى ... بىر كېچە - كۈندۈز ئات ئۈستىدە ئۆتكۈزگەن ئېغىر سەپەر ، ئۇيقۇسىزلىق ئۇزىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى . كۆزلىرى قىزىرىپ ئېچىشىۋاتقان سەلىم تۇمەنگە چاپىنىنى يېپىۋېتىپ ھاسىرىغان ئاۋاز بىلەن شېغىللارنى شىرىقلىتىپ كېلىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ قالدى . سەلىم يامغۇر تېشىۋەتكەن گۆرنىڭ گوداڭ يېرىگە چۈشتى - دە ،

ئەتراپقا قارىدى . قىسماقتەك ئېگىلگەن بىر گەۋدە تىمىسقىلاپ يۈرۈپ قوينىدىن بىرنەرسىنى ئېلىپ قەبرە توپىسىغا كۆمگەندىن كېيىن ، ئىككى دانە تاشنى ئۈستىلەپ قويۇپ ، ئاستا - ئاستا ئارقىسىغا يانغاچ ئەتراپقا قارىدى . سەلىم ئۇنىڭ پەسكە يۆمىلىغاندەك چۈشۈپ مەھەللىگە كىتىپ بارغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن ، قوش تاش بەلگە قويۇلغان قەبرىگە «+» بەلگىسىنى سىزىپ قويۇپ سەرۋەرنى قايتۇرۇپ كەلدى . ئۇلار تاتلىق ئۇخلاۋاتقان تۇمەننى ئويغاتتى .

— تۇمەن ، بىز نودەر بىلەن سەمەننى چاقىرىپ كېلەيلى !

— بۇ يەرگە قارىمايمىزما ...

— بۇ يەردىكى ئىشلار تۈگىدى .

ئۇلار تۇغراق مازاردىكى بالىلارنى باشلاپ كەلگەندە ، تۇن يېرىم بولغانىدى . هاردۇق ۋە ئۇيقۇسىزلىقتىن بالىلارنىڭ چىرايى تاتىرىپ ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ قالغانىدى . سەلىم سومكىسىدىكى نانلارنى ئۇلارغا بۆلۈپ بېرىپ ، ئېگەردىكى كۆرپىلەرنى ئاتلارغا يېقىن يانباغىرغا سالدى ۋە ئېگەرلەرنى ياستۇق ئورنىدا قويغاندىن كېيىن ، بالىلارنى ياتقۇزۇپ كۆرپە يېپىپ قويدى . بېشى ئېگەرگە تېگەر - تەگمەيلا بالىلار قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى . سەرۋەر بولسا بىر قەبرە ئارقىسىدا ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ ئېگەك تىرەپ مۈگدىنىپ ئولتۇرۇشىدىن سەلىمنىڭ ئاخشامقى ئاچچىقلىنىشىنى ئۇنتۇمىغانلىقى ئېنىق ئىدى .

— سەرۋەر ، سىزمۇ كۆزىڭىزنى يۇمۇۋالامسىز ؟ تاڭ ئېتىشقا تېخى خېلى بار ، — دېدى سەلىم كۆيۈنگەن ئاۋازدا .

— سىزچۇ ، مۇئەللىم ؟ ...

— مەن ئاتلارنى سۇغىرىپ كەلگىلى بارىمەن .

— يالغۇزما ؟ — قىز يالتىىدە قايرىلىپ قارىدى ، — مەنمۇ بىللە بارسام بولامدۇ ؟

سەلىم دەماللىققا بىرنېمە دېيەلمىدى . ئۇ «ياق» دېسە ، ئاخشامقى قوپاللىقىنى ئېغىر ئالغان قىزنىڭ تېخىمۇ رەنجىپ

قېلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە سەرۋەرنى يالغۇز تاشلاپ كېتىشكىمۇ ئۆزىنىڭ كۆڭلى ئۇنىمايتتى .

— يۈرۈڭ ...

سەلىم بىلەن سەرۋەر ياۋىداق ئاتلارنى يېتىلەپ يۇمشاق ئوتلار بىلەن قاپلانغان سۇ بويىغا يېتىپ كەلدى . نەچچە تارام بولۇپ ئېقىۋاتقان تاغ سۈيى شاۋۇلداش ، بۇلدۇقلاش ۋە تاشلارغا ئۇرۇلغان شوخ ئاۋازلىرى بىلەن تۈن جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تۇراتتى . ئەۋلىيا مازىرى ۋە پەس تۈزلەڭلىكتىكى قوغاق كەنتى قارا تۈن پەردىسىگە پۈركىنىپ ، گويا ئېغىر يامغۇر بولۇتىدەك غۇۋا يېيىلىپ ياتاتتى . سەلىم بىلەن سەرۋەر ئىككى تاغ ئېغىزىدىن كۆتۈرۈلگەن مىس لېگەندەك ئايغا قاراشتى . سۇغا قانغان ئاتلارمۇ باشلىرىنى كۆتۈرۈپ قۇلاقلىرىنى شىڭتايتىشتى .

«ئاھ سېھىرلىك تاغ كېچىسى ... »

تاغ سۈيىدەك دولقۇنلىغان ھېس ـ تۇيغۇلار قەلبىنى لەرزىگە سېلىۋاتقان سەلىم يىراقلارغا تىكىلىپ سۆزلىۋەتكەنلىكىنىمۇ تۇيمىدى ... بۇ ئۇنتۇلماس تاغ تۈنىنىڭ سىرلىق كۈچىدىن بىر ـ بىرىدىن تاتلىق خىياللارغا غەرق بولغان سەرۋەرمۇ ئاتنىڭ سىلىق ۋە ھىدلىق بويىنىغا قولىنى تاشلاپ ، بېشىنى سىڭايان قىلغىنىچە يىگىتنىڭ كەڭ پېشانىسىدە يەلپۈنۈپ تۇرغان يىرىك قارا چاچلىرىغا ، يۇڭ بىشىر ، ئاق كۆڭلەك سىڭىشىپ كەلگەن ئېگىز قامەتلىك سىيماسىغا سەپسالدى ...

— سەلىم ئاكا ، ۋاي ياق ... — دېدى سەرۋەر ئۆزىنىڭ خاتاسىنى تۈزەپ ، — مۇئەللىم ، ئاخشام مەن سىزنى رەنجىتىپ قويدۇم ...

— بولدى سەرۋەر ، ئۇنىڭسىزمۇ خىجىل بولۇۋاتىمەن ، ھەي مېنىڭ قوپاللىقىمزە ...

سەرۋەر ئاتنىڭ بويىنىنى قۇچاقلاپ يىغلىۋەتتى . سەلىم قول ياغلىقىنى ئېلىپ قىزنىڭ ياشلىرىنى سۈرتكەندە ، بارماقلىرى ئوتلۇق مەڭزىلەرگە تېگىپ كېتىپ ، ۋۇجۇدىنى بىردىنلا ئىللىق بىر

سېزىم چىرمىۋالدى ··· تۇنجى قېتىم يات ئەر قولى پاك ، يۇمران تېنىگە تەگكەن قىزنىڭ يۈرىكىگە گويا شىۋىقەدىر نۇرى چۈشكەندەك ، پۈتۈن تېنىنى قىزىق بىر ئېقىن كۆيدۈرۈپ ئۆتتى ··· ئۇ ئادەم ئەيمەنگۈدەك قويۇق كىرپىكلىك چوڭ كۆزلىرىنى ئۈمىد ۋە مېھىر بىلەن سەلىمگە تىكتى ··· مانا بۇ سۈكۈتكە تولغان كېچىنىڭ ، تىنىق ئاسماندىكى سىرلىق ئاينىڭ تاغ پەرىسىگە بەرگەن كۈچ ۋە جاسارىتى ئىدى ··· ھەر ئىككىلىسى ئۆزلىرىمۇ سەزمىگەن ھالدا بىر دەقىقە قاراپ قېلىشتى ···

— سەرۋەر ، قايتايلى ، — دېدى سەلىم تولىمۇ پەس ئاۋازدا ···

ئۇلار ئاتلارنى ئۆز ئورنىغا باغلاپ قويغاندىن كېيىن ، ئېچىلىپ قالغان باللارنى يۆگەپ قويۇپ ، بەلگە سىبلىنغان قەبرە ئالدىغا كەلدى ۋە ھەمدۇل يوشۇرغان تىلسىمنى كولاپ ئېلىشتى . بۇ ئادەتتىكى لاتا قونچاق بولۇپ ، نەق مەيدىسىگە بىر دانە يىڭنە سانجىلغانىدى .

— مۇناپىق تۈلكە ، — دېدى سەرۋەر قورچاقنى قولىغا ئېلىپ ، — خان ئانامنىمۇ مۇشۇنداق ھىيلىگەرلىك قىلىپ نەچچە يىل بېشىنى ئايلاندۇردى .

— سەرۋەر ، مەن كەنتكە كىرىمەن ، سىز مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرامسىز ؟

— مەنمۇ بىللە بارسام بولمامدۇ ؟

— مۇشۇ تۇرقىڭىز بىلەن ؟ ···

— توختاڭ !

سەرۋەر پەسكە يۈگۈرۈپ چۈشتى ـ دە ، سەمەننىڭ تەلپىكىنى ، چاپىنىنى كىيىپ ، كۆڭلىكىنى ئىچىگە تۈرۈپ كەمەر باغلاپ يېتىپ كەلدى .

— قاراڭ سىزنى ! ··· — دېدى سەلىم كۈلۈپ كېتىپ .

ئۇلار مەھەللىگە ئاستا ـ ئاستا يېقىنلاشتى . مەنسۇرخاننىڭ ھويلا ئەتراپىغا ئات ـ ئېشەكلەر باغلانغان بولۇپ ، ھويلىدىن

داپەندىلەرنىڭ ھۇۋلىغاندەك غەزىلى بىلەن نىپىز گەردىشلىك داپنىڭ بىر خىلدا داراڭلىغان ئاۋازى كېلەتتى . سەلىم نودەرنىڭ تەلپىكىنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالغاندىن كېيىن ، سەرۋەرنى دەرۋازا ئارقىسىغا يوشۇرۇپ قويۇپ ، ئۆزى ئۆيگە يېقىنلاشتى . ئەمدى داپەندىلەرنىڭ غەزەللىرى ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى :

ئىششەك تاماكۇ ،
نىمشەك ياغاچۇ .
مەيدەڭ قاتتىقكەن ،
بوشياق باغاچۇ ...

بوغماق خۇماخان ،
تاماكا سىپ بە .
تاماكۇڭنى چەكمەيمەن ،
يايىمنى تەپبە .

ئۆي ئىشىكى ئېچىلىپ ئىككى كىشى چىقىپ كەلدى . شۇ ئەسنادا ئۆيدىن ھەمدۇلنىڭ «ھۇۋ ، ھۇۋ ، ھۇۋ ، ھۇق ، ھۇق ، ھۇق» دېگەن ئاۋازى كەلدى . ئۆيدىن چىققان كىشىلەر : «قورچاققا جۇدى قىلىپ مەيدىسىگە يىڭنە سانجىغانمىش ، شۇڭا قىزنىڭ مەيدىسى ئاغرىيدىكەن» دېيىشىپ كېتىپ قالدى . سەلىم ئارقىسىغا ياندى ـ دە ، سەرۋەرنىڭ قولىدىن يېتىلەپ يۇگۇرگىنىچە مازارلىققا يېتىپ كەلدى .

تاڭ سۈزۈلۈپ كېلىۋاتاتتى . تاقەتسىزلىنىۋاتقان سەلىم پات ـ پات سائىتىگە قاراپ نىياز ئاكىنىڭ يولىغا قارايتتى ۋە ئىچىدە : «داۋۇت ئاكام گۇڭشېغا كىرىپ كەتمىگەن بولسا بەك ياخشى بوپتىكەن !» دەپ ئارمان قىلاتتى . لېكىن ، تاڭغا يېقىن ئاتلارنى دۈپۈرلىتىپ نىياز بىلەن داۋۇت يېتىپ كەلدى .

— داۋۇت ئاكا ، — دېدى سەلىم بەكمۇ خۇشال بولۇپ ئۇنىڭ

ئېتىنىڭ چۇلۇۋۇرىدىن تۇتۇپ ، — قادىر ئاكامدىن ئاڭلاپسىز - دە ؟ سىزنىڭ كەلگىنىڭىز بەك ئوبدان بولدى .

— ئۆتكەنكى جەڭنى نىياز بىلەن ئىككىڭلار قىلدىڭلار ، — دېدى داۋۇت كۈلۈپ ، — بۇ قېتىمقىسىنى ماڭا قويۇپ بېرىڭلار ، ئۇن يىللىق دەردىمنى بىر يولىلا چىقىراي ...

داۋۇت گۈلسارە ئەۋەتكەن يۇمشاق نان ۋە قايماقنى سەلىمگە بېرىپ ، بالىلارنى ئويغاتتى . ئۇلارغىمۇ ئەكەلگەن تاماقلىرىنى بۆلۈپ بەردى .

داۋۇت قورچاقنى ۋە كۆمۈلگەن ئورۇننى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن ، قورچاقنى باشقا قەبرە توپىسىغا كۆمدى . ھەمدۇلنىڭ بەلگىسىنى بولسا ئۆز پېتىچە قويۇپ قويدى .

— بۇلارنىڭ كېلىشىگە ئاز قالدى ، — دېدى داۋۇت قىزىرىپ كەتكەن تاغ ئارقىسىغا قاراپ ، — ھازىرچە سىلەر قورساق تويغۇزۇۋېلىڭلار ! ...

مەھەللىدىن ۋاڭ - چۇڭ كۆتۈرۈلدى . ھەمدۇلنى ئۇتتۇرىغا ئېلىۋالغان بىر توپ كىشىلەر كۆيدۈرۈلگەن كېپەك ، سەندەللەرنى كۆتۈرگەن ھالدا كېلىۋاتاتتى . ئىككى - ئۈچ قەدەم ئالدىدا ماڭغان داپەندىلەر بولسا داپلىرىنى داراڭلىتىپ يولنىڭ ئويمان - چوڭقۇرىغا قارىماي ماڭاتتى . ئۇلار مازارغا يېتىپ كەلگەندە ، ھەمدۇل غەلۋىرنى ئالدى - دە ، نېمىلەرنىدۇر ئوقۇپ ھۈرسگەندىن كېيىن ، قەبرە توپىلىرىنى غەلۋىرگە ئېلىپ تاسقاشقا باشلىدى . ئۇ ھەر قېتىم قەبرىلەردىن توپا ئالغاندا ، غەلۋىرگە ھۈرۈپ قوياتتى . كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قالماي گۈركىرىشىپ كېلىپ غەلۋىرگە قارايتتى . داۋۇت ، نىياز ، سەلىم ۋە بالىلار توپلىشىپ يېتىشىپ كېلىشتى . ئادەملەر ئورىۋالغان ھەمدۇل بۇلارنى كۆرمىگەچكە ، ھەدەپ ئوقۇپ ۋە ھۈرۈپ قەبرە توپىلىرىنى تىلغىۋەتتى . ئۇ ئاخىر كىشىلەرگە تۇيدۇرماي كۆزلىگەن نىشان — قوش تاش بىلەن بەلگە قويۇلغان قەبرە ئالدىغا كەلدى . داۋۇت ، نىياز ، سەلىملەر بىر - بىرىگە مەنىلىك قاراپ قويۇشتى . ھەمدۇل

قەبرە تۇپىسىنى غەلۋىرگە ئېلىپ تاسقىدى. ئۇ قەبرىنى ئويۇۋەتكۈدەك قىلىپ بىرنەچچە قېتىم تاسقىغان بولسىمۇ، قورچاق چىقمىدى. ھەمدۇلنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئېڭەكلىرى كاسىلدىدى، ھەتتا ئۇ «نىشاندىن ئازدىممۇ» دېگەندەك، قوش تاشنى سىلاپ، كېچىدىن تىمىسقىلىغان جايلىرىغا كۆز تاشلىۋالدى. مانا شۇ چاغدا ئالىمانىنى ھەيران قالدۇرۇپ گۈلدۈرلىگەن كۈلكە ئاۋازى كەلدى. ھەممە بىردەك بۇرۇلۇپ داۋۇتقا قارىدى.

— ھەمدۇل، — دېدى داۋۇت كۈلۈپ تۇرۇپ، — بۇ قېتىم نۆۋەت ماڭا كەلدى. قورچاقنى تاپالمىدىڭ... داخانلىق، پىرخونلۇقتا كامالەتكە يەتمىگەن چېغىڭغا... ئۇنداق بولسا مەن تاپايمۇ...

داۋۇت غەلۋىرنى ئالدى ـ دە، ئۆزى قورچاقنى كۆمگەن يەرنىڭ تۇپىسىنى غەلۋىرگە ئۇسۇپ بىرلا تاسقاپ، قورچاقنى قولىغا ئالدى. ھەمدۇل بۇنىڭدىن ئىككى ھەپتە ئىلگىرى گاچا ئالدىدا قانداق ئوسال ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان بولسا، بۇ قېتىم ئۇنىڭدىن بەتتەررەك تاتاردى، سارغايدى، تىترىدى، تىزلىرى پۈكۈلدى.

— تۇغقانلار، — دېدى داۋۇت كۆپچىلىككە قاراپ، — ھەمدۇلنىڭ بۇغاقاچتى، تاساي، قىسسىللاردا نېمە قىلغانلىقىدىن خەۋىرىڭلار بارمۇ؟!

داۋۇت چەينەك، ياڭاق، سېمىز كېلىن ۋەقەلىرىنى بىرمۇبىر سۆزلەشكە باشلىدى. كۆپچىلىك ياقىلىرىنى تۇتۇپ: «تۇۋا، تۇۋا!» دېيىشەتتى. ئۇ بايىزنىڭ ئوغلى ھارۇننىڭ يېقىن قوشنىسى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغاندىن كېيىنلا، ھەمدۇلنىڭ خوتۇنىغا قىلغان ئەسكىلىكلىرىنى ئاڭلىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ھازىر ھەمدۇلنى يايلاقمۇيايلاق، كەنتمۇ كەنت ئىزدەپ يۈرگەنلىكىنى سۆزلىگەندە، ساددا كىشىلەر يەرگە تۈكۈرۈشۈپ، مۇشتلىرىنى تۈگۈشتى.

— تۇغقانلار، بۇ قورچاقنىڭ قانداق قىلىپ مېنىڭ قولۇمغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟ سەلىم مۇئەللىم مال ـ مۈلكۈڭلارنىڭ قاقتى ـ سوقتىغا ئۇچراپ كېتىۋاتقانلىقىغا

ئېچىتىپ ، چەينەك ، ياغاق ، تاساي ۋەقەلىرىنىڭ سىرىنى ئېچىپ چىقتى . مانا بۇگۈن بولسا ، ئىككى يېرىم كۈن جاپا چېكىپ ، ئۇخلىماي مازار بېشىدا يېتىپ ، مەنسۇرنىڭ مال ـ مۈلكىنى قوغداپ قالدى .

داۋۇت ھەمدۇلنىڭ تۇنۇگۇن كەچ كۆز باغلانغاندا مازارغا كەلگەنلىكى ، قورچاقنى قانداق كۆمگەنلىكىنى سۆزلىگەندە ، مەنسۇرخان يۇگۈرۈپ كېلىپ ھەمدۇلنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى :

— ھەي ئىمانسىز دەججال ، تۇنۇگۇن كەچ «ناماز ئوقۇيمەن» دەپ ئىشىكنى تاقاپ كىرىپ كېتىپسەن ، چاقىرسام چىقمايسەن ، ئارقىغا ئۆتسەم پەنجىرە ئوچۇق ، ئۆزۈڭ يوق . ئەسلىدە بىزنى خام كاللا كۆرۈپ ، ئوينىتىپ يۈرۈپسەن ـ دە ! …

— تۇغقانلار ، — دېدى نىياز ئالدىغا چىقىپ ، — مېنىڭ ئىككى تۇغقان سىڭلىمنى ئوقۇيمەن دەپ بىر پاقلان ، ئىككى توخۇ ، ئون سوم پۇل ئالدى بۇ … لېكىن ئۇنىڭ كۆرسەتكەن سېھرىي كۈچى پۇتۇنلەي ئادەم ئالداش ئىكەن …

— تۇغقانلار يۇرۇڭلار ، مەنسۇرخاننىڭ ئۆيىگە بارايلى ، — دېدى داۋۇت كۆپچىلىكنى باشلاپ ، — ھەمدۇلنىڭ يەنە قانداق سېھرىي كۈچى بار … كۆرۈپ باقمايمىزمۇ ؟ …

داۋۇت ئادەملەرنى باشلاپ مەنسۇرخاننىڭ ئۆيىگە كەلگەندە ، ئاياللار ئاخشامقى پاراكەندىچىلىكنى يىغىشتۇرۇۋاتاتتى . داۋۇت ھەمدۇلنىڭ خۇرجۇنىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ تەتۈر ئۆرۈۋەتتى . يەرگە تۆكۈلگەن مايلىق نان ، سوغۇق گۆش ، يېرىم قېرىن سېرىق ماي ، بىرنەچچە تال ياغاق ، بىر ئورام ئات قۇيرۇقى قاتارلىق نەرسىلەرنى كۆرگەن ئادەملەر ئۇنىڭ كىرگەنلىكى ئۆيدىن بىرنەرسە يۈلۈپ ماڭىدىغانلىقىنى بىلىشتى . داۋۇت بىر ئورام قىل بىلەن ياغاقلارنى قولىغا ئېلىۋىدى ، ھەمدۇلنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى .

— مانا بۇ قىل — چەينەكنى سايراتقان مۆجىزە ، — دېدى داۋۇت قىلنى كۆرسىتىپ ، كېيىن ياغاقنى چېقىپ ئىچىدىن ئۆلۈك قوڭغۇزنى ئالدى ، — بۇ بولسا ياغاقنى يورغىلاتقان باتۇر

قوڭغۇز ...

— ھېلىقى قوڭغۇز ئىكەن ، — دېدى نىياز غەزەپ بىلەن ، — ھەرقايسىلىرى قوقاسقا دەسسىۋالسىلا ، نەچچە يۇمىلاپ سەكرەپ كېتىشىلا ! ...

نىيازنىڭ گېپىگە ھەممە كۈلۈۋەتتى . شۇ چاغدا كوچىدىن ئات تۇيىقىنىڭ گۈپۈرلىگەن ئاۋازى كېلىپ ، قامچىسىنى كۆتۈرگەن ھارۇن توپ ئارىسىغا ئېتىلىپ كىردى .

— ھىم تۈلكە ، ئاخىر قولۇمغا چۈشتۈڭمۇ ؟ بۈگۈن مەن قامچامنى قانغا بويىمىسام ھارۇن بولماي كېتەي !

بەستلىك ۋە قوپال ھارون ھېچكىمنىڭ توسۇغىنىغا قارىماي ، ھەمدۇلنى سۈر - توقاي قىلىپ ساۋاشقا باشلىدى . قارسىلداپ چۈشۈۋاتقان قامچا چۈشكەن يېرىدە ئىز قالدۇراتتى . ھەمدۇل يەكتەكنى ئۆرۈپ بېشىغا كىيىۋالغانىدى ، ھارۇن ئۇنىڭ يەكتىكىنى بىرلا قاماللاپ تارتىپ ، كۆڭلەكلىرى بىلەن بىللە بېشىدىن سۇغۇرۇۋالدى . ئەمدى ئۇنىڭ يالىڭاچ دۈمبىسىگە چۈشۈۋاتقان قامچا گۈللۈك ئىزلارنى قالدۇرۇشقا باشلىدى . بىردەمدىلا قىزىل رەڭگە بويالغان ھەمدۇل يىقىلىپ يۇمىلاپ يۈرۈپ كېلىپ ، داۋۇتنىڭ پۇتلىرىنى قۇچاقلىۋالدى .

— بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەي ، مەن ئۇچۇن ئىككى ئېغىز لەۋزىلىرىنى ئايىمىسىلا ...

— ھارۇن ، بولدى قىل ! — دېدى داۋۇت ئۇنىڭغا كۆزىنى مىختەك قاداپ .

— گەپ قىلە ! خوتۇنۇم ئايسىنى نىمە قىلدىڭ ؟ — دېدى ھارۇن قامچىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ .

— ئۇ ... ئۇ ... ئۆزى ...

— ھارۇننىڭ ئايالىغا تۆھمەت قىلما ، — دېدى سەلىم ئالدىغا چىقىپ ، — ئۇ ۋارقىرىغاندىن كېيىن ، داۋۇت ئاكام ئىشىكنى ئاچتىغۇ ! ئەگەر بىز شۇ چاغدا ئۇ ئايالنى تۇتۇۋالمىغان بولساق ، نوغۇچتا كاللاڭ يېرىلغان بولاتتى ...

داۋۇت بىلەن نىياز سەلىمنىڭ ئىنتايىن زىل پەيتتە ئىشنى توغرىلىۋەتكىنىگە ئىچىدىن خۇشال بولغان بولسا، هارۇن كىشىلەر ئارىسىدا ئايالىنى ئاقلاپ، ئۆزىنى نومۇستىن ساقلاپ قالغان مۇئەللىمگە قاراپ قىزىرىپ كەتتى.

— ۋوي مۇناپىق! — هارۇن داۋۇتنىڭ بىخەستە تۇرغان پەيتىدە ھەمدۇلغا يەنە بىر قامچا سىلىۋەتتى.

— جىنىم داۋۇت، ئۆزلىرى ھۆكۈمەت، ئۆزلىرى پارتىيە، ئۆزلىرى سىياسەت ... مەن جۇگۇلاپ كېتەي ... ھې ... ھې ... ھې ...

داۋۇت قانغا بويالغان ھەمدۇلنى، ئۇنىڭ ئۆز ئاياغلىرىنى قۇچاقلاپ يالۋۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تۇققۇز - ئون يىللىق رىيازىتى بىر يولىلا يۇيۇلۇپ كەتكەندەك بولۇپ، يېنىك تىن ئالدى. لېكىن، ئىنسان كۆڭلى ئاجايىپ بولىدۇ. ئۆز دۈشمىنىنىڭ يۈزىدىكى بەلدەم - بەلدەم قامچا ئىزلىرى ۋە ئاققان قانلىرى ئۈستىدىن يۇمىلاپ چۈشۈۋاتقان ياشلارنى كۆرگەن داۋۇتنىڭ ئۇنىڭغا يەنە ئىچى ئاغرىپ قالدى.

— قېنى ئېيتە! نېمە شۇملۇقلار بىلەن شۇغۇللاندىڭ؟ توغقانلارنى قانداق ئالدىدىڭ؟ نېمىلەرنى ئېلىۋالدىڭ؟ ئەگەر ياۋاش بولمىساڭ، مەن ساڭا ئىگە بولالمايمەن ...

— جان باقماق پەرز دەپ ...

ئۇ كۆپچىلىك ئالدىدا قانداق ھىيلە - نەيرەڭلەر بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى، كىمنىڭ نىمىسىنى ئالغانلىقىنى ئىقرار قىلغاندا، كىشىلەر ئۇنىڭدىن بىردىنلا يۈز ئۆرۈدى، سەسكەندى، ئۆزلىرىنىڭ نادانلىقىغا ئۆكۈندى ... ھەمدۇل يەكتەك، كۆڭلەكلىرىنى قولتۇقلاپ، خۇرجۇنىنى سۆرەپ دىگۇدەك دەرۋازىدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئۇچلۇق ياغاق بېشى، ساپاقتەك بوينى، يادەك ئېگىلگەن قارامتۇل دۈمبىسى، تېرىلىرى يىغىلىپ قالغان تار كۆكرەكلىرى ئۇنى خۇددى توخۇ ئوغرىسىغا ئوخشىتىپ قويغانىدى.

— مۇئەللىم ، ئۆتكەنكى ئىشنى ، — دېدى ھارۇن سەلىمگە خىجىللىق بىلەن تىكىلىپ ، — كۆڭۈللىرىدىن چىقىرىۋەتسىلە ... مەن ... مەن ... قېنىم قىزىپ كېتىپ ...

ھارۇن ئارقىغا قايرىلىپ ماڭغاندا ، داۋۇت ئۇنىڭغا ئۇنلۈك ۋارقىرىدى :

— توختا ! ئۇنداق ئاسان قۇتۇلۇپ كېتىدىغان ئىش نەدىكەن ؟

— دا ... داۋۇت ئاكا ... — ھارۇن دۇدۇقلىدى .

— سەنغۇ رەقىبىڭدىن ئۆچۈڭنى ئالدىڭ . لېكىن ، سەلىمگە سالغان قامچاڭنىڭ ئازراقىنى بولسىمۇ تېتىماي كەتسەڭ ، سەت تۇرار ؟

داۋۇت شارتىلا قىلىپ بېلىگە قىستۇرۇۋالغان قامچىسىنى ئالدى ... كىشىلەر ھاڭ ـ تاڭ بولغان ھالدا داۋۇتنىڭ ھېچ نەرسىدىن يانمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ تۇرغان تاشتەك يۈزىگە قاراشتى . ئاقىرىپ كەتكەن ھارۇنمۇ بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇراتتى . لېكىن ، سەلىم ھارۇنغا دېۋەيلەپ كېلىۋاتقان داۋۇتنىڭ ئالدىنى توستى :

— داۋۇت ئاكا ... ئۇنداق قىلماڭ ! ... ھارۇنمۇ ئۇقۇشماسلىقتىن ...

— ئۆت بۇياققا ، — دېدى داۋۇت سەلىمگە ۋارقىراپ . سەككىز قات قامچىنىڭ كېيىك پۇتلۇق دەستىسىنى چىڭ سىقىمدىۋالغان قولنى كۆرگەن ھارۇن يېلىنغاچ ئارقىغا چېكىندى .

— ھاي داۋۇت ، ئۆزۈڭگە ھاي بەر ... ئاچچىقنىڭ كەينىگە كىرمە ! — دېدى نىياز ئۇنى توسۇپ ، سەلىممۇ ئۇنىڭ قولىدىكى قامچىغا ئېسىلدى .

— ھەي نومۇسسىز ، — دېدى داۋۇت ھارۇنغا مىختەك قادىلىپ ، — بىلسەڭ خوتۇنۇڭنى پالاكەتتىن قۇتقۇزغان ئادەم سەلىم . سەن ئۇنىڭ مانچىسى ئۈچۈن بولسا قامچا بەردىڭ ...

قوغاقلىقلار داۋۇت ، سەلىم ، نىيازلارنى ئۇزىتىپ قويدى . ھارۇنمۇ ئۇلار بىلەن بىللە قايتتى . ئاتلار خۇددى بەيگىگە

چۈشكەندەك بىر ـ بىرىگە يول بەرمەي قىستىلىشىپ ، تاپۇر ـ تۇپۇر چېپىشاتتى ، بەزىدە بولسا سىلىق يورغىلايتتى . هارۇن ئېتىنى بۇراپ داۋۇتقا يانداپ كەلدى ۋە يەر ئاستىدىن خىجىللىق بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى .

— ئاغىلىسام ، بايىز يېتىپ قاپتىمىشقۇ ؟ — دېدى داۋۇت هارۇنغا قارىماي .

— خوش ، سۆڭگىچىگە چىقان چىقىپ ، پۇت ـ قوللىرى ئىششىپ كەتتى .

— مەكتەپكە ئاپار ، سەرۋەر داۋالاپ قويسۇن . ئۇ نەچچىلىگەن چىقانلارنى كېسىپ ، غېرىنى ئۇيان ، ئۆردىكىنى بۇيان قىلىۋەتتىغۇ !

— دادام ئۆزلىرىدىن خىجىل بولۇپ …

— نېمە خىجىل ـ پىجىل ئۇ ؟ … ئۇرۇشقاندا ئۇرۇشىمىز ، ياراشقاندا يارىشىمىز ، بۇ قانچىلىك گەپلەر ئىدى ؟

كۈن تاغ تەرەپكە قايرىلغاندا ، ئۇلار نىيازنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولدى ۋە ئاتلارنى تويغۇزۇشتى . هارۇنمۇ خوشلىشىپ تاسايغا يول ئالدى . داۋۇت ، سەلىم ۋە ئوقۇغۇچىلار يولغا چۈشتى . قورسىقى تويۇپ سۇغا قانغان ئاتلار كەنت ھىدىنى ئالغاندەك ئويناقلاپ سەكرەشتى . سەلىم باللار بىلەن نېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ كۈلۈشەتتى ، ۋارقىرىشاتتى . ئالدىدا كېتىۋاتقان داۋۇت خىيال سۈرمەكتە ئىدى .

داۋۇت خۇشال ئىدى ھەم ھەيرانمۇ بولاتتى . ئۇ شۇنچە يىللار مابەينىدە ھەمدۇلدىن قانچە قېتىملاپ يېڭىلگەن ، ھەتتا سۆزى ئەمەس ، ئىشلىرى ئالغا باسماس بولۇپ كەتكەن . چارۋىچىلار ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدىغان ، بەزىدە يۈز تۇرا ياندىغان بولۇپ ، خىزمەتتە ئامالسىز قالغان كۈنلەرمۇ كۆپ بولغان . لېكىن ، شۇ چاغلاردىمۇ ھەمدۇلنىڭ داخانىلىق ، پىرىخونلۇقتەك بۇ ئىشلىرى بار ئىدىغۇ ؟ … ئۇنى مۇقەددەس ئەۋلىيا قىلىۋەتكىنىمۇ ئاشۇ ھىيلىگەرلىكلىرى ئەمەسمىدى ؟ داۋۇت نېمە ئۈچۈن شۇ چاغدىلا

سەلىمدەك قىلمىدىكىنە ؟.... ھەي ، ئۇ ئوقۇغان ـ دە.... ئوقۇغان...
سەلىم ھەمدۇلنىڭ تىلسىملىرىنى ئاڭلاپ ، غەلۋىرگە سېلىپ تاسقىغان ، دەريانىڭ تېگىدە نېمە بارلىقىنى كۆرگەن ... بولمىسا داۋۇتمۇ نۇرغۇن ئىشلارنى بىلىدۇ ... كالا ، قوتاز ، قوي ، ئۆچكە ، تۆگە ، ئاتلاردا قانداق كېسەللىكلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ . ئۇلارنىڭ قايسى ۋاقىتتا كۈيلەيدىغانلىقىنى ، قايسى پەسىللەردە تۇغىدىغانلىقىنى ، ھەتتا ئاچچىق ئۈچەينىڭ نەچچە غۇلاچ ، نەچچە غېرىچ كېلىدىغانلىقىنى ، قوشقارنىڭ ماڭلىيىدا نەچچە دانە قۇرت بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلىدۇ ، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئەجەبا شۇنىڭغا ئەقلى يەتمىگەن بولسا ! ...
— سەلىم ، — دېدى داۋۇت بىردىنلا ئارقىغا قايرىلىپ ، — بۇنىڭدىن كېيىن ھەمدۇلنى ئەمەس ، سېنى ئەۋلىيا دېسەك بولغۇدەك ...
— نېمە ئۈچۈن ؟ ...
— چۈنكى ، سەن چەينەك بىلەن قورچاقتا نېمە تىلسىم بارلىقىنى بىرلا قۇر سېلىپ بىلىۋالدىڭ ـ دە ! ...
ئۇلار كەنتكە كىرىپ كەلگەندە ، ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن ئىدىرىس ھاسىراپ يېتىپ كەلدى .
— خۇش خەۋەر ، داۋۇت ئاكا ... خۇش ... خۇش خەۋەر ، سە ... سەلىمجان ! ...
— ھە ، نېمە گەپ ئىدىرىس ؟ قوماتلەنگەردىكى خوتۇنۇڭ ئوغۇل تۇغدىمۇيا ؟ ... — دېدى داۋۇت ئاتتىن چۈشۈپ .
— سىلەر كېتىپلا ھاكىمدىن تېلېفون كەلگەنىكەن . مەكتەپكە كىنو ئاپپاراتى ، ماتور ، بىر ساندۇق دورا ئەۋەتىپتۇ . مەنمۇ سىلەر يولغا چىققان كۈنى گۇڭشېغا كەتكەنىدىم ، ھېلىراقتا كەلدىم .
— ئۇ نەرسىلەر ھازىر نەدە ؟ — دەپ سورىدى تۇمەن بىلەن سەمەن تەڭلا ...
— مەكتەپ ئىشخانىسىدا ...
— يۈرۈڭلار ، — دېدى داۋۇت ئېتىغا مىنىپ ، — كۆرۈپ

كېلەيلى !

مەكتەپ ئىچى خۇشاللىققا چۆمدى . بالىلار سۇلياۋ قاپتىن چىقىرىلغان ئاپپاراتنى سىلايتتى ، ئالدى - ئارقىسىغا ئۆتۈپ كۆرەتتى . سەرۋەر ساندۇقنى ئېچىپ ھەرخىل دورا ، ئوكۇللارنى ، شپرىس قاينىتىش قازانلىرىنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتى ، ھەتتا تەجرىبىخانا ، قىرائەتخانا قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلىغا تاش قويۇۋاتقان ئۇستامۇ بۇ تەنتەنىگە ئورتاقلاشتى .

— ھەي - ھەي ، ھۆكۈمەت دېگەن ھۆكۈمەت - دە ، — دېدى ئۇستام شاپاق دوپپىسىنى ئالىقىنىغا ئۇرۇپ ، — كۆنمۇ نۇرىنى ئايايدىغان بىر تاغقا قانات يېيىۋاتقىنىنى كۆرمەمدىغان !

— مائارىپ ئىدارىسى ، — دېدى ئىدرىس داۋۇتقا ، — قۇرۇلۇش پۇلى ئۈچۈن تۆت مىڭ يۈەن تەستىقلاپتۇ ، ھازىرچە ئىككى مىڭ يۈەننى ئەۋەتىپتۇ .

— ئۆزىمىز سېلىۋاتقاندىن كېيىن ، — دېدى داۋۇت خىجىل بولغاندەك قىياپەتتە ، — يۇقىرىنى چىقىمدار قىلمىساق بوپتىكەن .

— مۇئەللىم ، ئاخشاملىققا كىنو قويۇپ بېرەمسىز ؟ — دېدى تۇمەن يالۋۇرۇپ .

— بولىدۇ ، مەن ھازىرلا ماتورنى ماڭدۇرۇپ توك كۈچىنى كۆرۈپ باقاي !

داۋۇت ئۆيگە قايتتى ، ئۇنىڭ كۆڭلىدىن ھېچ نەرسە ئۆتمىدى . گۈلسارەنىڭ : «دادىكىسى ، گاللىرىغا بىر نېمە يەۋالاملا ؟ » دېگەن سۆزىگىمۇ «ياق» دەپ جاۋاب قايتۇردى - دە ، ئۆزۈندىن بېرى تاشلىنىپ قالغان مال قوتانلىرىنىڭ بۇزۇلغان يەرلىرىنى ئوڭلاشقا كىرىشىپ كەتتى . نېمە ئۈچۈندۇر ئۇ ھەم خۇشال ، ھەم خاپا ئىدى .

داۋۇت مانا مۇشۇ ئەتراپتا — مۇقەددەس تاغلار قاپلىغان قازانغا ئوخشاش قاراڭغۇ تاغدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولدى . شۇنداق ، ئۇنىڭ ئەللىك يىللىق ھاياتى ماللار ، تېزەكلەر ، چىلە پۇراپ تۇرغان ئېغىللاردا ئۆتتى . ئۇ كىچىككىنە جاراھەت چىقىش سەۋەبى بىلەن ياكى «سوقا يەل تۇرۇپ قالدى» دېگەندەك باھانىلەردە ئۆلگەن

كىشىلەرنى كۆپ كۆردى . تاغلىقلار ئۇلارنى «قازاۋۇقەدەر ، ئۆمرى شۇنچىلىككەن ، قازاغا رىزا» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئۇزىتىپ قويۇشاتتى . ھەمدۇلدەك كىشىلەرنى مۇقەددەس بىلىپ ، ئۇلارنىڭ تىكەنلىك ۋە تىكەنسىز گەپلىرىنىڭ تېگىگە يەتمەي ئالدىناتتى . لېكىن ، قار - شۇۋىرغانلىق ، جۇدۇن - چاپقۇنلۇق جىلغا - قاپتاللاردا جاپا - مۇشەققەت بىلەن ئۆمرىنى ئۆتكۈزىدىغان بۇ جاسارەتلىك ، جاھىل تاغلىقلار بىرەر ئىشنىڭ ئەسلىي تېگىگە يەتكەن ھامان ، دەرھاللا قامچىلىرىنى قولىغا ئېلىشاتتى ... ھەر ھالدا داۋۇت قېرىنداشلىرىدىن بىرنەرسىدىن خۇرسەن ئىدى ، ئۇلار نەچچە يىلدا بىر قېتىم بۇ يەرگە ئېزىپ - تېزىپ دېگەندەك كىنو قويۇش ئەترىتى ياكى سەنئەت ئۆمىكى كېلىپ قالسا ، دەرھال ئۇلاغلىرىغا مىنىشىپ خەتەرلىك چىقىل ۋە داۋانلاردىن ئۆتۈپ ، «كىنو كەپتۇ» ، «ئاياغ ئويۇنى كەپتۇ»[1] دېيىشىپ ، ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈپ يېتىپ كېلىشەتتى . ئەدناسى بۇنداق ئويۇنلار ئۇلار ئۈچۈن بەجايىكى بىر تويدىن ئارتۇقراق تاماشا بولاتتى . تاغلىقلارنىڭ بۇ خىل يىغىلىققا ئىنتىلىشى داۋۇتتا يېڭىدىن - يېڭى ئۈمىدلەرنى پەيدا قىلاتتى . شۇ تاپتا كوچىدىكى تاپۇر - تۇپۇر يۈگۈرۈشكەن كىشىلەرنىڭ «ھوي پالانى ، مەكتەپكە كىنو كەپتۇ ، شاپ بول» دەپ بىر - بىرىنى چاقىرىشلىرى ، بالىلارنىڭ «ئاق دادا ، بەگ ئانا» دېيىشىپ خۇشال ۋارقىراشلىرى داۋۇتتا ئاجايىپ ھېس - تۇيغۇلارنى ئويغاتماقتا ئىدى .

— ھوي دادىسى ؟ — دېدى گۈلسارە تالادىن پالاقلاپ كىرگىنىچە ، — مەكتەپتە كىنو بامىشيا ؟ «مۆ» دەپ مۆرەپمۇ قويمايمىزيا ؟ توۋا - توۋا ، مۇنداقمۇ تەپسە تەۋرىمەس ئادەم بۇتكەنىيا بۇ ؟ ... — دېدى .

گۈلسارە تىنۋەت رومىلىغا ئورىلىپ كېتىپ قالغاندىن كېيىن ، داۋۇت ماللارغا ئوت سېلىۋېتىپ مەكتەپكە قاراپ يول ئالدى . ئۇ يىراقتىنلا ئاپئاق يورۇپ كەتكەن مەيداندا يۈگۈرۈشۈپ يۈرگەن

---

[1] ئاياغ ئويۇنى — سەنئەت ئۆمىكى دېمەكچى .

كىشىلەرنى كۆرۈپ قەدىمىنى ئىلداملاتتى . داۋۇت ئوقۇغۇچىلار پارتىسىغا ئورنىتىلغان ئاپپارات ، يامانبۇكتىن ئەكېلىنگەن ياغاچلارغا بېكىتىلگەن ئېكرانىنى كۆرۈپ : «قارا ، بۇ بالىنىڭ چاقىقانلىقىنى !» دەپ پىچىرلىغىنىچە ئاۋازكانايىنى بېكىتىۋاتقان سەلىم بىلەن ئىدرىسنىڭ قېشىغا كەلدى .

— سەلىم ، ئىشلار كاتتىغۇ ؟ — دېدى داۋۇت كۈلۈپ قويۇپ .

— داۋۇت ئاكا ، ئوبدان بولدى . كىنو باشلىنىشتىن بۇرۇن ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ بېرىڭ !

— قوي نېرى ، سەن تۇرغان يەردە مەن سۆزلىسەم ، پەيغەمبەر ئالدىدا مەددالىق قىلغاندەك ئىش بولار ؟

سىز مۇزە داۋۇت ئاكا ، ئاچچىقىڭىز كەلسە پىلموتتەك پاراسلاپ كېتىسىز . بۇنداق چاغلاردا ···

— ئىدرىس سۆزلىسۇن ، قانداق دەيسەن ؟ ···

— بوپتۇ ! — دېدى سەلىم كۈلۈپ ، — ئىدرىس ئاكامۇ ئاپپاراتلارنى ئەكەلگۈچە راسا جاپا تارتتى .

— مەن ··· مەن ··· هۆم مانا ··· بۇ ··· بۇ ··· — ئىدرىس گەدىنىنى قاشلىدى .

مەيدان ۋاراڭ - چۇرۇڭ بىلەن تولغاندى . قوتانلىق مەھەللىسى ۋە تىكىلەك كەنتىنىڭ ئادەملىرى ، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرى كەلگەندى .

— هاي تۇغقانلار ! — دېدى ئىدرىس ئالدىغا چىقىپ ، — هۆم مانا ، بۈگۈن «شاڭگەنلىك» دېگەن ئەدەسىز سوقۇش ئۇيغۇرچە كىنو قويۇلىدۇ ··· تىم ئولتۇرايلى ··· هاي تەلپەك ، سەن نېمىشقا قوتاز تۇمشۇقىدەك چوقچىيىۋالدىڭ ؟ ئولتۇر دەيمەن ··· هوي مەللەتون ، بىردەم كاسىلدىما ! ···

ئىدرىس كىنو ئاپپاراتى بىلەن ماتورنى ئابدۇرېشىت هاكىمنىڭ «مەكتەپكە بېرىڭلار» دەپ بۇيرۇق قىلغانلىقىنى ، جۇيجاڭنىڭ تەستىق سالغانلىقى ، مۇدىرنىڭ باش لىڭشىتقانلىقىنى سۆزلىگىنىدە ، ئارقا - ئارقىدىن چاۋاك چېلىندى .

كىنو ئاياغلىششىش بىلەن داۋۇت سەلىم، قادىر، سەرۋەر ۋە بىرنەچچە ئوقۇغۇچىنى سەلىمنىڭ ياتىقىغا باشلاپ كىرىپ بىر چىنىدىن چاي ئىچكەندىن كېيىن، ھەممىسىگە بىرقۇر قاراپ چىقتى.

— سەلىم، مېنىڭ ئويۇمغا بىر ئىش كېلىۋاتىدۇ، — دېدى داۋۇت بۇرۇتىنى ھىمىرىپ قويۇپ، — مەكتەپنىڭ ئىشنى قادىر، ئىدرىس ئۇستاملارغا تاپشۇرايلى. سەن سەرۋەر بىلەن ئاپپارات ۋە دورا ساندۇقلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، يايلاقلاردا داۋالاش ئېلىپ بارغاچ كىنو قويساڭلار قانداق؟ دەرس باشلاشقا تېخى يىگىرمە كۈن بارغۇ...

— توغرا، — دېدى داۋۇتنىڭ نىيىتىنى سەزگەن سەلىم، — بۇ ئىنتايىن ياخشى پائالىيەت بولىدۇ.

— مەنمۇ بارىمەن، — دېدى تۇمەن.

— بولىدۇ. سەمەن بىلەن نودەرمۇ ياردەملەشسۇن، كىنو قويۇشنى بۇ بالىلارغىمۇ ئۆگىتىپ قوي!...

## جاپالىق رىيازەتنىڭ مېۋىسى

يايلاقلارغا جان كىردى. تاغ قۇياشى پارقىراپ كۈلۈپ، يانباغىرلار مەخمەلدەك تاۋلاندى... قاپتاللاردىكى تاغ تېرەكلىرى يېڭى كېلىنلەردەك يۈيۈنۈپ تاراندى!...

— سەلىم مۇئەللىم كەلدى! سەلىم مۇئەللىم كەلدى!...

مانا بۇ تاغلىق بالىلارنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى! بۇ ئاۋاز مۇقەددەس تاغلار ئارا تارقاق جايلاشقان كۆزرۈمىسىز، پىنھان كەنتلەرگە، چارۋىچىلارنىڭ تېزەك تۇتۇنلىرىدە ئىسلاشقان ئاددىي ئۆيلىرىگە شادلىق ـ شادىمانلىق ئەكېلەتتى... قېرىلار: «ھوي ئانىكىسى، ھېلىقى يۇمىلاق مەللە دورا مەيدەمدىكى غىژ ـ غىژنى ئېلىپلا كەتتىيا؟» دېسە، ئانىلار: «ھوي بالىكىسى، مۇئەللىم كەلسىلا ئۆيگە باشلىغىنا!» دەيتتى.

بەش كۈندىن بېرى يايلاق كېزىپ ، كىشلەرنىڭ قورساق ، چىش ، باش ئاغرىقلىرىنى داۋالىغاچ كىنو قويۇۋاتقان سەلىم ھېچقانداق ھېرىش ـ چارچاشنى ھېس قىلمىدى . ئەكسىچە ، ئۇ تاغلىقلارنىڭ كىنو كۆرۈۋېتىپ خۇشال ۋارقىراشقانلىقىنى ، كۈلۈشكىنىنى كۆرۈپ ، روھلىنىپ قالدى .

سەلىم سەرۋەرنىڭ ئۆتكۈر ، چېچەن ، ئەقىللىق قىز ئىكەنلىكىگە چىن كۆڭلىدىن قايىل بولدى . ئۇ ھەر كۈنى ئۇچرىغان كېسەللەرنى ئىنچىكىلەپ سوراپ ، خاتىرىلەپ كېچىلىرى كىتاب كۆرەتتى ، ئۆگەنگەنلىرىگە سېلىشتۇراتتى . بىرەر يات كېسەل يولۇقۇپ قالسا ، سەلىم ئەكېلىپ بەرگەن كىتابلارنى ئاختۇرۇپ تاڭ ئاتقۇزۇۋېتەتتى .

سەلىمنىڭ ئەڭ چوڭ غەلىبىسى ھەم خۇشاللىقى شۇ بولدىكى ، نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىدى . ئۇلار : «بالىلىرىمىزنى قېتىپ قويايلى» دېيىشتى ، سەلىم : «ئەتىل توشقاندا مەكتەپكە ئەۋەتىپ بېرىڭلار» دەپ ئېيتتى . تاغلىقلار : «قايسى كۈنى كۆڭلۈك ئەمىن تاپسا ، شۇ كۈنى پاقلان گۆشى يېگەندەك بولسەن» دېيىشىدۇ . سەلىم مۇشۇ بىر ھەپتىدىن بېرى خۇددى خېمىرتۇرۇچى تېپىلغان بولدۇرۇق مانتىدەك ھۇپپىدە ئاقىرىپ تولۇپ قالدى ، چىرايىدىن كۈلكە ـ تەبەسسۇم يېغىپ تۇراتتى . ئوقۇتقۇچىسىنىڭ نۇرلۇق چىرايىنى كۆرگەن سەرۋەرنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ ، غىڭشىپ ناخشىمۇ ئېيتىپ قوياتتى .

قوتاز ئۇستىدە كىتاب كۆرۈپ كېلىۋاتقان سەرۋەر تاساي يايلىقىغا كىرىپ كەلگەندە ، يەرگە سەكرەپ چۈشتى ـ دە ، سەلىمگە قاراپ يېنىككىگە كۈلۈمسىرەپ قويدى . تەشۋىقات ئەترىتىنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ بولغان تاسايلىق بالىلارمۇ چۇرقىرىشىپ يېتىپ كېلىشتى .

— سەلىم مۇئەللىم كەلدى ! ...

قېتىق ، قايماق ، سۈزمە ، يۇمشاق ئارپا كۆمىچى كۆتۈرۈشكەن ئەر ـ ئاياللار ، قېرى ـ چۆرىلەر ئۆي ـ ئۆيدىن يۈگۈرۈشۈپ چىقتى .

سەلىم ئۇلار بىلەن سالاملاشتى ، ئەھۋال سورىدى . كەنت ئاقساقاللىرىنىڭ هايت ـ هۆيت دېيىشى بىلەن ياشلار خادا ياغاچلارنى ئوتلاقلىققا بېكىتتى . تۈمەن ، نودەر ، سەمەنلەرنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن ئېكرانى تارتىشتى . سەلىم ئاپپاراتنى تىكلەپ كىنو لېنتىلىرىنى كەينىگە ياندۇرۇۋاتقاندا ، ئېكران تارتىشقا ياردەملىشىۋاتقان هارۇننى كۆرۈپ قالدى . ئۇ سەلىمنىڭ قېشىغا كېلىشكە پېتىنالماي تۇراتتى ...

— هارۇن ئاكا ، — دېدى سەلىم كۈلۈپ تۇرۇپ ، — بايىز ئاكامنىڭ ئەھۋالى قانداق ؟

— دادام ... دادامنىڭ يارىسى بەكمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى ... — دېدى هارۇن يەردىن باش كۆتۈرمەي ، — هازىر ئىششىق قورساقلىرىغىچە كەلدى ، ئۆگدا ياتالمايدۇ ...

— بولىدۇ ، مەن هازىر سەرۋەرنى باشلاپ بارىمەن .

كىنو باشلاشقا تېخى بالدۇر ئىدى . شۇڭا ، سەلىم لېنتىلارنى ياندۇرۇش ، ئاپپاراتنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشتەك ئىشلارنى باللارغا تاپشۇرۇپ قويۇپ ، سەرۋەرگە ئەھۋالنى ئېيتتى . سەرۋەر بايىزنىڭ كېسىلىنى داۋالاشقا بارىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ، بىردەمدىلا تۇتۇلۇۋېلىپ تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇۋالدى .

— بارمايلى مۇئەللىم ، ئۇ ... ئۇ ... دېگەن ... — سەرۋەر تەتۈر قاراپ ئۆزىچە غودۇڭشىپ قويدى ، — ساراڭ پىت چىقىۋالغان تەلۋە ...

— ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ ؟

— مەكتەپكە بېسىپ كىرگەن ، هەمدۇلغا سىنىپ ئېچىپ بەرگەن ، ئوغلى دېگەن قارا ئېيىق سىزنى ئۇرغان تۇرسا ! ... هېلىقى يامغۇرلۇق كېچىدە كىشىنى قانچىلىك پاراكەندە قىلدى ئۇلار ! ...

— مانا قاراڭ سىزنى ! — سەلىم كۈلۈۋەتتى ، — ئاخشامقى كىنودا دۈشمەن ئوفىتسېرىنى داۋالىغان دوختۇرىمىزمۇ خاتا قىپتۇ ـ دە ؟ بايىز دېگەن ئۆز ئادەمغۇ !

سەلىم بايىزنىڭ ئۆيىگە سەرۋەرنى باشلاپ كېلىۋېتىپ ئۇنىڭغا قاراپ قويىدى . سەرۋەرنىڭ تاغ گۈلىدەك بىجىرىم چىرايى تۇتۇلغانىدى . ئۇ بۇنداق چاغلاردا تېخىمۇ ئوماقلىشىپ كېتەتتى ، تومپىلاق كىچىك لەۋلىرى ئۇچلىنىپ قالاتتى ...

— دوختۇرنىڭ ئىللىق مۇئامىلىسى كېسەل ئۈچۈن روھىي ئوزۇق بولىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماڭ ! — دېدى سەلىم بايىزنىڭ ئۆيىگە كىرىۋېتىپ .

ئۇلارنى هارۇن ، ئانىسى ۋە كېلىنى كۈتۈۋالدى . هارۇننىڭ ئايالى — سىپىز كېلىن ئالاهىدە مىننەتدارلىق تەبەسسۇمى بىلەن «هارمىغايلا !» دەپ قويدى ... بايىز ئۆينىڭ تۆرىدە ئىنجىقلاپ دۈم ياتاتتى . سەرۋەر بايىزنىڭ جاراهىتىنى تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن باش ئىرغىتتى . چۈنكى ، يىرىڭ تېشىغا تېپەلمىگەنلىكتىن قانىنى بۇلغاپ ، چىنە ئاغزىدەك يەرنى سېسىتىۋەتكەنىدى .

— نېمىشقا بالدۇرراق كايىش قىلمىغان ؟ — دېدى سەرۋەر هارۇنغا ئاچچىقى بىلەن .

— هەمدۇل دېگەن ساختا «بىرلا تۈكۈرۈپ قويسام ساقىيىدۇ» دېسە ، دادام ئىشىنىپ ...

— قېنى ، پاكىزراق داستىن بىرنى ئەكېلىڭ ، قالغانلار چىقىپ كەتسۇن ! ...

سەرۋەر بايىزنىڭ ساغرىلىرىنى بېسىپ ۋە ئاستا مۇجۇپ كۆرگەندىن كېيىن ، جاراهەتنىڭ ئەتراپىنى دېزىنفېكسىيىلەپ ، يىرىڭنى شپىرىس بىلەن تارتتى . ئۇ يېرىم داس قان - يىرىڭنى تارتىپ بولغان هامان ، بايىز يىغلاپ كەتتى .

— ئاه خۇدايىم ، ئاه خۇدايىم ، بۇلارنى ئۆزۈڭ يەتكۈزدۈڭ ، يۈرىكىمنى قاماللىۋالغان قىسماق قويۇپ بەردى .

— سىز ئاۋۇ يەرنى ، مۇئەللىم سىزمۇ ... — سەرۋەر هارۇنغا بايىزنىڭ پۇتىنى ، سەلىمگە ئىككى قولىنى تۇتۇشقا ئىشارەت قىلغاندىن كېيىن ، جاراهىتىنى «+» بەلگىسىدە تىلدى - دە ، تەرەپ - تەرەپتىن سىيرىپ يىرىڭلىق قانىنى سىقىپ چىقاردى ۋە

قــسقۇچتا قىسىپ تۇرۇپ خالتىلىشىپ كەتكەن تېرىنى كېسىپ تاشلىدى .

سەرۋەر جاراھەتنى پاكىز تازىلاپ ، قانداقتۇر ئۇنىغا ئوخشاش ئــاق دورىنى سېپىپ تېڭىپ بولغاندىن كېيىن ، بايىزغا ئوكۇل ئــۇردى ۋە ئىچىدىغان دورىلارنى بېرىپ ، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇردى .

— ئــەتــە ئــەتــىــگــەنــدە بــىــز قــايتىشتىن ئاۋۋال تېڭىقنى ئالماشتۇرۇپ ، يەنە بىر ئوكۇل ئۇرىمەن ، — دېدى سەرۋەر دورا ساندۇقىنى ئېلىپ .

ئەتىسى سەھەر نەرسە ـ كېرەكلەرنى قوتازلارغا ئارتىپ ئومشا يايلىقىغا يۆتكىلىش ئالدىدا سەلىم بىلەن سەرۋەر بايىزنى يوقلاپ كىردى .

— ئــەپــەنــدىــم ، — دېــدى بايــىــز ســەلىمنىڭ قوللىرىنى قويۇۋەتمەي ، — يېرىم ئايدىن بېرى ئۇيقۇ كۆرمىگەنىدىم ، ئاخشام بۆشۈكتىكى بوۋاقتەك ئۇخلىدىم . ئۆزلىرى مېنىڭ جېنىمغا ئارا تۇردىلا ... لېكىن مەن ...

— كــۆڭــۈلــلــىرىنى چاچمىسىلا ، بايىز ئاكا ، ئۇ ئىشلارنى سىلىدىن كۆرگىلى بولمايدۇ .

— ياق ، ياق ، مەن ئېزىپتىمەن ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ، — دېدى بايىز بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇرغان ھارۇنغا قولىنى شىلتىپ ، — ماۋۇ چولۇكسىز ئۆكۈز ، پىچىلمىغان بۇقا ، ئىگىسىگە قاۋىغان سەگ تولىمۇ ئوسال ئىش قىلدى .

سەرۋەر جاراھەتنى قايتا تېڭىپ ئوكۇل سالغاندىن كېيىن ، بايىز ئۇلارنىڭ بىرئاز تەخىر قىلىشىنى ئۆتۈنۈپ تۇرۇۋالدى . بۇ ئەسنادا ھارۇن بىر قېرىن سېرىق ماي ۋە لېگەندە گۆش كۆتۈرۈپ چىقىپ ، سەلىمنىڭ ئالدىغا قويدى .

— ئەمدى ... ئەمدى ... ئاز بولسىمۇ ...

— بــايــىــز ئــاكا ، بۇ نېمە قىلغانلىرى؟ بىز ھۆكۈمەتنىڭ ئــوقــۇغــۇچىلار ئۈچۈن ئاجراتقان داۋالىنىش راسخوتىدىن چىقىم

قىلدۇق ، ئۇنىڭ ئۇستىگە سىلىنىڭ چولپان بىزنىڭ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى تۇرسا …

— ياق ، ياق ، مەن خاپا بولمەن ، ھەمدۇل بىر تۇكۇرۇپ قويغىنىغا بىر سان گۈش بىلەن بىر تۇلۇم قىتىق ئىپكەتتىيۇ …

— لېكىن ، بىز ئالالمايمىز . خەير ـ خوش ، مەن ئارىلىقتا سەرۋەرنى يەنە ئەۋەتىمەن !

سەلىم بىلەن سەرۋەر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرى بىر ـ بىرىگە تاپا ـ تەنە قىلىشىپ ، ئۆز گۇناھلىرىنى تاغدەك كۆرستىشىپ ، بىرھازا خىجىللىق ئىچىدە قىلىشتى .

كەچلەپ ئومشا يايلىقىغا يېتىپ كەلگەن سەلىملەر كىشىلەر ئاچىقىقان قىتىق ، قايماق ، قىيما كۆمەچلەردە قورسىقىنى تويغۇزغاندىن كېيىن ، ماتورنى ئوت ئالدۇردى . بىر خىلدا گۈلدۈرلەۋاتقان ماتور ئاۋازىدىن ، ئاپئاق يورۇپ تۇرغان چىراغدىن ئۈركۈگەن موزايلار قۇيرۇقلىرىنى نوغۇچتەك تىكلەپ قېچىشتى ، ئىتلار قاۋىدى . قارامتۇل ۋە قىپقىزىل يۇزلۇك تاغ باللىرى قىيقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈشتى …

كىنو باشلىنىش بىلەن ئوتلاقتا تىقا ـ تىقما ئولتۇرغانلار چاۋاك چېلىشتى . ئۇلار كىنودىكى ۋەقەلىكلەرگە ئەگىشىپ ھاياجانلىنىپ تەلپەكلىرىنى ئېلىپ ۋارقىرايتتى ياكى بار ئاۋازى بىلەن قاقاقلاپ كۈلەتتى … سەلىم كىنو ئالدىدا بىر ژۇرنال فىلىمنى قوشۇپ قويغانىدى . ئېكراندا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى كۆرۈندى ، كىمدۇر بىرى ئورنىدىن تۇرۇۋالدى .

— چاپ ! … چاپ دەيمەن ! … ئاناڭمۇ ساڭا نان بېرىپ باققان ، ۋۇ ئانىكىسىنىڭ پاقىسى …

— ئولتۇر ھەي دوقىباش توڭكاي ، كىنو كۆرەمدۇق ياكى سېنىڭ خادىدەك بوينۇڭنىمۇ ؟ … — دېدى توپ ئارىسىدىن بىرى .

— ئولتۇرمامسەن ھوي غوپ ـ غوپ ئۆتۈك ؟ لايدىن سۇزۇۋالغان قوزۇقتەك گىدىيىۋالماي … كىنو كۆرگىلى قوي ، — ۋارقىرىدى توپ ئىچىدىن يەنە بىرى .

— كۆرسەڭ كۆرمەمسەن ! مەن كۆزۈڭگە تېزەك چاپلىدىممۇ ؟

كىنو تۈگىگۈچە بۇنداق قىزىق كۆلكە ـ چاقچاقلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى . كىنو تۈگىگەندىن كېيىن ، كۆپچىلىك چۇرقىرىشىپ قايتىلاپ قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى . شۇڭا ، سەلىم ئەتە قويماقچى بولغان فىلىمنىمۇ باشلىدى .

فىلىم تېخى يېرىملاشمىغاندى ، سەلىمنى ئاقساقال بىر كىشى چاقىردى . سەلىم ئاپپاراتنى تۇمەن بىلەن سەمەنگە تاپشۇرۇپ ، ئۆزى ئۇ كىشىنىڭ يېنىغا باردى .

— مۇئەللىم ، بىر بۇرادىرىمىزنىڭ كېلىنى يەڭگىگەنىدى ، لېكىن ھەمرىيى چۈشمەي ، كېلىن بالا ھوشىدىن كەتتى ، — دېدى ئاقساقال بىرھازا گەپ قىلالماي ، — بۇرادىرىمىز ئۆزلىرىدىن خىجىل بولۇپ ، چىش يېرىپ بىرنېمە دېيەلمەيۋاتىدۇ ...

— نېمە ئۈچۈن ! ؟ ...

— بۇ ... بۇ ... بىر سەتچىلىك دېسىلە ... ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئۆزلىرىنى ...

— كىم ئۇ ؟

— زاكىر خوجا ...

سەلىم بىردىنلا دىقماق ، مايلاشقان يۈزلۈك زاكىر خوجىنى ۋە ئۇنىڭ ئىتلارنى كۇشكۇرتۇپ قويۇۋەتكەن بىشەم خوتۇننى ئەسكە ئالدى .

— ئوغلى بارمۇ ؟

— ئوغلى تاغقا چىقىپ كەتكەن .

سەلىم سەرۋەرنى زاكىر خوجىنىڭ ئۆيىگە يولغا سالغاندىن كېيىن ، ئاپپارات قېشىغا كەلدى . ئۇ كىنو تۈگىگەن ھامان باللارنى ئاقساقال كىشىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ ، ئۆزى سەرۋەرنى ئەكېلىش ئۈچۈن زاكىر خوجىنىڭ ئۆيىگە كەتتى .

زاكىر خوجىنىڭ قوش قاناتلىق دەرۋازىسى ئىچىدىن ئېتىلگەن بولۇپ ، ناگان ـــ ناگاندا ئۆي ئىشىكىنىڭ «غېيىت» قىلىپ ئېچىلىشى ۋە ئالدىراپ ماڭغان ئاياغ تىۋىشى كېلەتتىيۇ ، يەنە يوقاپ

كېتەتتى . تاغلىقلارنىڭ «تۇغۇتلۇق ئۆيگە يات ئادەم كىرسە ، ئىنس - جىننى بىرگە ئەكىرىدۇ » دېگەن ئادىتىنى بىلگەن سەلىم ئىشىك تۈۋىدىكى قارىياغاچ كۆتىكىگە ئولتۇردى - دە ، تامغا يۆلەندى .

بىر كۈنلۈك ئۇزۇن سەپەر ، ئىككى كىنو تۇگىگۈچە ئۆرە تۇرۇپ ئاپپارات باشقۇرۇش ، كىنو تۈگىگەندىن كېيىن ئاپپارات ، ماتور ، توك سىمى ، ئېكرانلارنى يىغىشتۇرۇپ بالىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقۇچە بولغان بىر قاتار ئىشلار چارچاتقان ئېغىر ھاردۇق يەتكەن سەلىم تامغا يۆلەنگىنىچە ئۇخلاپ قالدى .

— مۇئەللىم !...

— ھە ! ... — سەلىم چۆچۈپ ئويغىنىپ ، سەرۋەر ۋە ئۇنى ئۇزىتىپ چىققان زاكىر خوجا بىلەن ھېلىقى تەرى سۆرۈن سېمىز خوتۇننى كۆردى .

— ئۆيگە كىرمەي بۇ يەردە ئولتۇرغانلىرى نېمىسى ؟ — دېدى زاكىر خوجا خىجىل بولۇپ .

— سەرۋەرنى يولدا قورقمىسۇن دەپ ساقلاپ ئولتۇرۇپ كۆزۈم ئۇيقۇغا ئىلىنىپ كېتىپتۇ...

سەرۋەرنىڭ بىردىنلا ئۆپكىسى ئۆرۈلدى . تۇن نىسپىدىن ئۆتكۈچە ئۆزىنى ساقلاپ ئولتۇرغان سەلىمگە ئۇنىڭ ئىچى ئاغرىدى ، يەنە بىر تەرەپتىن خىجىل بولدى .

— مۇئەللىم كېتەيلى !...

— خۇداغا شۈكۈر ، ئاۋۋال خۇدادىن ، ئاندىن قالسا ھەر قايسىلىرى كېلىپ بالىمىز بىلەن نەۋرىمىزنى ساقلاپ قېلىشتىلا ... مەن ئەتە سىلەرنى يوقلاپ بارىمەن !... — دېدى زاكىر خوجا .

— جېنىمغىنا غوجام ، — دېدى سېمىز خوتۇن سەلىمگە يالۋۇرۇپ ، — بىز مەزلۇم خەقنىڭ چېچىمىز ئۇزۇن ، ئەقلىمىز كۆتمەككەن ! ھېلىقى ئىشلارنى كۆڭۈل - كۆكسىلىرىدىن كۆتۈرۈۋەتسىلە . سالچۇق بالىكىمىزنىڭ يۈزىگىمۇ سىلىپ يۇرمىسىلە . مەن ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا ئۆزلىرىدىن خۇش بولۇپ

كېتەي ...

بۇ تەشۋىقات ۋە داۋالاش ئەترىتى قوغاق يايلىقىدىكى مەنسۇرخانىنىڭ ئۆيىدە تۆت كۈن تۇرۇپ قالدى . سەلىملەر كېچىسى قويسا ، سەرۋەر «قونچاقتا جۇدى قىلىنغان قىز »نىڭ مەيدىسىنى داۋالىدى . ئەسلىدە يېرىم يىلدىن بېرى قىزنىڭ ئاشقازىنىنىڭ سۇيۇقلۇق ئىشلىنىشى ئاجىزلاپ ، تاماق سىڭمەس بولۇپ قالغانىدى . قىز ئۆز كېسىلىنىڭ جەريانىنى تەپسىلي سۆزلىگەندىن كېيىن ، سەرۋەر كېچىدە كىتاب كۆرۈپ ، ئەتىسى كېسەلگە دىئاگنوز قويىدى . تۆت كۈنگىچە قاتتىق ـ يىرىك تاماقلاردىن چەكلەنگەن قىز يېگەن دورىلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆردى . ئۇلار قايتىش ۋاقتىدا ھەرخىل تابلېتكا ۋە سۇيۇق دورىلاردىن قالدۇرۇپ قويدى . سەرۋەر بىمارغا دورىلار تۈگىگەن ھامان سىڭلىسى نىسا بىلەن مەكتەپكە بېرىپ ، يەنە دورا ئېلىشنى تاپىلاپ قويۇپ يولغا چىقتى . سەلىم يول بويى قونغان كەنتلىرىدە ، ھەتتا ئىككى ـ ئۈچ ئائىلىلىك يايلاقلاردىمۇ كىنو قويۇپ ، داۋالاش ئىشلىرىنى بىللە ئېلىپ ماڭدى .

نەرسە — كېرەكلەر ئارتىلغان قوتازلار كولدۇرمىلىرىنى جاراڭلىتىپ مەكتەپ ئالدىغا كېلەر ـ كەلمەيلا ئۇۋىسى چۇۋۇلغان ھەسەل ھەرىلىرىدەك ۋاڭ ـ چۇڭ كۆتۈرگەن باللار سەلىمنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋالدى . بالىلارنىڭ بەزىلىرى كۈلۈشتى ، بەزىلىرى يىغلاشتى ۋە ئۇنى كۆتۈرگەندەك قىلىپ ، قىستىلىشىپ مەكتەپ مەيدانىغا ئەكىردى .

قۇرۇلۇش ئىشلىرى بىلەن بولۇپ ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن قادىر لاي پۇتلىرى بىلەنلا يۈگۈرۈپ كېلىپ ، ئۇنىڭ بىلەن قول سىقىشتى .

— سىز چىقىپ كەتكەن كۈندىن تارتىپ باللار يىغلىغىلى تۇرۇۋىدى ، ئەمدى ھەممىسى دېگۈدەك كېلىپ بولدى . قاراڭا ، مەكتەپ قانداق بولۇپ قاپتۇ ؟

سەلىم تېخى يېقىندىلا ئۇمىدسىزلىك قاپلىۋالغان بۇ مەكتىپكە

قارىدى . يېڭىدىن سېلىنغان قىرائەتخانا ۋە تەجرىبىخانىلارنىڭ ئۈستى يېپىلىپ ، ئاقارتىش ئۈچۈن ھاكلار چىلانغانىدى . قىز ـ ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار ئۇستامنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن مەكتەپ ئەتراپىغا تام سېلىۋاتاتتى .

— ئۆزگىرىشلەر كۆپ ، سەلىمجان ، — دېدى قادىر كۈلۈپ كېتىپ ، — بىرىنچىدىن ، ئىدىرىس ئىشىك ـ دېرىزە ، دەرۋازىلارنى سىرلاش ئۈچۈن گوڭشېغا سىرغا كەتتى . ئىككىنچىدىن ، مەكتەپنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى شەھەرگە يەتكۈزۈلدى . ئۈچىنچىدىن ، ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا ھاكىم ، جۇيجاڭ ، ھامۇدۇن مۇدىرلار قاتناشماقچى ...

خاپىلىق ۋە دەرد ـ ھەسرەت ئادەمنى ئەقلىدىن ئازدۇرۇپ ، قويغان ـ پۈتكىنىنى بىلمەي قالغۇدەك گاراڭ قىلىپ قويسا ، خۇشاللىقمۇ خۇددى شۇنداق قىلىدىكەن . سەلىم ياتاققا كىرەتتى ، تالاغا چىقاتتى ، قىرائەتخانا ، تەجرىبىخانىلارغا كىرىپ ھاڭۋېقىپ قاراپ قالاتتى . تۇرۇپلا سومكىسىنى ئېلىپ ، نەگىدۇر بارماقچى بولغاندەك تېڭىرقاپ ، بىرھازا ئويلانغاندىن كېيىن كۈلۈپ كېتەتتى ...

كەچلىك تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن ، سەلىم ئىسكىرىپكىنى ئاچىقىپ باللار بىلەن مەيدان تاماشىسى قىلدى . ئومۇمىي ئۇسسۇل راسا قىزىغان چاغدا ئۇ قادىرنىڭ قولىقىغا پىچىرلاپ قويۇپ ، يۇيۇنۇش ئۈچۈن زەڭگەر بۇلاققا ماڭدى . ئۇ زەڭگەر بۇلاقتا پاكىز يۇيۇنۇپ بولۇپ ، داۋۇت گوندازنىڭ ئۆيىگە باردى . سەلىم گۈلسارە ئاچىغا سالام بېرىپ ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن ، قادىرنىڭ ئانىسىنى يوقلىدى . قايتىشتا ھازىلخاننىڭ ئۆيىگە كەلدى . ئۇ ئەمدىلا ئىشىكنى چەكمەكچى بولۇۋىدى ، ئۆيدىن سەرۋەرنىڭ ئاچچىقلىغان ئاۋازى كەلدى .

— خان ئانا ، بۇنداق گەپنى ھۆددەس قىلماڭ ، ئۇ دېگەن مۇئەللىم ...

— مۇئەللىم بولسا نېمە بوپتۇ؟ ئۇمۇ ئادەمدۇ؟ ياكى

ئاسماندىن چۈشكەن پەرىشتىمىكەن؟

— مەن نەدە، ئۇ نەدە؟ — سەرۋەر غودۇڭشىپ قويدى.

— ئادەمنىڭ رىزقى قوشۇلسا، نەدە ـ پەدىگە قارىمايدۇ، — ھازىلخان جىمىپ قالدى، — مېنىڭ ھالىم كۈندىن ـ كۈنگە ئوساللىشىۋاتىدۇ. كېچىلىرى دېمىم سىقىلىپ، كۆزلىرىم چىقىپ كەتكۈدەك بولۇپ كېتىدۇ. تىنىقىمنىڭ بارىدا خاتىرجەم بولمىسام، كۆزۈم ئوچۇق كەتمەمدۇ؟

ھازىلخانىنىڭ مىچىلداپ، بۇرنىنى تارتقىنىغا قارىغاندا، يىغلاۋاتقانلىقى مەلۇم ئىدى.

— سىز شۇنداق دېگەنبىلەن، مەندەك بىر تاغلىقنى...

— بولدى، بولدى، مەن بۇ توغرۇلۇق داۋۇت بىلەن سۆزلىشىمەن...

سەلىم ئىشىك زەنجىرىنى ئاستا قويۇۋەتتى ـ دە، كەلگەن يولى بىلەن قايتىپ كەتتى...

## شېرىن خىياللار تەشۋىشى

گۇلدۇراس ئالقىشلار ئۇزۇنغىچە ياڭراپ تۇردى. ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن ئاتا ـ ئانىلار، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىرى مەكتەپ مەيدانىدا لىقمۇلىق ئولتۇراتتى.

سەمەن، تۇمەن، نودەر، سەرۋەر، ھۆرلىقا، گۈلسۈمە، نىسا قاتارلىق مۇكاپاتلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئالدىغا چىقىپ تىزىلدى. جۇيجاڭ سۇنۇۋاتقان مۇكاپات بۇيۇملىرىنى ھاكىم باللارغا تارقىتىپ بەردى، ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

جۇيجاڭ ئىلغار ئوقۇتقۇچىلار ۋە مەكتەپكە يېقىندىن ياردەمدە بولغان كىشىلەرنىڭ ئىسىملىكىنى چاقىرغاندا، سەلىم، قادىر، ئىدرىس، داۋۇت ۋە باشلانغۇچ مەكتەپتىن بىر ئوقۇتقۇچى مەيدانغا چىقتى. ئۇلار مۇكاپاتنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ھاكىم، جۇيجاڭ،

شۈجى ، مۇدىرلار بىلەن قول ئېلىشىپ بولغۇچە چاۋاكلار ئۇزۇلمەي چېلىنىپ تۇردى .

بالىلارنىڭ ئىشى ئۆزىمىزنىڭ ئىشى ، ھۆم مانا ، قاتتىق ئىشلەيمىز… قاتتىق ، — دېدى ئۈچ مېتىر چىبەرقۇت بىلەن قىپقىزىل چايدانىنى قولتۇقلىۋالغان ئىدىرىس ھاكىم بىلەن قول ئېلىشىۋېتىپ .

جۇيجاڭ ئاخىردا مەكتەپ كوللېكتىپى ئۈچۈن بېرىلىدىغان مۇكاپاتنى ئېلان قىلدى . داۋۇت مۇزىكا سادالىرى ئىچىدە بىر رادىئو ۋە تام سائىتىنى تاپشۇرۇۋالغاندا ، مەيداندا چاۋاكلار ئۆزۈلغىچە بېسىلمىدى .

مۇكاپاتلاش ئاخىرلىشىش بىلەن ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلىدىن سەمەن ، ئوقۇتقۇچىلاردىن قادىر ، ئاتا ـ ئانىلاردىن نىيازلار سۆز قىلدى . يىغىننىڭ ئاخىرىدا ئابدۇرېشىت ھاكىم مائارىپنى قوللاش ۋە قوغداش ئۈلگىسى بولغان داۋۇتنى ئالاھىدە ئىغىزغا ئېلىپ ماختىدى ، سەلىم ، قادىرلارنىڭ جاپاغا چىداپ تاغ بالىلىرىنى ئوقۇتۇشتەك ئالىيجاناب روھىنى مەدھىيىلىدى . ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىق ـ ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇپ ، دۆلەتكە تېجەپ بەرگەن پۇللىرىنىڭ سانىنى ئېلان قىلدى .

يىغىندىن كېيىن كۆڭۈل ئېچىش باشلاندى . سەمەن ، تۇمەن ، نودەر ، قادىرلار نەي ، داپ ، راۋابلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقتى . سەلىم ئىسكىرىپكىنى سازلىدى . مۇزىكا باشلىنىش بىلەن گۈلسۇمە ناخشا ئېيتتى :

ناخشا ئېيتىپ مال بېقىپ ،
كەڭ يايلاقنى كېزىمەن .
بەختى پارلاپ ياشنىغان ،
شۇ يايلاقنىڭ قىزىمەن .

دولقۇن ياساپ ئوتلاقلار ،
شوخ مەرشەر قوزىلار .
ھەريان چاپار تايچاقلار ،
سىمىز پاقلان ، ئوغلاقلار .

ھۆرلىقا بىلەن تۇمەن لەپەر باشلىغاندا ، ھەممىنى كۇلدۇرۇۋەتتى . تۇمەن قاش ـ كۆزلىرىنى ئوينىتىپ ، دولىلىرىنى سىلكىپ ، ھۆرلىقانىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك پىرقىرايتتى . ئاخىردا سەلىم ، قادىر ، نودەرلەر ئايرىم مۇزىكا ئورۇندىغاندىن كېيىن ، باشلانغۇچ مەكتەپتىن بىر مۇئەللىم ئوتتۇرىغا چىقىپ تورلۇك قۇش ۋە ھايۋانلارنى دوراپ ، مەيداندا كۈلكە كۆتۈرۈۋەتتى .

مەكتەپ زىياپىتىدىن كېيىن ئاتا ـ ئانىلار قايتىشتى . لېكىن ، بايىز ئېتىغا غانجۇغىلاپ كەلگەن ئىككى تۇلۇم سېرىق ماي بىلەن بىر قوينىڭ گۆشىنى ئابدۇرېشىت ھاكىمنىڭ ئالدىغا قويدى :

— قارىسىلا ھاكىم ، ئۆزلىرى بىزنى مەكتەپكە يېقىندىن ياردەمدە بولۇڭلار ، دەپ ئېيتتىلا ! لېكىن ، مۇئەللىم بۇ نەرسىلەرنى تەممەت ئالغىلى ئۇنىمايدۇ . ئۇنداقتا بىز ياردەمنى ھەمدۇلغا قىلامتۇق ؟ — دېدى بايىز كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ .

— بوپتۇ سەلىم ، بايىزنىڭ كۆڭلىنى ياندۇرماڭلار ، ئوقۇغۇچىلارغا ئىشلىتەرسىلەر ، — دېدى ھاكىم كۈلۈپ تۇرۇپ ، — بايىزئاخۇن ، ھەمدۇل تۆكۈرگەن ھېلىقى جاراھەتتىن خالاس تاپتىلىمۇ ؟

توپلىشىپ تۇرغانلار پاراقىدە كۈلۈشۈپ كەتتى .

— مېنىڭچە ، — دېدى ھاكىم ئۇنىڭ بىلەن چېقىشىپ ، — ھەمدۇلغا بىر سان گۆش ، بىر تۇلۇم قېتىق بېرىپ تۆكۈرتۈشنىڭ نېمە ھاجىتى بار ؟ خوتۇن ، بالا ـ چاقىلىرىڭىز تۆكۈرسىمۇ جاراھەتنى كۆمۈۋەتمەمدۇ ؟ !

قاتتىق كۈلكىلەر ئىچىدە بايىز ئۆزىمۇ كۈلۈپ كەتتى . ئۇ ھاكىمدىن مەمنۇن بولغان ھالدا ئېتىغا مىندى .

— ئەمسە هاكىم ، يايلاقلارنى ئارىلىغاندا ، مېنىڭ ئۆيۈمنىڭ كىگىزلىرىنى ئۈچ كۈن تىلغىمىسىلا قويۇپ بەرمەيمەن .

— لېكىن ، بايىزئاخۇن مەن بالدۇرراق دەۋالاي ، مېنىڭ تۆكۈرۈكۈم جاراھەتكە داۋا بولمايدۇ ...

قاتتىق كۈلكە ئىچىدە بايىز ئېتىغا قامچا سالدى ۋە مەكتەپنىڭ يېڭى ئورنىتىلغان يېشىل دەرۋازىسىدىن چىقىپ ، قوتانلىق مەھەللىسى ئارقىلىق تاسايغا كېتىدىغان چىغىر يولغا چۈشتى ...

بايىزنىڭ ئارقىسىدىن كۈلۈشۈپ قالغان مېھمانلار مۇدىرنىڭ تەكلىپى بىلەن مەكتەپنىڭ تەجرىبىخانا ۋە قىرائەتخانىلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى . قىرائەتخانا باشقۇرۇشقا مەسئۇل قىلىنغان چولپان گېزىت ـ ژۇرنال ، ھەرخىل كىتابلارنى ئۆز تۈرى بويىچە تىزغان بولۇپ ، ئۇستەللەرگە رەسىملىك ژۇرناللارنى يېيىۋەتكەنىدى .

داۋۇتنىڭ ئۆيىدە بىر كۈن قونۇپ ، تاغنىڭ ناخشا ـ غەزەللىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلى ئېچىلغان جۈيجاڭ بىلەن مۇدىر ئەتىسى شەھەرگە قايتتى . ھاكىم ، هامۇدۇن ، داۋۇتلار يايلاقلارنى ئارىلاپ كېتىپ قالدى .

جۈيجاڭنى ئۇزىتىپ قاراچېقىلغىچە بىللە كەلگەن سەلىم ئاشپەز مەسىلىسىنى يەنە تىلغا ئالدى . جۈيجاڭ بۇ توغرۇلۇق داۋۇت بىلەن مەسلىھەتلەشكەنلىكىنى ئېيتىپ ، سەلىمنى خاتىرجەم قىلدى .

— ئادەم ھەل قىلغىلى بولمىدى ، — دېدى مۇدىر ئېتىغا مىنىۋېتىپ ، — داۋۇتنىڭ تاپقان ئادىمى خاتىرجەم ئىشلەپ قالسا تېخى ياخشى ، بولمىسا بىز بىر ئامال قىلىپ ئاشپەزدىن بىرنى تاپارمىز ...

سەلىم قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، قادىر بىلەن ئىككىسى دەرس سېتكىسى تۈزدى ۋە دەرس تەييارلىقلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى . كېيىن قادىر ئۆيىگە قايتتى .

— هازىلخاننىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قاپتۇ ، — دېدى قادىر

ئۆزنىپ چىققان سەلىمگە ، — تونۇگۈن بىرىپ يوقلاپ كەلدىم ، سىزنى سورايدۇ ...

سەلىم ئۈندىمىدى . ئۇ قادىرنىڭ تىكىلىپ مەنىلىك قارىشىدىن ئاردا بەزى گەپ ـ سۆزلەرنىڭ ئۆتكەنلىكىنى ھېس قىلدى . سەلىم بـۇ چـاغـقـىچە ئەيمەنمەي ئۇ ئۆيگە بارالايتتى . لېكىن ، ھېلىقى كېچىدىكى ھازىلخانىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، ئۆزىنى تارتقاندى .

— توغرا ، مەن بىر ئىشنى ئۇنتۇپتىمەن ، — دېدى قادىر كەينىگە بۇرۇلۇپ ، — داۋۇت ئاكام سەرۋەرنى ئاشپەزلىك قىلسا قانداق بولار دېگەن گەپنى قىلىدۇ .

— ئۇ ئوقۇغۇچى تۇرسا ؟ ...

— بۇ توغرۇلۇق داۋۇت ئاكام : «سەرۋەر كەچ تەرەپلەردە ۋە ئارىلىقلاردا شۇ كۇنلۇك دەرسلەرنى سىلەردىن ۋە دوستلىرىدىن ئۆگـىـنـىـپ كـەتـسە ، ئۇنىڭ زېھنى ياخشى ، سىلەر ئويلىنىپ باقساڭلار » دەيدۇ .

— ئۆزى قىينىلىپ قالارمىكىن ؟

— ياق ، سەرۋەر قىيىنچىلىقتىن قورقىدىغان قىز ئەمەس .

سـەلـىم ياتىقىغا كىرىپ ئۇزۇن ئويلاندى . ئۇنىڭ ئويلىرى ئۈچىنى تاپقىلى بولمايدىغان يىپتەك چىگىش ئىدى . سەرۋەر ئەمدى مـەكـتـەپنىڭ مائاشلىق خىزمەتچىسى بولىدۇ ھەم بىر تەرەپتىن ئوقۇغۇچى ...

سەلىمنى قانداقتۇر غەشلىك ۋە بۇرۇقتۇرمىلىق قىينىماقتا ئىدى . بۇ زادى نېمە ئىشتۇ !؟ بۇ بىئاراملىق خۇددى يۈزلەرنى چىقىپ ئۆتكىنى بىلەن تەنگە راھەت بېغىشلايدىغان باش باھارنىڭ شـامـىلـىغا ئوخشايتتى ، بۇ بىئاراملىقتا ياش يۈرەكنى يوشۇرۇن سۆيۈندۈرىدىغان ئاجايىپ نازۇك ۋە لەزىز بىر ئەركىلىتىشمۇ بار ئىدى ... توغرا ، بۇ ئاشۇ كۈندىن بۇيان ، يەنى سەرۋەرنىڭ ئىشىك زەنـجـىـرىـنى قاقالماي قايتىپ كەلگەن كۈندىن تارتىپ ئۇنىڭ كۆڭلىگە كىرىپ كەلگەن باھار شاماللىرى بولسا كېرەك ...

... ئەگەر هازىلخان ئىغىز ئېچىپ قالسا قانداق قىلارمەن؟ ... ئۇ ئايال ھېچ تەپ تارتمايلا سەرۋەرنى سايە قىلىسچۇ... ياق دېسەك كېسەل ئايالنى رەنجىتىپ قويىسەن ، ماقۇل دەپ يالغان ئېيتساڭ ، قىز ئۇمىدلىنىپ قالىدۇ؟ ئۇ... ئۇ... مېنىڭ ئوقۇغۇچۇم تۇرسا؟... قانداقمۇ ...

سەلىم بۇ چاغقىچە سەرۋەرنىڭ ئادەم ئەيمەنگۇدەك دەرىجىدىكى گۈزەل ھۆسنى جامالىغا تىكىلىپ قاراپ باققان ئەمەس ... ھېلىقى يامغۇرلۇق كېچىسى ئۇنى يۆلەپ ئەكەلگەندە ، جاراھەتلىرىنى تېڭىپ ، كىيىملىرىنى سالدۇرغاندا ، سەرۋەرنىڭ نازۇك بارماقلىرى تېگىپ كەتكەندە ، نېمە ئۇچۇن سەلىمدە ئۆزگىچە بىر ھال يۈز بەردى؟ ! ... نېمە ئۇچۇن سەرۋەرنىڭ ياش بىلەن تولغان خۇمار كۆزلىرى سەلىمنىڭ كۆزلىرى بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغاندا ، ئۇنىڭ دەردلىك يۈرىكىنى ئىسكەنجىدەك قىستى؟

سەلىم كېيىن بۇنى ئۇنتۇدى ! ياق ، ئۇنتۇشقا ئۆزىنى مەجبۇرلىدى ۋە ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بەردى : بۇ شۇ كۈنكى قاتتىق خورلىنىشتىن كېيىنكى تەسەللىگە موھتاج قەلبىنىڭ تەۋرىنىشى ... تەسىرلىنىشى ... ھېس - تۇيغۇلارنىڭ ناتىۋان يۈرەكنى ئادەتتىن تاشقىرى لەرزىگە سېلىشى ئىدى ...

سەلىم ئەتىسى دەرسكە كىرگەندە ، سەرۋەردىن ھازىلخاننىڭ ئەھۋالىنى سورىغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭغا قارىمىدى . ئىلاجى بار ئۆزىنى سۇرلۇك تۇتتى ... دەرستىن قايتىپ چىققاندىن كېيىن ، سەلىم بىلەن قادىر سەرۋەرگە داۋۇتنىڭ مەسلىھىتىنى يەتكۈزدى . ئوقۇش تەشنالىقى قانمىغان قىز يەرگە قارىغىنىچە ئۇزۇن جىمىپ كەتتى .

— سىلەرنى ئاۋارە قىلىپ قويىمەنمىكىن؟ — دېدى سەرۋەر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ .

— گەپ ئۆزىڭىزنىڭ تىرىشچانلىقىدا ، — دېدى سەلىم قىزغا قارىماي ، — ھەر كەچتە شۇ كۈنكى دەرسلەرنى ئۆتۈپ بېرىشكە بىز كاپالەتلىك قىلىمىز . ئۇنىڭدىن باشقا ئاشخانا ، ناۋايخانىغا

ئوقۇغۇچىلار نۆۋەت بويىچە ياردەملىشىدۇ. بىزمۇ قاراپ تۇرمايمىز ... ھەر ۋاخلىق تاماقتىن كېيىنمۇ ۋاقىت ئاجراتقىلى بولىدىغۇ؟ ...

ئىشىك ئېچىلىپ ئىدرىس كاتىپ كىرىپ كەلدى. ئۇ گۇڭشېغا بالىلارنىڭ نورما ئاشلىقىنى ۋە كۆكتات ئالغىلى بارماقچىدى.

— سەلىمجان، قېنى كۆرۈپ باقسىلا، ھۆم مانا، — دېدى ئىدرىس تىزىملىكنى كۆرسىتىپ.

— ئىدرىس ئاكا، مېنىڭچە تۇز سىز ئۇچۇن ئارتۇقچە يۇككەن. تۇزلۇق سايدىن تاش تۇز ئەكەلسەك بولمامدۇ؟

— ھەببەللى، مۇنداق دېمەمسىز، ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىر نۆۋەت تۇز ئەكەلسەڭلار ئىككى ئاي يېتىدۇ، پۇلمۇ ئىقتىساد بولىدۇ.

— سەلىمجان، — دېدى قادىر ئىدرىس چىقىپ كېتىشى بىلەن، — تۇزلۇق سايغا بارساق، ھازىرلا بالىلارغا ئۇقتۇرۇپ قويايلى!

— ئەتە ئەتىگەن بولماسمۇ؟

— ھاۋانىڭ ئەلپازى يامان، بۈگۈن كېچە يامغۇر يېغىپ قالسا، شور ئېرىپ تۇزنىڭ قۇلىقىنى تاپماق تەس بولۇپ قالىدۇ ...

— تۇزنىڭمۇ قۇلىقى بولامدۇ؟

— بارغاندا كۆرىسىز ...

ئۇپچى ئەمگەكنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان بالىلار خۇشال بولۇشۇپ ۋارقىراپ كېتىشتى. ئۇلار تۇز قومۇرىدىغان «قوپاغا»نى ئاشخانا ئارقىسىدىن تېپىشتى. بەزى ئوقۇغۇچىلار تاغىرىنى، بەزىلىرى ئارغامچىلىرىنى ئېلىشىپلىشتى. سەلىممۇ بىر دانە كونا تاغار بىلەن ئوتۇن يارىدىغان كەكىسىنى ئېلىۋالدى.

— مۇئەللىم، مەنمۇ بارسام بولامدۇ؟ — دېدى سەرۋەر يەرگە قاراپ.

— بالىلار كەچتە چاي ئىچكەندىن كېيىن، بارسىڭىزمۇ

بولىدۇ .

— سەلىمجان ، سىلەر ماڭغاچ تۇرۇڭلار ، — دېدى قادىر سەرۋەرگە قارىۋېلىپ ، — مەن بىرنەچچە بالىنى باشلاپ بېرىپ ، شەخسلەرنىڭ تاكان كەتمەنلىرىدىن بىرنەچچىنى ئېلىۋالاي .

بالىلار يول بويى ۋارقىرىشىپ ، ناخشا ئېيتىشىپ ، كەنت ئىچىنى بېشىغا كىيىشتى . بەزى بالىلار سەلىمنى ئورىۋېلىپ ، ئۇنى ھېكايە ئېيتىپ بېرىشكە قىستايتتى . ئارقىدا كېلىۋاتقان چولپان ، نودەر قاتارلىق قىز - ئوغۇللار قىرائەتخانىدا ئوقۇغان كىتابلىرى ئۈستىدە بەس - بەس بىلەن سۆزلىشىپ كېلىشىۋاتاتتى . ئۇلار چاقار تېغىنىڭ سايىلىقىغا كەلگەندە ، قورام تاشلار ئارىلىقلىرىدا بىر - بىرىنى قوغلىشىپ چىرقىراشقا ۋە سالغىلىرىدىن تاغ چوققىلىرىغا قارىتىپ ۋىڭىلدىتىپ تاش ئېتىشقا باشلىدى . بىر پاي بەتىنكە كۆتۈرۈۋالغان سەمەن يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە ھېكايە سۆزلەۋاتقان سەلىمنىڭ ئالدىدا توختىدى .

— مۇئەللىم ، بۇ بەتىنكىنى تونۇدىڭىزمۇ ؟

سەلىم ئۇزۇن ۋاقىت قار ، يامغۇردا ۋە ئاپتاپتا قېلىپ ئاپقۇتى ئېزىلىپ ، رەڭگىنى يوقاتقان بۇ بەتىنكىنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ كۆلۈۋەتتى .

— بۇ سىزنىڭ بەتىنكەڭغۇ ، نەدىن تاپتىڭ ؟

— قاراڭ ، — دېدى سەمەن چاقار تېغىنىڭ بۇلۇت قاپلىغان تىك چوققىسىنى كۆرسىتىپ ، — ئاشۇنىڭ تېگىدىن .

سەلىم قىشتىكى ۋەقەنى ئېسىگە ئېلىپ ، تاغنىڭ چوققىسىغا قايتا قاراپ نېمىنىدۇر خىيالىدىن ئۆتكۈزدى - دە ، تېنى شۈركۈنۈپ سەمەنگە قارىدى . سەمەنمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەنگەندەك ، — گۆھەر ھەدەم مۇشۇ يەردىن ئۇچۇپ كەتكەن ، — دەپ قويدى .

— ھاي ، ھاي ، قېنى بىردىن كۆتۈرۈۋېلىڭلار ! — دېدى قادىر بىرنەچچە تاكان كەتمەننى يەرگە تاشلاپ .

ئىككى تاغ ئوتتۇرىسىدا دەريادەك يېيىلىپ ياتقان تۇزلۇق ساينىڭ چېتىنى كۆرگىلى بولمايتتى . تۇز ئالغىلى كەلگەنلەر كولاپ

ئېگىز - پەس قىلىنغان يەرلەر دۆمچىيىپ تۇراتتى . باللار تاكان كەتمەنلىرىنى كۆتۈرۈپ تۇزنىڭ قۇلىقىنى ئىزدەيتتى . تۇزنىڭ قۇلىقىنى تېپىشنى سەلىمۇ ئۆگىنىۋالدى . تاش تۇزنىڭ يەر بېتىگە يېقىن ياكى ئازراقلا چىقىپ تۇرىدىغان قۇلاقتەك قاتتىق يېرى بولۇپ ، بۇنى تاپقان هامان ، تېگىنى كولاپ پىشاڭ قويۇپ ئاستا لىڭشىتىپ بەرگەندە ، يوغان - يوغان تاش تۇزلار بىرمۇنچە يەرنىڭ تۇپىسىنى قوزغاپ قومۇرۇلۇپ چىقاتتى . تۇزچىنىڭ كەكىسىدە تۇپا ، شېغىللىرىنى چۇشۇرۇۋەتكەندىن كېيىن ، خۇددى مۇزغا ئوخشاش كۆپكۆك تازا تۇز پارقىراپ ئايان بولاتتى .

يۇگۇرۇشۇپ يۇرۇپ بەس - بەستە تۇز كولىغان باللار كەچكە يېقىن تۇزلىرىنى بىر يەرگە دۆۋىلىدى . قادىر مۇئەللىم تۇزنى قولدىماش قىلىپ ، باللارنىڭ دۈمبىسىگە باغلىدى . ئۆزىمۇ يوغان بىر پارچە تاش تۇزنى قولدىماش قىلىۋالدى . ئۇ جىمجىت خىيال سۇرۇپ ئولتۇرغان سەرۋەرنى كۆرۈپ قالدى - دە ئۇنىڭغا :

— سەلىمجان ، سەرۋەرنىڭ تۇزىنى قولدىماش قىلىپ قويسىڭىزچۇ ! — دېدى .

سەلىم هەرقانچە قىلىپمۇ ئارغامچىنى ئالماشتۇرۇپ قولدىماش قىلالمىدى . ئۇ بۇنچىلىك ئاددىي ئىشنى بىلمىگەنلىكىدىن ئىزا تارتقاندى . قادىر تەرلەپ كەتكەن سەلىمگە قاراپ كۇلۇپ قويدى - دە ، ئۆزى كېلىپ سەرۋەر بىلەن سەلىمنىڭ تۇزلىرىنى قولدىماش قىلىپ بەردى .

ئون نەچچە كۇن يايلاق تەكشۇرۇپ قايتقان ئابدۇرېشىت هاكىم بىلەن هامۇدۇن شۇجى قايتىدىغان كۇنى داۋۇت بىلەن مەكتەپكە كېلىپ ، ئوقۇتۇش ۋە تۇرمۇش مەسىلىلىرى ئۇستىدە يولىيورۇق بەردى . كېيىن ئاشخانىغا كىردى . ئۇلار ئالدىغا پەرتۇق تارتىۋېلىپ تاماق ئېتىۋاتقان سەرۋەرنى كۆرۈپ ، ئۇنى ماختىدى . ئۇنىڭغا : «ئوقۇشنىمۇ قولدىن بەرمەڭ !» دەپ ئىلھام بەردى . دۆۋىلەنگەن تاش تۇزلارنى كۆرگەن هامۇدۇن سەلىمدىن :

— مۇئەللىم ، بۇ تۇزلارنى ئۆزۈڭلار ئەكەلدىڭلارمۇ ؟ — دەپ

سورىدى .

— شۇنداق !

— مېنىڭ ئويۇمغا بىر ئىش كېلىۋاتىدۇ . سىلەر دەم ئېلىش ۋە پائالىيەت كۇنلىرى تۇز يىغساڭلار ، ئىككى ـ ئۈچ ئايدىلا جاھاننىڭ تۇزى دۆۋىلىنىپ قالغۇدەك . گوڭشېغا ئەكىرسەڭلار پۇل ئەمەسمۇ ؟ بازاردىكى تىجارەتچىلەردىن باشقا ، ئۇ تۇزنى ئىدارە ـ جەمئىيەتلەرنىڭ ئاشخانا ـ ناۋايخانىلىرىمۇ ئالىدىغۇ !

— توغرا ! — دېدى داۋۇت ، — بۇرۇن بۇ ئىش ھۆددەس خەتمىزگە كەلمەپتۇ ...

— قاتناشچۇ ؟ — دېدى سەلىم كۇلۇپ .

— بەلى ، شۇمۇ گەپ بوپتىمۇ ، — دېدى ھامۇدۇن ، — توقىقۇزىنچى ـ ئونىنچى ئايلاردا قاراڭغۇ تاغدىن تەمىنلەش كوپىراتىپىغا ئۆتكۈزىدىغان يۇز نەچچە كالا ـ قوتاز بار . ھەربىرىگە يۇز جىڭدىن ئارتىپ قويساڭلارمۇ نەچچە ئون مىڭ جىڭ تۇز يۆتكەلمەمدۇ ؟

— شۇ ، — دېدى داۋۇت بىر پارچە تۇزنى قولىغا ئېلىپ ، — بىر قېتىمدىلا بەش ـ ئالتە يۇز جىڭدىن ئارتۇق تۇز ئەكېلىپسىلەر ، بۇنىڭدىن كېيىن بىرنەچچە قوتازنىمۇ بىللە ئالغاچ بېرىڭلار !

— بۇ ئوبدان چارە ، — دېدى ئابدۇرېشىت ھاكىم ، — بۇ ئارقىلىق مەكتەپنىڭ كەم ـ كۇتىسىنى ، بالىلارنىڭ تۇرمۇشىنى قامداشتىن سىرت ، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىمۇ ياخشى يولغا سېلىۋالغىلى بولىدۇ . لېكىن ، ئەمگەك پائالىيىتى شەھەر مەكتەپلىرىدىكىگە ئوخشاش ھەپتىدە يېرىم كۇندىن ئاشماسلىقى كېرەك . پۇلنى دەپ دەرسكە تەسىر يەتكۇزۇشكە بولمايدۇ .

داۋۇت ئۇلارنى يولغا سالغاندىن كېيىن ، كەچكە يېقىن مەكتەپكە كېلىپ ، سەرۋەر ئەتكەن سۇيۇقئاشتىن بىر چىنە ئىچتى . قادىر تاماقتىن كېيىنكى كەچلىك مۇزاكىرە تەييارلىقىدا ماتورنى ئوت ئالدۇرۇپ ، سىنىپ ، ياتاق ، ئاشخانىلارنىڭ چىرىغىنى

ياندۇرۇپ ، رادىئونى ئېچىپ قويدى . باللار ئەمدى چىراغ يانغان ھامان ۋارقىرىشىپ كەتمەيدىغان ، رادىئونىڭ ئەتراپىغا توپلىنىۋالمايدىغان بولغانىدى . داۋۇت قادىرنى چاقىرىپ ، ئۇنىڭ بىلەن كۇسۇرلاشقاندىن كېيىن ياتاققا كىردى .

— سەلىم ، قوپ ئورنۇڭدىن ! — دېدى داۋۇت سەلىمنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ ، — بىزنىڭ ئۆيگە بارىلى ، يەڭگەڭ ساڭا ئاتاپ نېرىن ئەتتى .

— داۋۇت ئاكا ... مەن بارمىسام ... دەرس تەييارلىقىم بار ئىدى ...

— قوپە ! كۆپ ھايال بولمايسەن ...

داۋۇت بىلەن سەلىم تىكىلەكتىن ئايلىنىپ ئۆتكەندە ، سۇ كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان ھەمدۇلغا دوقۇرۇشۇپ قالدى . ئۇ داۋۇتقا چوڭقۇر ئېگىلىپ سالام قىلغاندىن كېيىن ، غەلىتىلا ھىجىيىپ كېتىپ قالدى . ھەمدۇل ھازىر كۇنلەپ ئۆيدىن چىقمايدىغان بولۇۋالغانىدى . ئۇنىڭ سىرى ئېچىلىپ ، قىلمىشلىرى پۈتۈن يايلاقلار ئارا مەسخىرىگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى ، ھەتتا جامائەت مەسچىتكە باشقا ئىمام سايلاپ ، ئۇنى قاتاردىن چىقىرىۋەتتى . شۇڭا ، ئۇ نامازنىمۇ ئۆيدە ئۆتەيدىغان ، تالا ـ تۈزدە ئانچە كۆرۈنمەيدىغان بولۇۋالغانىدى . داۋۇت بىلەن سەلىم ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ كۇلۇپ قويدى ـ دە ، مەھەللىنىڭ بېشىغا قاراپ كېتىپ قالدى .

## ئون ئىككىنچى باب

# مۇئەللىم ئۇچۇن

قايغۇ ۋە شادلىقلار بىلەن تولغان يازمۇ ئۆتۈپ كەتتى . تاغلار ، ئېدىرلار ، دەل ـ دەرەخلەر تونىنى ئالماشتۇرۇشقا ئۈلگۈرگەندى . قاپتاللاردىكى ياۋا ئۆرۈك ، ياۋا ئالمىلار ، زىخ ۋە ئالاقاتلار بىر ـ بىرىدىن رەڭ تالاشقاندەك ، قىزىل ، توق قوڭۇر ، ھال رەڭ ، ساپسېرىق ، ئاقۇچ تاۋلىنىپ ، كەكلىك ، قىرغاۋۇل ، سۇر رەڭ ئېيىقلار ئۇچۇن چۇچۇمەل ۋە قېرىق مېۋىلىرىنى قېلىن ئوتلار ئارىسىغا تۆكمەكتە ئىدى .

سەلىم مەكتەپ مەيدانىدا ئوقۇغۇچىلارغا ماتېماتىكىدىن مەشىق ئىشلىتىۋاتاتتى . ئوقۇغۇچىلار گەرچە ئىككىنچى يىللىقنىڭ دەرسىنى ئوقۇۋاتقان بولسىمۇ ، چولپان ۋە «ئات ئىزى» ۋەقەلىرىدە بىر مەزگىل ئوقۇشتىن قالغان باللارغا دەرستىن سىرت كونا دەرسلەرنىمۇ تولۇقلاشقا توغرا كەلگەندى . كۆز ئايتىپىنىڭ ئاجىز تەپتىدە سەلىم ئېيتىپ بېرىۋاتقان تېپىشماق خاراكتېرىدىكى ماتېماتىكا مەشىقلىرىنى ئىشلەۋاتقان باللار بىگىز قوللىرىدا ، بەزىلىرى تەمەچلەردە توپىغا سانلارنى يازاتتى .

— ... ئاسماندا بىر توپ غاز ، يەردە بىر تۈكۈر غاز . ئەسسالامۇئەلەيكۇم يۈز غاز ، دېدى تۈكۈر غاز ... بىز يۈز غاز ئەمەسمىز ، دېدى بىر توپ غاز . بىزگە بىزدەك قوشۇلسا ، يەنە ئۇنىڭ يېرىمى ، يېرىمىنىڭ يېرىمى ھەم سەن قوشۇلساڭ ، بولىمىز يۈز غاز ، دېدى . قېنى سىلەر ئويلاپ تېپىڭلار ، ئاسماندىكى غاز قانچە ؟

— مۇئەللىم ، فورمۇلىسىنى ئىشلىسەك بولامدۇ ؟

— ياق ، بۇنى ئويلاپ تېپىڭلار !
باللار بارماقلىرىنى سانىشاتتى ، بەزىلىرى ئاسمانغا قارىۋالغان هالدا ئاستا پىچىرلىشاتتى .
— مۇئەللىم ، مەن تاپتىم ، — دېدى گۈلسۈمە سەكرەپ تۇرۇپ ، — ئاسماندىكى غاز ئوتتۇز ئالتە .
— ئۇنداقتا ، سىز دوسكىغا چىقىپ فورمۇلىسىنى تۈزۈپ بېقىڭ !
گۈلسۈمە مەيدانغا تىكلەپ قويغان دوسكىغا فورمۇلىنى تۈزگەندىن كېيىن ، سەلىم يەنە تېپىشماقتىن بىرنى ئېيتتى .
— قايسىڭلار ئوتتۇز ئاتنى توققۇز ئوقۇرغا جۈپتىن باغلاپ بېرەلەيسىلەر ؟
ئوقۇغۇچىلار جاۋاب بېرىش ئارىلىقىدا چىرايى ئۆمسۈرۈن هالدا قادىر مۇئەللىم يېتىپ كەلدى . ئۇ سەلىمنى چەتكە تارتىپ پىچىرلىغاندىن كېيىن ، سەلىم ئالدىراپ باش لىڭشىتتى ـ دە ، باللارغا :
— قادىر مۇئەللىم سىلەرگە دەرس ئۆتكەچ تۇرىدۇ ، مەن هېلىلا قايتىپ كېلىمەن ، — دېدى .
سەلىم هازىلخاننى تېخى تۈنۈگۈنلا داۋۇت ، قادىر ، ئىدرىسلار بىللە يوقلاپ كەلگەنىدى . سەرۋەرنىڭ بۇگۈن ئەتىگەن كەلمەسلىكى شۇ ۋەجىدىن ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتكەن سەلىم ئالدىراپ يۈرۈپ كەتتى . ئۇ يولدا بارغۇچە : «ئەگەر هازىلخانغا بەختكە قارشى بىرەر ئەھۋال بولۇپ قالسا ، سەرۋەر قانداق قىلار ؟» دەپ ئويلىدى .
سەلىم ئۆيگە كىرگەندە ، سەرۋەر هازىلخاننىڭ بېشىدا يىغلاپ ئولتۇراتتى . ئىشىكنىڭ تىرىق قىلغان ئاۋازىدىن كۆزىنى ئاچقان هازىلخان ئېغىر تىنىق بىلەن خارتىلدىدى . سەلىم ئۇنىڭ بېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇشىغا سەرۋەر ئورنىدىن تۇردى . ئۇ : «سىزگە خان ئانامنىڭ گېپى بار ئىكەن» ، دېدى ـ دە ، يىغلاپ چىقىپ كەتتى .
هازىلخان ئۇزۇنغىچە گەپ قىلالماي هاسىرىدى . ئۇ گەز باغلاپ

كەتكەن كالپۇكلىرنى يالىغاندىن كېيىن : «مېنى يۆلە !» دەپ پىچىرلىدى . سەلىم ئۇنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزدى .

— مەن ... مەن ... بولالمىدىم ... — دېدى هازىلخان يۇقىرىغا تىنىپ ، — سەر ... ۋەر ... يالغۇز قالدى ... ئۇنى ساڭا ... ساڭا تاپشۇردۇم ... سەن قارىلىق بوپسەن ...

سەلىم «قارىلىق بوپسەن» دېگەن سۆزنى ئاڭلىشى بىلەن داۋۇت بىلەن بولغان ئەڭ ئاخىرقى سۆھبەتنى ئەسلىدى . ئۇ چاغدا سەلىمدىن ئېنىق بىر جاۋاب ئالالمىغان داۋۇت يالغان ئېيتىپ هازىلخاننىڭ كۆڭلىنى ياسىغانىكەن - دە ! ...

— سەلىم بالام ... — دېدى هازىلخان تەستە سۆزلەپ ، — سەن ئۇنىڭغا ... كۆپ ... كۆپ ياخشىلىق قىلدىڭ ... مەندىن يانمىدى ... خۇدادىن يانىدۇ ... سەن سەرۋەرنى ... ئاسرا ، ئۇنى خار ... لىما ... سەر ... ۋەر ...

هازىلخاننىڭ نەپەسى بارغانسېرى پەسلەپ ، قاش - قاپاقلىرىغا توپا قونغاندەك بولدى ۋە «خىرت ، خىرت ، خىرت» قىلغان سۇس ئاۋاز بىلەن تەڭ ئاغزىدىن سۇزۇك كۆپۈك بۇژۇلداپ چىقتى .

— سەرۋەر ! ...— سەلىم قورقۇپ ۋارقىرىۋەتتى .

— خان ئانا ! — سەرۋەر ئېتىلغانچە كىرىپ ، سەلىمنىڭ قولىدا كۆز يۇمغان هازىلخاننىڭ ئۇستىگە ئۆزىنى ئاتتى .

ئەتىسى سەھەر هازىلخاننى كۆمۈپ يانغان جامائەت سەرۋەرنىڭ ئۆيىدە قۇرئان ئوقۇغاندىن كېيىن قايتىشتى . ئارقىدا قالغان داۋۇت سەرۋەرگە تەسەللى خاتىرە بېرىپ :

— ئەمدى بىزنىڭ ئۆيگە بېرىۋال ! مېيىت چىققان ئۆي سۇرلۇك بولىدۇ ، قورقۇپ قالارسەن ! — دېدى .

سەرۋەر خان ئانىسىنىڭ يەتتىسىگىچە ئۆيىدە ئولتۇرۇپ ، يىغىپ قويغان مائاشىنى ئىشلىتىپ نەزىرىسىنى بەرگەندىن كېيىن ، مەكتەپ ناۋايخانىسىنىڭ نەرسە - كېرەك قويىدىغان ئىچكىرىكى قازنىقىغا كۆچۈپ كەلدى . بۇ چاغدا مەكتەپتە گۇڭشېغا ئىككىنچى قېتىملىق تۇز يۆتكەش تەييارلىقى بولۇۋاتاتتى .

سەرۋەر ئوقۇغۇچىلارغا كەچكى تاماقنى بېرىپ بولۇپ ئاشخانىنى يىغىشتۇردى ـ دە ، كەچلىك مۇزاكىرىگە قاتنىشىش ئۈچۈن سىنىپقا كىردى . ئۇ قادىر شۇ كۈنى ئۆتكەن ئەدەبىيات دەرسى بىلەن جۇغراپىيە دەرسىدىن كونسپېك يېزىپ بولغاندىن كېيىن ، چۈشەنمىگەن يەرلىرىنى قادىردىن سورىدى . مۇزاكىرىدىن چىققان سەرۋەر قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەن سەلىمنىڭ ياتىقىغا كىردى .

— كېلىڭ سەرۋەر ! — دېدى سەلىم قولىدىكى ماتېماتىكا تەييارلىقىنى ئۈستەلگە قويۇپ ، — مەن سىزنىڭ ياتىقىڭىزغا كىرمەكچى بولۇپ تۇراتتىم .

سەلىم شۇ كۈنى ئۆتۈلگەن ئالگېبرا دەرسىنى ئەستايىدىل سۆزلەپ قايتا ـ قايتا چۈشەندۈردى . ئارقىدىن سەرۋەرگە بىرنەچچە مەسىلە ۋە مىسال ئىشلەتكۈزۈپ خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن ، ئالدىنقى كۈنى ئۆتۈلگەن فىزىكا دەرسىدىن تەجرىبە ئىشلەپ كۆرسىتىپ بەردى .

— مەن چىقاي مۇئەللىم ، — دېدى سەرۋەر دەپتەرلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ، — كېچىمۇ بىر چاغ بولۇپ قاپتۇ . بۈگۈن تاپشۇرۇق بەرمەمسىز ؟

— ياق ، سەرۋەر ، ئەتە ئىككىمىز جەرەن بۇلاققا بېرىپ كېلىمىز . سەمەننىڭ بوۋىسى ئاغرىپ قاپتۇ . شۇڭا ، سەھەردە چۈشلۈك تاماقنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ قويۇڭ ، نۆۋەتچى قىزلار تاماقنى ئۆزلىرى ئېتىدۇ . جەپەر ئاكامنى يوقلاپ كەلمىسەك ، باشقا پۇرسەت چىقمايدۇ ، ئۆگۈنلۈككە گۈڭشېغا تۇز يۆتكەيمىز .

— تۇز يۆتكەشكە سىزمۇ بارامسىز ؟

— ھەئە ...

... دورا ساندۇقنى ئاسقان سەلىم بىلەن سەرۋەر ئەتىسى چاقار تېغىنىڭ «چاپلاشماق» ، «ساڭگىلىماق»لىرىدىن قول تۇتۇشۇپ ئۆتۈپ ، جەرەن بۇلاققا يېتىپ كەلدى . جۇۋىغا يۆگىنىۋالغان جەپەر ئىنجىقلاپ ياتاتتى . مورا ئالدىدا ئوت پۈۋلەپ ئولتۇرغان سەمەن ئۇلارنى كۆرۈش بىلەن خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە سەلىمنى

قوچاقلىشۋالدى .
— نېمە قىلىشۋاتىسەن ؟
— ئاق دادامغا كاشكاپ قاينىتىشۋاتىمەن .
— جەپەر ئاكامنىڭ ئەھۋالى قانداق ؟
— خېلى ياخشى ، — دېدى سەمەن دەرھاللا جەپەرنىڭ جۇۋىسىنى قايرىدى ، — ئاق دادا ، ئاق دادا ! مۇئەللىم كەلدى ، مۇئەللىم ...
جەپەر بېشىنى كۆتۈرۈپ تەكىيگە يۆلەنگەندىن كېيىن ، جىيەكلىرى قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى سەلىمگە تىكتى .
— ھە سەلىم بالىكەنيا بۇ ... يوقلاپ كەپسەن - دە ، رەھمەت ، رەھمەت ، ۋاي - ۋۇي ئىترەپلا تۇرىمەن ... ھە بۇ سىكىلەك كىم بولىدۇ ؟
— ھازىلخاننىڭ قىزى سەرۋەر ئەمەسمۇ ؟
— ھۆم ، ماقۇلە ، مۇنداق - دە ! ھاپىزنىڭ قىزى مەن دېگىن ... ئاڭلىسام ھازىلخان قازا قىپتۇ ، ھاپىز رەھمەتلىكمۇ سېنى تەلپىكىدە چوڭ قىلغانىدى ، مانا ئەمدى چوپچوڭلا ئادەم بولۇپ قاپسەن ! ...
سەرۋەر جەپەرنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ ، كۆز ۋە ئىڭىزلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن ، بىرنەچچە خىل دورىنى چۈشەندۈرۈپ قەغەزگە ئوراپ بەردى . قايناق سۇ قاينىتىش ئۈچۈن ئۆزى قوم چۆگۈننى ئوتقا قويدى . سەلىم جەپەرنىڭ دولىسىنى تۇتقاچ ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ ۋاقتىدا يوقلاپ كېلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزرە سورىدى .
— قوي ، بۇنداق گەپنى قىلما ! — دېدى جەپەر ئىڭىر خورسىنىپ ، — مەن سەمەندىن بېشىڭغا كەلگەن پېشكەللىكلەرنى ئاڭلاپ تۇردۇم . لېكىن ، «تاغ ئىچىدە تېنىگەن ئادەمگە يول چىقماي قالمايدۇ» دېگەن گەپ بار . تېنىدىلىڭ ، تەمتىرىدىڭ ، يىقىلدىڭ ، قوپتۇڭ ، تىل - ئاھانەت ، تۆھمەتلەر مۆلدۈردەك ياغدى ، لېكىن سەن يالداپ ، سولىغان بولساڭمۇ ، تاغدىكى قورام تاشتەك

تەۋرىمىدىك ...

بوۋاي بىرھازا يۆتىلىپ كەتتى . سەلىم مورا ئالدىدىكى ئوت قالاۋاتقان سەرۋەرگە قارىدى ـ دە ، قىزىرىپ كەتتى . چۈنكى ، بىر چاغلاردىكى ئىشلار گۈپلا ئۇنىڭ ئېسىگە چۈشكەنىدى . سەرۋەر ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەندەك يەرگە قارىۋالدى .

— بىزنىڭ تاغلىرىمىزدا ، — دېدى بوۋاي يۆتەلدىن كېيىن ھاسىراپ ، — مېھرىگىياھ ئۆسىدۇ ، ئۇ كېچىلىرى ئوت بولۇپ كۆرۈنىدۇ . يىلتىزى بولسا شىپالىق دورا . خۇددى سەنمۇ مېھرىگىياھتەك چىراغ بولۇپ ، تاغلىقلارنىڭ كۆزىنى يورۇتتۇڭ ، شىپالىق دورا بولۇپ ، تېنىگە مادار بولدۇڭ ! ...

— ئاق دادا ! — دېدى سەرۋەر جامدا قايناق سۇ ئەكېلىپ ، — دورىڭىزنى ئىچىۋېلىڭ !

دورا ئىچىپ كۆنمىگەن جەپەر بوۋاي بىرنەچچە خىل دورىنى ئىچىپ بولغۇچە تەرلەپ كەتتى . سەرۋەر دورىلارنى قانداق ئىچۈرۈش ۋە ئىچۈرۈش ۋاقتى قاتارلىقلارنى سەمەنگە ئۇقتۇرغاندىن كېيىن ، بوۋاينى يۆگەپ قويۇپ مەكتەپكە قايتتى .

سەلىم يولدا كېلىۋېتىپ جەپەر بوۋاينىڭ ئاددىي ، ئەمما تاشقا مۆھۆر باسقاندەك گەپلىرىنى ئويلىدى . بۇ تاغلىقلارنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن تۇنجى باھاسى ئىدى . لېكىن ، سەلىم ئۆزىدە يەنە قانداقتۇر نەرسىلەرنىڭ كەمچىل ئىكەنلىكىنى ، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ تېخى قىلىنمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى . شۇنداق ، ئۆزلىرى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ تەجرىبىخانا ، قىرائەتخانا ، ئىشخانىلارنى سېلىۋالدى . ھازىر قىرائەتخانا ھەسەل ھەرىسىنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلاندى . باللار دەرس ئارىلىقلىرىدا ، دەم ئېلىش پۇرسەتلىرىدە بەس ـ بەس بىلەن كىتاب كۆرىدۇ . لېكىن ، كىتابلار باللارنىڭ تەلىپىنى قاندۇرالمايۋاتىدۇ . توغرا ، بۇ قېتىم تۇز ساتقان پۇلغا ھەرخىل كىتابلارنى سېتىۋېلىش كېرەك ، تەنتەربىيە تۈرلىرىنى كۆپەيتىش كېرەك ، ھەر شەنبە باللارنى قويۇپ بەرگەندە ، كەنت ۋە يايلاقلاردا كىنو قويۇش ، سەييارە داۋالاش پائالىيىتىنى ئېلىپ

بېرىش كېرەك .

— مۇئەللىم ،— دېدى سەرۋەر كۈلۈپ ،— مەن جەپەر بوۋاينىڭ سۆزلىرىنى دەڭسەپ كۆردۈم ، ئۇ توغرا دەيدۇ... سىز... ھەقىقىي بىر مېھرىگىياھ ... شۇنداق ، سىز ... سىز ... نۇر ۋە شىپا بەرگۈچى مېھرىگىياھ ...

— ياق ، سەرۋەر ! باھا تولىمۇ ئېشىپ كەتتى . بۇنداق باھاغا ئېرىشىش ئۈچۈن ، يەنە ئەجىر سىڭدۈرۈش كېرەك . تاغلىقلارنىڭ دەردىگە بەكرەك دەرمان بولۇۋاتقىنى ھازىر سىزغۇ ! ...

— ئەگەر سىز ، — دېدى سەرۋەر مېھىر ۋە مۇھەببەت بىلەن كۆزىگە ياش ئېلىپ ، — مېنى قوبۇل قىلمىغان ، دەردىمنى تارتمىغان ، ھەرخىل كىتابلارنى بەرمىگەن ۋە كۆزۈمنى ئاچمىغان بولسىڭىز ، قىسقىسى سىز بولمىغان بولسىڭىز ... مەن نېمە بولغان بولار ئىدىم ... بىر دۇئانىڭ قۇربانى بولۇپ كەتمەسمىدىم ! ...

— كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ سەرۋەر ، — دېدى سەلىم تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ دولىسىغا قولىنى قويۇپ ، — مەن سىزگە رەھمەت دېيىشىم كېرەك ، سىز ... سىز مېنىڭ بېشىمغا كۈن چۈشكەن ، ئۈمىدلىرىم ئۆچكەن كۈنلەردە بېشىمغا سايىۋەن بولدىڭىز ... جاپالىق كۈنلەردە ماڭا ھەمراھ بولدىڭىز ... شۇنداق ، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ سىز ماڭا قانات بولۇپ قالىسىز ...

يەرگە قاراپ كېتىۋاتقان سەرۋەرنىڭ يۈزى ھۆپپىدە قىزىرىپ ، پۈتۈن تېنى ئوت ئالغاندەك چىمىرلاپ كەتتى . كىچىككىنە يۈرىكى بولسا تۈنلەپ سۈرگەن خىياللىرىنىڭ كۆلەڭگىسىنى غىل - پاللا كۆرۈپ قالغاندەك تېپىرلاپ ، ئۇنى بىھوش ھالەتكە سالدى ...

ئۇلار ئوقۇغۇچىلار چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولغاندا مەكتەپكە يېتىپ كەلدى . سەرۋەر چۈشتىن كېيىن سەلىمنىڭ ئىككى سائەتلىك دەرسىگە قاتناشقاندىن كېيىن ، كەچلىك تاماققا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن ئاشخانىغا كىردى . ئۇ بۈگۈن ناھايىتى خۇشال ئىدى ، نېمىگە خۇشال بولۇۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى ...

سەرۋەر ئىچىدە بىر تاغ ناخشىسىنىڭ ئاھاڭىنى ئېيتقاچ

بالىلارغا تاماق بېرىپ، كەچلىك مۇزاكىرىگە قاتنىشىش ئۈچۈن خاتىرە، قەلەملىرىنى ئېلىپ تۇرۇشقا ناۋايخانىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ توققۇز ياشلىق گۈلشەن دېگەن قىز كىرىپ كەلدى. بۇ قىزنىڭ ئۆيى مەسچىتنىڭ قېشىدا بولۇپ، تېخى ئۆتكەندىلا سەرۋەر ئۇنىڭ قورساق ئاغرىقىغا دورا بەرگەنىدى. مەكتەپكە كېلىپ ئويناپ كېتىدىغان كەنتلىك بالىلارغا ئانچە قېتىلمايدىغان بۇ قىزنىڭ تاسادىپىي كېلىپ قېلىشى سەرۋەرنى توختاتتى.

— يەنە قورسىقىڭىز ئاغرىپ قالدىما؟

— ياق، ئويناپ كەلدىم ...

— هازىر مەن دەرسكە چىقىمەن ... ئوينىغىلى كېيىن كېلىڭ!

— سەرۋەر ئاچا، گۈڭشېغا قاچان تۇز ئاپىرىسلەر؟ ...

— ئەتە ئەتىگەن!

— سەلىم مۇئەللىممۇ بارامدۇ؟

— هەئە ...

سەرۋەر جاۋاب بېرىپ بولۇپ ئويلىنىپ قالدى. «بۇ قىز نېمە ئۈچۈن بۇنى كوچىلاپ قالدى؟ سەلىم مۇئەللىممۇ بارامدۇ، دېگىنى نېمىسى؟ ... تېگىدە بىرەر سىر بولمىسۇن يەنە...»

— بۇنى نېمە ئۈچۈن سورايسىز؟...

— ياق ئۆزۈمچە.

— ئېيتمىسىڭىز ئۆيدىن چىقارمايمەن!

قىز يىغلامسىراپ ئىشىك ئالدىدا دومسىيىپ تۇرۇۋالدى. قورقۇتسا ئىشنىڭ چاتاق بولىدىغانلىقىنى پەملىگەن سەرۋەر بويىندىكى يېرىم تىزىق قىزىل مارجاننى ئالدى ـ دە، ئۇنىڭ بويىنغا سېلىپ قويدى.

— ۋاي ئانىكام، ئەجەب ياراشتىيا!

— ماڭا بەردىڭىزمۇ؟

— سىزگە بەردىم، ئەمدىغۇ ئېيتىپ بېرەرسىز؟ ...

— ماڭا ... ماڭا: «موللام ئېيتماڭ، ئېيتسىڭىز ئاغزىڭىز

مايماق كېتىدۇ» دېگەندى ··· راستتىنلا ئاغزىم مايماق كېتەمدا؟
سەرۋەر قىزنى چىقىرىۋەتتى. ئۇ گەرچە مۇزاكىرىگە كىرىپ دەرس تەكرار قىلىپ بېرىۋاتقان سەلىمنىڭ ئاغزىغا قادىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، قۇلىقىغا ھېچ نەرسە كىرمەيتتى. بىر - بىرىدىن ۋەھىمىلىك خىياللار ئەنسىز ئۇرۇۋاتقان يۈرىكىنى ئامبۇردەك قىساتتى.
«ھەمدۇل نېمە ئۈچۈن مۇئەللىمنىڭ گۆشىگە بېرىشىنى سورايدۇ؟ بۇنىڭدا يەنە قانداق شۇملۇق يوشۇرۇنغان؟ ھەممە مەئىشىتىدىن قۇرۇق قالغان ھەمدۇل ئەڭ ئاخىرقى قىساس ئېلىشقا نىيەت قىلدىمۇ يا؟ ئۇ يەنە زادى نېمە قىلماقچى؟»
سەرۋەر مۇزاكىرىدىن قايتىپ چىقىپ چىراغمۇ ياقماي، ھەر كۈنلۈك ئادىتى بويىچە تاپشۇرۇق ئىشلەشنىمۇ ئۇنتۇپ، تېگىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ مەكتەپ ھويلىسىدا بىر خىلدا گۈركىرەۋاتقان ماتورنىڭ ئاۋازىنى تىڭشاۋاتقاندەك جىمجىت ئىدى.
«داۋۇت ئاكام بىلەن مۇئەللىمنى بۇ ئىشتىن خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇش كېرەك، بولمىسا···»
ئىشىكنىڭ تىرىقلىشىدىن سەرۋەر چۆچۈپ كەتتى.
— كىم؟
— مەن ··· سەلىم، سەرۋەر، يېتىپ قالدىڭىزما؟
سەلىم ئىشىكتىن كىرىپلا قاراڭغۇ قازناقتا ھېچ نەرسىنى پەرق ئېتەلمىدى، سەرۋەر دەرھال چىراغنى يېقىۋەتتى.
— چىراغنىمۇ ياندۇرماي، قاراڭغۇدا ئولتۇرغىنىڭىز نېمىسى؟
— ئۇنتۇپ قاپتىمەن!
— سەرۋەر، سىزگە ياخشى بىرنەرسە ئەكەلدىم، قاراڭ ···
— «پولات ۋە گۈلروھ»!
سەرۋەر مۇقاۋىلىرى كونىراپ رەڭگىنى يوقاتقان كىتابنى قولغا ئالدى - دە، ئۆرۈپ - چۆرۈپ كۆرۈشكە باشلىدى.
— نېمانچە كونىراپ كەتكەن؟

— دادامدىن قالغان تەۋەررۇك كىتابلارنىڭ بىرى . ئۇنى مەن ئوقۇۋاتقان چېغىمدا ئىنستىتۇت بىغىغا كۆمۈپ ساقلىغان .

— ئۆتكەندە بەرگەن «ئوقۇتقۇچى» رومانىنى ئوقۇپ ، ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە ئۆزۈمنى باشقىچىلا ئالەمدە ياشاۋاتقاندەك ھېس قىلدىم ... ئوقۇتقۇچى ئالىم دوسمەتوق ، يېزا قىزى گۈلسۈملەر تارتقان رىيازەتلەر مېنى نەچچە قېتىم يىغلاتتى ...

— مەن ، — دېدى سەلىم دۇدۇقلاپ ، — سىزدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرگەنسېرى مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە خۇشاللىق ھېس قىلىۋاتىمەن ... لېكىن سالامەتلىكىڭىزگە دىققەت قىلىڭ . ھازىرمۇ خېلىلا جۈدەپ قالدىڭىز ! ...

سەرۋەرنىڭ بېشى كۆكسىگە ئېگىلىپ ، قويۇق كىرپىكلىرى جۇپلەندى ... «جۈدەپ كەتتىڭىز» دېگەن بۇ سۆزگە نەقەدەر كۆپ مەنە يوشۇرۇنغان ـ ھە ؟ ! ... ياكى سەرۋەرگە شۇنداق تۇيۇلۇۋاتامدۇ ؟ ياق ، تۇيۇلۇۋاتقىنى يوق ... بۇ ئاددىي سۆزدىن ئاسراش ، ئەركىلىتىش ، قانات يېيىش ، ئەڭ قەدىرلىك قەدىناسىغا نىسبەتەن بولىدىغان مېھىر ـ مۇھەببەت چىقىپ تۇرامدۇ ؟

سەلىممۇ ئالدىدا ئۆرە تۇرغان ، بەدىنى ۋە ھۆسنى تولۇپ يېتىشكەن كېيىك كۆزلۈك بۇ تاغ قىزىغا قارىغانسېرى ، غەيرىي بىر سېھرىي كۈچ ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئۆز ئىزىدىن ئازدۇرماقتا ئىدى . قىزنىڭ ناۋات رەڭ نازۇك بويىنىغا تولغىشىپ چۈشكەن قارا سىياھتەك ئۆركەش ـ ئۆركەش چاچلىرى ... زەڭگەر بولاق سۈيىدەك سۈزۈك شەھلا كۆزلىرى ... بىر قاراش بىلەنلا يۈرەككە قادىلىدىغان نەيزىدەك كىرپىكلىرى... خۇددى بۆدۈنە چۈجىسىدەك يۇمران ، نازۇك ، يۇملاق ئېڭەكلىرى ... تاغ بۆلجۈرگىنىدەك قىپقىزىل لەۋلىرى ... ئاق تېرەك نوتىسىدەك زىبا بويى ...

— خوش سەرۋەر ، مەن ... مەن ... چىقاي ...

— توخ ... تاڭ مۇئەللىم ... — ئاستا شىۋىرلىدى قىز .

سەلىم توختىدى ... لېكىن سەرۋەرگە قارىمىدى ... سەرۋەر بۈگۈن كەچتە كىرگەن گۈلشەن دېگەن قىزنىڭ سىرلىق سۆز ـ

ھەربىكەتلىرى ۋە ئۆزىنىڭ گۇمان ـ ئەنسىرەشلىرىنى سەلىمگە بىرمۇبىر بايان قىلغىنىدا ، سەلىممۇ ھەيرانلىقتىن نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى ...

— مۇئەللىم ، — دېدى سەرۋەر ئۇنىڭغا يېلىنىپ ، — ئەتە تۈز يۆتكەشكە سىز بارماڭ ... مەن ...

— ئەنسىرىمەڭ ، مەن يالغۇز بولمىسام ! ئىدرىس ئاكاممۇ بارىدۇ ئەمەسمۇ ؟

— سىز بارمىسىڭىز زادى بولمامدۇ ؟

— سەرۋەر ، ئىككى قېتىملىق تۈزنىڭ پۇلىنى ھېسابلاپ ئېلىپ ، ناھىيىدىن كىتاب ـ ژۇرنال ، ھەربىر بالىغا بىردىن پوپكا ، قەلەم ، خاتىرە قاتارلىقلارنى ئاچىقىشىم كېرەك ئىدى ...

— مەن ... مەن ... ھەمدۇلنىڭ بىر شۇملۇق قىلىشىدىن ئەنسىرەيمەن ...

سەلىم قايتىپ چىقىپ ، ئوقۇغۇچىلار ياتاقلىرىنى بىرقۇر تەكشۈرۈپ ، ئېچىلىپ كەتكەن ئوقۇغۇچىلارنى قىپچاپ يۆگەپ ، چۈشۈپ كەتكەن كىيىملەرنى قوزۇقتا ئېسىپ قويغاندىن كېيىن ، ماتورنى ئۆچۈرۈۋېتىپ ياتىقىغا كىرىپ شامنى ياقتى ـ دە ، ئورنىنى راسلىدى . ئۇ يوتقانغا كىرىپ ياستۇققا يۆلەندى . سەرۋەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيۋاتاتتى . «سەلىم راستىنلا ... ياق ، ياق... ياق... ئۇ ئوقۇغۇچى !... ئوقۇغۇچى ! !... «ئەخمەق ، ئۇ ئىشچى ... مەكتەپنىڭ ئاشپىزى ! ...» كىمدۇر بىرى ئۇنىڭغا ئەقىل ئۆگەتكەندەك ، يول كۆرسەتكەندەك قىلاتتى ...

دەرۋەقە سەلىمنىڭ قەلبىگە بىراۋ سىڭىپ كىرمەكتە ! ... ھېسسىياتنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان تورلىرىنى يېيىپ ، ئۇنىڭ شېرىن تۇيغۇلىرىنى ئوۋلىماقتا ئىدى ! ... بۇ ئوۋچى كىم؟ ئۇ گۈزەللىكتە نۇقسانسىز ، بىجىرىم ... ساغلام ، ئەقىللىق ، چېۋەر تاغ لەيلىسى — سەرۋەر ... ئۇنىڭ بىلەن سەلىمنىڭ بەخت بۇلىقى شەربەت بېرىدۇ ... ھايات بېغى ياشنايدۇ ... بۇ باغ بىر ئۆمۈر ، بىر ئۆمۈر ۋاپادار باغۋەننىڭ پەرۋىشىدە بولىدۇ ...

سەلىم ئۆزىنى ئۆزى ئەيىبلىدى ··· بۇ ئويلارنى ئۆزىدىن نېرى ئىتتىرىدى . لېكىن ، بۇ خىياللار خۇددى ئوغرىلاردەك ئىشىك يوچۇقلىرىدىن ، دېرىزىلەردىن يەنە كىرىپ كەلدى ، ئۇنىڭ يېنىدىن پەقەتلا نېرى كەتمىدى ···

«هەي سەلىم ، سەلىم ، — دېدى ئۇ ئۆزىگە پىچىرلاپ ، — سەن بىر مۇئەللىم ! قىرىق بەش ئوقۇغۇچىنىڭ ئۇستازى ··· بۇنداق خىيالـلار سېنىڭ كاللاڭغا قەيەردىن ئۇندى ؟··· ئۇيالماسەن ، نومـۇس قىلمامسەن ؟ !··· ئازغىنا قىلغان ساخاۋىتىڭ بەدىلىگە ئۇنىڭدىن نېمىلەرنى ئۈمىد قىلىۋاتىسەن ؟ !··· ئۇنىڭ بەختى تېخى ئالدىدا ! ئۇ ئوقۇشى كېرەك ، ئالىي مەكتەپكىچە ئوقۇشى كېرەك··· سەرۋەرنىڭ هايات مۇساپىسىدە يەنە نۇرغۇنلىغان دوستلىرى بولىدۇ ··· كىم بىلىدۇ ، بەلكىم ··· »

سەلىم ئۆز خىياللىرى بىلەن كۈرەش قىلىۋاتقان بۇ كېچىدە سەرۋەرمۇ ئۇخلىمىغانىدى . ئۇ ئويان ئۆرۈلۈپ - بويان ئۆرۈلۈپ ، قورقۇنچلۇق خىياللاردىن قۇتۇلالمىدى . يوتقاننى بېشىغا پۈركەپ يېتىپ باقتى ، ئورنىدىن تۇرۇپ دەرس تەكرارلايدىغان ئۇستىلىدە ئولتۇرۇپ سەلىم بەرگەن رومانىنى ۋاراقلىدى ، لېكىن هېچنېمىنى كۆرەلمىدى ···

قـوش قـوڭغۇراقلىق ئۇستەل سائىتىمۇ خۇددى «تېزرەك» دېگـەندەك چىكىلدايتتى . سەرۋەر كىتابنى نېرى ئىتتىرىۋېتىپ يوتقانغا پۈركەندى . ئۇ سەلىمگە ئوكۇل سېلىپ يۈرگەندە ، ئۇنىڭدىن ئـۆگىنىۋالغان ئۇسۇلى بويىچە ، ئىچىدە يۈزگىچە ساناشنى قارار قـىلدى . ساناق بەش يۈزگە يەتكەندە ، ئۇنىڭ هەربىر سانىغاندا كـۆرپـىگە ئۆرۈلۈۋاتقان بارمىقى توختاپ ، بىر مىدىرلاپ كۆزى ئىلىنىپ كېتەتتى ··· سەرۋەر ئۇخلىدى ، لېكىن ئۇ قاباھەتلىك چۈشلەر ئىلكىدە بىردە ئىڭرايتتى ، بىردە جۆيلۈيتتى ···

«سەلىم ئاكا ! ··· »

سـەرۋەر چـاچـراپ ئـورنىدىن تۇردى - دە ، هاسىرىغىنىچە ئـەتـراپىغا ئالاقزادىلىك بىلەن قارىدى . ئۇ گويا هېلىلا خىرىس

قىلىپ تالىغان ئىت ، ياق ، بۆرە ، بۆرىمۇ ئەمەس ، ئۇچىدىغان ئاجايىپ مەخلۇقنى ئىزدەۋاتقاندەك ، ئۆينىڭ ھەممە يېرىگە قاراپ چىقتى ··· پەقەت كىچىككىنە قازناقنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ چىكىلداۋاتقان فوسفورلۇق سائەتنىڭ سترېلكىسى كېچە ئىككىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى .

سەرۋەر ھاپىلا ـ شاپىلا كىيىملىرىنى كىيدى ـ دە ، داۋۇتنىڭ ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردى . ئۇ زەڭگەر بۇلاقتىن ئۆتكەندە ، بىر چاغدا تاش ئارقىسىدىن ئېتىلىپ چىققان قارا كىيىملىك كۆزىگە كۆرۈنۈپ كېتىپ ، ئۇنى چىلىق ـ چىلىق قارا تەر بېسىپ كەتتى .

سەرۋەر يۈگۈرە ــ يۈگۈرە تاشلىق سايدىن ھالقىپ تىكىلىككە يېتىپ كەلگەندە توختىدى . ئۇ ئابدۇللانىڭ دۇكىنىدىن ئۆتۈپلا تېلېفونخانىدىن كېلىۋاتقان ئىدىرىسنىڭ خورىكىنى ئاڭلاپ ، يېنىككىنە تىن ئالدى . ئۇ تەرلىرىنى سۈرتۈپ ، داۋۇتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدى .

سەرۋەر ئىشىك زەنجىرىنى ئۇزۇن تاراقلىتىپ بىرەر ئاۋاز بولمىغاندىن كېيىن ، مۇشتى ئاغرىغۇچە ئۇردى . بىر چاغدا «قايسىڭلىيا ؟ » دېگەن گۈلسارەنىڭ ئۇيقۇلۇقتىكى غاراڭ ـ غۇرۇڭ ئاۋازى كەلدى . كېيىن ئىشىك تاقىقى تاراقلاپ ئېچىلدى .

— ھوي بالىسى ، سەرۋەرمۇ سەن ؟ ماڭ ئىچكىرىگە !

— ياق ، كىرمەي ، ئۆندەرەپلا كەلدىم . گۈلسارىخان ئانا ، بەگ دادام بارمىكىن ؟

— دادىكىسى تۈنۈگۈنلا تېرىمقىشلاققا كېتىپ قالدى . ئۇ يەرنى بىر كېچىدىلا قار بېسىۋاپتۇ ···

— مەن كېتەي ··· — سەرۋەر لاسسىدە بوشاپ قالدى .

— ھوي بالىكىسى ، بىرەر گەپ كالىچى بارمىدى ؟

— بولدى ، بەگ دادام بولمىغاندىن كېيىن ···

سەرۋەر خىيال بىلەن تىكىلىككە كېلىپ قالغانلىقىنى بىلمىدى . ئۇ شۇ ئەسنادا يۆتەلگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدى ـ دە ، تىكىلىكنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇندى . ئالدىدىن قارا كۆرۈم

كـېـلـمۇاتقان گەۋدە تېكىلەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، تۆت ئەتراپىغا قارىدى .
«ھەمدۇل ؟ » سەرۋەر تاشقا چاپلاشتى .
ھەمدۇل گەرچە بويۇنلىرىدىن كۆزىگىچە قارا لاتا ئورىۋالغان بولسىمۇ ، لىڭگىرچاقتەك بېلى ، يۆتەلگەندىكى خىرقىراق ئاۋازى ئۇنىڭ سىياقىنى ئاشكارىلاپ تۇراتتى . سەرۋەر بىر چاغدىكى قارا تونلۇق ، ئېغىز - بۇرنىنى يۆگىۋالغان دوڭغاق گەۋدىنى قايتا كۆرۈۋاتاتتى .
ھەمدۇل تۆت ئەتراپتىن ھېچقانداق شەپە بولمىغاندىن كېيىن ، دوڭغاسلىغىنىچە ساي تەرەپكە ماڭدى . سەرۋەر ئۇنىڭ قارىسىنى يوقاتماي ، قورام تاشلار ، يالغۇز توغراقلار ، بۇك ئازغان تۇپلىرىنى دالدا قىلىپ كېتىپ باراتتى . ھەمدۇل زەڭگەر بۇلاق تۇۋىدىكى — بىر چاغلاردا سەرۋەر سەلىمنى قايتۇرۇپ كەلگەن چىغىر يول بىلەن كۆلا كۆۋرۈككە قاراپ ماڭدى .
سەرۋەر سەلىمنى ياكى قادىرنى چاقىرماقچى بولدى ، لېكىن ئۇلارنى چاقىرىپ كەلگۈچە ھەمدۇل قايسى تەرەپكە ماڭىدۇ ، قايسى غار ، ئۆڭكۈر ياكى چېقىل يېرىقلىرىغا يوشۇرۇنىدۇ ؟ نىشانىسىز ئىز قوغلاپ يۈرگەندە ، تۇيۇقسىزلا يۇقىرىدىن تاش غۇلىتىۋەتسىچۇ ؟ ...
سەرۋەرنى تولىمۇ دەھشەتكە سېلىۋاتقىنى كۆلا كۆۋرۈك ئىدى . ئەگەر ئۇنىڭ توم ئارقانلىرىنى ھەرىدەپ بىرنەچچە قېتىنى قويۇپ قويسا ، سەلىم ، ئىدرىس ۋە قوتازلار بىراقلا ئەجدىھا ئېغىزىغا چۈشۈپ كېتەتتى ...
پېشانىسىدىن مۇزدەك تەر تەپچىپ چىققان سەرۋەر ھېچ ئىككىلىنىپ تۇرمايلا ، ھەمدۇلنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەتتى . ھەمدۇل تۇرۇپلا كەينىگە قايرىلىپ ، كەنتكە ۋە دۆڭلۈكتىكى مەكتەپكە قارايتتى . ئۇ كۆلا كۆۋرۈكتىن ئۆتكەندىن كېيىن ، ئوڭغا بۇرۇلۇپ قاراچېقىل باغرىدىكى يولغا كېلىپ ، ئاستىدىكى تېگى كۆرۈنمەس قاراڭغۇ ھاڭغا ۋە ئۇستىدىكى قاراچېقىلنىڭ چوققىسىغا قارىدى . كۆلا كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ تاش يېرىقىغا مۆكۈنۈۋالغان

سەرۋەر قاق بەلدىكى كەڭلىكى بىر غۇلاچ كەلمەيدىغان تار يولدا تىمىسقىلاپ يۈرگەن ھەمدۇلنى ئىنىق كۆرۈپ تۇراتتى . ھەمدۇل ئالدىراپ ئارقىسىغا قايتتى . ئەمدى سەرۋەر قېچىپ ياكى يوشۇرۇنۇپ ئۇلگۈرەلمەيتتى . ئۇ بىلەي تاشتەك يېرىققا مەھكەم چاپلاشتى ... ھەمدۇل قورققانلىقتىنمۇ ياكى تاغ ئارقىسىنىڭ بىغىر رەڭدە سوزۇلۇۋاتقانلىقىدىن ئەنسىرىدىمۇ ، ئۈچ قەدەم ئارىلىقتىكى سەرۋەرنى كۆرمەي ئۆتۈپ كەتتى . ئۇ كۇلا كۆۋرۈك ئالدىغا كەلگەندە ، كەنت تەرەپكە بىر قارىدى ـ دە ، ئالدىراپ سول تەرەپتىكى چىغىر يول بىلەن تاغقا ياماشتى ...

تاغ ئارقىسى سوزۇلۇۋاتقان بولسىمۇ ، قاپتاللار ، جىلغىلار ، قىسىلچاق تاغ يوللىرى تېخى قاراڭغۇ ئىدى . ھەمدۇل يۇمشاق ئوت بىلەن قاپلانغان تاغ ئۇستى تۈزلەڭلىككە چىقىپ ، بۇككىدە قاراڭغۇلىشىپ تۇرغان توغراقلىققا كىرىپ كەتتى . سەرۋەر ئەمدى قوغلىغان تەقدىردە ئۆزى ئوچۇقلا كۆرۈنۈپ قالاتتى . شۇڭا ، ئۇ ئىككى تاغ ئوتتۇرىسىدىكى تار جىلغىدا كۆتۈرۈلەلمەي تۇرغان كۇمۇش رەڭ بۇلۇتقا قاراپ ماڭدى . ئادەتتە يازنىڭ ئىسسىق ھەم تىنجىق كۈنلىرى ماللار شۇنداق «ئازغان بۇلۇت» ئارىسىغا كىرىپ سايىدايتتى . سەرۋەر بۇلۇت ئارىسى بىلەن توغراقلىققا يېتىپ بارغاندا ، پۇتۇن بەدىنى ، كىيىم ـ كېچەكلىرى نەملىشىپ ، چاچلىرىدىن سۇ تامچىشقا باشلىغانىدى . ئۇ ئۆمىلەپ دېگۈدەك «تاك ... تاك» ئاۋاز چىقىۋاتقان تەرەپكە يېقىنلاشتى . ھەمدۇل ياش بىر تۈپ توغراقنى يىقىتىپ ، ئۇنىڭ شاخ ـ پۇتاقلىرىنى چاتاۋاتاتتى .

«ئۇنىڭ يېنىدا تىۋەززۇن[1] بار ئىكەن ـ دە ! ئۇ بادرىنى نېمە قىلىدىغاندۇ ؟ !»

ھەمدۇل تىۋەززۇننى بىلىگە قىستۇرغاندىن كېيىن ، ئىككى غۇلاچ كېلىدىغان توغراق ياغىچىنى مۈرىسىگە ئېلىپ سەرۋەر ھېلىلا كەلگەن بۇلۇت باسقان جىلغا ئارقىلىق تاغقا ياماشتى . مانا شۇ

[1] تىۋەززۇن — كىچىك پالتا .

چاغدىلا ئۇنىڭ قاراچېقىل چوققىسىغا كېتىپ بارغانلىقى مەلۇم بولدى .
«ھىم ، — دېدى سەرۋەر لەۋلىرىنى چىشلەپ ، — سىنىڭ نىيىتىڭ ئۇلارنى قاراچېقىلدىن تاش بوران قىلىش ئىكەن- دە !»
تاغ ئىنتايىن تىك ۋە ئەينەك قىيىندىلىرىدەك تاشلار بىلەن ئورالغانىدى . سەرۋەر ھەمدۇل تاشلاپ كەتكەن توغراق شېخىنى ئالدى - دە ، چېقىلغا ياماشتى . ئۇ يۇقىرىغا ئۆرلىگەنسېرى ئەتراپ يورۇپ كېتىۋاتاتتى . سەرۋەر كۆڭلىدە : «بەلكىم ھازىر مەكتەپ ئالدىغا قوتازلار يىغىلىپ بولغاندۇ» دەپ مۆلچەرلىسە ، تورۇپلا كۆز ئالدىغا كۆشۈكلەردە تۇز ئارتىلغان قوتازلارنىڭ قوڭغۇراقلىرىنى جاراڭلىتىپ يولغا چىققانلىقى كېلەتتى . ئۇ تاقەتسىزلىنەتتى . ھەمدۇلنىڭ ئالدىغا چىقىش ئۈچۈن ، ساڭگىلاپ تۇرغان سۇر رەڭ تاش تۈۋىدىكى تىك قىيىندى تاشلارغا يامىشاتتى . ئۇ قاق بەلدىن ئاشقاندا ، بەتىنكىسىنىڭ سىلىق چەمى دەسسەپ تۇرغان ئالىقاندەك تاشتىن تېيىلىپ كەتتى... سەرۋەر تۆۋەنگە چاقپەلەكتەك يۇمىلاپ چۈشتى . ئۇ قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى بىلمىدى . پەقەت يۈزىدىن مۇزدەك سۇ ئېقىۋاتقانلىقىغا ۋە ئەتراپىنىڭ مانانلىشىپ كەتكەنلىكىگە قاراپ ، ئۆزىنىڭ بۇلۇت ئارىسىدا ياتقانلىقىنى بىلىۋالدى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا تاش بوران ئارىسىدا ھاڭدىن ئۇچۇپ كېتىۋاتقان سەلىم ، ئىدىرىسلار كەلدى - دە ، ئورنىدىن چاچراپ تۇردى . بەتىنكىسىنى سېلىپ تاشلاپ ، تايىقىغا تايىنىپ چېقىلغا ياماشتى. پېشانىسى ، يۈزى تىلىنىپ ، جەينەك ۋە تىزلىرى يېرىلىپ ، كىيىملىرىنىڭ ساق يېرى قالمىغان تاغ قىزى سەرۋەر لەۋلىرىنى چىڭ چىشلەپ چېقىل ئۈستىگە چىقتى . ئۇ تاشقا چاپلاشقىنىچە پەسكە قارىدى . پاھ ، نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق - ھە ؟ ! قاراڭغۇ تاغ كەنتى خۇددى تېگى يوق قازاندەك كۆرۈنەتتى . بۇ قازاننىڭ ئۈستىدە كۆكۈچ رەڭ بۇلۇتلار تۇۋاق بولۇپ ئېسىلىپ تۇراتتى .
سەرۋەر قولىدىكى تايىقىنى چىڭ تۇتقىنىچە قاراچېقىلنىڭ

چوقـقـىسىغا ئۆمىلەپ چىقىپ ، چوقچايغان بىر تاش ئارقىسىغا يـوشـۇرۇندى . ئۇ تاش ئارقىسىدا تۇرۇپ ، چوققا ئۇستىدە تاش يۆتكەۋاتقان ھەمدۇلنى كۆردى .

قـاتـمـۇقـات تـاغلار ئارقىسىدىن بىر پارچە ئوتتەك بولۇپ كـۆتـۈرۈلـگەن قۇياش قار قاپلىغان تاغ چوققىلىرىنى قىپقىزىل تاۋلاپ ، ئاسمان قەھرىدە سانسىزلىغان گۈلخانلارنى پەيدا قىلدى ... بـۇ يـەردىـن قاراچىقىل ئاستىدىكى كۆلا كۆۋرۈك كۆرۈنمىگىنى بىلەن ، كەنتتىن كېلىدىغان يول خۇددى تاشلاپ قويۇلغان ئارقاندەك يىلان باغرى بولۇپ ئېنىق كۆرۈنەتتى ... سەرۋەر ئوتتۇز قەدەم ئـارىـلىقتا ، قاراچىقىل چوققىسىنىڭ يانباغرى لېۋىدە توغرىسىغا يـاتـقـۇزۇلـغـان يـاغاچقا چىشلەشتۈرۈپ گۈمبەزدەك دۆۋىلەنگەن تاشلارنى كۆردى . ھەمدۇلنىڭ بىلىگە قىستۇرۇلغان تىۋەززۇننىڭ پارقىراق بىسى ئۇ ھەرىكەت قىلغاندا ، قىزىل نۇردا يالت ـ يۇلت قـىـلـىـپ چاقنايتتى . ھەمدۇل بارغانسېرى كۆتۈرۈلۈۋاتقان تاش دۆۋىسى ئۇستىگە ھەدەپ تاش قوياتتى ...

ئەڭ قورقۇنچلۇق ۋە جىددىي مىنۇتلار يېتىپ كەلدى ... كەنت يولىدا خۇددى ھاشار چۇمۇلىسىدەك تىزىلغان قوتازلار كۆرۈندى ... ھەمدۇلمۇ قولىدىكى تاشنى تاشلىۋېتىپ چىقىل ئۇستىدىن پەسكە تىكىلىپ تۇراتتى . سەرۋەرنىڭ كاللىسى ناھايىتى تېز ئىشلىمەكتە ئىدى . ئۇ ھەمدۇلغا كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى . شۇڭا ، ئۇ ئـەڭ ئـاخـىـر : «ھـەمـدۇل تـاش دۆۋىـسى ئاستىدىكى ياغاچنى تېپىۋېتىشتىن بۇرۇن ، ئۇنى قۇچاقلاپ بولسىمۇ بىرلىكتە چىقىلدىن ئۇچۇپ كېتىش كېرەك» دېگەن قارارغا كەلدى . سەرۋەر قان ئۇيۇپ يىغىر بولۇپ كەتكەن جەينەكلىرىنىڭ ئاغرىشىنىمۇ سەزمىدى . ئۇ تـىزلىك بىلەن ئۆمىلەپ چوققا ئۇستىگە چىقتى ـ دە ، تايىقىنى تـاشلـىـۋېـتـىـپ ، پۈتـۈن زېـھـنـى ، دىققىتى ، خىيالى پەسكە مەركەزلەشكەن ھەمدۇلنى ئارقىدىن كېلىپ قۇچاقلىۋالدى .

— قويۇۋەت ! ...— دەپ خىرقىرىدى ھەمدۇل ...

قاراچىقىلنىڭ ئون قەدەممۇ كەلمەيدىغان تار ۋە قىستاڭ



چوقىسىدا شىددەتلىك ئېلىشىش باشلاندى ! ... ھەمدۇلنىڭ بىلىگە سالجىدەك چاپلىشىۋالغان سەرۋەر ئۇنى ھەدەپ چىقىل لېۋىگە سۆرەيتتى ... تىپچەكلەش ، يولقۇنۇشلار پەقەت ئۇنىڭ بىلىدىكى تىشۋەززۇننى تاراڭلىتىپ تاش يېرىقىغا چوشۇرۇۋېتىشكىلا ياردەم بەردى ! ... ھەمدۇل غىلاپتىن پىچىقىنى سۇغۇردى ـ دە ، ئارقىسىغا بىر شىلتىپ سەرۋەرنىڭ بىلىكىگە تىقىۋەتتى ... سەرۋەرنىڭ قوللىرى غەزەپتىن تېخىمۇ كىرىشىپ ، ھەمدۇلنى بۇرۇنقىدىن بەتتەرەك قىستى ... ھەمدۇل ئىككىنچى قېتىم پىچاقنى ئارقىسىغا ئۇرۇۋىدى ، پىچاق ئۆزىنىڭ مۈرىسىگە تىقىلدى .

سەرۋەردىن يۇلقۇنۇپ قۇتۇلغان ھەمدۇل مۈرىسىدىن سۇغۇرۇۋالغان قانلىق پىچاقنى چىڭ سىقىمدىغىنىچە قولىغا تاياق ئېلىۋالغان سەرۋەرگە يېقىنلىدى ... لېكىن ، شۇ پەيتتە ئۇ چىقىل تۈۋىدىن كېلىۋاتقان قوڭغۇراقلارنىڭ سۈس جىرىڭلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ، دەرھال تاش دۆۋىسى ئاستىدىكى ياغاچقا قاراپ يۈگۈردى . سەرۋەر دەل شۇ پەيتتە ئۇنىڭ كاللىسىغا تاياق بىلەن سىلىۋەتتى . كۆزى قاراڭغۇلىشىپ ، بېشى ئايلانغان ھەمدۇل سەرۋەرگە قارامىلىق بىلەن ئېتىلىپ كېلىپ ، تاياقنىڭ ئۇچىنى تۇتۇۋالدى .

ئەڭ خەتەرلىك ، ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىش چىقىل چوقىسىنىڭ ئۇچ قەدەمچە كەلمەيدىغان ئەڭ ئاخىرقى گىرۋىكىدە داۋاملىشىۋاتاتتى . ھەمدۇل پۈتۈن ئەمگىكى ، پىلانى ، تەقدىرىنىڭ ئاچقۇچى بولغان تاش دۆۋىسى ئاستىدىكى ياغاچنى تېپىۋېتىش ئۈچۈن ، سەرۋەر قويۇۋەتمىگەن تاياقنى تارتىپ ، ئۇنى چوقىنىڭ لېۋىگە سۆرىدى ... سەرۋەر بىر پۇتىنى تاشقا تىرەپ تۇرۇۋالدى ، بىر قەدەممۇ ئىلگىرىلىمىدى ... ھەمدۇل تاياقنى غەزەپ بىلەن تارتىۋىدى ، سەرۋەر ئۇنى قويۇۋەتتى ...

«ئا ... »

چوقىدا ئۈستىدە ئادەم كۆرۈنمەيتتى ... پەقەت دۆۋىلەنگەن تاش ئۆز پېتىچە تۇراتتى .

ۋەھىمىلىك تۈۋلىغان ئاۋاز تاغ قاپتاللىرىدىن ئەكس سادا

قايتۇرۇپ ، قاراچىقىل تۆۋىدە كېتىۋاتقان قوتاز كارۋىنىنى توختاتتى ... سەلىم ۋە ئىدرىس چوققىدىن خۇددى بىر پارچە لاتىدەك بولۇپ ئۇچۇپ چۈشۈۋاتقان نەرسىگە قارىدى . ياۋايىلارچە دەھشەتلىك ۋارقىرىغان ئاۋاز چىقىرىپ كېلىۋاتقان بۇ نەرسە تار يولنىڭ تاش قىرغىقىغا سوقۇلدى ـ دە ، ئۇچۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ ، تېگى كۆرۈنمەس ھاڭغا چۈشۈپ كەتتى ...

— ئىدرىس ئاكا ؟ — دېدى سەلىم چوققىغا قاراپ ، — ئۇزۇن يەكتەكلىرىگە قارىغاندا بۇ ھەمدۇلدەك قىلىدىغۇ ... چىقىل ئۈستىدە چوقۇم بىرەر ئەھۋال يۈز بەردى .

— قانداق قىلىمىز ؟ ...— دېدى ئىدرىس تېڭىرقاپ .

— سىز قوتازلارنى ھەيدەپ كېتىۋېرىڭ ! مەن چىقىل ئۈستىگە چىقىپ باقاي ...

— بولىدۇ ، ئارقامدىن يېتەرسىز ...

سەلىم ئېتىنى چاپتۇرۇپ تىك چىغىر يول ئاغزىغا كەلدى ـ دە ، ئاتنى تاش ئارىلىقىدىكى يىلتىزغا باغلاپ قويۇپ ، ئۆزى تاغقا ياماشتى . سەلىم قىشلىق تەتىلدە باللار بىلەن كەكلىككە قىلتاق ، قىسماق قويۇپ ئوينىغان چاغدىكى يوللار بىلەن كېتىۋاتقىنىدا ، ئاخشام سەرۋەرنىڭ ھەمدۇل ھەققىدە ئېيتقان گۇمانلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ بىخۇدلۇق قىلغانلىقىغا ئۆكۈنمەكتە ئىدى . ئۇ بۈگۈن ئەتىگەن قوتازلارغا تۇز ئارتىۋېتىپ سەرۋەرنى بىرنەچچە قېتىم سۈرۈشتە قىلدى . لېكىن ، باشقىلارنىڭ «بۈگۈن كېچە بىرەر ئائىلىدىن كېلىپ تۇغۇتقا چاقىرىپ كەتكەن بولسا كېرەك» دېگەن جاۋابىنىلا ئاڭلىدى . ئۇ بىر پاجىئەگە يول قويغانلىقىنى پۇشايمان بىلەن مۆلچەرلىمەكتە ئىدى . سەلىم بۇلۇت كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن تار جىلغىغا يېتىپ كەلدى . ئۇ سەرۋەرنىڭ بىر جۈپ ئايغىنى ۋە تاشلارغا تامغان قاننى كۆردى ـ دە ، يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ قالدى ...

كۆز ئالدىغا قانداقتۇر قورقۇنچلۇق مەنزىرىلەر ، سۈرلۈك پاجىئەلەر كېلىپ باسقان سەلىم ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىۋەتتى .

— سەر ... ۋەر ! ...

سەلىم چاپىنى بىلەن شەپكىسىنى قاياققىدۇر چۆرۈۋەتتى . ئۇ تىنك چوققىغا جاھىللىق بىلەن ياماشتى ... قىيىندى تاشلار ئۇنىڭ ئالىقانلىرىنى تىلدى ... شىمىنى يىرتىپ ، كۆڭلەكلىرىنى ئىلىۋالدى . لېكىن ، ئۇ ھېچ نەرسىنى سەزمىدى .

سەلىم قاراچىقىلىنىڭ خەتەرلىك چوققىسىغا چىقتى . چوققا جىمجىت ئىدى ! ... پەقەت چوققا لېۋىگە دۈۋىلەنگەن تاش ، قان ئۇيۇپ قالغان پىچاق ، تاش قىسىلچىقىدىكى پالتا ، قانلىق بەش بارماق ئىزى گۇل چەككەن تاياقلار ھېلىلا بۇ چوققىدا قانلىق ئېلىشىشنىڭ بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى ! ... سەلىم قانغا مىلەنگەن رومالنى ئېلىپ يۈرىكىگە باستى ـ دە ، ئۈن سېلىپ يىغلىغىنىچە ۋارقىرىۋەتتى :

— سەر ... ۋەر ! ...

سەلىمنىڭ ئاۋازى مىڭلىغان سادا بولۇپ ئۈزۈلمىگىچە يېنىپ تۇردى ! ... سەرۋەرنىڭ بۇ دۇنيادا ھايات قالغانلىقىدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن سەلىم ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ ، كىچىككىنە تارچۇق چوققىدا پىرقىراپ يۈرەتتى ... ئۇ سەرۋەرنىڭ رومىلىنى سىقىمدىغىنىچە ھەمدۇل چۈشۈپ كەتكەن چوققىنىڭ قارشى قىرغىقىغا كېلىپ پەسكە قارىدى ـ دە ، چۆچۈپ كەتتى ... سەرۋەر يەتتە ـ سەككىز مېتىرچە تۆۋەندىكى قوزۇقتەك ئۆسۈپ چىققان تاشقا كۆڭلىكى بىلەن ئىلىنىپ قالغان بولۇپ ساڭگىلاپ تۇراتتى . ئۇ تاياقنى قويۇۋەتكەندە ، پۇتۇنلەي ماغدۇرىدىن كەتكەن بولۇپ ، ئارقىسىغا سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ قىيپاش چېقىل قىسىلچىقىغا چۈشۈپ كەتكەندى .

— سەرۋەر ! ... سەرۋەر ! ... سەرۋەر ! ! ! ...

سەلىم تاشلاردىن سىيرىلىپ ۋە ئېسىلىپ يۈرۈپ ، سەرۋەرنى قولتۇقلاپ كۆتۈرۈپ چىقتى . ئۇ قىزنى ياتقۇزغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ قان چىقىۋاتقان بىلىكىنى تاڭدى . ئارقىدىن قان ئۇيۇپ قالغان يۈزىنى قولياغلىقىدا سۈرتۈۋېتىپ كۆز ياشلىرىنى

توختىتالمىدى .

— سەرۋەر ! ... سەرۋەر ! ...

سەرۋەرنىڭ قان قېتىپ قالغان ئۇزۇن كىرپىكلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس مىدىرلىدى ... ئارقىدىن يېرىلىپ كەتكەن چىرايلىق لەۋلىرى ئۇمچەيدى ... ئۇنىڭ بوستان كىرپىكلىك چوڭ كۆزلىرى ئاستا - ئاستا ئېچىلدى ... ۋە زەئىپ ئاۋازدا ئىڭرىدى :

— مۇ ... ئەل ... لىم ...

— سەرۋەر ... مېنى ... مېنى ... كەچۈرۈڭ ... مەن ...

— مۇ... ئەللىم ، سىز... سىز... بار... بار... كەن ! ! !...

سەرۋەر كۆزلىرىنى يۇمۇپ جىمىپ قالدى .

— سەرۋەر ، سەرۋەر ؟ !...

سەلىم پۈتۈن بەدىنى جاراھەتلىنىپ قانغا مىلەنگەن ئوقۇغۇچىسى سەرۋەرنى دەس كۆتۈردى ! ...

گويا رىۋايەتلەردە گىلەمدە ئۇچتى ، بۇلۇتقا مىندى دېگەندەك ، كۆك ئاسمان قەھرىدە سارغۇچ بۇلۇتلار ئارىسىدىن ئالىقاندەك كۆرۈنۈپ تۇرغان قارا چېقىل چوققىسى ... ئۆز ئوقۇغۇچىسىنى باغرىغا تاڭغان ئوقۇتقۇچى ئېغىر قەدەملەر بىلەن قويۇق بۇلۇتلار ئارىسىغا چۈشۈپ كەلمەكتە ... ئوقۇتقۇچىنىڭ قەلبى ئوقۇغۇچىنىڭ بەدىنىدىكى جاراھەتنىمۇ بەكرەك ئېچىشماقتا ... ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ياش باھار يامغۇرىدەك توختىماي تۆكۈلمەكتە ...

# تاغ قىزىنىڭ قەلبى

قار ياختا ئاتقاندەك لەپىلدەپ چۈشمەكتە . قاراڭغۇ تاغ گويا چەكسىز تۈزلەڭلىككە ئايلىنىپ قالغاندەك ، ئەتراپ ئاپئاق كۆرۈنەتتى . يامانبۇك ئورمانلىقىنى كېسىپ ئۆتكەن ئېقىن توڭلاپ كەتكەنلىكتىن ، مۇز ئۈستىدە تىرەجەپ ماڭغان بىر ئادەم ئارقان بىلەن ياغاچ سۆرەپ كېلىۋاتاتتى . بېلىدە تاسما بەلۋاغ ، پۇتىغا بۇغا

تېرىسىدىن چورۇق تارتقان، تاغ شاماللىرى دېگۆدەك قارىدىتىپ، ياڭاق سۆڭەكلىرى بۆرتۈپ چىققان، كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان تەلپەكلىك بۇ يېگانە جاپاكەش — ئوقۇتقۇچى سەلىم ئىدى. ئۇ تۇتاش مۇزلۇقتا ئايلانغان كەڭرى يالاڭلىقتا چىققاندا بېلىنى رۇسلاپ، يازدىكى گۈزەللىكتىن ھېچقانداق نىشان قالمىغان تاغ قاپتاللىرىغا ئېغىر نەزەر تاشلىدى. بۇ قار باسقان مۇزلۇقنىڭ بىر تارمىقى قوتانلىق مەھەللىسىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، زەڭگەر بۇلاقچە مۇز يولى ھاسىل قىلغانىدى.

قىشلىق تەتىل باشلانغاندىن بېرى بۇ مۇز يولدا خېلى - خېلى چوڭ ياغاچلارنىمۇ غىلدىرلىتىپ سۆرەپ ئۆتكەن سەلىم بۇگۈن يولنىمۇ تۇزۇك پەرق ئېتەلمەيۋاتاتتى. ئۇ پېشانىسىدىن كۆزلىرىگىچە ئېقىپ چۈشۈۋاتقان تەرنى قولىنىڭ ئارقىسىدا سىيرىۋېتىپ، قار باسقان تەلپىكىنى قولىغا ئېلىۋىدى، بېشىدىن ئاپئاق ھور كۆتۈرۈلدى. سەلىم ياغاچتا ئولتۇرۇپ تاغدا ئادەتتە «دادۇيجاڭ تەلپىكى» دەپ ئاتىلىدىغان تۈكى پەس، قاسقىنى ئېگىز، بۇدۇر قوزا تېرىسىدىن تىكىلگەن بۇ تەلپەكنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ كۆرۈپ، چاقار تېغىدا بىر چاغدا سەمەن بىلەن بولغان ئىشنى ۋە داۋۇتنى ئەسلىدى. ھازىر سەمەن كېسەلچان بوۋىسى جەپەرگە قاراۋاتىدۇ. داۋۇت بولسا، قار قېلىن چۈشۈپ ئاپەتكە ئۇچرىغان چارۋىنى قۇتقۇزۇش ئۇچۇن، ھۆكۈمەت ياردەمگە تىك ئۇچار ئايروپىلان ئەۋەتكەن تۇمان ئېغىزىغا كەتتى. ئايروپىلاننىڭ گېپىنى ئاڭلىغان تۇمەنمۇ يىغلاپ يۈرۈپ دادىسىنىڭ ئېتىنىڭ ئارقىسىغا مىنگەشتى... قادىر بولسا، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئېچىلغان قىرىق كۇنلۇك ئەدەبىيات ئوقۇتۇش مېتودىكىسى ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتنىشىش ئۇچۇن، ئۈرۈمچىگە يۈرۈپ كەتتى. سەرۋەرچۇ؟! ئۇ قاراچېقىلدا يارىلانغاندىن كېيىن، شەھەردە داۋالىنىشقا ئەۋەتىلدى. قىشلىق تەتىل كېلىشى بىلەن ئابدۇرېشىت ھاكىمنىڭ تەكلىپى بويىچە ئۇ ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا كەسىپ ئۆگىنىۋاتىدۇ.

تەرى سىڭىپ، بىرئاز ھاردۇقى چىققان سەلىم ياغاچقا باغلانغان ئارقاننىڭ ئۇچىنى يېڭى ئۇستىدىن يۆگەپ، يەنە يولغا چۈشتى. بارغانسېرى قارغا كۆمۈلۈۋاتقان مۇزدا ھەر كۈنى مېڭىۋاتقان يولىنى تاپالمىغان سەلىم ئۇدۇل كەلگەن يول بىلەن كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئەمدىلا قوتانلىق مەھەللىسىگە قايرىلىدىغان يول ئاغزىغا كېلىۋىدى، مۇز چىرسىلاشقا باشلىدى ۋە بىردىنلا چاراسلاپ ئاۋاز چىقىرىپ ئويۇلۇپ كېتىپ، سەلىم تىكلا سۇغا كىرىپ كەتتى. مۇزدەك سۇدا پۈتۈن بەدىنى تىكەنلىشىپ مۇزلاپ كەتكەن سەلىم قولىغا يۆگەلگەن ئارغامچا ئارقىلىق سۇدىن بېشىنى چىقىرىپ، كاشكۇل ئاغزىدا توغرا ياتقان ياغاچقا ئېسىلدى. لېكىن، سۇغا پىشىلىپ ئېغىرلىشىپ كەتكەن كىيىملىرى ئۇنى ھەدەپ سۇ ئاستىغا سۆرەيتتى ... ئۇ جان ـ جەھلى بىلەن تىرمىشىپ ئەمدىلا كاشكۇل ئۇستىگە چىقىۋىدى، مۇز يەنە سۇنۇپ ئۇ يەنە سۇغا چۈشۈپ كەتتى. سەلىم ئىككىنچى قېتىم ياغىچىغا يامىشىپ چىقىپ كاشكۇلدىن يىراقلاشقاندىن كېيىن، ياغىچىنى سۆرەپ مېڭىپ كەتتى ... ئۇ توڭلاپ قالماسلىق ئۈچۈن، ياغاچنى بار كۈچى بىلەن سۆرەپ يۈگۈرۈپ ماڭدى. شۇڭا، مەكتەپ ئالدىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ باش ۋە بويۇنلىرىدىن ھور كۆتۈرۈلۈپ، كىيىملىرى شالدىرلاپ تاياقتەك قېتىپ قالغانىدى.

سەلىم مەشكە ئوت قالىغاندىن كېيىن، گازۋاي لامپىنى ئاياپ، قارا چىراغنى ياندۇردى ـ دە، توڭلاپ كەتكەن كىيىملىرىنى ۋە ئىدىرىس بەرگەن چورۇق ـ جاۋىلارنى ئورۇندۇقلارغا يېيىۋېتىپ، چەينەكتە چاي قويدى. ئۇ يۆتىلىپ يۈرۈپ چاي بىلەن نان يەۋالغاندىن كېيىن، يوتقىنىنى تىزلىرىغا ئوراپ ياستۇققا يۆلەندى. تاراسلاپ ئوت كۆيۈۋاتقان مەش، كىيىملەردىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ھور ئۆينى ھوپپىدە ئىسسىتىۋەتتى. كىتاب ئوقۇشقا ياكى خاتىرە يېزىشقا رايى بارمىغان سەلىم مەشنىڭ يوچۇقلىرىدىن چىققان قىزىل نۇرنىڭ ئۆي ئىچىدە ھەرخىل شەكىللەرنى پەيدا قىلىشىغا قاراپ ئولتۇردى.

ئادەم تەنھا قالغىنىدا، غىربىلىق باسىدۇ … غىربىلىق بولسا كىشىنى ھەرخىل خىياللارغا سۆرەيدۇ … بولۇپمۇ بۇگۈنكىدەك كۈنلەردە بىرەر ئىت ياكى موزاي، ھەتتا مۈشۈكنىڭمۇ ئاۋازى ئاڭلانمىغان، يېگانە مۆڭلىنىپ تۇرغان بۇ تاغ مەكتىپىنىڭ كىچىككىنە ھۇجرىسىدا يالغۇز قېلىش نەقەدەر كۆڭۈلسىز — ھە؟! چاشقان بولسىمۇ ئۆينىڭ ئۇ تەرىپىدىن بۇ تەرىپىگە چىرىكلاپ ئۆتسىچۇ، كاشكى! …

ياق! تەنھا ھاياتقا كۆنگەن، تالاي يالغۇزلۇقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن سەلىم ئۈچۈن بۇ كۆڭۈلسىزلىك ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى. ئۇ بۇنداق چاغلاردا خاتىرە يازاتتى، ئۆگىنەتتى، دوستلىرىنى، سۆيۈملۈك مەكتىپىنى، خەيرىنسا كىچىك ئانىسىنى ئەسلەيتتى. خىيال ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمراھى ۋە دوستىغا ئايلانغانىدى.

مانا ھازىرمۇ ئۇ تىرىشچان، ئەقىللىق، قورقماس تاغ قىزى سەرۋەر بىلەن خىيالەن سۆزلەشمەكتە. بالنىتسىدىكى كۆرۈنۈشلەر بىرمۇبىر كۆز ئالدىدىن ئۆتمەكتە ئىدى. بولۇپمۇ سەلىم ئۇنى دوختۇرخانىدىن قايتۇرۇپ ئەكېلىش ئۈچۈن بارغان كۈن ئەبەدىلئەبەد ئۇنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلمەيدۇ. سەلىم دوختۇرخانىغا بېرىپ، ئۇنىڭ تونۇگۈنلا بالنىتسىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، باش مەكتەپكە باردى. مەكتەپ ئىشچىسى ئۇنىڭغا مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مەجلىسخانىسىدا سەرۋەرنى مۇكاپاتلاش يىغىنى ئېچىلىۋاتقانلىقىنى، يىغىنغا ھاكىم، جۇيجاڭ ۋە ساقچى باشلىقلىرىمۇ قاتناشماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى.

سەلىم مائارىپ ئىدارىسى مەجلىسخانىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە، تاراسلاپ چېلىنغان چاۋاكنى ئاڭلاپ توختاپ قالدى. كۆلۈپ ئىچى بىر پەس جىملىققا چۆككەندىن كېيىن، «ئابدۇرېشىت ھاكىمنىڭ سەرۋەر تارتىنماي، سۆزلەۋېرىڭ!» دېگەن ئاۋازى كەلدى.

— ھۆرمەتلىك رەھبەرلەر ۋە ئۇستازلار، — دېدى سەرۋەر

بوغۇلۇپ ، ئۇنىڭ ئاۋازى ھودۇققانلىقتىن بولسا كېرەك ، تىترەپ چىقىۋاتاتتى ، — سىلەر : ماڭا ئادەم ۋە كوللېكتىپ مۇلكىنى قوغۇزۇشتىكى جانلىق ئىدىيىڭىزنى سۆزلەپ بېقىڭ » دېدىڭلار ... نېمە دېسەم بولار ؟ شۇ چاغدا مەن پەقەت مەكتەپنىڭ تەقدىرىنى ، شۇنداقلا پۈتۈن ياشلىق ئۆمرىنى تاغ باللىرىغا ، تاغنىڭ ساددا خەلقىگە ئاتىغان سەلىم مۇئەللىمنىلا ئويلىغانىكەنمەن . مەن شۇ كۈنى ھەمدۇلغا كۈچۈم يەتمەسلىكىنى بىلەتتىم ، لېكىن تاش بوران ئىچىدە قانغا مىلىنىپ ياتقان مۇئەللىم ، زار ـ زار يىغلاپ ، مەكتەپ ئەتراپىدا يىتىمسىراپ بويۇن قىسىپ يۈرگەن باللار كۆز ئالدىمغا كېلىۋىدى ، ھەمدۇلنى قوچاقلاپ ، پۇتلىرىغا ئېسىلىپ بولسىمۇ چېقىلدىن بىللە چۈشۈپ كېتىشنى نىيەت قىلدىم ...

كۇلۇب ئىچى بىرپەس جىمىلىققا چۆكتى .

— سەلىم مۇئەللىم ، — دېدى سەرۋەر ئېغىر ئۇھ تارتىپ ، — باللار ئۇچۇن ئاچ ـ زېرىن ھالدا شۇۋىرغانلىق جىلغىلاردا قالدى ، بوھتانلار تۈپەيلىدىن تاياق يېدى ... قورقۇنچلۇق تاغ قاپتاللىرىدا يالغۇز تۇنىدى ! جۇدۇنلۇق سوغۇق كۈنلەردە ئوت ـ كاۋاپ بولۇپ چېقىللار ، ھاك تاشلار ئارا تېنەپ يۈردى... ئۇنىڭ سالامەتلىكى ئەنە شۇ يەرلەردە قالدى !... مەن ئۇنى داۋالاۋاتقان چاغلىرىمدا پات ـ پات ئۇنىڭ قولياغلىقىدا تامچە ـ تامچە قان ئىزلىرىنى كۆرۈپ قالاتتىم . بىر قېتىم تاقەتسىزلىنىپ سورىدىم ، ئۇ... ئۇ... «تىلىمنى چىشلىۋالدىم... » دەپ كۈلدى ...

سەرۋەر يىغلىۋەتتى ، ئۇنىڭ بوقۇلدىغان ئاۋازى ئېنىق ئاڭلاندى .

— بىر كۈنى ، — دېدى سەرۋەر ئۆپكىدەپ ، — ئوكۇل سېلىۋاتسام تۇيۇقسىزلا يۆتىلىپ كەتتى . ئۇ ئاغزىغا تۇتقان قولياغلىقنى ئالمان ـ تالمان ياستۇق ئاستىغا يوشۇرۇۋىدى ، مەن ئۇنى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىۋالدىم . مەن قولياغلىققا بىرلا قاراپ ئەندىكىپ كەتتىم ... لېكىن مۇئەللىم : «سەرۋەر ... باللار بىلىپ قالمىسۇن ... مەن سىزدىن ئۆتۈنەي ... » دېدى ...

سەرۋەر ئۇن سىلىپ يىغلىۋەتتى ... يىغىندىكىلەر ئىچىدىمۇ يىغلاۋاتقانلار بولسا كېرەك، مىچىلدىغان، ئېغىر خورسىنغان ئاۋازلار ئاڭلاندى.

— ھۆرمەتلىك رەھبەرلەر، بىزنىڭ قاراڭغۇ تاغدا ئىككى نۆۋەت ئۇتتۇرا سىنىپ قۇرۇلۇپ چۇۋۇلۇپ كەتتى، — دېدى سەرۋەر ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — مەن قېچىپ كەتكەن ئوقۇتقۇچىلارنى ئەيىبلىيەلمەيمەن، تاغ خەلقى كۆنگەن قوتۇرماچقا، تېزەك چوغىغا كۆمگەن ئارپا كۆمىچىگە، سەيسىز ۋە رەڭسىز چۆپ ئاشلىرىغا، جۇدۇن - چاپقۇنلارغا شەھەرلىكلەرنىڭ كۆنەلمەسلىكى ئېنىق. لېكىن، سەلىم مۇئەللىمچۇ! ئۇ ... ئۇ ... تاغلىقلارنىڭ تېنىگە مادار، كۆزىگە نۇر بەرگۈچى بىر مېھرىگىياھ بولدى ...

كۇلۇب ئىچىدە تۇيۇقسىزلا گۇلدۇراس ئالقىشلار كۆتۈرۈلدى، بۇ ئالقىشلار ئۇزۇنغىچە توختىمىدى.

— ئەگەر رەھبەرلەر لايىق تاپسا، — دېدى سەرۋەر خاتىرىسىنى قولىغا ئېلىپ، — ھەمدۇلنىڭ سۈيىقەستى بىلەن سىنىپ باللارسىز قالغان، مۇئەللىم يايلاقلار ئارا ئىتلارغا تالىنىپ تاياق يەپ، يامغۇر - يېشىنلىق جىلغىلاردا تېنەپ يۈرگەن، مەكتىپىمىزگە بىر توپ ئاتلىقلار باستۇرۇپ كىرىپ، تۆھمەت تاشلىرىنى ياغدۇرغان، بۇ پىتنىلەر شەھەرگىچە تارقىلىپ ئازاب ئۈستىگە ئازاب كەلتۈرگەن شۇ كۈنلەردە مۇئەللىمنىڭ يازغان خاتىرىسىدىن بىر سەھىپىنى ئوقۇپ بەرسەم ... مەن بۇنى ئۇنىڭ خاتىرىسىدىن ئوغرىلىقچە كۆچۈرۈۋالغان ...

«... سەلىم ئۈمىدلىك بول، ئۇستازىڭنىڭ دائىم ئېيتىدىغان ‹ئۈمىدنىڭ تومۇرى ئۈزۈلسە، ھاياتلىقنىڭ ئومۇرتقىسى سۇنىدۇ ...› دېگەن بۇ سۆزىنى ئۇنتۇما! كاللاڭغا كىرىۋالغان غەيرىي خىياللاردىن نومۇس قىل ... سېنى قانداق كۈچ كۆلا كۆۋرۈككىچە ئاپاردى؟ ...× نىڭ (سەرۋەر، گۇلنارنىڭ ئىسمىنى ئوقۇشنى خالىمىدى) خېتىمۇ؟! ‹ئادەم دۇنياغا بىر قېتىم كېلىدۇ، شۇڭا ھاياتنى قەدىرلەپ، جاپا چەكمەي، ئۆمۈر بوستانىنى

كۆكلىتىپ ، ئۇنى ھەرخىل چېچەكلەر بىلەن بېزەپ ياشاش كېرەك . چۈنكى ، جاپا چەككەنمۇ ، ھالاۋەت كۆرگەنمۇ ئىككى غۇلاچ سوغۇق يەر ئاستىدا چىرىيدۇ ) . × نىڭ بۇ دېگەنلىرى ئىپتىمال توغرىدۇ . لېكىن ، بۇ توغرا تۇرمۇش پەلسەپىسى ئەمەس . مېنىڭمۇ ئاشۇنداق قايناق شەھەرلەردە جاپاسىز ، مۇشەققەتسىز ، قىيىنچىلىقسىز ئىشلىگۈم بار . لېكىن ، تاغنىڭ ئاق ھالىتىنى ، ئوقۇشقا تەشنا تاغ باللىرىنى كۆرگىنىمدىن كېيىن ، يۈرىكىمنى گويا قورام تاش بېسىۋالغاندەك بولدى ، ئازابلىق ۋە كۆڭۈلسىز خىياللارنى كۆپ قىلىدىغان بولۇپ قالدىم . دۇنيادا ھاياتلىق پەيدا بولغاندىن كېيىن ، تەبىئەت ھادىسىلىرى سەۋەبىدىن نۇرغۇنلىغان ھايۋانلارنىڭ نەسلى قۇرۇپ كەتتى ... پەقەت ھەربىر دەۋردە ئۆزگىرىۋاتقان شارائىتقا ماسلىشالىغان ھايۋانلارنىڭ نەسلىلا ساقلىنىپ قالدى ... شۇڭا ، ھەرقانداق مىللەتمۇ ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋر شارائىتىدىن كېيىن قالماسلىقى ، ھەتتا رىقابەت بىلەن ئالدىغا ئىنتىلىشى كېرەك ... بۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر مىللەت ئۆز مائارىپىدىن ئىبارەت ئالتۇن ئاچقۇچنى چىڭ تۇتۇپ ، ئۇنىڭ كۆزنى چاقنىتىدىغان نۇرلىرى بىلەن كۈن چۈشمەيدىغان تەسكەيلىرىنىمۇ يورۇتۇشى ، بۇ مۇقەددەس بۇرچىنى ئۇنتۇماسلىقى لازىم ...

شۇنداق × ! ... مەن دۇنيادا چوڭ ئىشلارنى قىلالمىسامىمۇ پەقەت تاغ باللىرى ، ساددا ، لېكىن ئاق كۆڭۈل ، جاھىل ، ئەمما ، جەسۇر تاغلىقلارنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالالىسام ، بىر قېتىم چەككەن رىيازىتىم بىر ئۆمۈر كۆرگەن ھالاۋىتىمدىن ئەلا بولىدۇ ... دۇنيادا ياشىشىمنىڭ چىن مەنىسىمۇ شۇ ! ... مەن خاتىرەمنىڭ باش بېتىگە ھۆسنخەت بىلەن يېزىۋالغان ئۆمەرھەييامنىڭ مۇنۇ بىر كۇپلېت رۇبائىيسى مېنى تولىمۇ ئويلاندۇرىدۇ :

بىر قەترە دەريادا يوق بولۇپ كەتتى ،
يەرگە بىر چاڭ قوندى كۆمۈلۈپ كەتتى .

دۇنياغا كېلىشنىڭ، كېتىشنىڭ نېمە؟
بىر چىۋىن تۇغۇلدى يا ئۆلۈپ كەتتى!!»

كۇلۇب ئىچىنى شۇقەدەر جىمجىتلىق باستىكى، سەلىم ئۆز يۈرىكىنىڭ دېگۇدەك رىتىم بىلەن ئۇرۇۋاتقانلىقىنى، ھەتتا سەرۋەرنىڭ خاتىرىنى شىرىقلىتىپ ۋاراقلىغىنىنىمۇ ئېنىق ئاڭلاپ تۇراتتى.

— ئوھوي، بۇ سەلىم مۇئەللىمغۇ؟ ...

سەلىم قايرىلىپلا مائارىپ ئىدارىسىنىڭ بوغالتىرىنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ قالدى...

— نېمىشقا كىرمەيسىز؟

— يىغىن ئاياغلىشىپمۇ قاپتۇ... بىردەم ساقلاي...

— يۈرۈڭ! نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟ ... نۇرغۇن رەھبەرلەرنىڭ سىزنى بىر كۆرگۈسى بار... تاغدىكى ئىشلىرىڭىز ھازىر ناھىيىمىزدىلا ئەمەس، ھەتتا ۋىلايەتتىمۇ داستان بولۇپ قالدى.

سەلىم كۇلۇب ئىچىگە كىرىپ كەلگەندە، بىردىنلا كۆتۈرۈلگەن چاۋاكلار ئىلكىدە گاڭگىراپلا قالدى. كۆپچىلىكنىڭ تەكلىپى بويىچە ئۇ تاغ شۆبە سىنىپى، ھەمدۇلنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرى، ئۇنى قانداق مات قىلغانلىقىنى قىسقا بايان قىلىپ بەردى. ئۇ سۆزلەۋاتقاندا، كۇلۇب ئىچىدە ئارقا ـ ئارقىدىن كۈلكىلەر كۆتۈرۈلۈپ تۇردى. يىغىننىڭ ئاخىرىدا ئابدۇرېشىت ھاكىم تاغ شۆبە سىنىپىنىڭ ئىستىقبالى ۋە كېيىنكى يىلدا ئىككى سىنىپقا كۆپەيتىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغانىدى، زال ئىچىدە يەنە بىر قېتىم چاۋاكلار ياڭرىدى.

شۇ كۈنى سەرۋەر بىلەن سەلىم ئىككىسى كىنوغا باردى. ئۇلار كېچىدە مەكتەپ مېھمانخانىسىغا قايتىپ كېلىۋاتقىنىدا، ئالدىدا قولتۇقلىشىپ كېتىۋاتقانلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ قېلىشتى:

— ھازىر ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئۈچ خىل ئادەملەرنى تازىلاۋېتىپتۇ، — دېدى ئەر قىزغا بېشىنى سىڭايان قىلىپ.

— ئۇچ خىل ئادەم دېگىنى نېمىسكەن ؟ — دېدى قىز ئۇنىنى قـويۇپ بېرىپ ، سەلىم تونۇش ئاۋازنى ئاڭلاش بىلەن تېڭىرقاپ قالدى .

— ئاستىـراق گۈلـنار ، — دېـدى ئـەر ئـارقىسىغا قـاراپ قويۇپ ، — ئۇچ خىل ئادەم دېگىنى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ئەلەم كـۆرـشـكـە قـاتـنـشـىپ ، ئۇرۇپ ـ چېقىش ، بۇلاش بىلەن شۇغۇللانغانلار ـ دە ! …

— نېمە قورقاتتىڭىز ؟ بىزنىڭ بۇ يۇرتلىرىمىزغا ئۇ شامال كېلىپ بولغۇچە يەتتە قاپاق پىششىقى بار دەڭە ! …

سەلىم شۇ كېچىسى مېھمانخانىنىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭدى ، يېتىپ باقتى ، ئۇيقۇسى كەلمىدى ، تاماكا چەكتى ، لېكىن خـاپـىـلـىـقـى تېـخىمۇ ئاشتى ، ئۇ پەقەت گۈلنارنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدىلا ئەندىشە قىلاتتى … «قوي ، نېمە چاتىقىڭ ، بىلگەن يـولـىدا مېڭىۋەرسۇن ، تۇمشۇقىغا يېگەندىلا كۆرمەمسەن ؟ » دەپ ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتىيۇ ، لېكىن يەنە نېمە ئۈچۈندۇر ۋىجدانى ئۆرتىنەتتى .

ئەتىسى ئابدۇرېشىت ھاكىم كىچىك ماشىنىسى بىلەن سەلىمنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ تەكشۈرتكەندىن كېيىن ، بالنىتسىدا يېتىشنى بـۇيـرـۇدى . لـېـكـىـن ، سـەلىم قىشلىق تەتىلنىڭ يېقىنلىشىپ قـالـغـانـلـىقىنى ، شۇڭا چارەكلىك ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلمىسا بـولـمـايـدىغانلىقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى . ھاكىم دوختۇر بىلەن سۆزلىشىپ ، بىرنەچچە خىل مۇھىم دورا ۋە ئوكۇل ھەل قىلىپ ، ئۇلارنى سەرۋەرنىڭ سومكىسىغا قاچىلاپ بەردى .

— بوپتۇ ، — دېدى ھاكىم سەلىمگە ، — ئوقۇغۇچىلىرىڭىزنىڭ ئىلمىي نەتىجىسىدىن ئەنسىرەۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىمەن . لېكىن ، تاغقا بارغاندىن كېيىن ، سەرۋەر ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ . باش تارتساڭ ، ئىككىمىز ئۇرۇشۇپ قالىمىز . باشقا گەپلىرىڭ بارمۇ ؟

— مېنىڭ … مېنىڭ بىر ئىلتىماسىم بار ئىدى ، — دېدى سـەلـىم تۆت قاتلانغان بىر قەغەزنى ھاكىمغا سۇنۇپ ، — دادام

قـۇربـان بىلەن باققان دادام ئەزىز مۇدىرنىڭ مەسىلىسىنى قايتا تەكشۈرۈپ كۆرسەڭلار !

— بۇ ئىشنى يادىمىغا سېلىپ ياخشى قىلدىڭ ! — دېدى هاكىم ، — مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسى سىنىڭ پارتىيىگە كىرىش ئىلتىماسىڭنى مۇزاكىرە قىلغاندا ، مۇدىر داداڭنىڭ مەسىلىسىنى سۈرۈشتە قىلىپ ، قىشىمغا كەلگەنىكەن . مەن «سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش» ئىشخانىسىغا ئەھۋالنى ئېيتتىم . ئۇلار سېنى ئىلتىماس يازسۇن دېگەنىدى .

— رەھمەت ئابدۇرېشىت ئاكا ! رەھمەت ...

...

تاتلىق ئەسلىمىلەردىن كۆزى يۇمۇلۇپ كەتكەن سەلىم ئۆي ئىچىدە بىرنەرسىنىڭ قاڭسىق پۇراۋاتقانلىقىنى سەزدى ـ دە ، سەكرەپ ئورنىدىن تۇردى . مەشكە يېقىن قويۇلۇپ قالغان چاپىنىنىڭ پېشىدىن پۇرقىراپ ئىس كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى . سەلىم ئالـدىراپ قالـغانـدەك يېرى سارغىيىپ كەتكەن چاپاننى ئۆرۈپ يېيىپ قويغاندىن كېيىن ، باشقا كىيىم ۋە چورۇقلارنىڭ ئورنىنى يۆتكەپ قويدى .

تۈن يېرىمدىن ئېشىپ قالغانىدى . شېرىن ئەسلىمىلەردىن ئۇيقۇسى قاچقان سەلىم قارا چىراغنى پەلتۇۋېتىپ يوتقىنىغا كىردى ـ دە ، ياستۇق تېگىدىن خاتىرىسىنى ئېلىپ توغرا كەلگەن يېرىنى ئاچتى . ئۇ سەرۋەر بىلەن جەپەر بوۋاينى يوقلىغان كۈنى كەچتە يازغان قۇرلارنى ئاستا ئوقۇشقا باشلىدى .

«... مەن بۈگۈن جەپەر بوۋاينى يوقلاپ كەلدىم . ئۇ تاغدا ئۆسىدىغان مېھرىگىياھ دېگەن دورا ئۆسۈملۈكىنى تەرىپلەپ ، مېنى مېھرىگىياھقا ئوخشاتتى . مەن قايسىدۇر بىر يازغۇچىنىڭ ‹مېھنەت سەندىلىدە چاچرىغان ئۇچقۇن قەدىر ـ قىممەت ئاسمىنىدا چاقنىغان يۇلتۇز دېمەكتۇر › دېگەن سۆزىنى ئەسلىدىم . لېكىن ، بوۋاينىڭ بۇ باھاسى ماڭا مۇناسىپمۇ؟ مەن تاغ باغلىرى ۋە تاغلىقلارنىڭ قەلبىنى ‹ۋىل › قىلىپ يورۇتۇپ ئۆتەلىگۈدەك ئۇچقۇن

چاچرىتالىدىممۇ ، يوق ؟ دەپ ئۆزۈمگە ئۆزۈم سوئال قويدۇم ... ھەرھالدا بوۋاينىڭ بۇ ئوخشىتىشى تاغدىن يانغان سادادەك ماڭا ئىشەنچ ۋە مادار ئاتا قىلدى . نومۇستىن قىزىرىپ تۇرساممۇ ، روھىمنىڭ تاغ بۈركۈتىدەك كۆكلەردە پەرۋاز قىلغانلىقىنى ھېس قىلدىم... »

سەلىم ئاخىرقى سەھىپىلەرنى ئوقۇۋاتقىنىدا كۆزى يۇمۇلۇپ ، ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپ باراتتى . بۇ چاغ ئاسمان تىرىگەن نەيزىدەك قاتمۇقات تاغلار قېلىن قار ئاستىدا ئۇيقۇغا چۆككەنىدى . ئۇلارنىڭ چوڭقۇر ، ئەگرى - بۈگرى ، سۇرلۇك ھاڭلىرى ۋە قاپتاللىرىدا قۇيرۇقىنى چۇۋىسىگە تىقىپ ئاسمانغا قاراپ ھۇۋلاۋاتقان يايلىلىق ئاچ بۆرىلەرنىڭ ئەنسىز ئاۋازى تاغ باغرىدىكى قار ئاستىدا قالغان بۇ مەكتەپكە ئاڭلىنىپ تۇراتتى .

# قورقۇنچلۇق ئورمان كېچىسى

تاڭ سەھەر ، ھاۋا ئېچىلغانىدى . ئاسمان زەڭگەر بولاق سۈيىدەك كۆك بولۇپ ، تاغلار ، ئېدىرلار ، تاغ مەھەللىسى ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغانىدى . تىكىلەك مەھەللىسىدىن مەكتەپكە قار ئۈستىدە تۇنجى ئىز قالدۇرۇپ بىر كىشى كەلمەكتە ئىدى .

تۇمان ئېغىزىدىكى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇۋېلىنغان ئادەملەر ۋە چارۋىلار توغرۇلۇق ناھىيىگە تېلېفون بېرىش ئۈچۈن كېچىلەپ قايتىپ كەلگەن ئىدرىس ئەتىگەندىلا مەكتەپكە يېتىپ كەلدى . ئۇ قېلىن قاردا ئالچاڭلاپ كېلىۋېتىپ يىراقتىنلا سەلىمنىڭ مەكتەپ ھويلىسىدا قار كۈرەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى :

— سەلىم مۇئەللىم ، قانداق ، ئامانچىلىقمۇ ؟ تۈنۈگۈن كاشكۇلغا چۈشۈپ كېتىپسىز - ھە ؟ ھېلىمۇ خۇدا ساقلاپتۇ - دە ، ھوم مانا ...

— كىمدىن ئاڭلىدىڭىز ئىدرىس ئاكا؟ ...

— بۇ تۆشۈك قۇلاق بار، ئاڭلىمامدىغان! سىزنىڭ تاياقتەك بولۇپ قالغانلىقىڭىزنى قوتانلىقلار كۆرۈپتىكەنغۇ؟ نېمىشقا ئۆيگە چىللىسا كىرمەي كەتتىڭىز؟

— قىزىقكەنسىز، خەقنىڭ ئۆيىدە كىيىم سالغىلى بولامدۇ؟

— نېمە قوق؟ ئۇلار ئۆزلىرىمۇ كىيىمنىڭ ئىچىدە موزايدەك يالىڭاچقۇ؟ يۇرىۋەرمەي، ھۆم مانا ...

ئىدرىسنىڭ قوپال چاقچىقى سەلىمنى كۇلدۇرۇۋەتتى.

— بەللى مۇئەللىم، چاپاننىڭ بىر پېشى قېنى؟ ھۆم مانا؟ — دېدى ئىدرىس سەلىمنىڭ كۆيۈپ پاختىلىرى ساپسېرىق سارغىيىپ قالغان چاپىنىنى كۆرستىپ، — قورساق ئېچىپ يەۋەتتۇقمۇ، نېمە؟

ئۇلار چورۇقلىرىدىكى قارلارنى تازىلاپ ئۆيگە كىرىپ، بىر چىنىدىن قىزىق چاي ئىچكەندىن كېيىن، ئىدرىس گۇللۇك خالتىسىنى چىقىرىپ تاماكا ئورىدى.

— مۇئەللىم، ئەمدى يامانبۇككە ياغاچ كېسىشكە بارمىسىلا! — دېدى ئىدرىس تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇۋېتىپ، — سىلىدىن ئەنسىرەپ داۋۇت ئاكامنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيۋاتىدۇ. قار قېلىن ياغدىمۇ بولدى، بۆرىلەر قۇتراپ كېتىدۇ.

— بارمىسام بولمايدۇ، ئىدرىس ئاكا. داۋۇت ئاكامنىڭ جۇۋىسىنى، پالتا، ئارقانلارنى چاتقال ئارىسىغا تىقىۋېتىپ كەلگەن. شۇلارنى ئەكېلىۋالاي! ئۇنىڭ ئۇستىگە قول سائىتىممۇ دەرەخنىڭ پۇتىقىغا ئىلىقلىق قاپتۇ.

— ئەمىسە ياراملىق قوتازدىن بېرەي، مىنىپ بېرىڭ، لېكىن ئالدىڭىز بارسۇن، كەينىڭىز يانسۇن! ...

ئۇلار قورساقلىرىنى تويغۇزۇپ سىرتقا چىقتى. ئىدرىس تەكشى قار ئۇستىدىكى ئىزلارنى كۆرۈپ بىردىنلا چۆچۈپ كەتتى.

— ھۆم مانا، دېمىدىممۇ، بۇ ئىزلارنى كۆرۈڭ! ... مەكتەپنىمۇ مېھمانلاپتۇ ـ دە، بۇ كاساپەتلەر! ...

— ئىتنىڭ ئىزى ، — دېدى سەلىم كولۇپ ، — ئەتىگەندىن بېرى بۇنداق ئىزلارنى كۆپ كۆردۈم .

— ئىتنىڭ ئىزى دەۋاتقىنىنى ، — دېدى ئىدرىس كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ، — ئىتنىڭ ئىزى دېگەن سەرۋەرنىڭ تۇگۇپ قويغان مانتىسىدەك چۇشىدۇ . بۇ ئىزلار خۇددى كېپىشتەك تۇرسا ؟ قارىغا پاتقان تىرناقلارغا قاراڭ ! بارمىسىڭىز قانداق ؟

— ئىدرىس ئاكا ، بىرىپلا يانىمەن دېدىمغۇ !

— سىزمۇزە ، تاغلىقتىن بەتتەر جاھىل بولۇپ كېتىپسىز ...

ئىدرىس ئات باقاردىن ئاچىققان قوتازنى توقۇۋېتىپ يەنە خېلىغىچە غودۇڭشىدى .

— ئەگەر بۇگۇن سائەت ئون ئىككىدە يۇقىرىنىڭ يولىيورۇقىنى قوبۇل قىلمايدىغان بولسام ، ئۆزۈم بىللە باراتتىم ، ھۆم مانا ... لېكىنزە ، پاتراق قايتىپ كېلىڭ !

قوتاز ئۇستىدە چوقچىيىپ ئولتۇرغان سەلىم قوتانلىق مەھەللىسىدىن ئۆتكەندە ، ئۆگزە ، ھويلىلاردا قار تازىلاۋاتقانلار بىلەن سالاملىشىپ ۋە چاقچاقلىشىپ ئۆتۇپ كەتتى . ئۇلارمۇ سەلىمنىڭ يامانبۇككە ماڭغانلىقىنى ئاڭلاپ ، ئەنسىرەپ پاتراق قايتىپ كېلىشىنى تاپىلىدى .

سالۋا تۇكلىرى قاردا سۆرىلىپ دېگۇدەك كېتىۋاتقان ئالا قوتاز بېشىنى ئىچىگە تىقىپ پۇشۇلداپ ۋە پۇشقۇرۇپ ماڭاتتى . بۇ قوتازنى ئالدىنقى ھەپتە سەلىم ياغاچ توشۇشقا ئاپارغان ، لېكىن قوتازنىڭ تۇياقلىرى مۇزدا تېيىلىپ پۇتلىرى كېرىلىپ ماڭالمىغاچقا ، ياغاچنى ئۇ پۇتىغا چورۇق تارتىپ توشۇغانىدى .

سەلىم كولۇلەڭ سۇنىڭ تار جىلغىلىرىدىن ئۆتكەندە ، قاردىكى قالايمىقان ئىزلارغا قاراپ ، بۇ ئىزلار ئېيىقنىڭمۇ ياكى بۆرىنىڭ ، توشقاننىڭمۇ ياكى تۇلكىنىڭ ، كۆڭلىدە ئايرىپ ماڭدى . قويۇقراق چۇشكىنى بۇغا ـ مارال ۋە كېيىكلەرنىڭ ئىزلىرى ئىدى . ئۇلار كېچىلىرى سۇ ئىچىش ئۇچۇن توپ ـ توپ بولۇپ كولۇلەڭ سۇنىڭ كاشكۇللىرىغا كېلەتتى .

سەلىم يامانبۇككە يېتىپ كېلىپ ، قوتازنى بىر ياغاچقا باغلاپ قويۇپ قالايمىقان بوْرە ئىزلىرى ئۈستىدىن مېڭىپ چاتقال قېشىغا كەلدى . تىلغىنىپ كەتكەن قار ئۈستىدە جۇۋا تېرىسىنىڭ پارچىلىرى ۋە ئاپئاق توْكلىرى يېيىلىپ ياتاتتى . سەلىم پالتا بىلەن ئارقاننى قولىغا ئېلىپ ئەتراپقا قارىۋىدى ، تېنى ئەيمىنىپ كەتتى . كېچىدىن ئاچ بوْرىلەر جوْۋنى تالان ـ تاراج قىلىۋەتكەنىدى .

سەلىم ئىنچىكە پۇتاقتا ئاپئاق قىرو باغلاپ ئېسىلىپ توْرغان سائىتىنى ئېلىپ يانچۇقىغا سالدى . ئۇ قۇرۇق قايتىپ كەتكۇچە ئىككى تال ياغاچ بولسىمۇ قوتازغا سوْرىتىپ كېتەي دەپ ، بەلگە قويۇلغان تاغ تېرەكلىرىدىن ئىككىنى يىقىتتى . ئۇلارنىڭ شاخ ــ شۇمبىلىرىنى چاتاپ بولغۇچە قوللىرى مۇزلاپ قېتىپ قالدى . سەلىم بىر پارچە يەرنىڭ قارلىرىنى تازىلىۋېتىپ بىر قۇچاق قۇرۇق جىغان ئۈستىگە شاخ ـ شۇمبىلارنى تاشلاپ گۇلخان يېقىۋەتتى . تاغلىقلار : «تاغدا قىش كۇنى كوْزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ...» دېيىشىدۇ . بىردەمدىلا ئەتراپنى گۇگۇم بېسىپ كەچ بولۇپ قالدى . سەلىم ياغاچلارنى سوْرەپ بىر يەرگە ئەكېلىپ تۇرۇۋىدى ، قوتاز تۇيۇقسىزلا قار چاپچىپ هوْركىرەپ كەتتى . سەلىم قايرىلىپ ئارقىسىغا قاراپ ، ئوتتۇز قەدەم ئارىلىقتا قارنى ئىسچىگە تارتىلىپ كەتكەن ئىككى قىزغۇچ بوْرىنىڭ زوڭزىيىپ ئولتۇرغانلىقىنى كوْردى ...

سەلىمنىڭ يۇرىكى بوغۇزىغا كەپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ ، نەپەسى بىردىنلا قىسىلىپ كەتتى . ئۇ قىپقىزىل تىللىرىدا كالپۇكلىرىنى يالىشىپ تۇرغان بوْرىلەرگە تىكىلىپ قاراپ قالدى . ئۇ هوشىنى يىغىپ قولىغا تاياقتىن بىرنى ئالدى ـ دە ، هەيۋە قىلىپ باقتى . لېكىن ، بوْرىلەر قوزۇقتەك ئوْتكۇر چىشلىرىنى كوْرسىتىپ خىرقىراشتى . بۇ ئەسنادا قاياقتىندۇر قورساقلىرى خالتىلىشىپ ، سوْڭگەكلىرى ئوْچلىنىپ چىققان يەنە بىر بوْرە پەيدا بولدى . سەلىم بوْرىنىڭ ئوتتىن قورقىدىغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى ـ دە ، ئەتراپتىكى شاخلارنى گۇلخان ئۈستىگە تاشلىدى . ئوت لاۋۇلداپ كوْيۇشكە

باشلىدى . بۆرىلەر ئارقىغا چېكىنگەندەك قىلدىيۇ ، لېكىن كالپۇكلىرىنى يالىشىپ يەنە ئالدىغا سىلجىدى . قورقۇپ كەتكەن سەلىم شاخلارنى ئايىماي ئوت ئۈستىگە تاشلاشقا باشلىدى . قوتازنىڭ ئارقا تەرىپىدىمۇ يايلىلىرى قىزغۇچ قارا ، ئۆزى سارغۇچ بۆرىدىن ئىككىسى پەيدا بولدى . ئەمدى بۆرىلەر سەلىمنى ۋە قوتازنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋالغانىدى . ئۇلار بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلەتتى . قورقۇپ كەتكەن سەلىم كۆيۈۋاتقان چۇچۇلا ۋە شاخلارنى ئۇلارغا قارىتىپ ئاتتى . يال - يۇل نۇر چېچىپ كەلگەن ئوتتىن قورققان بۆرىلەر خىرقىرىشىپ ئارقىغا داجىدى . كېسىلگەن شاخلارمۇ ئاخىرلاشتى ، گۈلخان بولسا بارغانسېرى پەسلىمەكتە ئىدى . سەلىم قېلىن چاپانلىرىنى سېلىپ تاشلاپ ، تەلپىكىنى قەيەرگىدۇر چۆرۈۋەتتى - دە ، كۆيۈۋاتقان يوغان بىر شاخنى ئېلىپ ئالدى تەرەپتىكى ئۈچ بۆرىگە قاراپ يۈگۈردى . ئوتتىن چۆچۈگەن بۆرىلەر پارت — پۇرت قىلىشىپ چېچىلىپ كەتتى . لېكىن ، ئارقىدىن كەلگەن ئىككى بۆرە قوتازغا ئېتىلدى . قوتازمۇ تۇمشۇقىنى يەرگە تىرەپ ئۇلارغا بېشىنى قىلىپ تۇراتتى . سەلىم قولىدىكى ئۆچۈپ قالاي دېگەن شاخنى كۆتۈرۈپ ئۇلارغا قاراپ يۈگۈردى . چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلگەن سەلىم قوتاز يېنىدا پۇرقىراپ ئىس چىقىۋاتقان تاياقنى تۇتقىنىچە ، كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ تۇرغان بىر جۈپ بۆرىگە قادىلىپ قاراپ تۇراتتى . بۆرىلەر بارغانسېرى ۋەھشىيلىشىپ ، بىرنەچچە قەدەم ئارىلىقتىلا چۆرگىلەيتتى . بىر بۆرە ئۇنىڭغا شىددەت بىلەن ئېتىلىۋىدى ، سەلىم ئۇنىڭ قورسىقىغا شاخ بىلەن بىرنى ئۇردى . لېكىن ، قالغانلىرى بولسا كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىنلاشتى …

شۇ پەيتتە «گۇم - گۇم» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ يوغان ئىككى پارچە ئوت كۆرۈندى - دە ، سەلىمگە ئېتىلغان بۆرە تېپىچەكلەپ يىقىلدى ، قالغانلىرى بولسا دەرھال قاچتى …

— سەلىم ! …

— دا ... داۋۇت ئاكا ! ...

داۋۇت مىلتىقنى تاشلىۋېتىپ ئۇنى قۇچاقلىۋالدى . سەلىمە خۇددى كىچىككىنە مۈشۈكتىن قورقۇپ مومىسىغا چىڭ يېپىشىۋالغىنىدەك ، داۋۇتنىڭ باغرىغا سىڭىپ كەتتى ...

# ئون ئۈچىنچى باب

# شادىمان كۈنلەر

تاغ بۆلۈتلىرى ئەگەلگەن جۇدۇن ـ چاپقۇنلار ئارقىدا قالدى . ھەپتىلەر ، ئايلار ، يىللار تاغ چوققىلىرىنى ھالقىپ ئۆتكەن تۇمانلاردەك بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ۋە سۈرۈلۈپ ، دەرد ـ ھەسرەت ، پىغانلارنى ئۆزى بىلەن ئەكەتتى ... ئاجايىپ ۋەقەلەرنىڭ شاھىتى بولغان كىچىككىنە تاغ شۆبە سىنىپىمۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈش ھارپىسىدا تۇرماقتا ئىدى . چۆرىلىرى قورۇغا ئېلىنىپ ، دەرۋازا بېكىتىلگەن تاغ مەكتىپى يېڭى سېلىنغان سىنىپ ۋە ياتاقلار ، تەنتەربىيە مەيدانلىرى ، تەجرىبىخانا ، قىرائەتخانىلىرى بىلەن تېخىمۇ ئاۋاتلىشىپ كەتكەنىدى ! ... تاغ باللىرىنىڭ بۇ يىلقى ھاياتىمۇ داغدۇغىلىق ۋەقەلەر بىلەن ناھايىتى تېز لا ئۆتۈپ كەتتى ...

تاغدا بىر ئايدەك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان گېئولوگىيە ئەترىتىنى كۆلا كۆۋرۈككىچە ئۇزىتىپ قويۇپ كېلىۋاتقان بىر توپ كىشىلەر بىر ـ بىرىگە قوناق بەرمىگەن ھالدا ، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ كۆتۈرۈپ سۆزلەشمەكتە ئىدى . ئۇلار گېئولوگىيە ئەترىتى تەرىپىدىن مۇكاپاتلانغان ئوقۇغۇچىلارنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختىشاتتى . دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى توپلاش ئۈچۈن كەلگەن مىللىيچە داۋالاش مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە مىللىي شىپاخانىنىڭ تېۋىپلىرى بىلەن كۆڭۈللۈك ئۆتكەن يازلىق تەتىلنىمۇ ئەسكە ئېلىشاتتى .

بۇ قېتىم گېئولوگىيە ئەترىتىگە ياردەم بەرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇكاپاتلاندى . شۇڭا ، ئۇزىتىش ۋە

مۇكاپاتلاش يىغىنىغا يىراق ـ يېقىندىن كەلگەن ئاتا ـ ئانىلارمۇ قاتناشقانىدى .

سەلىم ، داۋۇت ، قادىرلارنى ئوراپ كېلىۋاتقانلار ئىچىدە نودەرنىڭ دادىسى «ئۇلۇغ تىلماچ» — نىياز ، چولپاننىڭ دادىسى بايىز چوقان ، ئاكىسى هارۇن ، بىر چاغلاردا سەلىم بىلەن «ئات ئىزى» دېگەن بىمەنە ئوقۇشنى ئۆگەتتىڭ دەپ ئۇرۇشقان سالىچۇقنىڭ دادىسى زاكىر خوجا ، ھەتتا بۇغاقاچتىدىن كەلگەن گۈلسۈمەنىڭ دادىسى سادىنلارمۇ بار ئىدى . قورچاققا جۇدى قىلىنغان نىساننىڭ ئاچىسىمۇ سەرۋەر بىلەن قىزغىن گەپلىشىپ كېلەتتى .

بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ خۇشال بولغىنى داۋۇت ئىدى . ئۇنىڭ ئاشۇ يوغان گەۋدىسى بىلەن بۇركۇتتەك چوققىلار ئارا پەرۋاز قىلغۇسى ، تاغ قاپلىنىدەك ھۆركىرەپ نەرە تارتقۇسى كېلەتتى . چۈنكى ، ئۇنىڭ ئوغلى تۇمەن يىللار بويى يانچۇقلىرىنى توشتۇرۇپ كەلگەن تاشلىرى ئۈچۈن ھەممىدىن كۆپ ماختالغان ، ھەممىدىن كۆپ قىممەتلىك سوۋغىلار بىلەن مۇكاپاتلانغانىدى ، ھەتتا گېئولوگىيە ئەترىتىنىڭ باشلىقى ھېلىقى تاقىرباش خەنزۇ ئۆزىنىڭ مەيدىسىدىكى گېئولوگىيە خاتىرە ئىزنىكىنى ئېلىپ ، ئۇنى ئۆز قولى بىلەن تۇمەننىڭ مەيدىسىگە تاقاپ قويىدى .

داۋۇت ئۆز ۋاقتىدا ئوغلىغا بىكارلا ئاچچىقلاپتىكەن . ئەگەر سەلىم : «ھەربىر بالىنىڭ قىزىقىدىغان نەرسىسى بولىدۇ . كىم بىلىدۇ ، كېيىنكى ۋاقىتتا ئۇ شۇ نەرسىنىڭ ئەھلى بولۇپ چىقامدۇ !» دەپ توسمىغان بولسا ، داۋۇت تۇمەننى «كېيىمنىڭ ساپاسىنى قويمىدىڭ» دەپ ساۋىغانمۇ بولاتتى . ھەي ، سەلىم دېگەن ئوقۇغان ـ دە ، ئوقۇغان ··· ھەر نەرسىنى ئالدىن بىلىشمۇ يەنە شۇ ئوقۇشتىن كېلىدىكەن . داۋۇتمۇ شۇنداق بولدى . ئۇ ھەر قېتىم پارتىيە مەكتەپتىكى كۇرستىن چىققاندا ، كۆزى روشەنلىشىپ ، كۆڭلى ـ كۆكسى كۆتۈرۈلۈپ ، نەزەر دائىرىسى كېڭىيىپ ، بىرەر ئىشقا دۇچ كەلگەندە ، ئالدى ـ ئارقىسىنى ئويلايدىغان

بولۇپ قالاتتى …
مانا سەلىم دېگەندەك ، تۇمەنمۇ ئاخىر ئۆزىنىڭ ئەمگىكىنىڭ مېۋىسىنى كۆردى . بۇ جەريان ناھايىتى ئاددىي ئۆتكەندى .
مەكتەپنى باش شتاب قىلغان گېئولوگىيە ئەترىتى يىغقان ھەر خىل تاشلارنى مەكتەپنىڭ يېڭى سالغان ئىشخانىسىدا تەكشۈرۈۋاتاتتى . بىر كۈنى تۇمەن ئاق قالپاقلىق كىشىنىڭ ھەرخىل تاشلارغا نەيچىلەردىن قىزىل ، يېشىل سۇيۇق دورىلارنى تېمىتىۋاتقانلىقىغا ، بەزىلىرىنى ئەينەك شىشىدىكى سۇيۇق بىر نەرسىگە چىلاپ چايقاۋاتقانلىقىغا قىزىقىپ قارىدى ، ئۇلارنىڭ يېنىدا ئۇزۇنغىچە ئولتۇردى .
— سىزنىڭ ئاۋۇ تېشىڭىز ، — دېدى تۇمەن كۆكۈچ پارقىراپ تۇرغان تاشنى كۆرسىتىپ ، — مېنىڭ تېشىمغا ئوخشايدىكەن . لېكىن ، مېنىڭكىدەك پارقىرىمايدىكەن .
— شۇنداقمۇ ؟
— ھەئە . تېخى ماۋۇ تېشىڭىز ، — دېدى تۇمەن قىزغۇچ بىر تاشنى قولىغا ئېلىپ ، — يوغان بولغىنى بىلەن مېنىڭ تېشىمدەك ئېغىر ئەمەسكەن .
— پاھ ، سېنىڭ تاشلىرىڭ قالتىس ئوخشىمامدۇ ، سەن بەلكىم سالغا تاشلىرىڭنى دەۋاتساڭ كېرەك …
— ياق ! — دېدى تۇمەن تۇمشۇقىنى سوزۇپ ، — ئېيتىڭا ، سىزنىڭ تاشلىرىڭىز قەغەزنىڭ ئۇۋاقلىرىنى ، ئۇششاق مىخلارنى ئۆزىگە تارتالامدۇ ؟
— ياق ، مېنىڭ تاشلىرىم تارتالمايدۇ ، — ئاق قالپاقلىق كىشى بىردىنلا تۇمەنگە كۆزلىرىنى تىكىپ چەكچىيىپ قاراپ قالدى ، — سېنىڭ تاشلىرىڭ تارتالامدۇ ؟
— تارتىدۇ ، پۈتمىسىڭىز مەن سىزگە كۆرسىتەي .
تۇمەن يانچۇقلىرىدا تولا تۇرۇپ سىلىقلاپ پارقىراپ كەتكەن تاشلىرىنى ئالدى . قالپاقلىق كىشى كۆزەينىكىنى سۈرتۈۋېتىپ قارىدى . ئۇ تاشلارنى لوپا ئەينەككە تۇتتى . قانداقتۇر بىر ئەسۋابنى

تــاشقا يېقىن ئەكېلىۋىدى، ھېلىقى ئەسۋاب تازۆك بىر سىگنال بەردى .

— سەن بۇ تاشنى قەيەردىن تاپتىڭ؟ …

— كەكلىككە قىلتاق قويغان يەردىن …

— ئۇ قايسى جاي؟

— ئاقچېقىل …

— بۇ تاشنــىچــۇ؟ — سوريــدى ھېلىــقــى كىشى ئارىلىرى يــول - يول كۆمۈشتەك يالىلداپ تۇرغان كۆكۈچ تاشنى قولىغا ئېلىپ .

— ئۇنى جىگدىچىگە تور قويغان يەردىن … ئۇ … ئۇ يەرنى «تاقىرھاڭ» دەيدۇ .

قالپاقلىق كىشى بىردەمدىلا بىرنەچچە ھەمراھىنى چاقىرىپ كــېلىپ تاشلارنى كۆرسەتتى . ئۇلارنىڭ باشلىقى بولسا كېرەك، چــاچــلــىرى شالاڭ، پېشانىسى پارقىراپ تۇرغان بىر خەنزۇ بۇ تــاشــلارنــى تولىمۇ ئىنچىكىلەپ تەكشۈردى ۋە تۇمەننىڭ بېشىنى سىلاپ : «خاۋ، خاۋ، تەي خاۋ①… » دەپ تۇمەنگە باشمالتىقىنى كۆرسىتىپ قويدى .

— سىلەر تېخى، — دېدى تۇمەن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، مــۇشۇلارغا ھاڭ - تاڭ قالدىڭلارمۇ؟ مېنىڭ پوپكامدا بۇنىڭدىن ئۆزلىرى بار ! …

مــانــا شــۇنــىــڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلار گېئولوگىيە ئەترىتىنى ئاجايىپ قورقۇنچلۇق تاغ قاپتاللىرىغا، چوڭقۇر جىرالارغا، تىك چېقىللارغا ئاپاردى . سەلىم يازدا دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى يىغىشقا ياردەم بەرگەندە، ئۆسۈملۈك ھەققىدە تاغلاردا دەرس ئۆتكەندەك، بــۇ قېتىممۇ تاغ ئارىلىرىدا مەدەنلەر توغرىسىدا ئۇلارغا ئەمەلىي دەرس ئۆتۈپ بەردى …

داۋۇت تاتلىق خىياللار بىلەن بىر توپ كىشىلەرنى باشلاپ مــەكتەپكە كىرىپ كەلدى . ئاتا - ئانىلار ئۆزلىرىــنــىــڭ ئات -

---

① ياخشى، ياخشى، بەك ياخشى .

ئۇلاغلىرىغا مىنىشىپ قايتىدىغان ۋاقىتىدا سەلىمگە كۆپ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭدىن كونا ئىشلار ھەققىدە ئەپۇ سوراشتى ... بولۇپمۇ ئۇلار سەرۋەرگە ئارقا ـ ئارقىدىن رەھمەت ئېيتىپ، ئۇنىڭ ساۋابلىق ئىشلىرىدىن ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا رازى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

— ئاتا ـ ئانىلاردىن ئەپۇ سورايمەن، — دېدى سەلىم ئۇلار بىلەن خوشلىشىۋېتىپ، — ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھانى بولغاچقا، بىر ئايدىن كېيىن بالىلار ئۆيگە قايتىدۇ.

— بىز بالىلاردىن بەخىرامان، — دېدى بايىز قارا ئايغىرنىڭ تىزگىنىنى سىيرىپ، — ئاتىسىدەك بېشىنى سىلايدىغان ئۆزلىرى بار. ساقىسىز بولسا ئەملەيدىغانغا سەرۋەرخان تۇرۇپتۇ ...

— بالىلار، — دېدى نىياز سۆز قىستۇرۇپ، — ئۆيگە بارغان بىلەنمۇ خىيالى مەكتەپتە، بۇ يەردىكى ئويۇن ـ تاماشا ئۆيدە يوق ـ دە! ...

— مۇئەللىم، — دېدى سادىر سېكرېتار ئېتىغا مىنىش ئالدىدا، — قىزىمنىڭ ئېيتىشىچە، بالىلاردىن شەھەردە ئىمتىھان ئالارمىشقۇ؟ ... كەم ـ كۈتىسىنى تەييارلاپ بېرىدىغان ئىشمۇ، قانداق؟

— مەنمۇ شۇنى سورىماقچىدىم، — دېدى ھارۇن سەلىمگە قاراپ.

— ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھانى مەكتەپتە ئېلىنىدۇ. لېكىن، تولۇق ئوتتۇرا ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوملارغا بېرىدىغان ئىمتىھان شەھەردە ئېلىنىدۇ. بۇ مەكتەپتىن بىر تۈتاش ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

— سادىر، — دېدى داۋۇتمۇ چاقچاق ئارىلاش، — سەلىم مۇئەللىم بۇ يىل سېنىڭ قىزىڭ گۈلسۈمە، نىيازنىڭ ئوغلى نودەرلەرنى سەنئەت مەكتىپىگە تونۇشتۇرۇپ بېرىمەن، دەيدۇ. چىدالارسەنمۇ؟

— ھەي گونداز، چېكىپ بېقىۋاتقىنىڭنى قارا، ئەگەر سېنىڭ بېشىڭغا كەلسىچۇ؟

— ئىمتىھاندىن ئۆتۈپلا قالسا ، نەگە بولسا بىرسەن !
— مەنمۇ شۇ ، سۆسەر بىلەن قۇندۇزنىڭ تېرىسىنى ساق ئالىمەن ، دېگەن ئادەم ئۇنىڭ چىشى بىلەن تىرنىقىدىن قورقماسلىق كېرەك ... ھا ... ھا ... ھا ...
ئاتا ـ ئانىلارنى ئۇزىتىپ زەڭگەر بۇلاقىچە كەلگەن سەلىم كەينىدە كېلىۋاتقان زاكىر خوجا بىلەن پاراڭلىشىپ قالدى . زاكىر كىچىك ئوغلى سالچۇققا ئانىسىنىڭ چىدىمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ھامان ئۇنى ئۆيگە قايتۇرۇپ بېرىشنى سورىدى . بۇنداق گەپ يەنە باشقا ئاتا ـ ئانىلاردىمۇ بار ئىدى .
— زاكىرئاخۇن ئاكا ، — دېدى سەلىم ئۇنىڭ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ ، — سالچۇقنىڭ ئوقۇشى ياخشى ، ئەگەر ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ قالسا ، ئۇنىڭ رايىغا باقايلى .
— شۇنداق قىلساققۇ تېگىل ئوبدان بولاتتى ، لېكىن ، ھەر شەنبە كەلگۈچە تاقىتىم تاق بولۇپ كېتىدۇ . ئۇ مەكتەپتىن ھەرخىل قىزىق كىتابلارنى ئەكېلىپ كېچىچە ئوقۇپ بەرگەچكە ، ئۇنىڭغا بەكمۇ ئىجىل بولۇپ قاپتىمەن .
— بۇ توغرۇلۇق ئۆزلىرى بىلەن سۆزلەشكىلى بارماقچىدىم . چۈنكى ، سالچۇق يۇقىرى مەكتەپلەردە ئوقۇشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىدۇ .
— شۇنداقمۇ ؟ قارا بۇ ئۇندىمەسنى ! ئۇنداقتا ، ئانىسى بىلەن يەنە بىر مەسلىھەت قىلىپ باقاي ! ...
ئاتا ـ ئانىلىرىنى ئۇزىتىپ قويغان باللار چۇرقىرىشىپ يېنىپ كېلىشتى . سەلىممۇ مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرىۋىدى ، ئاشخانا ئالدىدا تۇرغان سەرۋەر ئۇنى چاقىردى :
— مۇئەللىم ، سىزگە ئازراق تاماق ئېلىپ قويغانىدىم ، بابا زىياپەتتە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ھېچنېمە يېيەلمىدىڭىز ...
سەلىم سەرۋەرنىڭ يانىغا كىردى . سەرۋەر ئۇچۇن ئاشخانىغا يانداپ سېلىنغان بۇ ئۆي گەرچە كىچىك بولسىمۇ ، ئاپئاق ئاقارتىلىپ ، كارىۋات ، ئۈستەل ئورنىدا قويۇلغان ساندۇق ، ئۇنىڭ

ئۈستىگە يېيىلغان شەھەر پاسونىدىكى چوچىلىق تور، تىزىلغان كىتاب — دەپتەرلەر ئۆز جايىدا سەرەمجانلاشتۇرۇلغانىدى. كارىۋاتنىڭ باش تەرىپىدىكى تامدا سەلىم بەرگەن كالېندار ئېسىقلىق تۇراتتى.

سەرۋەر ھازىر بۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇنقى پۈتىغا كۆل رەڭ بۇغا تېرىسىدىن چورۇق تارتىپ، تىزلىرىغىچە كۆك مونچاقلىق جاۋا ئورىغان، تېرە پىنجەك ئۈستىدىن كەمەر باغلىغان سەرۋەر ئەمەس ئىدى. ئۇ سەلىمنىڭ زورى بىلەن شەھەردە ئىككى قېتىم دوختۇرلۇقنى ئۆگىنىپ كەلگەندىن كېيىن، كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ، ماي كېچىلىرى تاغ ئاسمىنىدا كۆرۈنگەن تولۇن ئايدەك ھۆسنىگە تولغان جازىبىلىك، چىرايىدىن تەبەسسۇم تېمىپ تۇرىدىغان سەرۋەر بولۇپ قالغانىدى.

— قادىر مۇئەللىم ئۆيىگە كەتتىمۇ؟ — دېدى سەلىم سەرۋەرنىڭ ئەكەلگەن نېرىنىنى يەۋېتىپ.

— ھەئە، ئايالى ئاغرىپ قاپتىكەن، ئەنسىرەپ ...

— سىز بارمىدىڭىزمۇ؟

— بېرىپ تەكشۈرۈپ كەلدىم، يەنە بىرەر ئاي ۋاقتى بار، پەقەت پارچە تولغاق ...

— ئانىسى بولغان بولسىمۇ قادىر ئاكام ئۈچۈن يار - يۆلەك بولاتتى.

سەلىم قادىرنىڭ ئايالىنىڭ تۇنجى تۇغۇتىدا يوقلاپ بارغىنىدا، مومايىنىڭ قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتكىنىنى ئەسلىدى. تاغ شۆبە سىنىپى ئۈچىنچى يىللىققا كۆچكەن بىر يىل ئىچىدە خۇشال - خۇراملىق كۆڭۈلەرمۇ كۆپ بولدى، لېكىن بىر خۇشاللىقنىڭ بىر خاپىلىقى ... دېگەندەك، قايغۇلۇق ۋەقەلەرمۇ بولماي قالمىدى. سەلىم يالغۇزلۇق ھېس قىلىپ زېرىككەن كۆڭۈللىرىدە بېرىپ گۇڭگۇر - مۇڭگۇر مۇڭدىشىپ كېلىدىغان جەپەر بوۋاي باش ئەتىيازدا تۈگەپ كەتتى. قادىر ئۈرۈمچىدە بىلىم ئاشۇرۇپ قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئانىسى جەننەتخان ئانىمۇ تۇيۇقسىزلا بىر كېچىدە

كۆز يۇمدى .

— سەرۋەر ، — دېدى سەلىم دەملەنگەن چايدىن بىر ئوتلىۋېتىپ ، — بىر خۇش خەۋەر بار ، ئىككىمىز ئۆلگىلىك ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئورۇمچىدە ئېكسكۇرسىيە ۋە ساياھەتتە بولىدىغان ئۆمىكىگە قاتنىشىدىكەنمىز . ناھىيىدىن بېكىتىپتۇ .

— راستما ؟

— راست ! تېلېفون كەلدى . مەن قادىر ئاكامغا : «سىز بېرىڭ !» دېسەم ، ئۇ : «بالىلارنى شەھەردىكى ئىمتىھانغا قاتناشتۇرۇپ بولۇپلا قايتىپ كەلمىسەم بولمايدۇ» دەپ ئايالىدىن ئەنسىرەپ تۇرىدۇ .

ئورۇمچىنىڭ گېپى چىقىشى بىلەن سەرۋەر ھاياجانلىنىپ كۆزىگە ياش ئالدى . يەنە كېلىپ ئورۇمچىگە سەلىم بىلەن بىرگە بارىدىكەن ، نەقەدەر كۆڭۈللۈك ئىش ـ ھە ؟ ! ئۆمرىدە كۆلا كۆۋرۈكىدىن نېرىغا ئۆتمىگەن بۇ يېتىم قىز تۇنجى قېتىم ناھىيىگە كىرىش خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىمۇ مۇشۇنداق ھاياجانلانغانىدى . بىرنەچچە كېچە كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىگەن … ئۇ شەھەر كۆرۈش ئىستىكى بىلەن ھاياجانلانغانىدى ، ئۇ شەھەر كۆردى ھەم ئۇ يەرگە كۆندى . شەھەر دېگەن ياخشىكەن ، كېچىلىرى ئالتاغىل تولۇپ ، كوچىنىڭ ھەممە يېرىدە ماڭىدىغان مەستلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئادەملىرى تەرتىپلىك ، مەدەنىي ، ئىناق ، مۇلايىم بولىدىكەن ! … ئۇلارنىڭ مېڭىش — تۇرۇشلىرى ، گەپ ـ سۆزلىرى ، مۇئامىلىلىرى ، ھەتتا كىيىنىشلىرىدىنمۇ بىر خىل مەرىپەت ھىدى گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرىدىكەن . ئەمدى ئورۇمچىدەك كاتتا شەھەرگە بارماقچى . ئۇ شەھەر تېخىمۇ ياخشىدۇ . مۇئەللىم تۇزلۇق سايغا ، يامانبۇككە بارغاندا ، بالىلارنى ئېلىپ ساياھەتكە چىققان چاغلاردا سۆزلەپ بەرگەن نەنسەن تېغى ، بوغدا كۆلى ، خەلق باغچىسى ، ھايۋانات باغچىسى دېگەن جايلارنى كۆرسە ـ ھە ! …

— جىمىپ كەتتىڭىزغۇ ، سەرۋەر ؟

— ياق ، ئورۇمچىنى خىيالەن كۆز ئالدىمغا

كەلتۈرۈۋاتىمەن — ... دېدى سەرۋەر كۈلۈپ ، — مۇئەللىم ، قاچان ماڭىدىكەنمىز ؟ ...

— تېلېفوندا ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىنى 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئاياغلاشتۇرۇپ بولۇپ يولغا چىقىڭلار ، قادىر ئوقۇغۇچىلارنى 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى باشلىنىدىغان شەھەردىكى ئىمتىھانغا ئۈلگۈرتۈپ ئەكەلسە بولىدۇ ، دېدى .

— ئەمىسە ئاز قاپتىغۇ ؟

— لېكىن ، سەرۋەر مەن ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىدىن كېيىن ، ئوقۇغۇچىلارغا ئۈچ يىلدىن بۇيان ئۆتۈلگەن دەرسلەر ئىچىدىن ئەڭ قىيىن بابلارنى قايتا ئۆتۈشنى ئويلاۋاتىمەن .

— نېمە ئۈچۈن ؟

— بىرىنچىدىن ، بالىلارنىڭ تەقدىر ـ ئىستىقبالىدىن ئەنسىرەيمەن ... ئىككىنچىدىن ، شەھەر مەكتەپلىرى ، رەھبەرلەر ۋە تاغ خەلقى ئالدىدا مەكتەپنىڭ يۈزى تۆكۈلمىسۇن ! كىشىلەرنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمىز ؟ شۇڭا ، ئاز دېگەندە بەش كۈندىن بىر ھەپتىگىچە تەكرارلاش ئېلىپ بارىمەن .

بۇ گېپچە سەرۋەر تاڭ سۆزلۈگىچە كىرپىك قاقمىدى . ئۇ نازۇك تەبىئەتلىك يىگىت — سەلىمنى ئويلاپ چىقتى . ئۇمىدلەرنىڭ يۈرەكتىكى يالقۇنى بىلەن ياشاپ كەلگەن بۇ يىگىت ھەرقاچان ـ ھەر مەھەل نومۇس كۈچى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئىمتىھانلاردىن ئەنسىرەۋاتاتتى ...

تاڭ ئاتار ئالدىدا ئۇخلاپ قالغان سەرۋەر ئۇيقۇلۇق پىچىرلايتتى ۋە كۈلەتتى . شۇنداق ، ئۇ چۈش كۆرۈۋاتاتتى . چۈشىدە بۇغدا كۆلىنىڭ زۇمرەتتەك سۈيىدە ماتورلۇق كېمىدە كېتىپ بارغۇدەك ، رومىلى يۈزلىرىگە ئۇرۇلۇپ ، چاچلىرى بويۇنلىرىنى غىدىقلىغۇدەك ، تۇرۇپلا ، نەنسەن تاغلىرىنىڭ قارىغايزارلىقلىرىدا سەلىم بىلەن قوغلىشىپ يۈرگۈدەك ... ئەنە ، خەلق باغچىسىنىڭ گۈللۈكلىرى ... پاھ ، نېمىدېگەن چىرايلىق ـ ھە ! مودەنگۈل ، ئەتىرگۈل ، قىزىلگۈل ، سەبدەگۈللەر ...

سەرۋەر ئەتىسى ئورنىدىن خۇشال تۇردى . ئەمما ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەرەپ ـ تەرەپتە دەرس تەكرارلاۋاتقىنىنى كۆرۈپ ، بىردىنلا غەمكىن بولۇپ قالدى …

تۇغرا ، ئۇ شەھەرگە كىرىپ يۇقىرى مەكتەپلەرگە كىرىش ئىمتىھانىغا قاتنىشالمىسا قانداق بولىدۇ ؟ ئۆمۈر بويى ئاشپەز بولۇپ ئۆتۈپ كېتەمدۇ ؟ ياق ، بولمايدۇ . بۇنى سەلىمگە ، ھەتتا ئابدۇرېشىت ھاكىمغىمۇ ئېيتىش كېرەك … ئۇ ئۇرۇمچىگە بارمىسىمۇ مەيلى ، لېكىن ئوقۇشتىن قالسا بولمايدۇ ـ دە !… سەلىمنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ قالامدۇ ؟ ! ئەگەر ئىمتىھانغا قاتنىشىپ يىراق يەرلەرگە ئوقۇشقا كەتسىچۇ !… ۋاي ياق… ئۇ… ئۇ چاغدا …

دەرۋەقە بويىغا يەتكەن بۇ تاغ قىزى كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۆز قەلبىدە پەيدا بولغان قاتتىق تەۋرىنىشنى سېزىپ قالدى . ئۇ ئۇمىد قىلاتتى ، خالاس . ئۇ چۈشىنەتتى … سەلىم ئۇنىڭغا داۋاملىق ئۇستازلىق بۇرچى بىلەن خەيرخاھلىق قىلدى ، ئاسرىدى ، ئۇنى تەربىيىلىدى . باشقا ئوقۇتقۇچى بولغاندىمۇ بۇنداق قارىغۇچىسى ، ھىماتى بولمىغان قارا يېتىم قىزغا ئوخشاشلا ئىچ ئاغرىتقان بولاتتى ـــ دە … سەلىممۇ پەقەت ئەنە شۇنداق ئىچ ئاغرىتقاندۇ ؟ … ھېسداشلىق قىلىپ بېشىنى سىلىغاندۇ ؟ ! …

ئۇنداق بولسا ، نېمە ئۈچۈن سەرۋەرنىڭ قەلبى تەۋرىنىدۇ ؟ … نېمە ئۈچۈن بۇلاق سۈيىدەك داۋالغۇپ بىئارام بولىدۇ ؟ ! بۇ سەلىم بىلەن ئىككىسىنىڭ ئۇرۇمچىگە بىللە بارىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، پەيدا بولغان سىرلىق تۇيغۇمۇ ياكى كېچىدىن كۆرگەن چۈشىنىڭ بەرگەن تەسىرىمۇ ؟ … چۈش دېگەن چۈش ـ دە … ئىبە سەرۋەر ، سەرۋەر ! سېنى ياخشى كۆرمىگەن ، شۇنداق ، ياخشى كۆرمىگەن ، پەقەت ساڭا ئىچ ئاغرىتقان بىر كىشىنىڭ قەلبىگە يۈسۈپ كىرىشنى نومۇس دەپ بىلمەمسەن ؟ … سەن راستىنلا كىتابلاردا يېزىلغاندەك مۇھەببەتنىڭ قەلەندەرى بولۇپ قالدىڭمۇ ؟ …

«ياق ، مەن ھەرگىز بۇنداق قەلەندەر بولمايمەن ... زادى ئۇنداق بولمايمەن ! ... »

— سەرۋەر ئەمبەلدىكى خېمىر بىلەن گەپلىشىۋاتامسىز ؟ — دېدى ئىدرىس ئاشخانا ئىشىكىدىن بېشىنى تىقىپ ، — سەلىم مۇئەللىمگە خەت كەپتىكەن ، ئۇ دەرسكە كىرىپ كېتىپتۇ ، سىز بېرىپ قويامسىز ؟ مەن ئالدىرايتتىم ...

— ماقۇل !

سەرۋەر خېمىر يۇقى قوللىرى بىلەن خەتنى ئالدى ۋە بىر قاراش بىلەنلا چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى . چۈنكى ، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئەڭ ئالدى بىلەن «گۇلناردىن» دېگەن خەتكە چۈشكەنىدى . ئۇ خەتنى نېرىغا ئىتتىرىپ قويۇپ خېمىر يېيىۋاتقاندا ، يوغان بىر تامچە ياش بېغىدىن ئايرىلغان جىنەستىدەك يۈزلىرىدىن يۇمىلاپ يالاڭ بىلىكىگە چۈشۈپ كەتتى ...

— سەرۋەر ؟

سەرۋەر چۆچۈپ قارىدى . ئالدىدا كىتاب قولتۇقلىغان سەلىم تۇراتتى . ئۇ ئالمان ـ تالمان يۈزىنى سۈرتۈۋېتىپ يەرگە قارىۋالدى .

— يايغان خېمىرىڭىزنى كېسىۋېتىپ ، دەرھال سىنىپقا كىرىڭ .

— مۇئەللىم ... سىز ... سىزنىڭ خېتىڭىز ... ئىدرىس ئاكام ...

سەلىم خەتنى قولىغا ئالدى ـ دە ، شۇندىلا سەرۋەرنىڭ ياش يۇقى كۆزلىرىدىكى مەنىنى چۈشەندى ... ئۇ ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا خەتنى مىجىقلاپ لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوچاققا تاشلىۋەتتى...

— مۇئەللىم ، سىز ...

— تېز بولۇڭ ، ھازىر ئەڭ قىيىن بابتىن تەكرار قىلىپ بېرىمەن !...

سەلىمنىڭ قوپال ۋارقىرىشى ئەلۋەتتە سەرۋەرگە قارىتىلمىغانلىقى ئېنىق ئىدى . گۈلنارنىڭ خېتىنى ئېلىش بىلەنلا ، تېخى يېقىندىلا ئاڭلىغان بىر خەۋەر ئۇنىڭ ئېسىگە كەلگەنىدى .

شەھەردە ئۈچ خىل ئادەملەرنى ئىنقىلاشتا بۆلاگچىلىق ۋە باسقۇنچىلىق جىنايىتى پاش بولغان سۇلتان قولغا ئېلىنىپ ئوچۇق سوتقا تارتىلغاندى . ئارقا ئىشىك قىلىپ يۆتكەلگەن كادىرلارنى ئۆز ئورنىغا قايتۇرۇش پرىنسىپى بويىچە ، گۈلنارمۇ ئەسلىدىكى مەكتىپىگە قايتۇرۇلغانىدى .

# تاغ گۈزىلى

ئىيۇل ئايلىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى . ئېگىز بىنالارنى تۇمان پەردىسىگە قاپلاپ لەرزان تۆكۈلۈۋاتقان يامغۇر ئاسفالت يوللارنى يۇيۇپ ، قارىغاي قاتارلىرىنى يايپېشىل ياشنىتىۋەتكەنىدى . ئاپتوبۇسنىڭ دېرىزىلىرىگە يېپىشىۋالغان تاغ باللىرى «ۋاي ئانىكام ، ۋاي توۋا» دېيىشكىنىچە قەد كۆتۈرگەن رەڭدار بىنالارغا ، يالت - يۇلت نۇر زەررىلىرىنى چېچىپ ئايغى ئۈزۈلمەي ئۆتۈۋاتقان ھەرخىل ئاپتوموبىللارغا ، خۇددى باھار كېلىش بىلەنلا تاغ قاپتاللىرىنى قاپلاپ كېتىدىغان موگۈغا ئوخشايدىغان رەڭگارەڭ كۈنلۈكلەرنى كۆتۈرۈۋالغان ، يېڭى مودىدا نەپىس كىيىنگەن كىشىلەرگە قاراپ تويمايتتى . ئۇلار ھەربىر گۈللۈك ۋە روجەكلەردىن ئايلىنىپ يېڭىدىن - يېڭى قەۋەتلىك بىنالارنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ، سەلىم ، قادىر ، سەرۋەرلەردىن توختىماي سوئال سورايتتى . سەلىممۇ زېرىكمەي چۈشەندۈرەتتى : «مانا بۇ ناھىيىلىك كومىتېت» ، «قاراڭلار ، ئاۋۇ مەرمەردەك پارقىراپ تۇرغىنى ھۆكۈمەت بىناسى» ، «بۇ بولسا تەنتەربىيە مەيدانى» ...

— ۋاي ئانىكام ، بۇ مەيدان نېمانچە چوڭ ، مۇئەللىم ؟

— قىشتا مۇز مەيدانى ، يازدا غالتەكلىك كانكى مەيدانى قىلىنىدۇ !

— مۇزدا غىل ئوينامدۇ ، مۇئەللىم ؟

— غالتەكلىك كانكى دېگىنى نېمىسى ؟ ...

ئاپتوبۇس ئىشكى قاسنىقىدا ھەيۋەتلىك بىنالار قەد كۆتۈرگەن كەڭ ئاسفالت كوچىلاردىن ئايلىنىپ مېڭىپ ناھىيىلىك ئوتتۇرا

مەكتەپكە كىرىپ كەلدى . باللار : «بىزنىڭ ئانا مەكتىپىمىز ...» ، «باش مەكتەپ مۇشۇ ئىكەن» دېيىشىپ چۇرقىرىشىپ كېتىشتى . مۇدىر ۋە بىرقانچە ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى يىغىلىپ ، باللارنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ، ئۇلارنى ئالدىن تەييارلانغان ياتاقلارغا ئورۇنلاشتۇردى .

سەلىم بىلەن قادىر ئايرىم ياتاقتا ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن ، قىز - ئوغۇللارنىڭ ياتاقلىرىنى بىرقۇر تەكشۈرۈپ چىقتى . سەرۋەر قىزلار بىلەن بىر ياتاقتا ئورۇنلاشقانىدى . ئوقۇغۇچىلاردىن خاتىرجەم بولغان سەلىم بىلەن قادىر ياتاقتا كىرىپ يۈزلىرىنى يۇيۇپ تۇرۇۋىدى ، مۇدىر كىرىپ كەلدى .

— بايا يامغۇردا تۇزۇكرەكمۇ ئەھۋاللاشقىلى بولمىدى ، — دېدى مۇدىر قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ ، — باللارنىڭمۇ ئىمتىھانغا ئۇلگۇرۇپ كەلگىنى ياخشى بولدى ، لېكىن سەلىم بىلەن سەرۋەرنىڭ ئېكسكۇرسىيە ئۈمىكىدىن قېپقالغىنى بولمىدى .

— ئېكسكۇرسىيە ئۈمىكى يولغا چىقتىمۇ ؟

— ئۇلارنىڭ يولغا چىققىنىغا تۆت كۈن بولدى . جۇيجاڭ بىلەن ھاكىم بەك جىلە بولۇپ كەتتى . جۇيجاڭنىڭ يېنىغا بۈگۈن ھاردۇقۇڭلارنى ئېلىپ ئەتە ئەتىگەن بېرىپ كەلسەڭلارمۇ بولىدۇ .

— كەچتە بېرىپ كېلەيلى ، قانداق قادىر ئاكا ؟

— بولىدۇ ، ماشىنىدا ماڭغانغىمۇ ھارامدۇ كىشى ؟

سەلىم كەچلىك تاماقتىن كېيىن قادىر بىلەن سەرۋەرنى باشلاپ جۇيجاڭنىڭ ئۆيىگە بارغاندا ، جۇيجاڭ باللىرى بىلەن تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇراتتى .

— بەللى ، بەللى سەلىمجان ، خەلپەم كۆلمەيدۇ ، كۆلسە تېلىقىپ قالىدۇ دەپ ، تاغدىن كەلمىكىڭىز شۇنچە تەس بولۇپ كەتتا ؟ قېنى ئىچكىرىگە كىرىپ كېتەيلى !

جۇيجاڭنىڭ ئايالى بىر لېگەندە دۆۋىلەپ قىزىل ئۈزۈم ئەكىرىپ ، يۇمشاق ناندىن ئوشتۇپ قويدى ۋە تەبەسسۇم بىلەن :

— قېنى ، چېيىم دەملىنىپ بولغۇچە ئۈزۈمدىن ئالغاچ

تۇرۇڭلا ! — دېدى .
جۇيجاڭ سەلىم بىلەن مەكتەپ ، ئوقۇغۇچىلار ۋە ئىمتىھان ھەققىدە بىرقۇر ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن ، ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىنىڭ ئۇلارنى ھاكىمنىڭ يولىيورۇقى بىلەن ئىككى كۈن ساقلىغانلىقىنى ، قاراڭغۇ تاغقا بىرنەچچە قېتىم تېلېفون بېرىپ ئالالمىغانلىقىنى ئېيتىپ ، بىرئاز كايىغانمۇ بولدى :
— ھاكىم ئاچچىقلاپ تاپان چېلىپ كەتتى ، — دېدى جۇيجاڭ ئۇلارنى ئۇزۇمگە سايە قىلغاچ ، — مانا ئۇلار ئەتە كەچ ، ئەڭ بولمىسا ئۆگۈنلۈككە ئەتىگەن ئۈرۈمچىگە چۈشىدۇ . ئىككى كۈن ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى زاۋۇت - كارخانىلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىدۇ ، ئۇنىڭدىن كېيىن سىرتلارغا ماڭىدۇ ، ئۇلگۈرگىلى بولمايدۇ ...
— جۇيجاڭ ، ھاكىم بىلەن سۆزلىشىپ باقساق بولماسمۇ ؟ — دېدى قادىر ، — تاغدا ئۈچ كۈن قاتتىق يامغۇر يېغىپ تېلېفونخانا ئۆرۈلۈپ چۈشتى ... بولمىسا ...
— ئايروپىلاندا ماڭسىغۇ ئۇلگۈرىدۇ ، لېكىن مالىيە بۆلۈمىدىكىلەر رەسمىيەتنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ ، — دېدى جۇيجاڭ سەلىم بىلەن قادىرغا تاماكا سۇنۇپ ، — توغرا ، ھاكىم تەستىقلىسا بولىۋېرەتتى ...
— ئەمىسە ، ھازىر بېرىپ كەلسەك بولماسمۇ ؟ — دېدى قادىر .
— جۇيجاڭنى كېچىدە ئاۋارە قىلىپ يۈرمەيلى ، — دېدى سەلىم ئوڭايسىزلىنىپ .
— نېمە ئاۋارىچىلىك بولاتتى . ناھايىتى ئىككى قەدەم ئارىلىققۇ ! ھە راست ، ھاكىم ئۆزىمۇ : «سەلىم بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان ئىشلىرىم بار» دېگەندەكمۇ قىلىۋىدى .
جۇيجاڭ ئۇلارنى باشلاپ سىرتقا چىققاندا ، سىمىلداۋاتقان يامغۇر توختىغان بولۇپ ، تازا نەم ھاۋا ئادەمگە ھۇزۇر بېرەتتى .
ھاكىم ئۇلارنى يېنىك چاقچاقلار بىلەن قارشى ئالدى . ئۇلار داۋۇت ھەر قېتىم كەلگىنىدە ھاكىم بىلەن كېچىچە مۇڭدىشىپ

ياتىدىغان كەڭ ئازادە مېھمانخانىغا كىرىشتى . ھاكىمنىڭ مۇلايىم ئايالى ، خۇش چاقچاق قىزى بىردەمدىلا يۇمشاق دېۋان ئالدىدىكى پاكار ئۇستەلنى يېمەكلىكلەر بىلەن تولدۇرۇۋەتتى .

— ھە ، قېنى ، بىرنەرسىلەردىن ئالغاچ پاراڭلىشايلى ، — دېدى ھاكىم قىزىنىڭ قولىدىن بىر لېگەن ئالمىنى ئېلىپ ئۈستەلگە قويۇپ ، — بۇ باغۋەنچىلىك مەيدانىنىڭ سورتلۇق سۈت ئالمىسى ، قېنى ئېلىڭلار ! ...

— مانا بۇ «قىزىل مارشال» ، — دېدى ھاكىمنىڭ قىزى يەنە بىر تەخسە رەڭدار ئالمىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ ، — دادام بۇ ئالمىنىڭ سورتىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن باغۋەنچىلىك مەيدانىغا توپتوغرا توققۇز قېتىم قاترىدى ...

ئۆي ئىچىدە قاقاقلاپ كۈلكە كۆتۈرۈلدى .

— سەلىم ، مائارىپ ئىدارىسى بۇرۇنلا ئۇقتۇرۇش قىلغان تۇرسا ، — دېدى ھاكىم ئۇلارغا ئالما ئاقلاپ بېرىۋېتىپ ، — ئۇلگۇرۇپ كېلەلمىدىڭغۇ ؟

— مۇئەللىم ، — دېدى سەرۋەر قىپقىزىل قىزىرىپ ، — ناھىيىدىن بىر تۇتاش چىقىرىلغان ئىمتىھان سوئاللىرىنى بالىلارغا ئىككى نۆۋەت تەكرارلاپ بەردى ...

— ھىم ، مۇنداق دەڭ ، مەن تېخى ئۇنى ئاغرىپ قالدىمىكىن دەپ ئەنسىرەپتىمەن . ھە ، ھازىر ئەھۋالىڭ قانداق ؟

— خېلى ياخشى ، سىز چىقارتىپ بەرگەن دورىلار بەكمۇ پايدا قىلدى .

سەلىمنى دوختۇرخانىدا ئۆزى تەكشۈرتكەن ، ئۇنىڭ كېسەل دىئاگنوزىنى ئېنىق بىلىدىغان ئابدۇرېشىت ھاكىم ئۇنىڭدىن تولىمۇ ئەنسىرىگەنىدى . شۇڭا ، ئۇ بىرنەچچە قېتىم پوچتا ئارقىلىق ۋە قاراڭغۇ تاغ گۇڭشېسىدىن تېرە ـ يۇڭ توشۇغان شوپۇرلاردىن ياخشى دورىلارنى چىقارتىپ بەرگەنىدى .

— ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى بىلەن بالدۇرراق ماڭساڭ ياخشى بولاتتى ، — دېدى ھاكىم سەلىمگە ئاقلانغان ئالمىنى سۇنۇۋېتىپ ، — خەير بوپتۇ ، ھېلىمۇ بىر ئامالىنى قىلارمىز ...

— ئەمدى ماشىندا ماڭسا ئۆلگۈرەلمەسمىكى ! — دېدى جۇيجاڭ ھاكىمنىڭ چىرايىغا قاراپ .

— ماشىندا قانداق ئۆلگۈرىدۇ ، ئايروپىلاندا ماڭسۇن . ئەتە ئىدارىنىڭ بوغالتىرىنى ئەۋەتكىن ، مەن ناھىيىلىك كومىتېت ئىشخانىسىدىن تونۇشتۇرۇش خېتى قىلدۇرۇپ بېرەي ، ئىلاجى بار ئۆگۈنلۈككە ماڭدىغان بىلەتنى ھەل قىلسۇن !

جۇيجاڭ ، سەلىم ، قادىرلار بىر - بىرلىرىگە قاراشتى ... لېكىن سەرۋەر چىرايلىق ھال رەڭ لەۋلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ، نەيزىدەك كىرپىكلىرىنى يەرگە قارىتىنچە جىمجىت ئولتۇراتتى . باياتىن بېرى ئۇنىڭ تەبىئىتىدىكى خىرەلىكنى سەزگەن ھاكىم قىپقىزىل پارقىراپ تۇرغان بىر تال ئالمىنى ئۇنىڭغا سۇندى :

— سەرۋەرگۈلگە ئۆزىگە ئوخشايدىغان مۇشۇ ئالمىنى بېرەي ، قېنى ، ئېلىڭ ! ...

سەرۋەر ئەدەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئالمىنى ئالغاندىن كېيىن ، ئاستاغىنا «رەھمەت» دېدى . ئۇنىڭ يۈزى قولىدىكى ئالمىدىنمۇ ئارتۇقراق رەڭ ئالدى .

— پالۋان قىزىمىز سەرۋەرنىڭ ئالا كۆچۈكلىرى كېلىپ قاپتىغۇ ؟ قايسىڭلار ئاچچىقلىتىپ قويدۇڭلار ؟

— سەرۋەرنىڭ ، — دېدى سەلىم كۈلۈپ ، — جۇيجاڭ بىلەن ئۆزلىرىگە پىكرى بار ئوخشايدۇ ... ئۇنىڭ ... يۇقىرى مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بەرگۈسى بار ئىكەن ...

— شۇنداقمۇ ؟ — دېدى جۇيجاڭ ھاكىمغا مەنىلىك قاراپ قويۇپ ، — ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىغا قاتناشقان بولسا بولدى ، بۇ توغرۇلۇق مېنىڭ كۆڭلۈمدە سان بار .

— شۇنداق ، — دېدى ھاكىم جىددىي تەلەپپۇزدا ، — بۇ قېتىم سەلىمنى ئېكسكۇرسىيىگە ئەۋەتىشتىكى مەقسىتىمىز ئۇنىڭ داۋالىنىشىغا پۇرسەت يارىتىش . مەن لىتىپ يەنجاڭ بىلەن سۆزلىشىپ قويدۇم . ئەتە ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدىن رەسمىيەتلەرنى توغرىلاپ بېرىمەن . سەرۋەر بولسا ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئالىدۇ .

تىل بىلەن ئىزھار قىلىپ بولمايدىغان تولىمۇ نازۇك بىر تۇيغۇ سەلىمنىڭ ۋۇجۇدىنى بىردىنلا لەرزىگە سېلىپ تىترىتىپ ئۆتتى. مېھرى ئوتلۇق بۇ تۇيغۇ ئۇنىڭ قەلبىگە سىغماي كۆزلىرىدىن ئېتىلىپ چىقىدىغاندەك، ئۇنىڭ كۆز جىيەكلىرى قىزىرىپ، كىرپىكلىرى نەملەشتى ... شۇ تاپتا بۇ جاپاكەش ئوقۇتقۇچىنىڭ يۈرەك سۆزلىرى كۆكسىدە قايناۋاتاتتى، پۈتۈن ئۆمرىنى ئاۋام خەلقنىڭ خۇشاللىقىغا، كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ بەختىگە ئاتىغان ئابدۇرېشىت ھاكىمدەك ئادەمدىن ناھىيىدە يەنە نەچچىسى باردۇ؟ ... مۇشۇنداق ئادەملەر بىلەن دۇنيانىڭ چېتىدە ئىشلىسەڭمۇ ئۆزۈڭنى ئەركىن ـ ئازادە، گويا باغدا ياشاۋاتقاندەك ھېس قىلىسەن ـ دە! ... ئۇ ئادەملەر يېنىڭدا بولمىسىمۇ، كۆڭۈل ئېكرانىڭدا ساڭا تىكىلىپ تۇرىدۇ، ھەربىر ئىشىڭدا مەسئۇلىيەت سېزىسەن! ... ئۇلارنىڭ غەمخورلۇقى كۆڭۈل ـ كۆكسۈڭنى يورۇتۇپ تۇرىدۇ ...

— بەلكىم ئېكسكۇرسىيە ھەپتىدىن ئاشماسلىقى مۇمكىن، — دېدى ھاكىم سەرۋەرگە قاراپ، — سەلىم ئېكسكۇرسىيىدىن كېيىن بالىنىتسىدا ياتسۇن. ئۇ بالىنىتسىتىن چىققانغا قەدەر سىز ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇڭ! سەلىم، سەن بۇ يەردىكى ئىشلاردىن خاتىرجەم بول. ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى قادىر بىلەن داۋۇت بېجىرىدۇ، ناھىيىدىن يەنە ئىككى ئوقۇتقۇچىمۇ بېرىمىز.

ئۇلار ھاكىمنىڭ ئۆيىدىن ئۇزاپ چىققاندا، ھاۋا ئېچىلغان بولۇپ، ئىيۇلنىڭ نىل رەڭلىك ئاسمىنى چاراقلىغان يۇلتۇزلار بىلەن تولغانىدى. تىنىق ئاسمان ئۇنچە ـ مەرۋايىت چاچقاندەك چاقنايتتى ...

سەلىم، قادىر، سەرۋەرلەر جۈيجاڭ بىلەن خوشلىشىپ مەكتەپكە يېتىپ كەلگەندە، دەرۋازا ئارقىسىدىن بىر كىمنىڭ زىل، ئەمما ئاستا «سەلىم؟» دېگەن ئاۋازى كەلدى. چۆچۈپ قايرىلغان سەلىم بۇ قارا سايىنىڭ سىيماسىغا قاراپ، ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى دەرھال تونۇدى.

— گۈلنار؟ ...

«گۇلنار» دېگەن ئىسمنى ئاڭلاش بىلەن يۈرىكى بىردىنلا ئىنسىز سىلىپ، رەشىك ئوتلىرى پۈتۈن ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرۈپ ئۆتكەن سەرۋەر ئىختىيارسىز تېڭىرقاپ قالدى ـ دە، تەبىئىتىدە ھېچ كۆرۈلمىگەن جاسارەت بىلەن «ھې» دەپ دىمىغىنى قاققىنىچە يۇگۇرۇپ ياتاققا كىرىپ كەتتى. ئەھۋالنىڭ نازۇك تېگىگە يەتكەن قادىرمۇ: «مەن ياتاققا بارغاچ تۇراي» دېدى ـ دە، ئىتتىك قەدەملەر بىلەن ئۇزاپ كەتتى.

سەرۋەرنىڭ بۇ دىماغ قىقىشى گۇلنار ئۇچۇن ئېيتقۇسىز زەربە ئىدى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىغا ھەققى بار ··· تولۇق ھەققى بار! ··· گۇلنار ۋىجدان ئالدىدا، ساپ مۇھەببەت ئالدىدا قەرزدار! ··· ئۇ ھەممىنى ئاڭلىدى ··· كۆزى بىلەن كۆردى ··· سەرۋەر گۇلنارغا ئوخشاش مۇھەببەت رومانلىرىنى، پاجىئەلىك تراگېدىيىلەرنى ۋە ئىشق داستانلىرىنى ئوقۇمىغان، شېرىن مۇھەببەت تېمىسىدا سەپسەتە ساتمىغان، لېكىن ئۇ سەلىمنىڭ بېشىغا كۇلپەت، نادامەت، قايغۇ تۇمانلىرى سايە سالغاندا، ئۇنىڭ دەردلىك قەلبىگە قەلبداش بولۇپ، ھەسرەتلىرىگە مەلھەم بولغان! ··· ھەتتا بۇ يولدا ئۆز ھاياتىنى ئىككى قوللاپ تەقدىم قىلىشتىنمۇ يانمىغان! ···

قاراڭغۇلۇقتىكى ئىككى گەۋدە يەرگە قارىغىنىچە جىمجىت تۇراتتى. جىمجىتلىقنى سەلىم بۇزدى:

— بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟

— ھە! ···— ئالدىراپ باش لىڭشىتتى قىز، — مەن ··· مەن ··· سىز ··· سىز ··· بىلەن ···

ئارىنى يەنە گۆرىستان جىمجىتلىقى باستى ··· سەلىمنىڭ پات ـ پات ياتاق تەرەپكە قاراپ قويۇشىدىن ئەنسىرىگەن گۇلنار دۇدۇقلاشقا باشلىدى:

— مەن ··· مەن ··· قاراڭغۇ تاغقا يۆتكەلسەم دەيمەن ···

سەلىمنىڭ قەلبىنى بىردىنلا ئاچچىق غەزەپ ئۆزىنىڭ رەھىمسىز ئىسكەنجىسىگە ئالدى. بۇ گەپ ئۇنىڭ يىگىتلىك غۇرۇرىغا تەگكەندى! ··· بىر چاغلاردا ئىپلاس تۆھمەتلەرگە مەدەت

بېرىپ ، ئۆزى ئۇستىدىن كۈلگەن بۇ قىزنى ئۇ ھەرگىز كەچۈرەلمەيتتى ...

— كەچۈرۈڭ ، گۈلنار ، سىزنىڭ تاغقا بېرىش - بارماسلىقىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى ! ... مەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز ... — دېدى سەلىم قىزنىڭ ياش يۇقى كۆزلىرىگە قادىلىپ ، — لېكىن ئۇ يەردە تانسا ، كۆڭۈل ئېچىشلار ، ئولتۇرۇشلار ، كىنو - تىياتىرلار يوق ... پەقەت جاپالىق ئىشلەشلا بار ! ...

— سىز ... سىز ... مېنى قارشى ئالامسىز ؟ ... زادى مېنى ...

— گۈلنار ، ئۆزىڭىزنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا ، — دېدى سەلىم يۈرىكىدە داغ قالدۇرغان گۈلنارنىڭ خېتىنى ئېسىگە ئېلىپ ، — ياۋايىلار ئارىسىدا بۈيۈك ئارزۇ - ئارمانلىرىڭىزنى ، يۈكسەك ھېس - تۇيغۇلىرىڭىزنى ، ئۇلۇغ غايىڭىزنى ئاچچىق تېزەك تۈتۈنلىرىدە بۇلغاپ نېمە قىلاتتىڭىز ؟

سەلىم قايرىلىپلا كېتىپ قالدى .

ئەتىسى سەلىم ئابدۇرېشىت ھاكىم بىلەن دوختۇرخانا رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەپ كەلگەندە ، مائارىپ ئىدارىسىنىڭ بوغالتىرى ئىككى كىشىلىك ئايروپىلان بېلىتىنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى . سەلىم شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغىلى كەلگەن سەنئەت مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەن گۈلسۇمە ، ھۆرلىقا ، نودەر ، سەمەنلەر توغرۇلۇق سۆزلىشىپ كەلگەندىن كېيىن ، كەچتە قادىر ، سەرۋەر ۋە تاغ باللىرىنى ئېلىپ كىنوغا كەتتى ...

...

ئابدۇرېشىت ھاكىمنىڭ «شاڭخەي» ماركىلىق كىچىك ماشىنىسى سىلىققىنا ئايلىنىپ كېلىپ ، ھەيۋەتلىك خەلقئارالىق ئايرودرومنىڭ مېھمان كۈتۈش زالى ئالدىدا توختىدى .

نىل رەڭلىك شىم - چاپان كىيگەن قامەتلىك ئابدۇرېشىت ھاكىم ، سۇتتەك ئاق كۆڭلەكنىڭ ياقىسىنى سىرتقا قايرىۋەتكەن قارا كاستۇم - بۇرۇلكىلىق سەلىم ، ئالما ئۇرۇقى ئەتلەستىن كۆڭلەك ، چىمەن دوپپا ، ئارا پاشنىلىق ئاق بەتىنكە كىيگەن ، گۈل


خوتەن

بەرگىدەك بەرنا ، تاڭ چولپىنىدەك كۆلۈپ تۇرغان سەرۋەرلەر ماشىنىدىن چۈشتى .

— خوش ! — دېدى ئابدۇرېشىت ھاكىم سەلىمنىڭ قولىنى سىقىپ ، — راست گەپنى قىلسام ، سەن ئۈچۈن داۋالىنىش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ . تاغدىكى ئىشلاردىن خاتىرجەم بول ، بۇ يىل تاغدا ئوتتۇرا سىنىپتىن ئىككىسى قۇرۇلىدۇ .

— ئوبدان بولدى ، — دېدى سەلىم خۇشال بولۇپ ، — بۇلتۇر باشلانغۇچنى پۈتتۈرگەن باللار ئوقۇيمىز دەپ مەكتەپكە كېلىۋالغانىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يىل بىر سىنىپ ئوقۇش پۈتتۈرىدۇ ئەمەسمۇ !

— ھىم ، سەرۋەر قىز ، — دېدى ئابدۇرېشىت تاغ قىزىنىڭ ھۆسن - جامالىغا زوقى كېلىپ ، — سەلىم ئاكىڭىزغا ياخشى قاراڭ ، يەنە دومسىيىپ يۈرمەڭ ! قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، ناھىيىلىك سىفەن مەكتىپىدە ئوقۇيسىز ...

راستما ؟ — سەرۋەر شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى .

— سىز قايتىپ كېتىڭ ! — دېدى سەلىم ھاكىمغا ، — شوپۇر ۋىلايەتلىك مېھمانخانىدا يىغىن بار دېگەندەك قىلىۋاتاتتى ...

— سەلىم ، ساڭا يەنە بىر خۇش خەۋەر ، — دېدى ھاكىم سەلىمنىڭ قولىنى سىقىپ ، — ئەزىز مۇدىرنىڭ قاتىللىرى تۇتۇلدى . داداڭ قۇربان مۇئەللىمنىڭ مەسىلىسىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن ئايدىڭلىشىپ قالدى . بەلكىم ، پات ئارىدا ناھىيىلىك كومىتېت ئۇلار توغرۇلۇق خۇلاسە دوكلاتى يازىدۇ ...

— ئابدۇرېشىت ئاكا ! ...

ھاياجان شادلىقىدىن ئۆزىنى ئۇنتۇغان سەلىم ھاكىمنى قۇچاقلىۋالدى . ئۇ : «دادام ، بىچارە دادام ... ئاھ ئەزىز مۇدىر ... » دەپ پىچىرلايتتى .

— شۇنداق ! ... ئەمدى ئوقۇتقۇچىلارنى خارلاشقا مەڭگۈ خاتىمە بېرىلىدۇ ! ... ئۇ دەۋرلەر ، مەرىپەت مەشئەللىرى بولغان ئوقۇتقۇچىلارغا تىغ كۆتۈرگەن ئاشۇ دەۋرلەرنىڭ جاللاتلىرى تارىخنىڭ جازاسىدىن قۇتۇلالمايدۇ ... ئۇلارنى ئەۋلادلىرىمىز

مەڭگۈگە نەپرەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ !...

سەلىم بىلەن سەرۋەر ھاكىم چۈشكەن كىچىك ماشىنا ئايرودروم دەرۋازىسىدىن قايرىلىپ كەتكۈچە قاراپ تۇردى ، ئاندىن سەپەر سومكىلىرىنى كۆتۈرۈپ قاتىرىسىغا دىۋانلار قويۇلغان كۆركەم زالغا كىرىپ كەلدى . ئۇلار يولۇچىلار ئايروپىلانلىرى قۇياش نۇرىدا كۈمۈشتەك پارقىراپ كۆرۈنۈپ تۇرغان دېرىزە تۈۋىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇشتى . كۆركەم نەقىشلەنگەن زال ئىچى ھەرخىل يولۇچىلار بىلەن تولغان بولۇپ ، چەت ئەللىكلەرمۇ كۆپ ئىدى . ئۇلار شەرقىي تامغا ئېسىلغان ئاجايىپ زور ئانار گۈللۈك گىلەمنى ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى توق قىزىل دوخاۋا يېپىلغان پەشتەققا قويۇلغان رەڭگارەڭ گۈللەر بىلەن نۇر چاقناپ تۇرغان رەڭلىك قاشتېشىنى تويماي تاماشا قىلاتتى .

ئايرودروم مەيدانىدىكى ماي قاچىلاۋاتقان ۋە ئوت ئالدۇرۇۋاتقان ئايروپىلانلارنى ، شامالنىڭ يۆنىلىشى ۋە كۈچىنى بەلگىلەيدىغان ئەسۋابلارنى قىزىقىش بىلەن كۆرۈۋاتقان سەرۋەر دىۋانغا تاشلىنىپ نېمىندۇر ئويلاۋاتقان سەلىمگە پات ـ پات قاراپ ، كۈلۈمسىرەپ قوياتتى .

سەلىمنىڭ كۆز ئالدىدىن بۈگۈن ئەتىگەنكى ۋەقەلەر بىر ـ بىرلەپ ئۆتمەكتە ئىدى . ئابدۇرېشىت ھاكىمنىڭ كىچىك ماشىنىسى مەكتەپ مەيدانىغا كىرىپ كەلگەندە ، سەلىمنىڭ جانجىگەرلىرى — تاغ بالىلىرى ئۇنى قۇچاقلىۋېلىشىپ چۇرقىرىشىپ يىغلاشتى ... ئۇزىتىشقا چىققان مۇدىر ۋە بىرقانچىلىغان ئوقۇتقۇچى ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى . لېكىن ، توپقا يېقىن كېلەلمەي تۇرغان مۇدىرنىڭ ئايالى يېنىدىكى گۈلنارغا چىرايلىرى ئۆمسۆرۈن ھالدا نېمىلەرنىدۇر دەپ كۇسۇرلايتتى . ئەمما ، گۈلنارنىڭ كۆزى ئالما ئۇرۇقى ئەتلەس كۆڭلەك ۋە چىمەن دوپپا كىيگەن سەرۋەردە ئىدى . كىچىك ماشىنا ئوتتۇرا مەكتەپ دەرۋازىسىدىن ئايلانغاندا ، سەلىم گۈلنارنىڭ ئالىقانلىرىدا يۈزىنى ئېتىپ يىغلىۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى .

— مۇئەللىم ، بۇ غەلىتە ئادەملەر بىزگە نېمانچە

قارىشىدىغاندۇ ؟ — دېدى سەرۋەر ئالدىنى ئىما قىلىپ .
— ھە ؟ — سەلىم چۆچۈپ رۇسلاندى ـ دە ، ئۆزلىرىگە ھەۋەس بىلەن تىكىلىپ تۇرغان كىشىلەرنى كۆردى .
— قايناق سۇ ئەكېلىپ بېرەي ، دورىڭىزنى ئىچىۋالامسىز ؟
سەرۋەر ئاۋىئاتسىيە بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن مېھمانخانا ئىستاكانىنى ئېلىپ كېتىپ قالدى . سەلىم شۇندىلا ، ئەتراپىدىكى ھەرخىل ئاپپاراتلارنى ئېسىۋالغان چەت ئەللىكلەرنىڭ ، بولۇپمۇ ئەرەب مەملىكەتلىرىدىن كەلگەن مېھمانلارنىڭ سەرۋەرنى كۆرستىپ ، نېمىلەرنىدۇر دېيىشكەنلىكىنى كۆردى . ئۇلار بىگىز قوللىرىدا ئۇنى كۆرستىشەتتى ، ھەتتا ئىككى ئەرەب ئاپپاراتلىرىنى توغرىلاپ ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېتىشتى .
— مۇئەللىم ، — دېدى سەرۋەر ئىستاكاننى ئۇستەلگە قويۇپ ، — بۇ ئادەملەر ماڭا نېمانچە قارىشىدىغاندۇ ؟ تېخى سۈرەتكە تارتماقچى بولدى ، يۈزۈمنى توسىۋالدىم . ياكى ئۇلار مېنى زاڭلىق قىلىۋاتامدۇ ؟
سەلىم ئالدىدا ئۆرە تۇرغان سەرۋەرگە تىكىلىپ قارىدى ، قارىغاندىمۇ ھەقىقىي زوق بىلەن قارىدى ! ...
... چىمەن دوپپا قوندۇرۇلغان دولقۇن ـ دولقۇن قاپقارا چاچلار ئۇنىڭ نازۇك بويۇن ، يۇمىلاق مۈرە ، ئىنچىكە بەللىرىگە ھەۋەس قوشۇپ تۇراتتى ! ... چېچىلىپ تۇرغان كىرپىكلەر قارا كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرغانىدى ! ... تاكى چېكىلىرىگىچە تارتىلغان قىيغاچ قاشلىرى ناۋات رەڭ سۈزۈك يۈزىگە بەكمۇ يارىشىپ چۈشكەن ! ... ئالۇچىدەك رەڭ ئالغان كىچىككىنە يۇمران لەۋلىرىنىڭ ئىككى يېنىدا چوڭقۇر زىناقلىرى بار ئىدى ! ...
ئېھتىمال ، ئۆزىنىڭ ئەرەب قىلىچىدەك ئەگرى كىرپىكلىك گۈزەللىرى بىلەن پەخىرلىنىدىغان بۇ كىشىلەر ئاددىي ئۇيغۇر قىزىنىڭ ئادەم ئەيمەنگۈدەك ھۆسنىگە ، چىنار بەرگىدەك سىيماسىغا ھەيران قالغان بولسا كېرەك . ھە ... بۇ ئاددىي ئۇيغۇر قىزى ئىدى ! ... ھەيۋەتلىك تاغلار ، مەخمەلدەك يايلاقلار ، سۇلار شارقىراپ ناخشا ئېيتىدىغان چوڭقۇر جىلغىلار ... گۈللەر قاپلىغان

قاپتاللار ... ئۆز قوينىدا چوڭ قىلىپ ئۆزىنىڭ ھەممە گۈزەللىكلىرىنى ئاتا قىلغان ھەقىقىي ئۇيغۇر قىزى ئىدى ! ...

— مەيلى سەرۋەر ، — دېدى سەلىم بىئىختىيار تىكىلىپ قالغانلىقىدىن قىزىرىپ ، — ئۇلار قارىسا قاراۋەرسۇن ! لېكىن سىز ... سىز قارىماڭ ! ...

— كۇمۇش قۇش ھەيۋەت بىلەن كۆك ئاسماندا قانات قاقتى . بۈيۈك ئارزۇ - ئۇمىدلەرنى قەلبىگە پۈككەن ئىككى ياش — ئەۋلادلارنىڭ ئەتىسى ۋە پارلاق كەلگۈسىنى قەلبىگە پۈككەن سەلىم بىلەن سەرۋەر بۇلۇتلار ئارىسىدا پەرۋاز قىلماقتا ئىدى ...



# خاتىمە

ئۇلار سىنتەبىرنىڭ باشلىرىدا قايتىپ كەلدى. سەلىم مائارىپ ئىدارىسىدىن سەرۋەرنىڭ رەسمىيەتلىرىنى ئېلىپ، ئۇنى ناھىيىلىك سىنىپقا تىزىملاتقاندىن كېيىن، ئىككىسى بىرلىكتە تاغقا قايتتى.

ئۇلار مەكتەپكە كېلىپلا، يېقىن - يىراقلار بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن، قول سومكىلىرىنى كۆتۈرۈشكىنىچە داۋۇتنىڭ ئۆيىگە كەلدى. سەلىم بىلەن سەرۋەرنىڭ ئاقىرىپ ۋە سوزۇلۇپ قالغان چىرايىغا، شەھەرلىكلەرگە ئوخشاش كىيىنىۋالغان تەقى - تۇرقىغا قاراپ ھاڭ - تاڭ قالغان گۈلسارە يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە سەرۋەرنى قۇچاقلاپ، ئۇنىڭ يۈز مېيى پۇراپ تۇرغان مەڭزلىرىدىن شاپ - شۇپ سۆيدى - دە، سۆزلەپ كەتتى:

— ئاللا بالىكىسى، نېمانچە ئۇزۇلىشىپ كەتتىڭ؟ مۇشكى -

ئەمبەر يېگەندەك مەززىلىك پۇرايسەنغۇ؟ كاتتا شەھەرلەردە كۆز تېگىشتىن قورقمىدىڭمۇ؟

— ئـۆزلىرى ئۇبدان تۇردىلىمىكى؟ — دېدى سەلىم قول قوشتۇرۇپ.

— ئـوبـدان تۇرۇۋشىنغۇ تۇردۇم، خۇدايىمنىڭ ئىلتىپاتى. ئامىرزە، تۈمەن شەھەردە ئوقۇپ قېلىپ، قانتى سۇنغان قۇش، ئايىغىغا ياسقاق پاتقان كېيىك، سالغا تېشى تەگكەن مارالدەك بولۇپ قالدىم.

گـۆلـسارە كۆزىدە تەييارلا تۇرغان يېشىنى كەڭ يەڭلىرىگە سۈرتۈپ، ئۇلارنى ئۆيىگە باشلىدى. ئۇ داستىخان سېلىپ قايماق، سېرىق مايلارنى قويغاندىن كېيىن، نانلارنى ئوشتۇپ قويدى.

— ئىككىڭلار ئەگۈندىن بىر چىرايلىق كىرىپ كېلىۋىدىڭلار، جـېـنـىـم تېنىمگە سىغماي قالدى. رەھمەتلىك ھازىلخان بولغان بولسىغۇ! — دېدى گۆلسارە مىچچىدە يىغلاپ، — ئون سەككىز مىڭ ئالەمنى تىللاغا توشتۇرۇپ بەرگەندەك بېشى ئاسمانغا يېتەر ئىدى. ھېلىمۇ خۇدايىم سىلەرگە بىر جۈپ ئىپار كېيىكتەك، بىر بـېـغـىـشتا ئېچىلغان قوشماق كاككۇكگۈلىدەك ئۆتۈشنى نېسىپ قىلسۇن…

— گـۆلسارىخان ئاچا، — دېدى سەلىم ھۇپپىدە قىزىرىپ كـەتـكەن سەرۋەرگە قاراپ، — داۋۇت ئاكام ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتىن تېخى كەلمىدىمۇ؟

— ئـۇلار بـۇگـۇن ـ ئەتە ئىچىدە باللارنى باشلاپ يېتىپ كېلەرمىكىن! قېنى سىلەر قايماقتىن ئىلگەچ ئولتۇرۇڭلار، مەن شاپپىدە قازان ئاساي…

— بولدى، قازان ئاسمىسىلا، بىز ئالدىرايمىز، — دېدى سەلىم ئۆزرە ئېيتىپ.

— مـۇنـۇي، مـۇئەللىم نېمە دېگەنلىرى بۇ، بىزنىڭ ئۆي مەسچىت بولمىسا كېپ ـ كېتەرگە!…

— سەرۋەر شەھەرگە ئوقۇشقا ماڭماقچى. شۇڭا، خوشلاشقىلى كەلگەن… پەتىلەيدىغان يەنە بىرمۇنچە يەر بار، ئۇنىڭ ئۇستىگە

نەرسە ـ كېرەكلەرنى يىغىشتۇرمىدۇق .

سەرۋەر ئۇرۇمچىدىن ئالغاچ كەلگەن سوۋغىسىنى پەتنۇسقا قويۇپ ، ئورنىدىن تۇردى .

سەرۋەر گۇگۇم چۈشكۈچە ئىدىرىس ، قادىرنىڭ ئايالى ۋە كەنتتىكى بىرقانچەيلەن بىلەن خوشلىشىپ مەكتەپكە قايتقانغا قەدەر سەلىمگە تىكىلىپ قارىمىدى . ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە گۈلسارەنىڭ «خۇدايىم سىلەرگە بىر جۈپ ئىپار كېيىكتەك ، بىر بېغىشتا ئېچىلغان قوشماق كاككۇكگۈلدەك ئۆتۈشنى نېسىپ قىلسۇن» دېگەن سۆزى ھېلىدىن ـ ھېلىغا تەكرارلىناتتى . ئۇلار ياتاقتا نەرسە ــ كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇپ ، سەپەر تەييارلىقىنى قىلىۋاتقاندىمۇ ھەر ئىككىسىنىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشىپلا قالسا ، يۈزلىرى تەڭلاپ قىزىرىپ كېتەتتى .

— مۇئەللىم ، مەن تاماق ئېتەي ، قورسىقىڭىز ئېچىپمۇ كەتكەندۇ ؟ — دېدى سەرۋەر سەلىمگە يالتىيىدە كۆز تاشلاپ .

— شۇنداق قىلىڭ ، مەن سىزگە ياردەملىشەي ، كەچمۇ بولۇپ قاپتۇ …

سەرۋەرنىڭ كۆڭلى يېرىم ئىدى . ئۇ ئوتۇن يېرىپ ، سەي ئادالاپ تۇرغان سەلىمگە ھەر قارىغىنىدا ، ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرى دەممۇدەم ياشقا تولاتتى … مانا سەرۋەر كېتىۋاتىدۇ … ئەتە ئەتىگەن ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېرىنى تاشلاپ كېتىدۇ . ئۇ نېمىگە تارتىشىدۇ … ئۇنىڭ قەلبى گويا ئوغلىقى ئارقىدا قالغان كېيىكتەك نالە قىلىدۇ … مەيلىدى ئاشۇ ئاق كۆڭۈل يىگىتنىڭ بىر ئۆمۈر خىزمىتىنى قىلسا ، ئۇنى ئاسرىسا ، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇرسا …

سەرۋەر ئۇرۇمچىدە ئۆتكەن كۈنلىرىنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايدۇ ! ئۇ كۆرگەن پولات زاۋۇتلىرى ، يېزا ئىگىلىك كۆرگەزمىخانىسى ، ئالىي مەكتەپلەر ، گېزىتخانا ، نەشرىيات ئورۇنلىرى ، جەننەتتەك باغچىلار ، نەنسەندىكى چارۋىچىلىق ئورۇنلىرى … ھەممە يەردە ئۆزگىچە ھال ! ئادەملەر تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ۋەتەننىڭ ئەتىسى ئۈچۈن ، كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن مەئىشەت ياراتماقتا ،

مۇستەھكەم ئۇل قۇرماقتا . نەگىلا بارما ، ھەربىر تەرەققىياتتىن ۋەتەنىنىڭ ھۆسن ـ جىلۋىسىنى كۆرىسەن ! ... ئۇنىڭ ئۇستازى ، باشپاناھى ، ئاكىسى ، قېرىندىشى بولۇپ قالغان سەلىممۇ مانا ئاشۇ كىشىلەرنىڭ بىرى ! ... ئۇ ۋەتەنىنىڭ ئەڭ جاپالىق ، ئەڭ چەت ياقىسىدا ياشلىق ھاياتىنى ئەۋلاد ئۇچۇن تەقدىم قىلغان . ئەمدى ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىن كىممۇ خەۋەر ئالار ؟ كىممۇ ھالىڭ نېچۇك دەپ سورار ؟ ...

— سەرۋەر ، نېمە بولدىڭىز ، يىغلاپسىزغۇ ؟ — دېدى سەلىم قول ياغلىقىنى ئۇنىڭغا سۇنۇپ ، — كۆڭگەن يەرلەردىن ئايرىلماق تەس . لېكىن ، كېيىنچە كۆنۈپ كېتىسىز ...

— ياق مۇئەللىم ، مەن ... مەن ... ئۇنىڭ ئۇچۇن يىغلاۋاتقىنىم يوق ، ئەمدى ... ئەمدى ... سىزگە كىممۇ تاماق ئېتىپ بېرەر ؟ ! ...

— قاراڭ سىزنى ! مېنىڭ تاماق ئېتەلەيدىغانلىقىمنى بىلىسىزغۇ ! ...

سەلىم گەرچە قىزغا تەسەللى بېرىۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ دىمىغى زىڭىلدە ئېچىشىپ كۆزلىرىنى بىردىنلا ياش قاپلىۋالدى . ئەمدى كۆڭۈل سۆزىنى ئېيتماي بولمايدۇ ... سەلىم ئۆزىگە ھەمدىل ـ ھەمنەپەس بولۇپ يېنىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرگەن بۇ ساپ دىل ، سەممىي ، ئاق كۆڭۈل تاغ قىزىدىن ئايرىلىشقا قىيالمايۋاتاتتى . ئۇنىڭدىن ئايرىلىش ، ئۇنىڭ كۈمۈش قوڭغۇراقتەك ئاۋازىنى ئاڭلىماسلىق ، مەكتەپنىڭ يارىشىقى — زىننىتى بولغان ئۇنىڭ ھۆسن ـ جامالىدىن مەھرۇم بولۇش ئۇنىڭ ئۇچۇن نەقەدەر ئازابلىق ئىدى ـ ھە ! ...

ئۇنىسىز ، تىنۋىشىسىز كەچلىك تاماقمۇ يېيىلىپ بولدى . سەرۋەر سەرەمجانلاشتۇرۇلغان نەرسە ـ كېرەكلىرىگە ، شېرىن خاتىرىلەرنىڭ شاھىتى بولغان كىچىككىنە ھۇجرىسىغا ، ئوقۇتقۇچىسى بىلەن بىرلىكتە كىتاب كۆرۈپ ، ئۇنىڭدىن كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگەنگەن ، خۇشاللىق ، قايغۇدىمۇ ئورتاقلىشىپ نۇرغۇن سۆھبەتلەرنى ئۆتكۈزگەن ئاددىي ئۈستىلىگە مەيۈس ھالدا تويماي ـ تويماي

قارايتتى ...

— مۇئەللىم ، — دېدى سەرۋەر مەيۈس پىچىرلاپ ، — خان ئانامنىڭ قەبرىسىگە سىز بىلەن بىللە بارغۇم بار ، بۇ مېنىڭ ئاخىرقى تەلىپىم ...

ئۇلار زەڭگەر بولاقتىن قايرىلىپ ، بىر چاغلاردا سەلىم سەرۋەرنى قۇتقۇزۇۋالغان تاشلىق بىلەن ھازىلخاننىڭ كونا ئۆيىگە كەلدى . سەرۋەر ئۆينىڭ ئەتراپىنى بىرقۇر ئايلىنىپ ، ئىشىك زەنجىرىدىكى داتلىشىپ كەتكەن قۇلۇپنى سىلاپ بۇقۇلداپ يىغلىغىنىچە :

— مۇئەللىم ، بۇ ئۆينىڭ ياغاچ ـ تاشلىرىنى مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىۋېتىڭلار ! — دېدى .

ئاق چوققىلارنى ئوتقاشتەك تاۋلىغان شەپەق ئۆچتى . تاغ قاپتاللىرىدىن ، چوڭقۇر ھاڭلاردىن يامرىغان قاراڭغۇلۇق پىنھان كەنتلەرنى سىرلىق قوينىغا ئالدى . خان ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ قەبرىستانلىقتىن قايتىپ كېلىۋاتقان سەرۋەر بىلەن سەلىم تاغ ئارىلىرىنى ئايلىنىپ يۈرەتتى .

سەلىم بىلەن سەرۋەرنىڭ ياتاققا قايتقۇسى كەلمەيتتى . ئۇلار مەكتەپنىڭ يانباغرىدىكى چىغىر يوللاردا قىسقا ـ قىسقا سۆزلىشىپ ، ئۇ تەرىپى كۆلا كۆۋرۈك ، بۇ تەرىپى تىكىلەك مەھەللىرىنى ئايلىنىپ ، ئۈچىنچى قېتىم زەڭگەر بولاق تۆۋىگە قايتىپ كەلگەندە ، تىكىلەك تاغ چوققىسى سۈس بىنەپشەرەڭ تاۋلىنىپ ، ئاي تۇغۇلاي دەپ قالغاندى ...

سەلىم ئۆزىگە ياندىشىپ يەر بېقىپ كېلىۋاتقان قىزغا پات ـ پات قاراپ قوياتتى ... سەلىمنىڭ ياش قەلبىنى لەرزىگە سېلىۋاتقان كۆڭۈل ئارزۇلىرى ، ئىستەكلىرى نەقەدەر كۆپ ئىدى ـ ھە ! ... ئۇ بۈگۈن ، ياق ھازىر ... ھازىرلا ئۆزىگە ياردەم بېرىۋاتقان مۇشۇ قاراڭغۇلۇقتىن پايدىلىنىپ ، سەرۋەرگە يۈرەك سۆزلىرىنى ئېيتىۋېلىشى كېرەك ! ... ئاي تۇغۇشقىمۇ ئاز قالدى ... سېپىنتەبىرنىڭ تولۇن ئېيى تولىمۇ يارقىن بولىدۇ ... سىرلىق ھاۋارەڭ نۇر ئاستىدا قىزلار تېخىمۇ گۈزەل ، نازىنىن ، تېخىمۇ

بەرنا كۆرۈنۈپ گويا رىۋايەتلەردىكى قاناتلىق ھۆر - پەرىلەرگە ئايلىنىپ قالىدۇ ! ... ئۇ چاغدا ... ئۇ چاغدا ئىپتىماقچى بولغانلىرىڭنىڭ ھەممىسى بىردىنلا غايىب بولۇپ ، ياۋا ئورۈكنىڭ چېچەكلىدەك قاياقلارغىدۇر توزۇپ كېتىدۇ ...

بۇ يۇلتۇزلۇق سىرلىق كېچە سەلىمنىڭ جۇش ئۇرۇپ تۇرغان ياشلىق قەلبىنى — چاڭقاق يۈرىكىنى شېرىن ئوي - خىياللارغا تولدۇرۇپ ، گۈلسارەنىڭ ساددا ، سەممىي سۆزلىرىنى ئېسىگە ئالدى ...

— سەرۋەر ، — دېدى سەلىم خۇددى سوغا گەپ قىلىۋاتقاندەك بۇلاققا قاراپ ، — مەن ... مەن ... سىز بىلەن گۈلسارەم ئاچام ئىپتىقاندەك ... ئۆمرۈمنى سىزگە ... بىرلا سىزگە باغلاپ ئۆتەي دەيمەن ! ...

قىزنىڭ تېنى بىردىنلا ئوت ئېلىپ ، يۈرىكى ئۆز رىتىمىدىن ئازدى ! ...

— سەرۋەر ! — دېدى يىگىت سۆزلىرىدىن ئېزىپ ، — مەن ... مەن ... سىزنى ...

— بولدى ... سۆز ... لىمەڭ ... — ئاستا شىۋىرلىدى قىز .

— مەن سىزنىڭ بىر ئېغىز جاۋابىڭىزغا تەشنا ! ...

— سەلىم ئاكا ، بۇ... بۇ... راستمۇ ؟ ! ياكى ماڭا يەنىلا ئىچ ئاغرىتىپ ... مەن ... مەن... — قىز ئۇنسىز يىغلىۋەتتى ، — ئىچ ئاغرىتىشتىن ئىزھار قىلىنغان كۆڭۈل بولسا خالىمايمەن... مەن... مەن... ئۇنداقتا مۇھەببەت تىلەمچىسى بولۇپ قالامدىم !...

— ئاھ سەرۋەر ... ئىككىمىزنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلەر قەلبىمىزدە بىخلانغان مۇھەببەتنىڭ شاھىتى ئەمەسمۇ ؟ !

— سەلىم ئاكا ! ! ...

— سەرۋەر ! ! ...

تاغ چوققىلىرىنى ھاۋارەڭ سوغۇق نۇرىدا بېزەپ ئاي تۇغدى . قىزنىڭ ئوڭ يۈزىدىكى كۆكۈچ نۇر ئۇنىڭ مەڭزىدە توختاپ قالغان

بىر تامچە ياشتىمۇ ئەكس ئېتىپ پارقىرىدى . قىزنىڭ بۇ سىياقى يىگىت ئۈچۈن تېخىمۇ جازىبىلىك كۈچكە ئىگە ئىدى . سەلىم ھېچ كۆرۈلمىگەن جۈرئەت بىلەن سەرۋەرنىڭ قوللىرىنى تۇتتى ... نومۇسچان ، ئىپپەت ـ نومۇسلۇق پاك مەسۇمە قىز ئۆزىنى قاياققا ئېلىپ قېچىشنى بىلەلمىدى . ئاخىر بىر ئەپلىك پىنھان جايىنى — يىگىتنىڭ كۆكرىكىنى تاپتى ...

— ۋاي ، سەت بولدى ... — دېدى قىز سەلىمگە قىيا بېقىپ ، — يۇلتۇزلار بىزنى كۆرۈپ قالدى ! ...

— شۇڭا يۇلتۇزلار چىرايلىقلىشىپ كەتتى ...

— قاراڭ چاقچىقىڭىزنى ! ...

— راست سەرۋەر ، ئۇلار كائىناتتىكى بارلىق مۇھەببەتنىڭ گۇۋاھچىسى ... ھەممە سۆيۈشكەنلەرنى كۆرۈپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ... شۇنچە گۈزەللىشىپ كەتكەن ...

يىگىتنىڭ كۆكرىكى بەرگەن لەززەت ۋە ھارارەتتىن بىھوش بولغان قىز ئاددىي تىلدا ئىزھار قىلىپ بولمايدىغان ئاجايىپ لەززىز بىر لاتاپەت بىلەن يىگىتكە قايرىلىپ باقتى ... ئۇنىڭ زەڭگەر بۇلاق سۈيىدە جىلۋىلەنگەن تولۇن ئايدەك چېھرى ، سىرلىق ، لېكىن ھايا بىلەن بىر تاتلىق كۈلۈمسىرىشى يىگىتنى ناگىھان بىر ھالەتتە گاڭگىرىتىپ قويدى . گويا ئۇ قىز ئەمەس ، بەلكى ئاسمان پەرىلىرىدىن ، جەننەت ھۆرلىرىدىن بولۇپ ، ھىلاللا قۇچىقىدىن ئۇچۇپ چىقىپ كېتىدىغاندەك ، يىگىت ئۇنى تېخىمۇ قاتتىقراق باغرىغا باستى ۋە ئۇنىڭ خۇمارلاشقان كۆزلىرىگە تەلمۈرۈپ قارىدى ...

قايرىلما كىرپىك قاپلىغان كۆزلەرنىڭ قارا شولىسى بىر دەقىقە ياندى ۋە ئۆچتى ...

...

سەرۋەرنى ئۇزىتىپ گۇڭشېدىن يانغان سەلىم ئىككى كۈنلۈك يول سەپىرىدە ھارغىنىغا قارىماي ، كەچ گۇگۇم بىلەن تاغقا قايتىپ كەلدى . ئۇ تىكىلەك مەھەللىسىگە كىرىپ ئېتىنى ئات باقارغا تاپشۇرغاندىن كېيىن ، ئىدىرىس بىلەن كۆرۈشتى .

— مۇئەللىم ، ھوۋم مانا ، — دېدى ئىدرىس كۈلۈپ ، — «تەلەيلىك ئالقان يىسە ، يامغۇر يېغىپ نەمدەپ بېرىدۇ» دېگەندەك ، بۇگۈن چۈشتە ھاكىمدىن تېلېفون كەلدى . ئۆزلىرىنىڭ دادىلىرى ۋە يەنە بىر ئەزىز مۇدىر دېگەن كىشىنىڭ نامى تولۇق ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپتۇ . دادىلىرىنى بۇرۇنقى خىزمەت قىلغان ئورنىدا مەكتەپ خاتىرىلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈپتۇ ...

سەلىم ھېچ نەرسىنى ئاڭقىرالماي قالغان ئادەمدەك تېڭىرقاپ قالدى . گويا بۇ خەۋەر ئۇنىڭغا قۇياش پارلىغان ئوچۇق ئاسماندا چاقماق چېقىلغاندەك تۇيۇلغانىدى .

— نېمە ؟ مېنىڭ گېپىمگە پۈتمەيۋاتاملا ؟ !

— ياق ، ئىشەندىم ، ئىشىنىمەن ! ...

— تېخى تەلەي كەلسە قوش كەلگىنىنى كۆرمەمدىلا ؟ سىلىگە پارتىيىگە كىرىش ئانكىتى ماڭغۇزۇپتۇ . تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، ئۇنى توشتۇرۇپ ئەۋەتسىلە بولغۇدەك ...

— ئىدرىس ئاكا ...

سەلىم دىقماق ۋە تەمبەل ئىدرىسنى قۇچاقلىۋېلىپ نەچچە پىرقىرىتىۋەتتى ... ئۇ گەرچە چىن كۆڭلىدىن كۈلۈۋاتقان بولسىمۇ ، قەلبىنىڭ چوڭقۇر بۇلاقلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان سۈزۈك ياشلار يۈزلىرىنى يۇماقتا ئىدى .

ئوقۇتقۇچى ، ئاھ ، ئوقۇتقۇچى ! ... سېنىڭ قەدرىڭنى بىلىدىغان ، ئەجرىڭنىڭ قىممىتىگە يېتىدىغان دەۋرلەرمۇ بولىدىكەن - ھە ! ...

سەلىم ئۈچقاندەك سىرتقا ئۆزىنى ئاتتى .

— مۇئەللىم ، نەگە ؟

— داۋۇت ئاكامنىڭكىگە !

— داۋۇت ئاكام تېخى كەلمىدى ... ئەسلى بۇگۈن قوبۇل قىلغان ئوقۇغۇچىلارنى ئېلىپ قايتىدىغان كۈنى ئىدى .

«پارتىيىگە كىرىش ئانكىتى» دېگەن بۇ قىسقىغىنا بىر جۈملە سۆز سەلىمنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالدى . ئۇنىڭ كۆز ئالدى بىردىنلا يورۇپ ، كۆزنى چاقنىتىدىغان ئۆتكۈر نۇرلار ئاسمان -

زېمىننى قاپلاپ ، تاغلار جاراڭلىغاندەك بولدى .
سەلىم ھاياجان ، شادلىق ، بەخت ئىچىدە يوگۈرە - يوگۈرە مەكتىپىگە قايتىپ كەلدى ... ئۇ نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ مەكتەپكە كەلدىكىنە؟ ! توغرا ، ئۇ ئۆزىنىڭ خۇشاللىقىنى سەرۋەر ۋە باللار بىلەن بىللە ئورتاقلىشىشى كېرەك - دە ! ... ئۇ سەمەن ، تۇمەن ، نودەرلەرنى باغرىغا باسىدۇ ... «يۈرۈڭلار باللار ئوۋغا چىقىمىز ...» دەپ ئۈنلۈك ۋارقىرايدۇ ... ئاقچېقىلدا كەكلىككە قىلتاق قويسۇنمىكىن؟ ياكى جىغانلىقتا توشقان قوغلىسۇنمىكىن؟ ! ... توغرا ، جىلغىلار ، قورام تاشلاردىن ئارتىلدۇرۇپ سالغا ئېتىشىپ ئوينىسىمۇ بولىدىغۇ؟ ... ئەڭ ياخشىسى بۇنى ئۇلار ئۆزلىرى بەلگىلىسۇن ... لېكىن بۈگۈن زادى ئوۋغا چىقماي بولمايدۇ . سەلىم ئۇلارغا قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ساقلاپ قويغان ئاجايىپ - غارايىپ قىزىق ۋەقەلىرىنى سۆزلەپ بېرىدۇ ... ھە راست ، داۋۇت بىلەن ئوۋغا چىققاندىكى ئوقنىڭ تېگىشىگە قۇيرۇقى بىلەن قانىتى كاشىلا قىلغان كەكلىكلەر توغرىسىدىكى كۈلكىلىك ئوۋ خاتىرىسىنى سۆزلەپ بەرسۇنمىكىن؟ ! ... بوپتۇ ، نېمىنى سۆزلىسە سۆزلىسۇن ، باللار بولسا كۈلۈپ يىقىلىپ قالسۇن ! ... سەلىممۇ ئۇلار بىلەن قانغۇچە ، پۇخادىن چىققۇچە قاقاقلاپ كۈلۈۋالسۇن ! ...
سەلىم قاراڭغۇلۇق قارا تورلىرىنى يېيىشقا ئۈلگۈرگەن تاغ باغرىدىكى مەكتەپنىڭ ھويلىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇراتتى ... ئۇ خۇددى بىرنەرسىسىنى يىتتۈرۈپ قويغاندەك ئەتراپقا تىكىلىپ قارايتتى ۋە : «قېنى سىلەر ... قېنى سىلەر؟ ...» دەپ شىۋىرلايتتى . سەلىم تۇيۇقسىزلا ئەسەبىي ئادەمدەك ۋارقىرىۋەتتى :
— قېنى سىلەر؟ ! ! ! ...
مەكتەپ تىمتاسچىلىق ئىدى . سىنىپ ، تەجرىبىخانا ، ئاشخانا ، ياتاقلار قۇلۇپلانغان بولۇپ ، بۇ يەردە ئەزەلدىن ئادەمزات ياشىمىغاندەك چۆلسىرەپ تۇراتتى . سەلىم سەرۋەرنىڭ يېگانە مۇڭلىنىپ تۇرغان ياتىقىغا ، ئۇ دائىم خېمىر يۇغۇرۇۋېتىپ ، سەي توغراۋېتىپ بىر تاتلىق كۈلۈمسىرەش ھەدىيە قىلىدىغان

دېرىزىلەرگە بىرھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ، سىنىپقا كىردى . توپا باسقان پارتىلار دېرىزىلەردىن چۈشكەن كۆككا يورۇقتا غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى . سەلىمىنىڭ كۆڭۈل ئەينىكىدە باللار ھېلىھەم ئۆز ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشقاندەك ، بەس ـ بەس بىلەن سوئال سوراۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى …

— ساۋاقداشلار ! — دېدى سەلىم خۇددى دەرس ئۆتۈۋاتقاندەك ، — بۈگۈن مەن سىلەرگە «ئوقۇتقۇچى» دېگەن ھېكايىنى ئېيتىپ بېرىمەن …

… توپا ـ توزان كۆتۈرۈلگەن بوستان يولى … قوللىرى باغلىنىپ ، يۈزلىرى قاپقارا بويالغان بىر توپ ئوقۇتقۇچىلار … رەستىلەر ئارا بوينىغا تاختاي ئېسىلىپ سازايى قىلىنىۋاتقان دادىسى قۇربان مۇئەللىم … مەشھۇر ساراي مەكتىپىدىكى دەھشەتلىك ئاق تېررورلۇق ۋە ئۆزىنى ساقال پىچىقىدا بوغۇزلىۋالغان ئوقۇتقۇچى … زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالغان ئايال مۇدىر … شاۋقۇنلۇق دەريا قاينىمىدىن كۆتۈرۈلگەن مۇشت … قوشتوغراقنىڭ چۆللىرىدە خۇنغا بۇلغىنىپ يىقىلغان مۇلايىم ئايال مۇئەللىم … ئەزىز مۇدىر ، ھوشۇر ، ئابدۇكېرىم ، رەھىموف ، چىش تۇمار ، مۇڭداش ، دادىسى قۇربان مۇئەللىملەر … ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتمەكتە … ئەنە قوم بارخانلىرى ئارا ھەمراھسىز يالغۇز قالغان قىزىل يۇلغۇن تۈۋىدىكى غېرىب قەبرە …

— شۇنداق باللار ، — دېدى سەلىم بوغۇلۇپ ، — ئۇلار قان بىلەن بويالغان «قىزىل دەۋر»نىڭ قۇربانلىرى بولدى …

دەرۋەقە بەخت شادلىقى سەلىمنى سەۋدايىدەك قىلىپ قويغانىدى . قۇرۇق پارتىلارنى كۆرگىنىدە ، ئۇنىڭ كۆڭلى بىردىنلا يېتىمسىراپ كۆزلىرىگە ياش كەلدى … راست ، قېنى ئۇنىڭ جانجىگەرلىرى ؟ … قېنى سەلىمنىڭ دەرد ـ ھەسرەتلىرىنى خۇددى قۇش باللىرىدەك چۇرۇقلىشىپ ، خۇشال ئاۋازلىرى بىلەن ئۇنتۇلدۇرغان يۈرەك پارىلىرى ؟ … ئۇلار ھازىر ئۇچۇم بولغان قۇش باللىرىدەك ئۇۋىسىنى تاشلاپ يىراقلارغا كەتتى ! …

شۇنداق ، ئۇلار مۇستەقىل ھاياتقا قەدەم قويدى ! ئورۇق ،

سەپكۈن يۇزلۈك نەيچى سەمەن ، ناخشچى گۈلسۇمەلەرنى ھەربىي رايون سەنئەت ئۆمىكى تەربىيىلەشكە ئېلىپ كەتتى . راۋابچى نودەر بىلەن ھۆرلىقا سەنئەت مەكتەپىنىڭ مۇزىكا سىنىپىدا ئوقۇۋاتىدۇ ... ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇشقا بەل باغلىغان تۇمەن ، چولپان ، قۇندۇزلار تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە يەنىلا بىر سىنىپقا كىردى . سەرۋەر ، نىسا باشلىق بىرنەچچە بالا ناھىيىلىك سىفەندە ئوقۇپ مۇئەللىم بولماقچى ... ئوقۇشقا بارالمىغان باللارمۇ گۈڭشىنىڭ دېھقانچىلىق ، مال دوختۇرلۇق پونكىتلىرى ، سودا كوپىراتىپلىرىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتى ...

سەلىم جىمجىتلىق باسقان مەكتەپ قورۇسىدىكى گارغا يۆلىنىپ ، مانان قاپلىغان تاغ باغىرلىرىغا ، زەڭگەر بۇلاق سايلىرىغا ، پەستىكى گۈگۈم قوينىدا ئىتلارنىڭ ئۈزۈپ - ئۈزۈپ قاۋىغان ئاۋازى كېلىۋاتقان تىنىكلەك مەھەللىسىگە مەيۇس بىر ھالدا قارىدى . ئۇ پۈت - قوللىرى بوشاشقان ، تېنى ئېغىرلىشىپ كەتكەن بىر ھالدا ياتىقىدىن ئىسكىرىپكىسىنى ئېلىپ چىقىپ ، چىغىر يول بويلاپ ئوقۇغۇچىلىرى سەپەر قىلغان كۆلا كۆۋرۈك تەرەپكە ماڭدى . سەلىم كۆلا كۆۋرۈكتىن ئۆتمەي ، ئوڭ تەرەپتىكى ئېگىزلىككە يامىشىپ ، قورام تاشلار چوقچىيىپ تۇرغان تاغ تۆپىسىگە چىقتى . بۇ يەردىن مەشھۇر ئېگىزلىك — تىنىكلەك تاغ چوققىسى غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى . سەلىم كۆڭۈل رىشتىسىنى ئۈزەلمىگەن ئوقۇغۇچىلىرىنى كۆرمەكچى بولغاندەك ، تۇتاش مانانلاشقان يىراقلىققا ، تولىمۇ يىراقلارغا باقتى ...

ئىختىيارسىز ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ كۆڭلى بۇزۇلغان سەلىم ئىسكىرىپكىسىنى ئۆزىمۇ ئويلىمىغان يەردىن «غېرىب» ناخشىسىغا چېلىۋەتتى . ئۇ ئاھاڭغا ئەگىشىپ كۆڭلىدە ناخشىسىنى ئېيتىۋاتاتتى .

بۇ تاغلار — ئېگىز تاغلار ،
غېرىب يولىنى باغلار .
غېرىب ئۆلسە كىم يىغلار ؟
غېرىبقا غېرىب يىغلار ...



NIEDERS. STAATS- U. UNIV.-BIBLIOTHEK GÖTTINGEN

يۇمشاق كۆچىنىشلەر بىلەن ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن ئىسكىرىپكىنىڭ مىسكىن، غېرىب ئاۋازى تاغ قاپتاللىرىنى، چوڭقۇر سايلارنى، ئەگرى - بۈگرى جىرا يوللىرىنى، كۆز قاراڭغۇلاشقۇدەك ھاڭلارنى كېزىپ ئۆتتى! ... تاغ شاماللىرى بۇ مۇڭلۇق سادانى تىكلەك چوققىلىرىدىن ھالقىتىپ، چەت ئەل چېگرىلىرىغا ئەكەتتى ...

سەلىم تېخىمۇ مۇڭ بىلەن چالماقتا! ... ئىسكىرىپكىسىنىڭ پارقىراق يۈزىدىن سىيرىلىپ ئايىغى ئاستىدىكى تاشنى يۇيۇۋاتقان تامچە - تامچە كۆز ياشلىرى ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن ئاققان قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئۇرغۇپ چىققان مېھىر - مۇھەببەت شىرنىسى ئىدى! ... ئىسكىرىپكىنى ئۇ چېلىۋاتقىنى يوق، ھىجران ئوتلىرى ئۇنىڭ يۈرەك تارلىرىنى تىترىتىۋاتىدۇ ... ئۇ ھازىر بۇ يەردە يوق! ... ئۇنىڭ ناتىۋان كۆڭلى ئۇزاق، بەكمۇ ئۇزاقلاردا، ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن بىللە سەيلە قىلىۋاتىدۇ! ...

شۇنداق! ... پىچاق بىسىدەك تاغلارنىڭ ئېگىز داۋانلىرى، قىستاڭ يوللىرى، خەتەرلىك چېقىللىرى، ئادەم تېنى تىكەنلىشىدىغان ھاڭلىرى، ئۇچار قاناتلارمۇ ئۆتەلمەيدىغان تىك چوققىلىرى — ھاياتنىڭ ئەگرى - توقاي، مۈرەككەپ يوللىرىغا قارىغاندا، ھېچ نەرسە ئەمەس ئىكەن. چۈنكى، ئۇلارنى كۈچ ۋە شىجائەت بىلەن بېسىپ ئۆتكىلى بولىدىكەن، ئەمما ھايات يولى سېنىڭ ئىرادەڭگە باغلىق بولمايدىكەن! !...

... سەلىم تاشتا ئولتۇرۇپ ئۈنسىز يىغلىۋەتتى. لېكىن، ئۇ مۈرىسىگە چۈشكەن ئېغىر ئالقاندىن چۆچۈپ ئارقىغا قايرىلدى ... ئۇنىڭ ئارقىسىدا كۆزلىرى نەملەشكەن داۋۇت تۇراتتى ... مۇزىكىنىڭ سېھرىي كۈچىدىن قەلبى لەرزىگە كەلگەن داۋۇت سەلىمنىڭ كۆڭۈل خەزىنىسىدىكى ھەممە - ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغاندەك، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئۈن - تىنسىز بىرھازاغىچە تىكىلىپ قاراپ قالدى. سەلىم داۋۇتقا ئۆزىنى ئېتىپ ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى ...

— داۋۇت ئاكا ... ھايات دېگەن بۇ نەرسە شۇنچىۋالا رەھىمسىز

بولامدۇ ؟ ! ...

— ئۇنداق ئەمەس ، سەلىم ... مەن ... مەن ... سىنىڭ كۆڭلۈڭنى چۈشىنىمەن ...

— ياق ، ياق ! ئوقۇتقۇچى ۋىسالغا ئالدىنىپ ، ھىجران ئوتىدا كۆيەمدۇ ؟ ! ... بۇ ئوتلار مىنىڭ ئۇستازلىرىمنىڭمۇ يۈرىكىدە قانچىلىغان داغلارنى قالدۇرغاندۇ ؟ ...

— توغرا دەيسەن ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئوقۇتقۇچى ئۇلۇغ ئىنسان ! ... ئۇ شامغا ئوخشاش ئۆز تېنى ، قېنى ھېسابىغا باشقىلارغا يورۇق بېرىدۇ ! ... مەن چوڭلاردىن ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ «كىشىلىك جەمئىيەتتە مۇئەللىمنىڭ مېھنىتىدىن پەخىرلىگۈدەك مېھنەت يوقتۇر » دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغانمەن . يەنە قايسىدۇر بىر داھىينىڭ «ئوقۇتقۇچى يىگىرمە قەدەم ئارىلىقتا سالام بېرىشكە تېگىشلىك كىشىلەر ... » دېگەن بىر سۆزىنىمۇ ئوقۇغانمەن ... بۇ باھا ۋە ھۆرمەتنى نېمە بىلەن ئۆلچەش مۇمكىن ؟

تاغ ئاسمىنى خۇددى بەقەسەمدەك يول ـ يول شەپەق بىلەن قىزاردى ... داۋۇت بىلەن سەلىم قاندەك تاۋلانغان رەڭگارەڭ نۇرلارغا تىكىلىپ تۇراتتى ... بۇ ئۆتكۈر چاقنىغان نۇرلار مۇقەددەس ئېگىز تاغلاردىن ھالقىپ ، يېڭى كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭى ۋە ئۇلارنىڭ قوتازلىرىنىڭ ھۆركىرىشى ، ئاتلىرىنىڭ كىشنىشى بىلەن تولغان مەكتەپكىمۇ يورۇتۇپ تۇراتتى .

— قايتايلى ، — دېدى داۋۇت مەكتەپنى ئىشارە قىلىپ .

— قايتايلى ، — دېدى سەلىم تاغ باغرىدىكى خۇددى تىزىپ قويۇلغان چاقماق قەنتتەك تۇرغان مەكتەپ ئۆيلىرىگە مېھرى بىلەن تىكىلىپ ، — يېڭى دوستلارنى ، يېڭى ھايات يولىنى ، يېڭى ئەۋلادنىڭ يېڭى ئەتىسىنى كۇتۇۋالايلى ...

1985 ـ يىلى 12 ـ ئايدا يېزىلىپ تۈگىدى .
1986 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئۆزگەرتىلدى .



[library stamp]

# مېھرىگىياھ (رومان)

**ئاپتورى :** جالالىدىن بەھرام
**مەسئۇل مۇھەررىرى :** ئەزىز تۇردى
**مۇھەررىرى :** سۇلتان ھاشىم
**مەسئۇل كوررېكتورى :** ئايگۈل سابىت
**مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى :** ئەكبەر سالىھ
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى :** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**ئادرېسى :** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر
**تېلېفون :** 0991—2827472
**پوچتا نومۇرى :** 830001
**ساتقۇچى :** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**باسقۇچى :** شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**فورماتى :** 880×1230 مىللىمېتىر ، 1/32
**باسما تاۋىقى :** 13
**قىستۇرما ۋارىقى :** 12
**نەشرى :** 1999 - يىلى 2 - ئاي 1 - نەشرى
**باسمىسى :** 2007 - يىلى 10 - ئاي 2 - باسمىسى
**تىراژى :** 5001—8000
**كىتاب نومۇرى :** ISBN 978—7—228—04932—5
**باھاسى :** 28.00 يۈەن



ISBN 978-7-228-04932-5

9 787228 049325 >

定价：28.00元